ۋاڭ جىلەي

# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى

## 1

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
ئېزىز يۇسۇپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياقۇپھاجى مەھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان مۇھەممەت

# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى

ئاپتورى: ۋاڭ جىلەي

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئېزىز يۇسۇپ
ئابلەت نۇردۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.625، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2,200
ISBN 7—228—02263—7/K·215
باھاسى: 6.80 يۈەن

Abdulvehil TURAN
Yenidoğan Mah. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST

# كىرىش سۆز

مەن 1958 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقانىدىم. 59 - يىلى، بېيجىڭ داشۆ مېنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىغا رەسمىي تەقسىم قىلغانىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر 20 نەچچە يىل ئۆتتى. بۇ 20 نەچچە يىل داۋامىدا مەن ئاساسلىقى شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ مەسىلىلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ مەزمۇنى ئەڭ مول بولغان بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيادا ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى كونا تاش قورال دەۋرىگىچە سۈرۈش مۇمكىن. ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تېپىلغان مەشھۇر كېسىك تاش قەدىمكى ئادىمىنىڭ يىل دەۋرى مەملىكىتىمىزنىڭ دىڭسۈن ئادەملىرى ياشىغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. يەنە باشقا جايلاردىن تېپىلغان بەزى كونا تاش قوراللارنىڭ دەۋرى تېخىمۇ ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۆشۈكى دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا ئارىيانلار بىلەن تۈركلەرنىڭ

بۆشۈكى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ جاي دۇنيادىكى تۆر-
لۈك مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان. تارىختىكى بىر-
قانچە ئاساسلىق دىنلار، مەسىلەن، شامان دىنى، بۇددا دىنى،
مانى دىنى، نېستورى مەزھىبىدىكى خرىستىئان دىنى ۋە
ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ جايغا تارالغان، مۇشۇ جايدا روناق تاپ-
قان ۋە ئەۋج ئالغان. دىنىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان
تۆرلۈك مەدەنىيەتلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بەس - بەس بىلەن
ئېچىلغان رەڭگا رەڭ گۈللەرگە ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا تەڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇڭا، مۇنداق ئەھۋال مەيدانغا كەل-
گەنكى، دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال، ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق
بىلەن غەربنىڭ قاتناش ۋە كارۋان يولىنىڭ ئۆتكىلى، شۇن-
داقلا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان رايون ۋەشۇ
مەدەنىيەتنىڭ تارىلىش يولى بولغان. «يىپەك يولى» دەپ
ئاتالغان يولمۇ جۇڭگو بىلەن غەربتىكى ھەرقايسى ئەل خەلق-
لىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن،
ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى تەرىپىدىن مەدھىيىلى-
نىپ كەلمەكتە.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تارىختا شەرق بىلەن غەربتىكى
ھەرقايسى ئەللەر بىلەن خېلى كۆپ مۇناسىۋەتتە بولغان. بو-
لۇپمۇ ئۇ جۇڭگو بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئوتتۇرا
ئاسىيا تارىخىدىكى بىرمۇنچە مىللەتلەر جۇڭگودىن كەلگەن.
جاڭچيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى ئاچقان ۋاقىتتىن
باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇڭگو بىلەن بىۋاستە ئالاقە ئورنات-
قاندىن كېيىن، بىرنەچچە قېتىم جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتى-
سىگە كىرگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن كېيىنكى جۇڭگونىڭ
ھەرقايسى دەۋردىكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ «غەربىي يۇرت تەز-

كىرىسى»قىسىملىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا دائىر ئەڭ مول، توغرا تارىخىي ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى يەنىمۇ تولۇقلاش — بىز جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىز ۋە قوشۇشقا تېگىشلىك تۆھپىمىز.

مەن بۇ كىتابنى كىتابخانلارنىڭ ئادەتتە كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن يېزىپ چىقتىم. كىتابنىڭ 1-قىسمى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، يولداش مايۇڭ كۆرۈپ چىقىپ تۈزىتىش كىرگۈزدى. يولداش شى كاڭيۈەنمۇ قىرغىن ياردەم بەردى. بۇ كىتابنىڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىنى ئۇلارنىڭ مەدىتى ۋە ياردىمىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئاپتور

1979-يىل 9-ئاي، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى .......... 1

ئىككىنچى باب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساك قەبىلىلىرى ۋە پېرسىيىنىڭ بېسىپ كىرىشى .......... 32

1 - بۆلۈم مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىكى ساك قەبىلىلىرى .......... 32

2 - بۆلۈم ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى .......... 52

3 - بۆلۈم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر .......... 74

ئۈچىنچى باب ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇنان خاندانلىقى .......... 87

1 - بۆلۈم ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە شەرققە — ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى .......... 87

2 - بۆلۈم ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە سېلېۋك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا .......... 106

3 - بۆلۈم باكتېرىيە ۋە پارفىيە .......... 117

تۆتىنچى باب ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە

جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ...................... 141

1 - بۆلۈم هونلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى .................. 141

2 - بۆلۈم جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشى ۋە لى گۋاڭلىنىڭ پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشى ....................... 156

3 - بۆلۈم هونلارنىڭ تەدرىجىي زەئىپلىشىشى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي رايوندا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىشى ... 183

بەشىنچى باب شىمالىي هونلار ۋە ئۇلۇغ توخرىلار ... 201

1 - بۆلۈم شىمالىي هونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ........................ 201

2 - بۆلۈم ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ ئۆتمۈشى ...... 218

3 - بۆلۈم ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ........................................ 236

ئالتىنچى باب ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ........... 258

1 - بۆلۈم مىلادى III ئەسىردىن V ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى .......... 258

2 - بۆلۈم ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ... 276

3 - بۆلۈم مىلادى III ئەسىردىن VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ........................................ 294

يەتتىنچى باب تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى ... 316

1 - بۆلۈم تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتى .......................... 316

2 - بۆلۈم تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى ...... 333

3 - بۆلۈم غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ...... 357

**سەككىزىنچى باب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشى** ...... 381

1 - بۆلۈم VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ۋەزىيەت ...... 381

2 - بۆلۈم غەربىي تۈركلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلۇشى ...... 398

3 - بۆلۈم تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ...... 414

**توققۇزىنچى باب ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى** ...... 443

1 - بۆلۈم VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ پائالىيىتى، ئەرەبلەرنىڭ پېرسىيەنى مۇنقەرز قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ... 443

2 - بۆلۈم قۇتەيبەنىڭ ئىستىلاسى ...... 463

3 - بۆلۈم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ...... 480

4 - بۆلۈم ئۇمەييە خاندانلىقى (ئاق يەكتەكلىك ئەرەبلەر)نىڭ سەكرات ئالدىدىكى بىردەملىك ئوڭشىلىشى ...... 504

**ئونىنچى باب ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئۆز خاندانلىقلىرىنى قۇرۇشى** ...... 512

1 - بۆلۈم VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى، ئەبۇمۇسلىم ئاببا سىيلار
(قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر) خاندانلىقىنىڭ
قۇرۇلۇشى ............................................ 512
2 - بۆلۈم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئاببا سىيلار خاندانلىقىغا قارشى كۆرەشلىرى ......... 537
3 - بۆلۈم ئاببا سىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ......... 554
4 - بۆلۈم ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ...... 564

# بىرىنچى باب
# ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى

گېرمانىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس ئالېكساندېر ۋون ھۇمبولدت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا ھىمالايا تېغىدىن شىمالدا ئالتاي تېغىغىچە دەپ ھېسابلىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ـــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرنەچچە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىلا كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا ئىندىئانا داشۆسىنىڭ پروفېسسورى سىنور سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان دائىرە بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى «ئىچكى ئاسىيا» ۋە «ئوتتۇرا ياۋرو ـ ئاسىيا» دېگەن ئىككى ئاتالغۇغا ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئوخشاش مەنىدىكى سۆز قاتارىدا قوللىنىلغان، ئۇ ئېيتقان «ئوتتۇرا ياۋرو ـ ئاسىيا» نىڭ زېمىن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ جۇڭگو، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئاساسلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ چەت رايونلىرىغا جايلاشقان. ئۇ ئاساسلىقى يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىدى.

يۇقىرىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ياۋرو - ئاسىيانىڭ دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كىچىكلەپ باردى. بۇ كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى بويلىرىدىكى جايلار ئۈستىدە مەركەزلىك توختىلىمىز، ئۇنىڭغا تۇتاش جايلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئۈستىدە قوشۇمچە سۆزلەيمىز. بۇ رايون تارىختا جۇڭگو، ئىران، ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا، يۇنان، رىم، غەربىي ياۋرو- پادىكى ۋە ياۋرو - ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش يوللىرىدىكى ۋە كارۋان يوللىرىدىكى ئۆتكەل، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئۇچراشقان جاي ۋە ئۇلارنى تارقاتقان يول بولغاچقا، بەزىلەر ئۇنى «ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزى» دەپ ئاتىغان. «يىپەك يولى» مۇ جۇڭگو بىلەن غەربتىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى تەرىپىدىن مەدھىيىلى- نىپ كەلمەكتە.

بىز دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان پامىرغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ باقايلى. بۇ جاي ئامۇ دەرياسىنىڭ مەنبەسى. ئامۇ دەرياسى جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ۋۇخۇ(乌浒) دەرياسى دېيىلەتتى؛ يۇناندا ئوكسۇس (Oxus) دەرياسى دېيى- لەتتى؛ قەدىمكى ئىران تىلىدا ۋاخشۇ دەرياسى دېيىلەتتى؛ ئەرەب تىلىدا جەيھۇن (Jayhun) دەرياسى دېيىلەتتى. بۇ دەر- يانىڭ مورغاب دەرياسى (ئاقسۇ دەرياسى) ۋە پەنج دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەسى بار. كىچىك پامىر، چوڭ پامىردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ھىندىقۇش تېغىدىكى ئېدىرلىقلارنى بويلاپ تۆۋەنگە ئاققان ئېقىنلار ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسىم چېگ-

رىسىدا دەرياغا ئايلىنىدۇ. ئۇ قەدىمكى باكترىيە زېمىنىدىن ئۆتۈپ يەنە غەربىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ، قاراقۇم ئارقىلىق تۇران تۈزلەڭلىكىگە ئېقىپ كىرىدۇ، ئاندىن قەدىمكى خارەزم دېلتىسىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئارال دېڭىزىنىڭ بويلىرىدىكى دېلتا رايونى قەدىمكى ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ماكان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان جاي. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە بايان قىلىنغان پارس رىۋايەتلىرىدە، ئامۇ دەرياسى ئىران بىلەن تۇراننىڭ پاسىلى دەپ قارالغان.

كوپېت تېغىدىن پارپامىسىس تېغى، ھىندىقۇش تېغى ۋە ئالاي تاغ تىزمىلىرىغىچە بولغان بۇ بىر لىنىيىنىڭ شىمالىدىكى جايلار بارغانسېرى پەسلەپ بارىدۇ. ئارال دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇران تۈزلەڭلىكى — چوڭ بىر ئويمانلىق. تىيانشان (تەڭرىتاغ) دىن باشلىنىدىغان سىر دەرياسى (ئەرەبلەر سەيخۇن دەرياسى دەپ؛ پارسلار ياكسارت دەرياسى دەپ ئاتايدۇ؛ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ياۋشاشۇي «药杀水» دەپ ئاتىلىدۇ) غەربكە قاراپ ئېقىپ پەرغانە ئويمانلىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن؛ غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تاشكەنت، قارا تاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي شىمالى قازاق دالاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى بىرئاز ئېگىز، شىمال تەرىپى ۋە غەربىي شىمال تەرىپىدە ئورال تاغ تىزمىسى بىلەن ئورال تاغ تىزمىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان موكزار تېغى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغاي ۋادىسى بار. ئەگەر تۇران تۈزلەڭلىكى بىلەن سىبىرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ ھەر ئىككىسىنى دېڭىز دېسەك، ئۇ ھالدا توغاي

ۋادىسى ئۇ ئىككى دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان بوغازغا ئوخشايدۇ.

غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ غەرب تەرىپى ئورال تاغ تىزمىسى بولۇپ، بۇ تاغنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 60° قا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئېگىز تاغ تىزمىسى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە يېنىسەي دەرياسى، دەريانىڭ شەرقىدە ئوتتۇرا سىبىر ئېگىزلىكى بار. غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ جايلاشقان ئورنى پەس بولۇپ، سازلىقلار ۋە دەريا - ئېقىنلار بار. ئوب دەرياسى بىلەن ئېرتىش دەرياسى ئالتاي تېغىدىن باشلىنىپ، بۇ تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ، ئاندىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنبەسى — سايان چوققىسىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىكى جايلار ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلار پائالىيەت قىلغان رايونلارنىڭ بىرى.

گېئولوگلار مۇنداق دەپ قىياس قىلىدۇ: تۇران تۈزلەڭلىكى بىلەن سىبىر تۈزلەڭلىكى ئەسلىدە دېڭىز - ئوكيانلار بىلەن تۇتاش بولۇشى، ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىمۇ ئەسلىدە قارا دېڭىز بىلەن تۇتاش بولۇشى مۇمكىن. كېيىن مېزوزوي ئېراسى (ئوتتۇرا هاياتلىق ئېراسى) بىلەن كاينوزوي ئېراسى (يېڭى هاياتلىق ئېراسى) نىڭ ئارىلىقىدا (يەنى بۇنىڭدىن 10 — 20 مىليون يىللار ئىلگىرى)، يەر پوستىدا كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، هىمالايا تېغى، كۇئېنلۇن تېغى، تيانشان تېغى، هىندىقۇش تېغى، پامىر تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى ئۆرلەپ چىققان، دېڭىز سۈيى شىمالىي مۇز ئوكيانغا — ئارقىسىغا قاراپ ئاققان. نەتىجىدە قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىز بىلەن ئارال دېڭىزى ئايرىلغان، سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارال دېڭىزىغىلا قۇيۇلغان. سىبىرىيىدە ئوب دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق نۇرغۇن دەريا - ئېقىنلار قالغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېگىز تاغلار شەكىللىنىشتىن ئاۋۋال، ئوتتۇرا
ئاسىيا بىلەن سىبىرىيىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، نەم، ھۆل -
يېغىنى يېتەرلىك، دەل - دەرەخلىرى بۈك - باراقسان، ئوت -
چۆپلىرى قويۇق ئۆسكەن ھالەتتە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن،
ئېگىز تاغلار ھىندى ئوكيانىدىن كېلىدىغان ئىللىق ئېقىمنى
توسۇۋالغاچقا، تۇران تۈزلەڭلىكىدە چوڭ قۇملۇقلار شەكىللەن-
گەن. دەريا - ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، تاغ ئېتەكلىرى، دەريا-
لارنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونى ۋە كۆل، بۇلاق
ئەتراپىدىكى جايلارلا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە تېرىق-
چىلىق قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەسىلەن، ئامۇ دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنى، پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت ئەتراپى، خارەزىم
دېلتىسى، زەرەپشان دەرياسى بويلىرى، قارا تاغنىڭ جەنۇب ۋە
شىمالىدىكى تۆپىلىكلەر، يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى،
ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاتارلىق جايلار ئەنە
شۇنداق قەدىمىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مەركەز-
لىرىدۇر. ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن
ئوب دەرياسى بىلەن ئېشىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە
بولغان جايلار كەڭ يايلاق بولۇپ، ئۇ شەرقتە موڭغۇل يايلىقىغا،
غەربتە جەنۇبىي روسىيە يايلىقىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ قەدىمكى زاماندا
كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ماكانى بولغان. يايلاق رايونىدىكى
كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن بوستانلىق رايونىدا دېھ-
قانچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قەدىمكى زامان
ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىل-
غان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، يازما تارىختىن
ئاۋۋالقى كونا تاش قورال دەۋرىدىن برونزا دەۋرىگىچە بولغان
مەزگىلدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان خارابە

ئىزلىرى تېپىلدى. ئۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاتاقلىقى — 1938 - يىلى
سۇرخان دەرياسى بويىدىكى بەسۇن دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدىكى
كېسىك تاش غارىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەمنىڭ تاش قات-
مىسىدۇر. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، بۇ غارغا يەتتە - سەككىز
ياشلاردىكى قەدىمكى بالا (نىئاندېرتال ئادىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
دەپنە قىلىنغانىكەن. بۇ بالا بىلەن بىللە يەنە موست دەۋرىگە
ئائىت تاش قورال، كۆل قالدۇقى ۋە ھايۋاناتلارنىڭ نۇرغۇن
سۆڭەكلىرىمۇ تېپىلغان. كېسىك تاش غارى جىلغىسى ھىسار
تېغىنىڭ تارمىقى بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا
جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرقىدە پامىر ئېگىزلىكى بار. كېسىك تاش
غارىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 21 مېتر بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن مۇددەت
ئىنسانلارنىڭ ماكانى بولغان. بۇ غاردىن تېپىلغان تاش قو-
راللارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئاساسلىقى موست
تىپىدىكى ئۇچلۇق قورال، قىرغۇچى قورال قاتارلىقلارنى ئىش-
لەتكەن، ئۇلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، ئۇلار ئاساسلىقى
ئۆشكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ياۋا چوشقا، بۇغا، ئات، قاپلان ۋە
ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلاپ ئوزۇقلۇق قىلغان. ئۇ يەردىن يەنە
ياۋايى ھايۋانلار تېرىسىدىن كىيىم - كېچەك تىكىشتە ئىشلى-
تىلىدىغان سۆڭەك يىڭنە تېپىلغان. كېسىك تاش غارىغا خېلى
يېقىن جاي — بەسۇن تېغىدىن يەنە مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ
ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەت خارابىسى — ئەمىر كىمىر
خارابىسى تېپىلدى. بۇ، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى
رايونلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار پائالىيەت قىلغان رايونلارنىڭ
بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كېسىك تاش قەدىمكى ئادىمى — ئوتتۇرا ئاسىيادىن
تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تې-
پىلغان خارابە كونا تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت بىردىنبىر

خارابە ئىزى ئەمەس. 1938 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە، يەنە ۋاخشۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، كافىرنىگان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، كاسپىي دېڭىزى بويلىرى، قارا تاغ رايونى، پەرغانە ۋادىسى، نارىن دەرياسى ۋادىسى، زايسان كۆلى بىلەن سىمپالاتىنسك ئارلىقىدىكى ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىمۇ كونا تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىزلارنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇ جايلاردىن تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت قول پالتىسىنىڭ يىل دەۋرى تېشىك تاش قەدىمكى ئادىمىنىڭ يىل دەۋرىدىن بۇرۇن. موستە دەۋرىگە ئائىت تاش قوراللار سەمەرقەنت (ئامان قوتان غارى)، پەرغانە، تاشكەنت، بۇخارا، ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلى، قاراتاغ، سارىسۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، بالقاش كۆلىنىڭ شىمالى، ئىشىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلدى.

قەدىمكى ئادەم — مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ يېڭى ئادەمگە ئۆزگىرىش جەريانىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ. دۇنيادىكى ئىرقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئادەمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. قەدىمكى ئادەمنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدە مايمۇنلارغا ئوخشايدىغان ئىپتىدائىي ئالامەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مايمۇنسىمان ئادەمگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھازىرقى ئادەملەرگە يېقىنلاشقان. قەدىمكى ئادەملەر يەنىلا ئىپتىدائىي جامائە باسقۇچىدا ياشىغان. قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ ئىلغار بولغان ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە ئۆزگىرىشىگە بىرى گۆش يېيىش ۋە ئوتتىن پايدىلىنىش، يەنە بىرى، قانداش قوۋم ئارا نىكاھلىنىشقا چەك قويۇش تۈرتكە بولغاندەك قىلىدۇ. تېشىك تاش غارىدىكى ھەربىر قاتلامدىن بىر ياكى ئىككى ئۈچ گۈلخان ئىزى، ئەتراپىدا ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ

ئۇرغۇن سۆڭەكلىرى ھەمدە تاش قوراللار تېپىلدى. بۇئەينى
چاغدىكى كىشلەرنىڭ ئوۋلاپ كەلگەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوتـ
تا كاۋاپ قىلىپ يېگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كاۋاپ قىـ
لىش گۆشنى مەززىلىك قىلىپلا قالماي ئۇنى ئاسان ھەزىم بولىدىـ
غان قىلىدۇ، ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا، قانداش ئائىلىـ
نىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا پونالويا ئائىلىسى ئىگىلىگەن.
ئەمما ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بۇنداق ئائىلىدىن بىۋاسىتە بۆلۈنـ
ئۈپ چىققان، نەتىجىدە، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىلىگە كەلگەندە، قەدىمكى ئادەملەر ھازىرقى تىپتىكى يېڭى
ئادەملەر (كىرمانوۋ ئادەملىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)گە، ئىنسانىيەت
جەمئىيىتى ئىپتىدائىي جامائەدىن ئانىلىق جامائە تۈزۈمىگـە تە
رەققىي قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان كونا تاش قورال مەدەنىيـ
تىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ئانچە
كۆپ ئەمەس. بۇ مەزگىلگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ئاساسـ
لىقى: تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ۋە تاجىكىسـ
تاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىن تېپىلدى.
ئۇنىڭدىن باشقا، 1939 - يىلى ۋە 1958 - يىلى سەمەرـ
قەنتتىن شۇ مەزگىلگە ئائىت ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان خارابە
ئىزى تېپىلدى. ئۇنىڭدا ئۈچ مەدەنىيەت قاتلىمى بولۇپ،
ئۇنىڭ بىرىدىن بىر ياش ئايالنىڭ ئاستىنقى ئىڭەك سۆڭىكى
(يېڭى ئادەمنىڭ)، تۈرلۈك تاش قورال ۋە ئات، بۇغا، تۆگە،
قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى چىقتى. 1942 - يىلى
تاشكەنت قانىلى رېمونت قىلىنغان چاغدا، چىرچىك دەرياسى
ۋادىسىدىن پىچاق ياسايدىغان قىرغۇق چاقماق تاش، شۇ
جايدىكى تونى چۈبىك كەنتىنىڭ شەرقىدىن گۈلخان ئىزى،

ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تۇرلۇك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ياشىغان ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ پاكىتلىرىدۇر.

سىبىرىيىدىن تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە ئائىت ئاسارىئەتىقىلەر خېلى كۆپ. ئۇلار ئاساسلىقى ئوب دەرياسى بىلەن يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىن، شۇنداقلا بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدىن تېپىلدى. كراسنويارسىك ئەتراپىدىكى ئاپانتوۋا خارابىسىدىن تېپىلغان بۇيۇملار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدا چۆكمە مۇز دەۋرىنىڭ تېز ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مايموت، كەركىدان قاتارلىق چوڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆنسېرى ئازايغانلىقىنى، كىچىك ياۋايى ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوۋ قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇختارما دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا خېلى يېقىن جايدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە مايمۇنسىمان ئادەملەر ۋاقىتلىق ماكان قىلغان غار بايقالدى. 1950 - يىلى ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىنمۇ ئەينى چاغدا ئىنسانلار ماكان قىلغان خارابە ئىزى تۈنجى قېتىم تېپىلدى. سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە ئائىت مەدەنىيىتى دولۇن، مانجۇرىيە، خەيلار ۋە بېيجىڭ غار مەدەنىيىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى كىسىۋېن ئۇنى موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر يارىتقانلىقى ئېنىق①، ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتىمۇ جۇڭگونىڭ شىمالىي

① كىسىۋېن «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت». سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1962 - يىلى نەشرى. 35 - 36 - بەتلەر.

قىسمىدىكى موڭغۇل رايونى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى.

كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئاساسلىقى ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە يىغىپ توپلاش (مېۋە - چېۋە يىغىش) بىلەن ھايات كەچۈرگەن. بۇ ۋاقىت تەخمىنەن مورگان ئېيتقان تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا باسقۇچتىكى ۋارۋارلىق جەمئىيەتكە توغرا كېلىدۇ. كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تاش قورال ياساش تېخنىكىسىدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئۇرۇپ سوقۇش تېخنىكىسى قوللىنىلدى ھەمدە سۆڭەك قورال ۋە مۈڭگۈز قوراللار كەڭ تۈردە ئىشلىتىلدى، تۆشۈك تېشىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى. ئوۋچىلىق ۋە مېۋە - چېۋە يىغىش ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى، كىشىلەر قىشتا غار ياكى تۇرالغۇدا ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلىشىدىغان، قىيا تاشلار ۋە سۆڭەكلەرگە ئىنسان، ھايۋان ۋە بېلىقنىڭ ئوبرازىنى ئويىدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئايال ھەيكەللىرىنىڭ دائىم ئۇچراپ تۇرۇشى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياۋايى ھايۋانلارغا چوقۇنۇش، توتېم تۈزۈمىنىڭ راۋاجى قاتارلىقلار ئىپتىدائىي دىنىي ئېڭىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق پائالىيىتىدە، دائىم دېگۈدەك تاغ تىزمىلىرى ياكى دەريانى بويلاپ يىراق جايلارغا كۆچكەن. خۇددى مورگان ئېيتقاندەك: «ئۇلار دېڭىز قىرغىقىنى ياكى كۆل ياقىسىنى، دەريالارنى بويلاپ ھەر تەرەپكە — يەر شارىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارغا تارالغان. بىز ھەرقايسى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن جاھالەتلىك جەمئىيەت ھالىتىگە مەنسۇپ چاقماق تاش قورال ۋە تاش قورال ئاسارىئەتىقىلىرىنى تاپتۇق، ئۇلار ئىچىدە

ئىنسانلارنىڭ كۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ماتېرىياللار بار.»① شۇڭا، كونا تاش قورال دەۋرىدە، ئىنسانلار كەڭ كۆلەمدە، بەزىدە ھەتتا قىتئە ئاتلاپ كۆچكەن. بۇنداق كۆچۈش كېيىنكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كۆچۈشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇنى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر دائىم دېگۈدەك ئاسانلىقچە چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، سىبىرىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ خېتاۋ مەدەنىيىتى ۋە تاغ چوققىسى غارى مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشىشىپ قېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، غەربنىڭ بەزى ئالىملىرى ئېيتقاندەك، جۇڭگونىڭ تۈرلۈك مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى ھەرگىز ياۋروپادىن كەلگەن ئەمەس.

ناۋادا، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە يىغىپ توپلاش تەبىئەت دۇنياسى تەمىنلىگەن تەييار ماددىي نېمەتلەر ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈردى دېيىلسە، ئۇنداقتا، جەمئىيەتنىڭ يەنىمۇ تەرەققىياتى ئىنسانلاردىن بۇ ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق زادى قايسى ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن؟ بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىش بىرقەدەر قىيىن، بۇ ھەقتىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بىرقەدەر ئاز. ئومۇمەن ئالغاندا، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى

①مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت». شاڭۋۇ نەشرىياتى 1977 - يىل نەشرى، (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، 1 - قىسىم، 20 - بەت.

مەرگىلىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن ياۋايىلىق دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكى — ئوقيانىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، تاش قوراللارنى سىپتە ياساشقا يۈزلىنىش ۋە ئىتنى ئۆگىتىش بىلەن پەرقلىنىدسە، يېڭى تاش قورال دەۋرى ئىنسانلارنىڭ ساپالچىلىق ۋە تاش قوراللارنى سۈركەپ ياساشنى بىلگەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئېنگېلس: «ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئۆزگىچە ئالامىتى — ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە زىرائەت تېرىش. شەرقىي چوڭ قۇرۇقلۇق، يەنى كونا چوڭ قۇرۇقلۇقتا كۆندۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھايۋانلار ۋە تېرىشقا بولىدىغان زىرائەتلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدۇ»① دېگەنىدى. بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، مېۋە - چېۋە يىغىشتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش دەل مىلادىدىن 5000 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇنداق شەرت - شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ دەسلەپكى دېھقانچىلىق ئاسلىقى جەنۇبىي قىسمىدىكى چەت ياقا رايونلار ياكى مۇنبەت بوستانلىقلاردا، مەسلەن، ئامۇ دەرياسى بويلىرى، كوپپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكى، خارەزىم دېلتىسى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن.

كوپپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىگە جايلاشقان ئاشخاباد

①ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى». خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 19 - بەت.

ئەتراپىدىكى جادۇندا بىر قۇم دۆۋىسى قېزىلدى، بۇ، ئوتتۇرا
تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يېڭى تاش قورال
دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىققا مەنسۇپ كەنت خارابىسى ئىدى.
ئۇنىڭدىن قول بىلەن ياسالغان تۇۋى تەكشى، رەڭلىك سىزىق-
چىلار بىلەن گۈل چىقىرىلغان ساپال، ساپال پارچىلىرىدا
بۇغداي دانچىلىرىنىڭ ئىزى ۋە يارغۇنچاق پارچىلىرى تېپىلدى.
تاش قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى سىپتە ياسالغان چاقماق تاش
قوراللار ئىدى. قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىمۇ
تېپىلدى. ئۇ يەردىن تېپىلغان هايۋان سۆڭەكلىرى ئەينى
چاغدا ئائىلىلەردە ئىت ۋە كالا بېقىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.
ئەينى چاغدا ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى هازىرقىدىن نەمرەك بولۇپ،
باهار پەسلىدە دەريا - ئېقىنلار كۆپ بولغان، شۇڭا، كىشىلەر
بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىپلا قالماي، چارۋىچىلىق ۋە بېلىق-
چىلىق، ئوۋچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. خارەزىمدە، 1939 —
1940 - يىللىرى كىرىك مىنار مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان
مەدەنىيەت ئىزلىرى بايقالدى. كىرىك مىنار — ئامۇ دەريا-
سىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى ئېقىنىنىڭ
نامى بولۇپ، بۇ ئېقىننىڭ شىمالىدىكى يانباس قارا 4 -
نومۇرلۇق خارابىدىن هەر خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سىپتە
تاش قوراللار [مەسىلەن، قىرغۇچى قورال، چاقماق تاشتىن
ياسالغان پىچاق، سۆڭەك يىڭنە ۋە باشاق (ئوقيا ئۇچى) قاتار-
لىقلار] هەمدە گېئومېترىيىلىك سىزىقچىلار بىلەن نەقىشلەنگەن
ئورغۇن ساپال قاچىلار تېپىلدى. بۇنداق نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى
قېلىپتا بېسىپ چىقىرىلغان، بەزىلىرى سىزىلغان. بەزى ساپال-
لاردا رەڭلىك سىزىقچىلار بار، بەزىلىرىدە يېپىقا مارجان
ئۆتكۈزۈلگەندەك شەكىلدىكى سىزىقچىلار بار. ئۇ يەردىن بېلىق،
ياۋايى هايۋان، جۈملىدىن ياۋا چوشقا، ياۋا بۇغا، ياۋا قوي

قاتارلىقلارنىڭ ئۇرغۇن سۆڭەكلىرى تېپىلدى. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، بۇ مەدەنىيەت مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىلدىن 3000 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، ئاھالىلەر ئاساسلىقى ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. كىرىك مىنار تىپىدىكى مەدەنىيەت شۇ جايدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ تېپىلدى. بۇ، ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر ئىپتىدائىي يىغىپ توپلاشتىن ئېكىنچىلىك قىلىشقا ئۆتۈپ، تېرىقچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى قۇملۇقلاردا ۋە دەريا - كۆل ئەتراپلىرىغا بۆلۈنۈپ ماكانلاشقان يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ يەنىلا ئوۋچىلىق بىلەن بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلارمۇ چارۋىلارنى كۆندۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرقى زاماندا ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيادا بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئەڭ دەسلەپ يېتىشتۈرگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدى، بولۇپمۇ ئىنسانلار بېقىپ كۆندۈرگەن ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆندۈرۈلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئېنگېلىس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرنى، يەنى ھايۋانلار ئەڭ دەسلەپتە ئېھتىمال ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى بويلىرىدىكى يايلاقلارنىڭ چەت - ياقىلىرىدا كۆندۈرۈلگەن بولسا كېرەك، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى تولۇق ئىسپاتلىدى. شۇنداقتىمۇ ئەڭ دەسلەپكى

چارۋىچىلىق مال ـ چارۋىلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغاچقا، كەڭ يايلاقتا ئېھتىياجلىق بولمىغان، شۇڭا كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، يەنى دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئەتراپىدا مال ـ چارۋا بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ يىراق جايلارغا بېرىشىپ، سۇ، ئوت ـ چۆپ ئىزدەشكە ھاجىتى چۈشمىگەن. ئۇ چاغدا چارۋىچىلىق تېخى يېزا ئىگىلىكتىن بۆلۈنۈپ چىقمىغانىدى.

ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ئىچىدە، ئىت ئەڭ ئاۋۋال كۆندۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ بىرى. ئىت كىشىلەرنىڭ ئوۋ قىلىشىغا ياردەملەشكەنلىكى، ئۆي ـ جاي، مال ـ چارۋىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، چوشقا، كالا، قوي ۋە تۆگە بېقىلغان. ئىنسانلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى مۇشۇ ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلگەن ۋاقتى ئۇلارغا قارىغاندا خېلى كېيىن.

مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» دېگەن كىتابىدا: «تېرىقچىلىق قارىغاندا، چارۋىچىلىقنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەندەك قىلىدۇ»، چۈنكى، كۆچمەن چارۋىچىلار «چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىش بىلەنلا، يايلاقلاردىن يىراق جايلاردا تۇرغۇن مال ـ چارۋىنىڭ ئوت ـ چۆپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تېرىقچىلىقنى ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى تۇغۇلغان»① دېگەنىدى. مەن بۇ نۇقتىنەزەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ قىسىم، 24 ـ بەت.

كىشىلەرنىڭ ئاددىي تاش قۇراللارنى ئىشلىتىپ، تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئېرىشىپ، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. يىغىپ توپلاش ۋە بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئازقىلىق ئىنسانلار تەبىئەتتە ياشايدىغان هايۋان، ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئېهتىياجىنى قامدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدا، ئىنسانلار كۆندۈرگەن هايۋانلار ئەلۋەتتە تەبىئىي ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى يېگەن، بۇ هەتتا هازىرمۇ شۇنداق. يىغىپ - توپلاش ۋە ئوۋچىلىقتىن تەرەققىي قىلغان دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېهتىياجىنى هەل قىلغان. چارۋىلار يەنىلا تەبىئەت دۇنياسى تەمىنلىگەن ئوت-چۆپلەرنى يېگەن.

چارۋىلارنىڭ ئاۋۇشى، چارۋا پادىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوت - چۆپكە بولغان ئېهتىياجىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. بۇنداق ئەهۋالدا، ئىنسانلارنىڭ بۇنى هەل قىلىش چارىسى يەنىلا تېخىمۇ كەڭ تەبىئىي يايلاقلارنى ئىزدەشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق ئېهتىياج مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ چارۋا بېقىشنى كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئۆزگەرتتى. بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە «سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈش» شارائىتىدا، كىشىلەر دېهقانچىلىقتىن ۋاز كەچتى. ئەينى چاغدا، ئىنسانلاردا كەڭ يايلاق بەرپا قىلغۇدەك ۋە زور مىقداردا قىشلىق ئوت - چۆپ تەييارلىغۇدەك ئىقتىدار ۋە ئاڭلىقلىق يوق ئىدى. ئۇلار ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال، بۇ ئەهۋال ئىزچىل تۇردە داۋاملىشىپ كەلدى.

ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا

ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق، ئات ئاسىيا قىتئەسى،
يەنى شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارالغان بولۇپ،
بۇنى كىشىلەر ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان نۇقتىئىنەزەر دېيىشـ
كە بولىدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىن يېڭى ھاياتلىق ئېراسى
(Pleistocene Periob) مەزگىلىدىكى ئاتنىڭ تاش قاتمىسى
تېپىلغان بولۇپ، ئۇ ئاتمۇ ئاسىيادىن بارغان دەپ ھېسابلانغان.
كاينوزوي ئېراسىنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا قىتئەسىدە ئاتنىڭ
نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. كېيىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە
بولغان ئارىلىقتىكى ئاتلارنىڭ سۆڭىكى ياۋروپادىن تېپىلدى.
شۇڭا، كىشىلەر ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بار
ئاتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارالغان دەپ
قارىماقتا. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئاتنى كۆندۈرۈشمۇ ئوتتۇرا
ئاسىيادا باشلانغان دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇ تەخمىنەن برونزا
قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى ئارخېئو-
لوگىيىلىك قېزىشلاردا، برونزا قوراللار دەۋرىدىن كېيىنكى
مەزگىللەرگە ئائىت خارابىلەردىنلا خېلى كۆپ ئات سۆڭەكلىرى
تېپىلدى.

ئاتنى ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيالىق كۆچمەن
چارۋىچىلار كۆندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئات كىشىـ
لەرنىڭ ھارۋىغا قېتىش، توشۇش، كۆچۈش ئىشلىرىغا ئىشلىـ
تىلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا
ماسلاشتى. ئاخىرىدا كىشىلەر ئات مىنىش ۋە ئاتلىق جەڭ
قىلىشنى بىلگەندىن كېيىنلا، كۆچمەن چارۋىچىلار پايانسىز
يايلاقلاردا ئات چاپتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئوتـ
تۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، يەنى شىمالىي قىسـ
مىدا كەڭ يايلاق، جەنۇبىي قىسمىدا بوستانلىقلارنىڭ بولۇشى
كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئولتۇراق دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىـ

ياتىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. مىس دەۋرى،
يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللارغا كەلگەندە، ئوت-
تۇرا ئاسىيا ياپىلىقىنى ماكان قىلغان كۆچمەن چارۋىچى قەبى-
لىلەر ئاخىر باشقا قەبىلىلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، كېيىنكى
ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان شىمالنىڭ كۆچمەن چار-
ۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە جەنۇبىنىڭ بوستانلىق رايون دېھقانچى-
لىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى
خىل ئىگىلىكنى شەكىللەندۈردى. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك:
«كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ باشقا ياۋايى كىشىلەر تو-
پىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى 1 - قېتىملىق چوڭ ئىجتى-
مائىي ئىش تەقسىماتى بولدى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر
ئىشلەپچىقارغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى باشقا ياۋايى كىشىلەر-
نىڭكىدىن كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشى-
مايتتى. باشقا ياۋايى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردا
مىقدارى خېلى كۆپ كالا سۈتى، سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە گۆش
بولۇپلا قالماي، يەنە ياۋايى ھايۋان تېرىسى، قوي يۇڭى،
ئۆچكە يۇڭى ۋە خام ئەشيانىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۈن-
سېرى كۆپىيىۋاتقان توقۇلما بۇيۇملارمۇ بار ئىدى. بۇ، 1 -
قېتىملىق دائىملىق ئالماشتۇرۇش بولغان بولۇشى مۇمكىن»،
ۋەھالەنكى بىز «كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بۆلۈنۈپ چىققان-
دىن كېيىن، ھەرقايسى قەبىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئالماش-
تۇرۇشنىڭ ۋە ئۇ بىر خىل دائىملىق تۈزۈم سۈپىتىدە راۋاج-
لىنىش ۋە مۇستەھكەملىنىشنىڭ بارلىق شارائىتىنىڭ ھازىر-
لانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.»①

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 4- توم، 156 - بەت.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ برونزا قوراللار دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 800 - يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ برونزا قوراللار دەۋرى بىلەن ئوخشمايدۇ، ئۇ چاغدا كېيىنكىسى ئاللىقاچان سىنىپىي جەمئىيەتكە تەرەققىي قىلغان، ھالبۇكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتى برونزا قوراللار دەۋرىگىچىلا ئەمەس، بەلكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە داۋام قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ برونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرىنىڭ مول، مۇكەممەل، بەلكى كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلۈكسىز تۈردە تېپىلىشى، ئەينى چاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىگىلىكنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولغانلىق پاكىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى — ئانىنو مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتتۇر. ئانىنو — كوپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىگە جايلاشقان ئاشخاباد ئەتراپىدىكى بىر بوستانلىق. ئۇ يەردىكى ناھايىتى چوڭ ئىككى دۆڭلۈك قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ماكانى بولۇپ، ھەرقايسى دەۋردىكى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىن ھاسىل بولغان، دۆڭلۈكنىڭ بىرى شىمالدا، بىرى جەنۇبتا. 1884 - يىلى، روسىيىلىك گېنېرال كىمرووۋ بۇ يەردە خىزمەت قىلغاندا، بىر خەندەك قازغان بولسىمۇ، كەڭ كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بارمىغانىدى. 1940 - يىلى، ئامېرىكىلىق پۇمپېللى (Raphael pumpelly) بۇ يەردە ئومۇمىيۈزلۈك قېزىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئانىنو مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۇ ئانىنو I (شىمالدىكى دۆڭ-

لۇك) نى تاش قورال دەۋرىگە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8000 - يىللارغا، ئاننو II (شىمالدىكى دۆڭلۈك) نى مېتال قورال بىلەن تاش قورالنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىگە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6000 - يىللاردىن 5000 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، جەنۇبتىكى دۆڭلۈك مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5000 - يىللاردا شەكىللەنگەن، ئاننو III (جەنۇبتىكى دۆڭلۈك) نى بىرونزا قوراللار دەۋرىگە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5000 - يىللاردىن 1000 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، ئاننو IV (جەنۇبتىكى دۆڭلۈك) تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ مۇقىملاشتۇردى. ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە پومپېللىنىڭ شىمالدىكى دۆڭلۈك مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشى بەك ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن، شىمالدىكى دۆڭلۈك مەدەنىيىتى (ئاننو I ۋە ئاننو II مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللاردىن ئىلگىرى بولماسلىقى، يەنى مىس قورال بىلەن تاش قورالنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى، جەنۇبىي دۆڭلۈكتىكى ئاننو III مەدەنىيىتى مىس قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئاننو مەدەنىيىتى — دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا خاس رەڭلىك ساپاللار شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئاننو I مەدەنىيىتى دەۋرىدىلا بۇغداي ۋە ئارپا تېرىلغان. ئاننو II مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئىت، قوي ۋە تۆگە كۆندۈرۈلگەن. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بۇ قەدىمكى ئاننو ئاھالىسى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇلار ياۋا ئات، ياۋا چوشقا، تۈلكە، بۇغا، بۆكەن ۋە بۆرە قاتارلىقلارنى ئوۋچىلىق ئوبيېكتى قىلغان. ئۇلار تام-

لارنى خام خىشتا قويۇرغان بولۇپ، خىش پىشۇرۇشنى بىلمىگەن.
ئانئو Ⅲ مەدەنىيىتى دەۋرىگە كەلگەندىلا ساپال چاق ئىشلىتىش
نى بىلگەن. ساپال قاچىلارغا رەڭلىك سىزىقچىلار ئارقىلىق
گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر چىقىرىلغان، ئانئو Ⅲ مەدەنىيىتى
دەۋرىدە ئۇلارغا رەسىم سىزىلغان. ئانئو مەدەنىيىتىدىن تېرىقـ
چىلىقنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلـ
گەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، شۇڭا، پۇمپېللى ئۇ جاينىڭ
دېھقانچىلىقى چارۋىچىلىقتىن ئىلگىرى دەپ ھېسابلىغان①. ئانئو
مەدەنىيىتى بىلەن كىرىك مىنار مەدەنىيىتىنىڭ پەرقى: ئانئو
قۇملۇقتىكى بوستانلىق بولۇپ، ئۇ يەردە دېھقانچىلىق بىلەن
چارۋىچىلىق تەڭ ئېلىپ بېرىلغان، شۇڭا، ئۇ يەردىن ئۆيدە
بېقىلغان ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، مەسىلەن، قوي سۆڭەكـ
لىرى تېپىلغان، كىرىك مىنار مەدەنىيىتى خارەزىم دېلتىسىدىن
تېپىلغان، ئۇ جاي بېلىقچىلىققا مۇۋاپىق. ئانئو تىپىدىكى
مەدەنىيەت يەنە كىت پوپىز ئىستانىسىنىڭ غەربىدىن يەتتە
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نامازگاھ دۆڭلۈكىدىنمۇ تېپىلدى. ئۇنىڭـ
دىن باشقا، نەمەنگان رايونىدىكى چۇست كەنتىدىنمۇ ئانئو
مەدەنىيىتى تىپىدىكى رەڭلىك ساپال تېپىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەنە بىر مەدەنىيەت مەركىزى—
قەدىمكى خارەزىم دېلتىسىدۇر. بۇ رايون قەدىمكى زاماندا
دەريا - ئېقىنلار دائىم تېشىپ تۇرىدىغان سازلىق بولغاچقا،
برونزا قورال بىلەن تاش قورالنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىدە
بۇ جايدا بېلىقچىلىق ئاساس قىلىنغان كىرىك مىنار مەدەنـ
يىتى بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭغا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان ئىككى خىل برونزا قوراللار مەدەنىيىتى ۋارىسـ

① پۇمپېللى: «تۈركىستاندىكى قېزىشتىن دوكلات». 1980 - يىل،
ۋاشىنگتون نەشرى، 1 - توم، 67 - بەت.

لىق قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، سۇرخان مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ئامۇ دەرياسى دېلتىسىدىكى سۇيى قۇرۇپ كەتكەن سۇرخان دەرياسىنىڭ بويىدىكى يانباس قارا 6 - نومۇرلۇق ئاھالە خارابىسىدىن تېپىلدى. بۇ بىرخىل دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئۆي - كەپىلەر شاخ - شۇمبىلاردىن (ئۇ تىك ئۇچبۇلۇڭ شەكىلدە) ياسالغان، ئۇ يەردىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى رەڭلىك ساپاللارغا ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئانو مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان ئاھالە ئاننودىكى ئاھالىلەرگە قارىغاندا، ئانچە مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان، بۇنىڭغا ئېھتىمال ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ دائىم تېشىپ كېتىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر سۇرخان مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەبىلە جەنۇبتىن كەلگەن، ئۇلار كىردىك مىنار مەدەنىيىتىنى ياراتقان يەرلىك قەبىلە بىلەن بىرلىكتە بىر خىل يېڭى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان، شۇڭا، ئۇ ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىككە، ھەم ئاننو مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەپ ھېسابلايدۇ.

يەنە بىر خىلى، تازا باگىياب مەدەنىيىتىدۇر. ئۇ 1939 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خارەزىمدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قانالدىن تېپىلغان. بۇ خىل تىپتىكى مەدەنىيەت ئامۇ تاشكەنت يايلىقى ۋە تاغ ئېتەكلىرىدىگە، سەمەرقەنت، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى قاتارلىق كەڭ رايونلارغا تارالغان. بۇ خىل مەدەنىيەت كىرىك مىنار مەدەنىيىتىدىن بىۋاستە مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار چارۋىچىلىق ۋە ئىپتىدائىي

دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ ساپال قاچىلىرىنىڭ تۈۋى تەكشى بولۇپ، گېئومېترىيىلىك شەكىل ياكى بۇرمىسمان ۋە تورسىمان سىزىقچىلار چىقىرىلغان. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، ئۇنى سۇرخان مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەبىلىدىن باشقا بىر قوۋم (مىللەت) ياراتقان بولسىمۇ، كېيىن ئۇ ئىككى قوۋم قوشۇلۇپ كەتكەن. برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئۇ مەدەنىيەت ئامراباد مەدەنىيىتىگە تەرەققىي قىلغان①.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاق رايونىنىڭ برونزا قوراللار مەدەنىيىتىگە مىنوسىنسكى ئويمانلىقى مەدەنىيىتىنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. مىنوسىنسكى ئويمانلىقى سايان چوققىسىنىڭ شىمالىغا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. بۇ يەردە كونا تاش قورال دەۋرىدىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. برونزا قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بىرقاتار مەدەنىيەتلەرنىڭ برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە داۋام قىلىشى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىققا تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت برونزا قورال

---

① ئامراباد مەدەنىيىتىگە ئائىت ساپال قاچىلارنىڭ تۈۋى تەكشى، قارا رەڭلىك، ئۇ يەردىكى ئۆيلەر لاي بىلەن قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، كارىدور شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئۆيدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتر، كەڭلىكى 20 مېتر بولۇپ، ئىككى ئائىلە بىرلىكتە ئولتۇرغان. لېكىن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوچىقى بولغان. سۇغىرىش ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان. كىشىلەر دەريانىڭ تاشقىن سۇلىرىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلغان ھەمدە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

بىلەن تاش قورالنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 يىلنىڭ ئاخىرىدىن 2000 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال مىنوسىنسكى ئويمانلىقىنىڭ باتىن كەنتى ئەتراپىدىكى ئافاناسوۋ تېغىنىڭ باغرىدىكى قەبرىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق، دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت قەدىمكى كاتون دەرياسى ۋادىسىدىنمۇ تېپىلدى. قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن، ئافاناسوۋدا ياشىغان قەبىلىنىڭ ئىت باققانلىقىنى، كالا، قويلارنى ئاۋۇتقانلىقىنى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، لېكىن ئوۋچىلىقنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئوۋچى چارۋىچىلار بولۇپ، مېتال تاۋلاشنى بىلگەن، گەرچە بۇ يەردىن برونزا پىچاق تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاش قورال ۋە سۆڭەك قورال ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە، ئاننو مەدەنىيىتى تىپىدىكى رەڭلىك ساپال ۋە ئامۇ دەرياسىدىن چىقىدىغان قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان تۇمارنىڭ تېپىلغانلىقى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئارال دېڭىزى رايونىدىكىلەر بىلەن سودا ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالاقە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت مىس قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال 1944 - يىلى كراسنويارسك ئوبلاستىنىڭ ئاقىنساق رايونى ئەتراپىدىكى ئاندىرونو كەنتىدىن تېپىلغان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى جەنۇبىي سىبىرىيە، غەربىي سىبىرىيە ۋە قازاقىستاندىكى بىرمۇنچە رايونلارغا كەڭ تارالغان. ئۇ يەنە ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرى-

نىمۇ چېلىقىدۇ. يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاندىرونوۋ
كەنتىدىكى قەبرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايى ئۈستىدىكى
تەتقىقات ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ قەبىلىنىڭ مۇقىم
ئولتۇراق ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ۋە مۇقىم ئولتۇراق چارۋى-
چىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، لېكىن چارۋىچىلىقنى ئافاناسوۋ
مەزگىلىدىكىدىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى،
ئوۋچىلىقنى ئاللىقاچان تاشلىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ يەردىن
كالا، قوي سۆڭەكلىرىلا ئەمەس، ئات سۆڭىكىمۇ تېپىلدى.
تېپىلغان ساپاللارنىڭ تۈۋى تەكشى، يۈزىگە گېئومېترىيىلىك
شەكىللەر چىقىرىلغان. ئۇ يەردىن يەنە تاش جوتۇ، ئاتنىڭ
ئېگىرى شەكلىدىكى يارغۇنچاق ھەمدە بۇغداي غولى ۋە دانچى-
لىرى تېپىلدى. تېپىلغان برونزا قوراللاردىن خەنجەر، پىچاق،
پالتا، بىلەزۈك قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە
چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنىڭ
ئاخىرقى باسقۇچىدا، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 -
يىلنىڭ ئاخىرى ۋە 1000 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە،
بۇ يەردە ياشىغان كىشىلەر پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچىلىققا
ئۆتكەن. ئۇنىڭدا ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ناھايىتى چوڭ رول
ئوينىغان. چۈنكى، چارۋىلارنىڭ ئاۋۇشى، يايلاقلارنىڭ كېڭىيىشىگە
ئەگىشىپ، ئاتنى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا مال - چارۋا بېقىشنىڭ،
كۆچۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۇمكىنچىلىكى يارىتىلغان.
بۇ ئاخىر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ بىر -
بىرىدىن پۈتۈنلەي بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغان.

3. قاراسۇق مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت تەخمىنەن مىلا-
دىدىن ئىلگىرىكى 1200 — 700 - يىللارغا، يەنى برونزا
قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەت-

شىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال مىنوسىنسكى ئويمانلىقىدىكى قاراسۇق دەرياسى بويىدىن تېپىلغان. بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بايقال كۆلى رايونى، ئالتاي، سىمپالاتىسك ۋە زايسان كۆلى ئەتراپىدىنمۇ تېپىلدى. ئۇ ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىدىنمۇ كەڭرەك تارالغان. قاراسۇق مەدەنىيىتىگە ئائىت تۇرالغۇ جاي خارابىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتلىمىنىڭ نېپىزلىكى ۋە ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ، ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، بىر جايدا ئۇزۇنغىچە مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، دائىم دېگۈدەك كۆچۈپ يۈرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار چارۋىچىلىقتا ئاساسلىقى قوي پادىلىرىنى باققان. شۇڭا، قەبرىلەردىن قوي سۆڭەكلىرى كۆپرەك تېپىلدى. بەزى قەبرىلەرنىڭ تاغ باغرىلىرىغا جايلاشقانلىقى ئۇلارنىڭ شۇ يەرلەرنى يازلىق يايلاق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ھەتتا قوينىڭ بېشىنى ئىلاھ دەپ بىلىپ، ئۇنى تۆۋرۈكلەرنىڭ بېشىغا ئىلىپ قويغان. قاراسۇق مەدەنىيىتى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى ۋە ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتكە ئوخشىمايدۇ، ئۇ، يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى، كىشىلەرنىڭ ئىرقى، تەن تۈزۈلۈشى ۋە برونزا قورال جەھەتتە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇرۇلغان يىن، شاڭ سۇلالىلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن، قاراسۇقتىن تېپىلغان ئەگرى برونزا پىچاق شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت شۇ خىلدىكى پىچاقلارغا تامامەن ئوخشايدۇ. خەنجەر، نەيزە، پالتا قاتارلىقلارمۇ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىن تېپىلغانلىرىغا ئوخشايدۇ. ساپال قاچىلار شەكىل ۋە زىننەتلىنىش جەھەتتە ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتى تىپىگە ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىس-

مىددىن تېپىلغان ساپال قاچىلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇلارغا ئاساسەن، ئىلىم ئەھلى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200 — 700 - يىللاردىكى قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدە، يەنى جۇڭگونىڭ يىن ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زور تۈركۈم قەبىلىلەر جەنۇبىي سىبىرىيىگە كەلگەنلىكىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلار جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ياۋروپا - ئاسىيا يايلىقىغا تارقاتقان. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ رايوننىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزلىرىغا ئاساسەن، ئۇ يەرلەردە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا پائالىيەت قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ قايسى ئىرققا مەنسۇپلۇقىنى بۇ جەھەتتىكى يازما تارىخ ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن ھازىرچە ئايدىڭلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئارىئان» دېگەن نام بىر ئىرق ياكى قوۋمنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى ئىستېلاچىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئالىي»، «جەرسۇر» ياكى «ئاقسۆڭەك» قاتارلىق مەنىلىرى بار. ھازىر ئىلىم ئەھلى ئارىئانلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارچىلىنىپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلار-

نىڭ بىر تارمىقى ھىندىستانغا كۆچۈپ ھىندى ئارىيانلىرى دەپ ئاتالغان بولسا، يەنە بىر تارمىقى ئىران ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ، ئىران ئارىيانلىرى دەپ ئاتالغان. يەنە بىر قىسمى تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىراندىكى مىدىيەلىكلەر، پارسلار، ھىندىستاندىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ئارىيانلارنىڭ باشقا جايلارغا كۆچۈش مەزگىلى، ياۋرو-ئاسىيا ياپلىقىدا ئات بېقىش ئەۋج ئالغان ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى راۋاجلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئېنگېلس: «ھازىر كۈنسېرى ئالغا بېسىۋاتقان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر — ھىندىستاندىكى پەنجاپ دەرياسى ۋە گانگى دەرياسى بويلىرىدىكى رايونلار ۋە سۇ، ئوت - چۆپلىرى تېخىمۇ مول بولغان ئوكسۇس دەرياسى ۋە ياكسارت دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئارىيانلار، ئېفرات دەرياسى ۋە تىگرىس دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان سەمىتلەر — ئات، تۆگە، ئېشەك، كالا، قوي، ئۆشكە ۋە چوشقا قاتارلىق مال - چارۋىلارغا ئىگە بولدى. باشقۇرۇش ۋە ئەڭ ئاددىي ئېتىبار بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتسىلا، بارغانسېرى ئاۋۇتقىلى بولىدىغان بۇ چارپايلار ئۇلارنى كۆپ مىقداردا سۈت، گۆش بىلەن تەمىنلىدى. بۇرۇنقى بارلىق ئوزۇقلۇق تېپىش ئۇسۇلى ئەمدىلىكتە 2 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى»① دېگەنىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ياپلىقىلا ئەمەس، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى موڭغۇل ياپلىقىمۇ ئوخشاش تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتتى. موڭغۇل ياپلىقىنىڭ برونزا قوراللار مەدەنـ

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 49 - بەت.

يېتى شاڭ، يىن سۇلالىلىرى مەدەنىيىتى ۋە قاراسۇق مەدەنىيىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر باشقا ياۋايى كىشىلەر توپىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، 1 - قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلگەنىكەن، ئۇنداقتا، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى دائىملىق ئالماشتۇرۇشنى ئېھتىماللىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇتلەق زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ، قەبىلىلەر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە سودىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلاندى. ئاخىر، چارۋا پۇلنىڭ رولىنى ئوينىدى.

كۆچمەن چارۋىچىلار شەرق بىلەن غەربنىڭ سودىسىدا ۋاستىچى بولغان، دېگەن قاراشمۇ بار. چۈنكى، كۆپ مىقداردىكى (ئاز مىقداردا ئەمەس) ماللارنى يىراق جايلارغا ئاپىرىپ سېتىشتا، ئۇرغۇن تۆگە، ئات، كالا، ئېشەك بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان بىرونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت ماددىي مەدەنىيەت ئىزلىرىغا ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي سىبىرىيە قاتارلىق يايلاقلار قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى — خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىنمۇ بەكرەك ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلۇقىنىڭ بىر ئاز ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەتتە بىز «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى يۈيمېنگۇەن، ياڭگۇەندىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئاساسەن، قەدىمكى «يىپەك يولى» پەقەت تارىم ئويمانلىقىدىنلا ئۆتكەن دەپ قاراۋاتىمىز. ناۋادا تارىخ ئىلمىمۇ مەلۇم بىر خىل قىياسقا يول قويىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە، جۇڭگو بىلەن

غەرب ئۇتتۇرىسىدىكى سودا يولىمۇ شىمالىدىكى ياي‍لاقلاردىن
ئۆتكەنلىك، يەنى موڭغۇل ياي‍لىقىدىن سىبىرىيە ياي‍لىقىغا بېرىپ،
ئاندىن جەنۇبقا — ئىرانغا بېرىپ، يەنە غەربكە — رۇس ياي‍لى-
قىغا بارغانلىق ئېھتىماللىقى بار. يوقلۇقىنى ئويلىنىپ كۆرۈ-
شىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە مەيلى يازما
يادىكارلىقلار بولسۇن ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بولسۇن،
بۇ مەسىلىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.
جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن جۇمۇۋاڭ-
نىڭ غەربكە سەپىرى دەل قاراشۇق مەدەنىيىتى مەزگىلىگە
توغرا كېلىدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ
ئۇنجى قېتىم يول ئاچقۇچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن
ئىلگىرىلا، زور بىر تۈركۈم جۇڭگولۇقلار جەنۇبىي سىبىرىيىگە
بارغان ئەمەسمىدى؟ يىن، شاڭ سۇلالىلىرىنىڭ بىرونزا قورال-
لىرى موڭغۇل ياي‍لىقى، بايقال كۆلى ۋە يېنىسەي دەرياسى
بويلىرىغا كەڭ تارالغان ئەمەسمىدى؟ چىن سۇلالىسىنىڭ دائى-
رىسىدىكى جىشىيەن‌ناھىسىدىن تېپىلغان «موتيەنزى تەزكىرىسى»
نى ئىزاھلىغۇچىلار كۆپ بولسىمۇ، ھېچكىم يۇقىرىقى پاكىتنى
ئىنكار قىلالمىدى. شى گۇشى «موتيەنزى تەزكىرىسىدىكى غەرب
سەپىرى ئۇستىدە يۇزەكى مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدە ئوتتۇ-
رىغا قويغان مۇۋاڭ پېرسىيە، كاسپىي دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە
جەنۇبىي روسىيىگە بارغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان،
ئالىملار ئۇنى «بىمەنىلىك»، «ئاساسسىز» دەپ سۆكۈۋاتىدۇ.
ھالبۇكى، مەن يۇقىرىقى جايلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدە
راستىنلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ئەۋج ئالغان رايونلار، شۇن-
داقلا جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىدا زور ئۆتكەل بولغان،
دەپ قارايمەن. جۇمۇۋاڭ لوياڭدىن غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە
سەپەرگە چىققاندا، ئالدى بىلەن شىمالغا مېڭىپ جاڭشۇي دەر-

ياسى، گەيشەن ئېغىدىن ئۆتۈپ، خېتاۋنىڭ شىمالىدىكى
موڭغۇل يايلىقىغا يېتىپ بارغان، بۇمۇ يايلاقتىكى كۆچمەن
چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئەينى چاغدا جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ
قاتناش يولى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ①.

① لى يۈسې ھېرودوت ئېيتقان شەرقنىڭ يولى سىكتىيانلار رايونىدىن ئۆتىدۇ، يەنى قىرىم ۋە ئاسسۇرىيە دېڭىزىدىن ئورال تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بويلاپ تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمى (كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى) غا تۇتىشىدۇ دەيدۇ («جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 2 - قىسىم، 368 - بەت).

# ئىككىنچى باب

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساك قەبىلىلىرى ۋە پىرسىيىنىڭ بېسىپ كىرىشى

## 1 - بۆلۈم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىكى ساك قەبىلىلىرى

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىمىرىلىشكە باشلىدى، ئانىلىق ئۇرۇق - داشلىق تۈزۈمى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە ئۆزگەردى، سىنىپ شەكىللىنىشكە باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەڭ ئاۋۋال يازما مەنبەلەردە چېلىقىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما ماتېرىياللار ئۈچ تەرەپتىن، يەنى ئىران، گرېتسىيە ۋە جۇڭگو- دىن كەلگەن. مەسىلەن:

ناخشى رۇستەمدىكى مىخ يېزىقلىق تاش ئابىدە①
ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان: بىرىنچى، ساكا
خائۇما ۋارگالار (Saka Hauma Varga، ئۆزى چوقۇنىدىغان ئۆ-
سۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار
پەرغانە ئويمانلىقى ۋە پامىر، ئالاي تېغى قاتارلىق جايلارغا تارال-
غان؛ ئىككىنچى، ساكا تىگراخائۇدالار (Saka Tigrahauda، ئۇچ-
لۇق قالپاقلىق ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار قىرغىزىستان ۋە جە-
نۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى، يەنى پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ
شىمالى، جۇملىدىن تاشكەنت، تىيانشان بويلىرىدىن بالقاش
كۆلىنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس
دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارالغان. ئۈچىنچى،
ساكا تىئائىيتارادىرايالار (Saka Tyaiatyradraya، دېڭىزنىڭ ياكى
دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار ئامۇ دەريا-
سىنىڭ شىمالى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، سوغدى-
يانا قاتارلىق جايلارغا تارالغان. «بىخىستۇن ئابىدىسى»②

---

①ناخشى رۇستەم — قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى دارىئۇس قاتار-
لىقلار دەپنە قىلىنغان جاي، دارىئۇس I (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 —
486 - يىللار) نىڭ پايتەختى پېرسىيەدىكى پېلىس ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىر-
قى شىرازنىڭ شەرقىي شىمالىغا يېقىن، بۇ يەردە پېرسىيە شاھلىرى سالدۇر-
غان ئوردا - قەسىرلەر بار. دارىئۇسنىڭ قەبرىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ،
ئۈستىگە مىخ يېزىقتا بېغىشلىما ئويۇلغان، شۇڭا، ئۇ «ناخشى رۇستەم ئابىدى-
سى» دەپ ئاتىلىدۇ.

② بىخىستۇن ياكى بىستۇن — ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى كىرمانشاھ-
نىڭ شەرقىدىكى بىر شەھەر خارابىسىنىڭ نامى، بىخىستۇن ئابىدىسىنى دارى-
ئۇس ياساتقان بولۇپ، باغدادتىن تېھرانغا بارىدىغان چوڭ يول ياقىسىدىكى
چوڭ قىيا تاشقا ئۈچ خىل يېزىقتا بېغىشلىما ئويدۇرغان. ئۇنىڭدا دارىئۇس
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، قىيا
تاشنىڭ ئۈستىگە دارىئۇسنىڭ تۆھپىسى تەبرىكلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى رە-
سىم ئويۇلغان.

دىمۇ، ساكلار تىلغا ئېلىنىپ، «ساكلارنىڭ دۆلىتى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئۇ يەردىكىلەر ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ» دېيىلگەن.

قىسقىسى، قەدىمكى پارسلار ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمال- دىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆچمەن چارۋى- چىلىق قىلغان قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ساكلار دەپ ئاتىغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان قوۋملارغا كەلسەك، دائىم دېگۈدەك ئۇلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ نامى بىلەن، مەسىلەن، مەرغىيانا (مۇئۇرۇ) لىقلار، باكتىرىيىلىكلەر، خارەزىملىكلەر، سوغدىيانالىقلار دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. ھىندىستانلىقلارمۇ پارسلارغا ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوۋملارنى ساكلار دەپ ئاتىغان.

يۇناننىڭ كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەق- قىدىكى بىلىمى ئاساسەن ھېرودودنىڭ «تارىخ» كىتابىدا كۆرۈ- لىدۇ. بۇ بىلىملەر ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرى، پېرسىيىدىن كەلگەن. بۇ بىلىملەر (رىۋايەت ۋە ھېسسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە ئاساسەن، ھېرودود ياۋرو-ئاسىيا يايلى- قىدىكى قارباچان تېغىنىڭ شەرقىدىن دون دەرياسىغىچە ۋە تېخىمۇ شەرققىچە بولغان جايلارغا تارالغان كۆچمەن چارۋىچى- لارنى ئومۇملاشتۇرۇپ سكىفلار دەپ ئاتىغان. لېكىن دون دەر- ياسىنىڭ شەرقىدىكى سكىفلار سائۇروماتىلار، يەنى سارماسىئانلار دەپمۇ ئاتالغان①. ھېرودود: «پارسلار بارلىق سكىفلارنى ساكلار دەپ ئاتايتتى»②

---

①ھېرودود: «سائۇروماتلارنىڭ تىلى — سكىفلار تىلى» دېگەن. بۇ ئۇلارنىڭ سكىفلار بىلەن بىر قوۋم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (ھې- رودود: «تارىخ»، شاڭخەي نەشرىياتى، 1959-يىل 6-ئاي خەنزۇچە تۇنجى نەشرى، 476-بەت).

②ھېرودود: «تارىخ»، 660-بەت.

دەيدۇ. بۇنىڭدىن ساكلار بىلەن سكىفلارنىڭ نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھېرودودنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ماسساگېتلارنىڭ نامى پېرسىيىنىڭ تارىخقا ئائىت يازما يادىكارلىقلىرىدا چېلىنىمايدۇ. ھېرودود: «ماسساگېتلار ئېيتىلىشىچە، جەسۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر، قۇدرەتلىك مىللەت ئىكەن، ئۇلار مەشرىق(كۈن چىقىدىغان تەرەپ) تە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ جاي ئاراكسىس دەرياسى (سىر دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئىسسېدونېيلىقلارنىڭ قارشىسىدا ئىكەن. بەزىلەر ئۇلارنى سكىفلارنىڭ بىر تارمىقى دەيدۇ» ① دەپ كۆرسەتكەن. سىنوفىن «ماسساگېت — ساكلار» دەپ ئاتىدى. ماسسا — بۈيۈك (چوڭ) دېگەن مەنىدە، ماسساگېت — بۈيۈك ساكلارنىڭ چېدىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئىزاھلايدىغان بىرخىل قاراشمۇ بار. ماسساگېتلار تارالغان زېمىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن سىر دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساكا-تىئا ئىستارادىرايا» لاردۇر دېگەن قاراشنى دەلىللەۋاتىدۇ. بۇنىڭ داۋلىسى بار. مەيلى يازما يادىكارلىق جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال جەھەتتىن بولسۇن، ماسساگېتلار بىلەن ساكلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ھېرودودنىڭ كىتابىدىمۇ يەر نامى بىلەن ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا قوۋملىرى، مەسىلەن، باكترىيىلىكلەر، خارەزىملىكلەر، سوغدىيانلار، پارفىيىلىكلەر قاتارلىقلار بار. بۇ قوۋملار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى كۆپ قېتىملىق تارىخى ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلغان.

قەدىمكى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساك» لار ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا

① ھېردود: «تارىخ»، 267-بەت.

«سەي» (塞) دەپ تەرجىمە قىلىنغان، چۈنكى، «سەي» خېتىنىڭ
قەدىمكى ئاھاڭى «سەك» (Sək) ئىدى. «خەن سۇلالىسى تارىخى»دا
تىلغا ئېلىنغان «ساك خانى» (سەيۋاڭ)① — ساكلارنىڭ باشلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، «ساك خانى جەنۇبتا — كاپىچا (كەش-
مىر) دا ھۆكۈمران بولدى» دېيىلگەن. «سەيجۇڭ» (塞种) —
ساك قەۋملىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، «ئۇسۇنلار (ئاسىيلار)
ئارىسىدا ساك قەۋمى، توخرىلار ئۇرۇقىدىكىلەر بار ئىدى»②
دېيىلگەن. «سەيدى» (塞地) — ساكلارنىڭ زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ،
مەسىلەن، «ئۇسۇن بەگلىكىنىڭ زېمىنى... ئەسلىدە ساكلارنىڭ
زېمىنى ئىدى» دېيىلگەن③. بەزى غەرب ئالىملىرى خەنزۇچە
يېزىقنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «سەيۋاڭ» نى بىر سۆز (مىللەت
نامى) دەپ قارىغان، ئەمەلىيەتتە مۇھىم نۇقتىنى چۈشەنمىگەن④.
قارىغاندا، خەن ۋۇدىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ
كەلگەن جاڭ چيەن پەقەت ساكلار دېگەن بۇ ئىران تىلىدىكى
نامنىلا بىلگەن، گرېكلارنىڭ ساكلارنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقىنى
بىلمىگەن. جاڭ چيەننىڭ بىلىمى دەسلەپتە ھونلاردىن، كېيىن
بىۋاسىتە ساكلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇمۇ ساكلارنىڭ
تىل، مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

①«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «خەننامە»، جۇڭخۇا كىتاب
ئىدارىسى 1962-يىل خەنزۇچە نەشرى (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 3884-بەت.
② ئىزاھات ① بىلەن ئوخشاش، 3901-بەت.
③ ئىزاھات② بىلەن ئوخشاش.
④ ستېن كونوۋ: «قاروشتى يېزىقى ئابىدىسى»
(Sten Konow· Corpus inscriptionum indicarum· VOlII Part·
Kharoshthi nscriptions)
1929-يىل. كالكۇتتا ئىنگلىزچە نەشرى، ×× بەت. راخۇلا:
«ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (S·Rahula· Histry Of centralAsia)
1946-يىل. كالكۇتتا ئىنگلىزچە نەشرى، 11-، 23-بەتلەر.

ساكلارنىڭ تىلىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپلۇقىنى
ھازىر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. لېكىن بۇ جەھەتتە تەتقىق قىلىنغۇ-
دەك ماتېرىيال بەك ئاز. كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى-
دە ساك تىلىدىكى بەزى سۆزلۈكلەر ساقلىنىپ قالغان. يېزىق
بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئەھۋالىنى
بىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، لېكىن بۇ ۋاقىت مىلادىيدىن كې-
يىنكى ساك ئەۋلادلىرى دەۋرى ئىدى. راخۇلا (Rahula·s)
ساكلارنىڭ تاۋىتى (ئوت، Taviti)، زارىنا (بۇغا، zarina)،
سۋالىيۇ (قۇياش، svaliyu)، تارىتۋارۇ (قەبىلە باشلىقى،
Taritvaru*)، ماخاكاناگ (ئۇلۇغ خان، Mahakanag)، كاناگ
(خان، Kanag) قاتارلىق بەزى سۆزلىرىنى مىسال قىلىپ
كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ساكلار پادىشاھ ياكى باشلىقىنى فاكپۇر
(Fakpur) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئوتتۇرا ئەسىردە
پارسلارنىڭ جۇڭگو پادىشاھىنى پەغپۇر (Faghfur) دەپ
ئاتىشى ئەنە شۇ سۆزدىن ئۆزگەرگەن①. بۇ مىسالمۇ ساك تى-
لىنىڭ ئىران تىلىغا مەنسۇپلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى بوستانلىقلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ
تىلى ساك تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان. ستىرابو
خارەزىملىكلەرنىڭ ماسساگېتلار ۋە ساكلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەن-
لىكىنى كۆرسەتكەن ھەمدە سوغدىيانلار بىلەن باكتىرىيىلىكلەر
تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچىلاردىن
ناھايىتى ئاز پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە مىدىيىلىكلەر،

---

① راخۇلا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 10 - بەت. ئىلاۋە، X ئەسىر-
دە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارىسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 8 -
پاراگرافىدا، جۇڭگونىڭ «پادىشاھى پەغپۇرى چىن (Faghfur - i - chin)
دېيىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، فەرودۇنىڭ ئەۋلادى ئىكەن» دېيىلگەن (مىنورسكىنىڭ
ئىنگلىزچە يېزىلغان كىتابىنىڭ 84 - بېتىگە قاراڭ).

پارسلار، باكترىيىلىكلەر، سوغدىيانلار قاتارلىقلارنىڭ تىلىنىڭ ئوخشاشلىقىنى، لېكىن بىر - بىرىدىن ئازراق پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. سى ماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دىمۇ: «پەرغانىنىڭ غەربىدىن پارفىيىگىچە بولغان جايلاردىكى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ تىلى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن ئوخشىشىدۇ، بىر - بىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇقۇشىدۇ»① دېيىلگەن. جۇڭگو بىلەن غەرب تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى كۆز قاراشنىڭ بىردەكلىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئىران تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دىئالېكتىكلىرىدا سۆزلەشكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىيا دەرياسى بىلەن كاتون دەرياسى بويلىرىدا ھەمدە يېنىسەي دەرياسى بويلىرىدا، قاراسۇق مەدەنىيىتىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا مانئىم مەدەنىيىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII — V ئەسىرگە مەنسۇپ، ئالتاينىڭ غەربىي قىسمىدىكى مانئىم يايلىقىغا تارالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان) ۋە تاگار مەدەنىيىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى VIII — II ئەسىرگە مەنسۇپ، مىنوسىنسكى ئەتراپىدىكى تاگار ئارىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان) ۋارىسلىق قىلغان. سوۋېت ئارخېئولوگىيە ساھەسى بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى «تۇرا قەبىلىلىرىدىن قېپقالغان مەدەنىيەت ئىزلىرى»② دەپ قارىدى. لېكىن تۇرالارنى «ساپ ياۋروپا ئىرقىدىكى روبا

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر پەرغانە تەزكىرىسى»، «تارىخىي خاتىرىلەر». جۇڭخۇا كىتابخانىسى (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، خەنزۇچە نەشرى، 317 - بەت.

② ئا. ل مېڭگاتىۋ: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 138 - بەت.

ئۇرۇقىدىن»① دەۋالغانلىقى پەنگە خىلاپ. دۇنيادا ھەرقانداق
ساپ ئىرقنىڭ بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس. تۇرالار ۋە ئۇلارـ
نىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدە
جۇڭگونىڭ شىمالىدىن كەلگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ
ئۆزئارا قوشۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينى
چاغدا قازاقىستانغا تارالغان قەبىلىلەر ساكلار قوۋمىنىڭ شىـ
مالىي قىسمىدىكى گۇرۇھى ئىدى، ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىـ
شەتتى، دەيدىغان قاراشمۇ بار②. ئالتاي رايونى ـ تۈرك مىلـ
لىتىنىڭ ئانا ماكانى. ئوب دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ۋە
يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار ئالدىنقى چىن
خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايـ
لارغا قارىغاندا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ بەك
ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. بۇنداق تەسىرنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىي
تىلدىكى مىللەتلەر ئارقىلىق تارالغان.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر ۋە
كلاسسىك ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەردىن ساكلارنىڭ قىياپىتى ۋە
ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز. بىخىستۇن ئابىدىسىـ
نىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا چىقىرىلغان قاپارتما نەقىشتىكى ئەسىرـ
گە چۈشكەن ساك، پىسپىرىس قاپارتما نەقىشلىرىدە تەسۋىرلەنـ
گەن ئاخېمېندلار خانلىقىغا ئولپان تاپشۇرۇۋاتقان ساك، تۆگە
يېتىلەۋاتقان باكتېرىيىلىكلەر ۋە جەنۇبىي روسىيىدىكى كۇرئوبا
(كېچ) لار، ۋورونېژدىن تېپىلغان ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ بىـ
رىكمىسىدىن ياسالغان شېشىنىڭ رەسىمىدىكى سىكىن قاتارلىقلار
قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالغان ئۇچلۇق قالپاق، كەڭ، يوغان كىيىم

① ئا. ل مېنگاتىۇ: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 150 ـ بەت.
② «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1957 ـ يىل
رۇسچە نەشرى، 1 ـ توم، 40 ـ بەت.

گېيگەن. بۇ خۇددى ھېرودودنىڭ: «سكىفلارغا تەۋە ساكلار بىر
خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق،
چوققىسى ئۇچلۇق، ئۇلار ئىشتان كىيىدۇ. ئۆز دۆلىتىدە ياسال-
غان ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ
ئاتايدىغان جەڭ پالتىسىنى ئېسىۋالىدۇ.»①، «ماسساگىتلار سكىف-
لارغا ئوخشاش كىيىم كىيىدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ ئوخشايدۇ؛
ئۇلاردا ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەر (بىر - بىرىدىن ئاي-
رىلمايدۇ) بولۇپلا قالماي، ئوقيالىق ۋە نەيزىلىك ئەسكەرلەرمۇ
بار. جەڭ پالتىسى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ئادەتلەنگەن»② دەپ
تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشايدۇ. يازما يادىكارلىقلار بىلەن ئارخېئو-
لوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملار بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ماس بو-
لۇپ، ئۆزئارا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ساك ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشىگە
كەلسەك، ئۇنى خارەزىم ۋە ئەفراسىياپ (سەمەرقەند) تىن
تېپىلغان ئىلاھ ئانا‌خىتىنىڭ كىيىنىشىدىن بىلىشكە بولىدۇ③.
بۇنداق ئىلاھلار لايدا ياسالغان ھەيكەل بولۇپ، ئۇزۇن چاپان
كىيىپ پەرەنجە يېپىنغان. تال، بارزۇ قەدىمىي شەھىرى ۋە
ئەفراسىياپ قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان ئەرنىڭ كىچىك ھەي-
كىلى (مىترا ئىلاھى بولۇشى مۇمكىن) گە ئۇزۇن چاپان، ئۆتۈك،
ئۇچلۇق قالپاق كىيگۈزۈلگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ساكلار (سكىفلار) بىلەن جەنۇبىي
قىسمىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ساكلار ئارىسىدا ئىرق، تىل،
كىيىم - كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئورتاقلىق
بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە زور پەرق

① ھېرودود: «تارىخ» 660 - بەت.
② ئىزاھات ① بىلەن ئوخشاش، 273 - بەت.
③ مېنگاتىۋ: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 257 - بەت.

ساقلانغان، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ دائىم دېگۈدەك دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرغان. ئاتچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ ئايرىلىشى تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە مۇقىملاشتى، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ سودا ۋە تالان ـ تاراج قىلىش ئۇرۇشى بۇ ئىككى خىل ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىككى مۇھىم شەرت، شۇنداقلا ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۈرتكە بولۇپ قالدى. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «بارلىق شەرق قەبىلىلىرىدە، تارىختىن بۇيان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم قەبىلىلەر بىلەن داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەر ئارىسىدا ئورتاق مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.»①

مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن كېيىن، يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىغا ئىگە قىلدى، ئۇلار تەدرىجىي تۈردە ئۇرۇق ـ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سودىمۇ راۋاجلاندى. بۇنداق سودا دەسلەپتە ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى، مال ـ چارۋىلار خۇسۇسىيلارنىڭ مۈلكى بولغاندىن كېيىن، شەخسلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشمۇ ئاساسلىق شەكىلگە ئايلاندى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «مال ـ چارۋىلارنىڭ قانداقسىگە، قايسى ۋاقىتتا قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي ئىگىدارچىلىقىدىن ھەرقايسى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ

① «ماركس ـ ئېنگېلس خەت ـ چەكلىرى توپلىمى» 1953 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 73 ـ بەت.

مۈلكىگە ئايلانغانلىقىنى ئېخى بىلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ، ئاساسەن بۇ بىر ئۆتكۈنچى دەۋر چوقۇم شۇ بىر باسقۇچتا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مال - چارۋا ۋە باشقا يېڭى مال - مۈلكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئائىلىلەردە ئىنقىلاب پەيدا قىلدى. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېپىش هامان ئەرنىڭ ئىشى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېپىش قوراللىرى ئەرلەر ياسىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ مۈلكى بولغان. مال - چارۋا — تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېپىشتىكى يېڭى قورال، دەسلەپتە ئۇلارنى كۆندۈرۈش ۋە كېيىن ئۇلارنى بېقىپ باشقۇرۇش ئەرلەرنىڭ ئىشى.» «ئىلگىرى ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈرگەن ئوخشاش بىر سەۋەب — ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللانغانلىقى — ھازىر ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈردى.» «ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەرلەر مۇستەبىتلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇسى يىمىرىلدى. بۇنداق مۇستەبىتلىك ئانا ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى، ئاتا ھوقۇقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، نىكاھ تۈزۈمىنىڭ بىر ئەر - بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگىرىشى بىلەن مۇقىملاشتى ھەمدە ئەبەدىيلەشتى.»① يۇقىرىقى بۇ بىر ئابزاس تەھلىل ئارقىلىق بەزى ئاپتورلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، سارۋاماتا قەبىلىسىنىڭ نامى بۇ قەبىلە ئىچىدە ئاياللار مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى بىلەن شۇنداق ئاتالغانىكەن (ماتا — ئايال، سارۋې، سارۋا — بارلىقنىڭ بارلىقى مەنىسىدە، بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇشى بىلەن سارۋا ماتا ياكى سارماتا دېگەن نام بارلىققا

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى. 4 - توم، 157 — 158 - بەتلەر.

كەلگەن). بۇ قەبىلىدە ئاياللار ئۆلۈپ كەتكەن باشلىقىنىڭ
ئورنىنى ئىگىلەپلا قالماي، قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەڭگە
قاتناشقان①. ھېرودود ماسساگىتلار ئۈستىدە توختالغاندا، «ئۇلار-
نىڭ ھۆكۈمرانى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تەخت ۋارىسى
بولغان ئايال خان ئىكەنلىكىنى ئېيتقان②. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى
رىۋايەتلىرىدىمۇ جۇمۇۋاڭ غەرب سەپىرىدە غەربىي يۇرت ھۆ-
كۈمرانى ئۇماي ئانا (شىمۇ ۋاڭ) بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئېيتىلغان،
«تارىشا پۈتۈك يىلنامىسى»، «موتيەنزى تەزكىرىسى»، «تارىخىي
خاتىرىلەر» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇل-
غان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ.

كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدە سىنىپنىڭ پەيدا بولۇش تا-
رىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ، ئاساسەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرى-
ياللارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلار
كۆچۈپ تۇرغانلىقى، ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلاشقان كەنتى بول-
مىغانلىقى، پەقەت قىسقا مۇددەت تۇرغان ماكانى بولغانلىقى
ئۈچۈن، مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ
قەبرىلىرى (قورغان دەپ ئاتىلىدۇ) نىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ. بەزى
قەبرىلەرنىڭ كۆلىمى چوڭ، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ھەمدەپنە
بۇيۇملىرى ئىنتايىن مول، بەزىلىرى كىچىك، ھەمدەپنە بۇ-
يۇملىرى ئاز. قەبرىلەردە ئادەتتە ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىدىن
باشقا، تۇرلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قورال، ئات سۆڭىكى ۋە
ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ. گورنو ئالتا-
يىسكى رايونىدىنلا 100 نەچچە كۆچمەن چارۋىچىنىڭ قەبرىسى

① راخولا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 8 - بەت.
② ھېرودود: «تارىخ» 268 - بەت.

تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇن قىبى-
رە مانىشىم دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII - V ئەسىر) گە
مەنسۇپ. ئەينى چاغدىكى كىشىلەر تېخى تۆمۈر قۇراللارنى
ئىشلىتىشنى بىلمىگەن، قەبرىلەردىن تېپىلغان پىچاق، پالتا،
بەكە، ئوقيا، باشاق، ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى برونزىدىن ياسالغان بۇيۇملاردۇر. مانىشىمدىكى قەبرىلەر-
دىن تېپىلغان بۇيۇملار قاراسۇقتىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان
بۇيۇملارغا بەكمۇ ئوخشىشىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ قەبرىسى باي-
لارنىڭكىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دەريا بويلىرىدىكى
بوستانلىقلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن سىنىپىي جەمئىيەت-
نىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان
خېلى كۆپ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تېپىلدى. مەسىلەن،
ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزىم،
ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنىدىكى باكترىيە،
زەرەپشان دەرياسى ۋە قاشقا دەرياسى ۋادىسىدىكى سوغدىيانا
(بۈگۈنكى بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)،
مورغاب دەرياسى ۋادىسىدىكى مەرغىيانا (موئۇرۇ) قورغان دەريا-
سى ۋە ئاترېك دەرياسى ۋادىسىدىكى پارفىيە (خۇراسان)، ھىل-
رود دەرياسى (قەدىمكى ئارىيە دەرياسى، ئۇنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى
كېچىن دەرياسى دەپ ئاتالغان) ۋادىسىدىكى ئارىيە (بۈگۈنكى
ھىرات) قاتارلىق جايلاردا شۇ مەزگىلدە سىنىپىي جەمئىيەت
بارلىققا كەلگەن. خارەزىم رايونىنى ئالساق، مىلادىيىدىن ئىلگى-
رىكى 1000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شۇ يەرنىڭ سۇ-
يارگان مەدەنىيىتى دەسلەپكى تۆمۈر قۇرال مەدەنىيىتىگە —
ئامىراباد مەدەنىيىتىگە تەرەققىي قىلغان. خارەزىمدىكى كۆزەل-
قىر قەدىمىي شەھىرى، موئۇرۇ، سەمەرقەند قاتارلىق جايلار-
نىڭ ھەممىسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII - V ئەسىرگە

تەئەللۇق تۆمۈر ئورغاق قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. تۆمۈر قوراللار دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلىتىلگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۆستى. «تۆمۈر تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلىشنى، كەڭ ئورمانزارلىقتا بوز يەر ئېچىشنى ئېھتىماللىققا ئايلاندۇردى؛ ئۇ قول سانائەتچىلەرنى قاتتىقلىق ۋە ئۆتكۈرلۈكتە تاش ۋە ئەينى چاغدا بىلگەن باشقا مېتاللار ئورنىنى ئىگىلىيەلمەيدىغان قورال بىلەن تەمىن ئەتتى.»① شۇنداق قىلىپ تۆمۈر ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ئىش تەقسىماتىغا ئېلىپ كەلدى. دېھقانچىلىقتىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش- دەريانىڭ تاشقىن سۇلىرىنى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە باشلايدىغان سۇ قۇرۇلۇشى قىلىنغانلىقى بولدى. ھېرودوت خارەزىمدىكى زور كۆلەملىك سۇ قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ قۇرۇلۇش پېرسىيە خانى ئۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتكەن③.

سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ خىلى كەڭ رايون خاراكتېرلىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئايرىم ئائىلىلەر ياكى ئايرىم ئۇرۇقلار چىقالمايدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە خارەزىمنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرى جەھەتتە ئامراباد مەدەنىيىتى تارالغان دائىرىدىكى ئىلغار رايوندىنمۇ گەۋدىلىك بولغان. تەتقىقاتچىلار دۆلەت ھاكىمىيىتى بولمىسا، بۇ سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنى قېزىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قۇللار قازغان دەپ قارايدۇ.

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 159 - توم.

③ ئابكېيمۇ: «شەرقنىڭ قەدىمكى تارىخى». 586 - بەت.

كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بوستانلىق رايونلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇشىمۇ دېھقانچىلىق رايونىدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مەيلى خارەزىمدە بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن، مۇداپىئە كۆرۈش رولىنى ئوينايدىغان قەلئە، يەنى سېپىللىك قەدىمكى كەنت ياكى شەھەر - بازارلار تېپىلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۇزەل قىر قەدىمىي شەھىرى ئەمەلىيەتتە قورشاۋ تېمى سېلىنغان كەنتتۇر. ئۇ مال - چارۋا ۋە كەنت ئاھالىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە سېلىنغان. باكتىرىيە ۋە سوغدىيانادىمۇ بۇنداق كەنت - بازارلار بار.

بۇ دەۋردىكى سۇغىرىش دېھقانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت — قۇللۇق جەمئىيەت بارلىققا كەلدى. بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى شەكىللەندى.

ساكلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس. مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ يېزىقى بولمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدىلا ساكلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىغا دائىر ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغان ساكلار قەبرىلىرىمۇ ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ روھقا ئىشەنگەنلىكى ۋە ئەجدادلىرىغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. كىشىلەر تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىنى چۈشىنىشكە قادىر بولمىغاچقا، ئۇلاردا تەبىئەتتە ئىلاھ بار دېگەن قاراش تۇغۇلغان. لېكىن ئاساسلىقى يەنىلا ئاسمانغا، زېمىنغا، كۈنگە، ئايغا، سۇغا ۋە ئوتقا چوقۇنغان. ھېرودوت:

«(ماسساگېتلار) ھەرقايسى ئىلاھلاردىن پەقەت قۇياشقىلا چوقۇنـ
ھان، ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئات ئۆلتۈرۈپ قۇربـانـلىق قىلغان،
چۈنكى ئۇلار ئادەمزات دۇنيـاسىدىكى ئەڭ يۈگۈرۈك ھايۋان ــ
ئاتنى ئىلاھلار دۇنياسىدىكى ئەڭ يـۈگۈرۈك ئىلاھ ــ قـۇيـاشقا
جور بولالايدۇ دەپ قـارىغاچقا، ئاتـنى قـۇربـانلىق قىلـغان»
① دەيدۇ. پارسلارمۇ «قـۇيـاشـقا ۋە ئاي، زېمىن، ئوت، سـۇ،
شامالغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان. بۇ، ئۇلار قەدىمدىن بۇيان
روھقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپكەلگەن ئىلاھلارنىڭ پەقەت بىر قىسـ
مى»② دېگەن. ئۇ يەنە «(سكىفلار) تۆرلۈك چارۋىلارنى، ئاساسلىقى
ئاتنى قۇربانلىق قىلاتتى»③، چوشقا «تىپىدىكى ھايۋانلارنى
ھەرگىز قۇربانلىق قىلمايتتى، سكىفلار دۆلىتىدىكىلەر چـوشقا
بېقىشقا زادىلا ئادەتلەنمىگەنىدى»④ دېگەن. ئوتتۇرا ئاسيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساكلارنىڭ قۇياش بىلەن ئوتقا چوقۇنـ
غانلىقى، خـارەزىم دېـگەن يەر نامىنىڭ «قۇياشنىڭ زېمىنى»
(خارە» ــ قۇياش، «زىم» ــ زېمىن دېگەن مـەنىدە) دېـگەن
مەنىگە، «سوغدىيانا» ــ ئوت زېمىن (Fire — land) دېگەن
مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

شۇ چاغـدا زورو ئاسـتېر⑤ ئىسىملىك بىرەيلەن بىرخىل
يېڭى دىننى تەرغىپ قىلغان. بۇ كىشىنىڭ ئانا يۇرتى ۋە دەۋرى
توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ھەر خىل قاراشلار بـار. بـەزىلەر
ئۇنى مىدىيەلىك دەيدۇ، بـەزىلەر ئۇنى مىلادىدىن 1000 يىل

---

① ھېرودود: «تارىخ» 274 - بەت.
② ئىزاھات ① بىلەن ئوخشاش، 234 - بەت.
③④ ئىزاھات① بىلەن ئوخشاش، 455 - بەت.
⑤ ئىرانلىقلار زاراتخۇسترا دەپ ئـاتايدۇ، زورو ئاستېر گىرېكلارنىڭ بۇ نامنى باشقىچە يېزىشى.

بۇرۇن ياشىغان دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ياكى سەكياموني بىلەن زاماندىش دەپ قارايدۇ. مەن ئۇ باكترىيىلىك مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە ياشىغان① دېگەن قاراشقا مايىل.

زوروئاستېر ئۆزىنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىپداما جەمەتىگە مەنسۇپ دەپ ئاتىغان②، بۇ جەمەت سوغدىيانادىن باكترىيىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئاۋېستا»دا، ئۇنىڭ يۇرتى ۋە ئۇ پائالىيەت باشلىغان رايوننى تەسۋىرلەپ: «ئۇ يەرنىڭ جەسۇر رەھبىرى بار، ئۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدۇ، زېمىننى ئىدارە قىلىدۇ، ئۇ يەردە ئېگىز تاغلار بار، يايلاق ۋە سۇلىرى كۆپ، چارۋىچىلىققا ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسە چىقىدۇ. ئۇ يەردە كەڭ، چوڭقۇر كۆللەر، كېمىلەر قاتناي-دىغان چوڭ دەريالار، دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىپ، ئىسكاتا (سكىفلار زېمىنى)، بوئورو (كابۇل دەرياسى ۋادىسى)، مەغىيانا (مۇئۇرو)، خارۋا (ئارىيە)، گاۋا (سوغدىلارنىڭ بىر رايونى)، سوغدىلار زېمىنى، خارەزىم قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۆتىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كېمىلەر قاتنايدىغان چوڭ دەريالار» — ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

①بەزىلەر ئۇنىڭ ياشىغان كونكرېت يىل دەۋرىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 660—583 - يىللار دەيدۇ. بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش ناھايىتى قىيىن. خۇئارت: «قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئىران مەدەنىيىتى»
(Clement Huart, Anc'ent Persia and Iranıan Civlization)
3 - توم، 3 - باب.
(②«سىپ» — ئات، روشەن مەنىسىدە، «داما» — سوپەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە توغرا كېلىدۇ. «سىپداما» — ئەڭ قىممەتلىك دېگەن مەنىگە ئىگە. ئالبېرت پېكى؛
،(Albert Pike-lrano — Aryan, Fath agd Doctrineas
،بەت - 174 Containedin Zend — Avesta)

زورو ئاستېر باكتېرىيەدە دىن تارقاتقاندا، شۇ يەرنىڭ خانى ۋىستاسپانىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. كېيىن ئۇ خانىمۇ ئۇنىڭ مۇرتىغا ئايلانغان. پېرسىيىدىكى ئارخېمېندلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى دارىئۇسنىڭ ئاتىسىمۇ ۋىستاسپا دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ زورو ئاستېرنىڭ ياشىغان يىل دەۋرىنى پەرەز قىلىشماقتا. لېكىن ھازىرچە بۇ ۋىستاسپا بىلەن دارىئۇسنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

زورو ئاستېر تەرغىپ قىلغان دىنىي تەلىمات ئالەم ۋە ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئاخۇرامازدا (ياخشىلىق ئىلاھى) بىلەن ئاخرامان (يامانلىق ئىلاھى) دىن ئىبارەت ئاكا - ئۇكا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، بۇ ئىككى ئىلاھ مەڭگۈ كۈرەش قىلىشىپ تۇرىدۇ. ئاخىرى ئاخۇرامازدا غەلىبە قىلىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئوت — ئاخۇرامازدانىڭ ئوغلى، شۇڭا ئوتقىمۇ چوقۇنۇش كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. ئوت — نۇرغا ۋەكىللىك قىلىپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ قارشىسىدا تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ دىنى دېۋاس (Daevas) قا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئالۋاستى، جاپا - مۇشەققەتنىڭ مەنبەسى، شۇڭا، ئۇنى يوقىتىش لازىم دەيدۇ. شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار دېۋاسقا چوقۇنىدۇ. قېرىنداشلىرى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىسا، ئۇ خەلقنى قوزغىلىپ دېۋاسنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى (Drnkhs) بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. قارىغاندا، زورو ئاستېر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان شەرقىي ئىران تىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مەخپىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغاندەك، مەقسىتى — بوستانلىقتىكى ئاھالىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتەك قىلىدۇ.

ئەينى چاغدا يېزىق بولمىغاچقا، زورو ئاستېرنىڭ خەت يازالمايدىغانلىقى تەبىئىي. ئۇ دىن تارقاتقاندا ئېيتىلدىغان بىرمۇنچە شېئىر - قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ھەممىسى ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغان. ئۇنىڭ قاپىيىداش شېئىر - قوشاقلىرى مىلادى 350 - يىلى، يەنى ساسان خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندىلا ئاندىن توپلىنىپ «ئاۋېستا» دېگەن كىتاب بارلىققا كەلگەن. زورو ئاستېر دىن تارقاتقاندا ئېيتقان شېئىر - قوشاقلار گاتخاس دەپ ئاتالغان باكتېرىيە تىلى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىتاب قىلىپ توپلەنگەندە بۇنداق قەدىمكى باكتېرىيە تىلى ئاللىقاچان ئۆلگەن تىل قاتارىغا ئۆتكەنىدى. «ئاۋېستا» دا، گاتخاس تىلىدا يېزىلغان شېئىر - قوشاقلار (بۇ ئەڭ قەدىمكى قىسمى) دىن باشقا، يەنە كېيىنكىلەر ياسناس (Yasnas) تىلى، ۋېندىداد (Vendidad) تىلى، ياسخت (Yasht) تىلى، ۋىسپېرېد (Vispered) تىلى قاتارلىق تىللاردا يازغان شېئىر - قوشاقلارمۇ بار. «ئاۋېستا» نىڭ «ۋېندىداد» تىلىدا يېزىلغان دىنىي قائىدە - يوسۇنلار ھەققىدىكى قىسمى ئەڭ كېيىن يېزىلغان. زورو ئاستېر «گاتخاس» تىلىدا يازغان شېئىر - قوشاقلىرىدا تولۇپ تاشقان مىللىي ھېسسىيات بىلەن خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ، شىمالدىن كەلگەن ئىستېلاچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ، شۇڭا، ئۇنى پەيغەمبەر (ئالدىن بىلگۈچى) ۋە دىن ئىگىسى دېگەندىن كۆرە، جەڭچى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى دېگەن تۈزۈك.

زوروئاستېرنىڭ تەلىماتى — مازدېزىم تەلىماتىنىڭ ئاساسى. «ئاۋېستا» — مازدېزىمنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدا تارىخ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىراننىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈ-

رۆلگەن، شۇڭا، ئۇنىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىمۇ
بار. مەسىلەن، بىرىنچى بابتا ئاخۇرامازدانىڭ ئارىيانا ۋائېجو
(Airyana Vaejo)، گائۇ (سوغدىيانىدا)، موئۇرۇ (Monru)،
باكترىيە (Bakhdi) قاتارلىق زېمىنلارنى يۇقىرىقى رەت تەرتىپى
بويىچە ياراتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ئاردىئانلارنىڭ ئانا
يۇرتى ۋە كۆچكەن ماكانىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئاۋېستا» دا ئەينى
چاغدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى تىلغا ئېلىنىپ، يەر بىر قىسىم
ئائىلىلەردىن تەشكىللەنگەن ئۇرۇق جامائەسىنىڭ ئورتاق ئىگە
دارچىلىقىدا ئىكەنلىكى؛ بىرنەچچە ئۇرۇق قوشۇلۇپ قەبىلە
بولغانلىقى، ئەڭ چوڭ بىرلەشمە گەۋدە — رايون ئىكەنلىكى
ئېيتىلغان. بەلگىلىك دائىرىدىكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى
خان بولغان. جەمئىيەت ئاتخراۋان (روھانىي)، جەڭچى ۋە دېھ
قاندىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنگەن. «ئاۋېستا» نىڭ
كېيىنرەك يېزىلغان بىر قىسمىدا ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ بىر تەبىقە
قاتارىغا قوشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ ئىنشائاتلىرى ھەققىدىمۇ
توختالغان ھەمدە «كۆپ مال ـ چارۋىلار» غا ئىگە كىشىلەرنىڭ
بارلىقى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان
«ئەڭ ياخشى كىشىلەر» نىڭ قۇرۇلتىيى قارىغاندا قەبىلە
باشلىقلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدەك قىلىدۇ. بۇلار ئارخېئولوگىيىلىك
قېزىشتا تېپىلغان ماددىي مەدەنىيەت ماتېرىياللىرىنى ئۆزئارا
تولۇقلاپلا قالماي، بەلكى بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا
ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىلىمى
مىزنى يەنىمۇ بېيىتىدۇ.

## 2 - بۆلۈم ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى

ئالدىنقى بابتا تىلغا ئېلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىدىن ئىرانغا كۆچۈپ بارغان ئارىيانلار مىدىيىلىكلەر (ئىراننىڭ غەربىي شىمالىغا تارالغان) ۋە پارسلار (ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تارشىدا رايونىغا تارالغان) دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن بۇرۇن، ئۇلار قۇدرەتلىك ئاسسۇرىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 612 - يىلى، مىدىيىلىكلەر بىلەن كالدلار بىرلىشىپ نىنۋىنى ئىشغال قىلىپ، ئاسسۇرىيە دۆلىتىنى گۇمران قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن مىدىيىلىكلەر قۇدرەتلىك دۆلەت سۈپىتىدە باش كۆتۈرگەن. پارسلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان.

پارسلار نۇرغۇن قوۋمدىن تەركىب تاپقان. ھېرودوت: «ئاخمېنىدلار ئۇرۇقى ئۇنىڭ بىر قوۋمى، ھالبۇكى، پېرسىيىنىڭ خانلىرى مۇشۇ ئاخمېنىدلار قوۋمىدىن چىققان»① دەيدۇ. شۇڭا، بىز مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاندانلىقنى ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دەپ ئاتايمىز.

ئاخمېنىدلار جەمەتىنىڭ باشلىقى قۇدرەتلىك مىدىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇشتىن ئاۋۋال ئانشان شاھى دەپ ئاتالغان

① ھېرودوت: «تارىخ» 232 - بەت.

①، ئانشان شاھى تېيسپېس (Teispes) تىن ئۈچ ئەۋلاد ئۆتۈپ كىرۇس دەۋرىگە كەلگەندە پارسلار قۇدرەت تاپقان.

كىرۇس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 558 - يىلى تەختكە چىقىپ بەش يىلدىن كېيىن، مىدىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى خارپاگىس بىلەن ئالاقىلىشىۋېلىپ، مىدىيە خانى ئاستىئاگىسقا ھۇجۇم قىلدى. مىدىيە قوشۇنىدا مالىمانچىلىق تۇغۇلغاچقا، كىرۇس پاسارگادې (Pasargade)② دا زور غەلىبە قازىنىدۇ. مىدىيە خانى قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن باغلىنىپ كىرۇسقا ھەدىيە قىلىنىدۇ. كىرۇس ئارقىدىن پايتەخت — ئېكباتانا (Ecbatana يەنى ھەمەدان) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك مىدىيە دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، كىرۇس پېرسىيە خانى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋاقىت مىلادىدىن ئىلگىرىكى 550 - يىلى ئىدى.

ئاخېمېنىدلار جەمەتىنىڭ پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرغانلىقى قەدىمكى زاماندىكى زور ۋەقە. ئۇنىڭ تارىخى ئادەتتە دۇنيا تارىخى دەرسلىكلىرىدە كۆپ بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزنىڭ ئاساسلىق قىزىقىدىغىنىمىز — ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت قىسمى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساك قەبىلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا غەربىي ئاسىيادىكى تارىخىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان، مەسىلەن، ئاخېمېنىدلار خاندانلىقى شەكىللىنىشتىن ئاۋۋال، ساكلار بىلەن باكتىرىيىلىكلەر مىدىيە بىلەن ئاسسۇرىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە قاتنىشىپ، بەزىدە مىدىيە تەرەپتە، بەزىدە

---

①ئانشان (Anshan) يەر نامى ياكى شەھەر نامى. بابىلونىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، پارس قولتۇقىنىڭ شىمالىدىكى ئېلام (Elam) نىڭ جەنۇبىي قىسمىدا.

③پاسارگادې — پېرسىيىدىكى قەدىمىي شەھەر. پېرسېپولىسنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئۇنىڭ خارابىسى ھازىر مەشھەدى مورغابتا.

ئاسسۇرىيە تەرەپتە تۇزغان ھەمدە سكىفلار بىلەن بىرلىشىپ يېقىن شەرققە بېسىپ كىرگەن. مىلادى 673 - يىلى، ئاسسۇرىيە خانى ئاسارخاتۇن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا بارغان، تەسىر كۈچى ئىرانىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پارفىيىگىچە يەتكەن. كېيىن پارفىيە مىدىيىگە ئۆلپان تاپشۇرغان. كىرۇس دەسلەپكى مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ساكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن.

پارسلارنىڭ كۈندىن كۈنگە قۇدرەت تېپىۋالغانلىق خەۋىرى ئۇنىڭ غەربىدىكى قوشنىسى لودىيىنى① قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. لودىيە خانى كروئىسۇس پارسلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى تېخى تازا قۇدرەت تاپمىغان چاغدا، ئۇنىڭ كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك دەپ ھېسابلىدى②. شۇنىڭ بىلەن كروئىسۇس گىرېكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قوشۇن توپلاپ ھاراس دەرياسىدىن③ ئۆتۈپ پارسلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. كىرۇس ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساكلاردىن ياردەم ئېلىپ، كروئىسۇسنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرگۈچى قوشۇن تەشكىللىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. لودىيە خانى پايتەخت ساردىس (Sardis) قا قايتىپ④، مىسىرلىقلار ۋە بابىلونلۇقلارنىڭ ياردىمىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن كىرۇس بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى. لېكىن كىرۇس ئۇنىڭغا دەم ئېلىش پۇرسىتى

①بۈگۈنكى تۈركىيىنىڭ غەربىي قىسمى.

②ھېرودوت: «تارىخ»، 187 - بەت.

③بۈگۈنكى قىزىل دەرياسى.

④بۈگۈنكى تۈركىيىدىكى گىدىز دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىزمىرنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 80 كىلومېتر يىراقلىقتا.

بەرمەي، دەرھال قوشۇن باشلاپ لودىيىگە ھۇجۇم قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 546 - يىلى ئىككى قوشۇن ساردىس ئەتراپىدا توقۇنۇشتى. كروئىسۇسنىڭ ئاتلىق قوشۇنى پارسلار- نىڭ تۆگىلىرىدىن قورقۇپ قاچقاچقا، لودىيىلىكلەر تىرىپىرەن بولۇپ شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى. پارس قوشۇنى شەھەرنى 10 كۈن مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، لود دۆلىتى مۇنقەرز بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پارسلار ئىگېي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى گرېتسىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنى بويسۇندۇردى. مىلادى 538 - يىلى، بابىلۇننىڭ كۆپ قىسمى- نى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىرۇس مىسىرغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى قارىغاندا دائىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغاندەك قىلىدۇ، بۇ كىرۇسنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مىسىرنى ئىستېلا قىلىشتىن ئىبارەت پىلانىغا نىسبەتەن ئارقا تەرەپتىن كېلىدىغان ئاپەت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن باكترىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرنى ئىستېلا قىلىش قارارىغا كەلدى. كىرۇسنىڭ شەرقتىكى ھەربىي ئىشلىرى ھەق- قىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن ئاز. پەقەت ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 545 — 539 - يىللار ئارىلىقىدا باكتىرىيىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن مارغىيانا ۋە سوغدىيانانىڭ ئەل بولغانلىقىنىلا بىلىمىز. كىرۇسنىڭ تەسىر كۈچى سىر دەرياسىغىچە يەتكەن ھەمدە ئۇ قاتناشنى كونترول قىلىش، كۆچمەن چارۋىچىلارغا ھۇجۇم قوزغايدىغان بازا قىلىش

ئۈچۈن، كىروپولىس (Cyropolis) شەھىرى① قاتارلىق بازىلارنى بەرپا قىلغان. كىرۇس پارفىيىنىمۇ ئىستېلا قىلغان ھەمدە دارىيۇسنىڭ ئاتىسى ۋىستاسپانى ھىركانىيە (Hyrcania، يەنى بۈگۈنكى ئاستىراباد) گە ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن. ئەينى چاغدا يېخى ساكاستان (Sacastene، بۈگۈنكى سىستان) غا كۆچمىگەن ساكلارنىمۇ بېقىندۇرغان.

كىرۇسنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن بولغان كۈرىشى تارىخنامىلەردە ھەرخىل خاتىرىلەنگەن②. ھېرودوتنىڭ ئېيتقانلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىلىشچە: «كىرۇس بابىلۇنلىقلاردىن ئىبارەت بۇ مىللەتنىمۇ ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ماسساگېتلارنىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزمەكچى بولغان»③. بۇ چاغدا، ماسساگېتلارغا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تەختكە چىققان تومارىس ئىسىملىك بىر ئايال خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ كىرۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلغان ھەمدە پارسلارنىڭ ھۇجۇمىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 529 - يىلى، كىرۇس تومارىسقا ئۆيلىنىش توغرىسىدا تەكلىپ قويۇپ ئەلچى ئەۋەتكەن، تەكلىپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن،

① يەنى ئۆرە تۆبە. ھازىرقى لېنىناباتنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ سەل غەربىدىن تەخمىنەن 64 كىلومېتىر يىراقلىقتا. ئۇنىڭ شەرقىدە پەرغانە بار. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە خوجەند دەپمۇ ئاتالغان. كىروپولىس شەھىرى ئالېكساندىر دەۋرىدىمۇ بار ئىدى. مەيلى كىرۇس بولسۇن ياكى ئالېكساندىر بولسۇن، ھېچقايسىسى پەرغانە (جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى داۋەن) گە بارمىغان.

②«ھامبورگ داشۆسى تۈزگەن قەدىمكى زامان تارىخى» (The Cambridge Ancient History) 1926 - يىل نەشرى، IV توم، 15 - بەت.

③ ھېرودوت: «تارىخ»، 267 - بەت.

ئۇ زور قوشۇن بىلەن ئاراكساس دەرياسى① بويىغا كېلىپ،
كۆۋرۈك سېلىشقا كىرىشكەن ھەمدە لەيلىمە كۆۋرۈك قىلىشقا
بولىدىغان توسۇقلۇق كېمىلەرنى ياساپ، ماسساگېتلارغا ھۇجۇم
قىلىشقا ھازىرلانغان. ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن،
تۇمارىسنىڭ قوشۇنى ئاراكساس دەرياسىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراق-
لىقتا چېكىنگەن، كىرۇسنىڭ قوشۇنى دەريادىن ئۆتۈپ ئورۇش
قىلغان.

كىرۇس دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈن يۈرۈش
قىلىپ بارگاھ قۇرغان، قېرى - ئاجىزلارنى قالدۇرۇپ، ئۆزى
يەنە ھەرخىل قوشۇن بىلەن ئاراكساس دەرياسى بويىغا قايتقان.
تۇمارىسنىڭ ئوغلى سپارگاپساس ئالدامغا چۈشۈپ، قوشۇنىنى
باشلاپ بارگاھنى تالان - تاراج قىلىپ، قېرى - ئاجىزلارنى
ئۆلتۈرگەن ۋە ئەيش - ئىشرەت قىلغان. ئۇلار قانغۇچە كەيپ - ساپا
قىلىشىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە كىرۇس باشچىلىقىدىكى پارس قوشۇنى
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. سپارگاپساسمۇ
ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، ئەمما مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

تۇمارىس ئوغلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مەملىكەت-
تىكى بارلىق ئەسكەرلەرنى توپلاپ كىرۇس بىلەن جەڭ قىلغان.
ھېرودوت بۇ قېتىمقى جەڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق
دەيدۇ: «ئېيتىلىشىچە، دەسلەپتە، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرى
بىلەن تىركىشىپ تۇرغان ھالدا ئۆزئارا ئوقيا ئېتىشقان، ئوقيا-
لىرىنى ناھايىتى تېزلىكتە ئېتىپ تۈگىتىشكەندىن كېيىن، بىر -
بىرىگە ئېتىلىشىپ نەيزە، خەنجەر قاتارلىق قوراللار بىلەن
يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئېلىشقان. ئېيتىلىشىچە، ئۇلار خېلى

① بەزىلەر بۇ دەريانى ئامۇ دەرياسىنىڭ تارمىقى — ئۆز باي
دەرياسى دەپ قارايدۇ.

ئۇزاققىچە ئېلىشقان بولسىمۇ، ھېچقايسى تەرەپ چېكىنىشنى خالىمىغان. ئاخىر ماساگېتلار غەلىبە قازانغان. پارس قوشۇنىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردە ئۆلگەن، كىرۇسنىڭ ئۆزىمۇ 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن شۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلگەن. تۇمارىس تۇلۇمنى ئادەم قېنى بىلەن تولدۇرغان، ئاندىن پارسلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ئارىسىدىن كىرۇسنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ھېلىقى قان تولدۇرۇلغان تۇلۇمنىڭ ئىچىگە سالغان ھەمدە كىرۇسنىڭ جەسىتىنى دەسسەپ تۇرۇپ: «بۇ قاننى ئىچىپ ھۇزۇرلان» دېگەن①. بۇ پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇرغۇچىنىڭ ھاياتى مانا شۇنداق ئاخىرلاشقان.

كىرۇس ئۆلگەندىن كېيىن، كامبىس تەخت ۋارىسى بولغان. كامبىسنىڭ نەۋرە ئىنىسى باردىيا شەرقىي قىسىمدىكى ئۆلكىلەرنى، مەسىلەن، خارەزىم، باكتىرىيە، پارفىيە ۋە كېرمان- لارنى ئىدارە قىلغان. كامبىس ئاتىسى كىرۇسنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن مىسىرغا يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلانغان. ئۇ باردىيا ئۆزى يوق چاغدا خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن مىلادىدىن ئىلگىرى 527 - يىلى ئۇ مىسىرغا يۈرۈش قىلغان②. ئەرەب كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ ياردىمىدە

① ھېرودوت: «تارىخ» 272 -، 273 - بەتلەر.

② كامبىسنىڭ ئىنىسى بېخىستۇن ئابىدىسىدە باردىيا دەپ يېزىلغان، ھېرودوت يازغان «تارىخ» تا بولسا سمېردىس (Smerdis) دېيىلگەن؛ كې- تېشىاس بولسا تانيوخاركېس (Tanyoxarces) دەپ؛ سېنوپېخون تاناۋۇ- خارېس (Tanaoxares) دەپ يازغان. لېكىن ھېرودوت كامبىس مىسىرغا يۈرۈش قىلغاندا سمېردىس ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈلمىگەن، دەيدۇ. ھېرودوت: «تارىخ»، 372 — 373 - بەتلەر. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى يازغان «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» دا ھېرودوتنىڭ قارىشى قوبۇل قىلىنغان.

پۈتكۈل نىل دەرياسى بويلىرىنى تېزلىكتە ئىستېلا قىلغان. لېكىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522 - يىلى يۈرۈشتىن قايتىش سەپىرىدە ئۆلگەن.

گامبىس مىسىردىن قايتىشتىن ئاۋۋال، پېرسىيە دۆلىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. قوزغىلاڭ رەھبىرى ماگىس مەزھەبىنىڭ راھىبى بولۇپ، ئىسمى گاموتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كىرۇسنىڭ ئىنىسى بارديا، پېرسىيە خانى دەپ ئاتاپ، خەلقنى ئەسكەر ئالۇدىكى ۋە ئۈچ يىل باج - سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇ روشەنكى پېرسىيە خەلقىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى — مىدىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى①. بۇ پېرسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئاخمېنىدلار جەمەتىنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى تېسپىسنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى دارىئۇس كۈچ توپلاپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522 - يىلى كۈزدە گاموتاغا زىيانكەشلىك قىلغان ۋە پېرسىيىنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان.

دارىئۇس تەختكە چىققاندىن كېيىنكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ھەممە يەردە توپىلاڭ يۈز بەرگەن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ «بېخىستون ئابىدىسى» دە ئۆزىنىڭ بۇ توپىلاڭلارنى تىنچىتىش جەريانىنى بايان قىلغان ھەمدە ئۆزى خان بولغان يىلى 19 قېتىم ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ئېيتقان②. بۇ توپىلاڭلار شەرقىي

① غەربنىڭ بەزى ئاپتورلىرى ئۇنى يالغان بارديا دېگەن سۆزنى دارىئۇس توقۇپ چىققان دەيدۇ. بۇنداق قاراشقا قوشۇلۇش قىيىن.

② دارىئۇسنىڭ شۇنچە كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشنى بىر يىلدا، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522 - يىلى قىلغان دېيىشى بىر ئاز مۇبالىغە قىلىنغاندەك تۇرىدۇ. «ھامبورگ داشۆسى توزگەن‹قەدىمكى زامان تارىخى›» نىڭ ئاپتورلىرى بۇ ئۇرۇشلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522 - يىلى كۈزدىن 520- يىلى باھارغىچە ئېلىپ بېرىلغان دەپ قارايدۇ.

قىسىمدىكى ئېلام، بابىلون، مىدىيە، شىمالىي قىسىمدىكى سا-گارتىيە (Sagartia)، يەنى بۈگۈنكى كۇرد رايونى) ۋە شەرقىي قىسىمدىكى خۇركانىيە، پارفىيە، مەرغىيانا قاتارلىق جايلاردىكى توپىلاڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ يەردە ئاساسلىقى شەرقىي قىسىمدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە توختىلىمەن.

دارىئۇسنىڭ ئاتىسى ۋىستاسپا ئەينى چاغدا پارفىيە رايو-نىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. پارفىيىلىكلەر دارىئۇستىن يۈز ئۆرۈپ مىدىيىلىك فراۋارتىش (Fravartish) نى ھىمايە قىلغان، ۋىستاسپاغىمۇ يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن. دارىئۇسنىڭ ئاتىسى قوشۇن باشلاپ ئۇلارغا زەربە بەرگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋىشپائۇزاتىش (Vishpauzatish) دېگەن جايدا توپىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلغان. كېيىن دارىئۇسمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەن، ۋىستاسپا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 520 - يىل 4 - ئايدا پاتىگرابانا (Patigrabana) دېگەن جايدا توپىلاڭنى ئەلتۈ-كۈس باستۇردى.

مەرغىيانىدىكى ئىسيانغا كەلسەك ئامما قاتناشقان. ئىسيانچىلار فرادا (Frada) ئىسىملىك بىرىنى باشلىق قىلىپ سايلىغان. دارىئۇس باكتىرىيىنىڭ ۋالىيسى دادارىش (Dadarshi) قا قوشۇن باشلاپ ئىسياننى باستۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈر-گەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ مەرغىياناغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسيانچىلاردىن 55 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 6 مىڭ 572 كىشىنى ئەسىر ئالغان. بۇ-نىڭدىن ئىسيانچىلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

مىدىيە توپىلىڭىدىن كېيىن، پېرسىيىدىكى كۆچمەن چار-ۋىچى قەبىلىلەر ۋاخىئازداتانى خان قىلىپ، دارىئۇسقا قارشى چىقتى. بۇ كىشىمۇ ئۆزىنى كىرۇسنىڭ ئوغلى بارديا دەپ ئاتى-

دى. ئۇ پېرسىيىدە خان بولۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي قىسمىدىكى ئاراكخوسىيە (Arachosia)① گىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىدە قوشۇن ئەۋەتىپ، شۇ يەردىكى پېرسىيىنىڭ ۋالىيسى ۋىۋانا (Vivana) غا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچە قېتىم ۋىۋانا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ۋاخىئازداتانىڭ قوشۇنى ئاراكخوسىيىدىكى ئارشاراغا قېچىپ بارغاندا، ئۇلارغا ۋىۋانا قوغلاپ يېتىشىۋالدى، ۋاخىئازداتا ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

دارىئۇس يۇقىرىدا ئېيتىلغان توپىلاڭلار بىر يىلدا بېسىقتۇرۇلدى دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ساكلارنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە ساكلارنىڭ دۆلىتىگە بارغانلىقىنى، ئۇ دۆلەت دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردىكىلەر ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كېيىن دارىئۇس ئامۇ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا يېقىن جايىغا لەيلىمە كۆۋرۈك ياساتقان، لەيلىمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۇ دۆلەتكە بېرىپ ساكلارنى تارمار قىلغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىر ئالغان، قالغان قىسمىنى باغلاپ ئۆزى تۇرغان جايغا ئاپارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساكلارنىڭ باشلىقى سكۇنخامۇ بار ئىدى. دارىئۇس يەنە بىر كىشىنى ساك قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن. بىخىستۇن ئابىدىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى قاپارتما نەقىشلەرگە دارىئۇسنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەسىر ئېلىنغان توققۇز باشلىقنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان ئۇچلۇق قالپاق كىيىۋالغان كىشى ساكلارنىڭ باشلىقى سكۇنخادۇر. پېرىئۇسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، دارىئۇس I كىرۇس-

① ئاراكخورسىيە — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەندىھار ئەتراپىدىكى رايون.

نىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 518 - يىلى ماسساگېتلارغا يۈرۈش قىلغاندا ئوخشاشلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ساكلارنىڭ باشلىقى ھىرا پارسلارنى سۇ، ئوت - چۆپ يوق قۇملۇققا ئالداپ ئەكىرگەچكە، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشەققەتتىن ئۆلۈپ كەتكەن.

بىر قاتار باستۇرۇشلار ئارقىلىق جايلاردىكى توپىلاڭ، ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى جىمىقتۇرۇلدى؛ كىرۇس دەۋرىدە قۇرۇلغان، گامبىس دەۋرىدە قۇدرەت تاپقان، كېيىن بۆلۈنۈپ كەتكەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى قايتىدىن بىرلىككە كەلدى. ئىمپېراتور دارىئۇس — دارىئۇس I دەپ ئاتالغان بولۇپ، پېرسىيە تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ۋە مىسىرغىچە كېڭەيتىلگەندىن باشقا، شىمالدا قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى ۋە كاۋكازغىچە، جەنۇبتا پارس قولتۇقى ۋە ئارابىيىگىچە، شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى بويلىرىغىچە كېڭەيتىلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 512 - يىلى، دارىئۇس I ھىندىستاندىكى پەنجاپ رايونىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستېلا قىلىپ، ئۇنى بىر ۋىلايەت قىلغان①.

كىرۇس دەۋرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلار پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇنداق باشقۇرۇش سىستېمىسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ دارىئۇس I دەۋرىگە كەل-

① خۇئات: «قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئىران مەدەنىيىتى»، (Clement Huart· Ancient Percia and Iranian Civilization)· 1927 - يىل لوندون نەشرى، فرانسۇزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. 55 - بەت. ئىزاھ 1.

گەندە مۇكەممەللەشكەن. شۇڭا، ھېرودود دارىيۇس دەۋرى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇ: «دارىيۇس ئۆز زېمىنىنى 12 پارسقا بۆلۈپ بېرىپ، ئۇنى ساتراپنىڭ ۋالىي زېمىنى دەپ ئاتىدى، ئاندىن يەنە بۇ ۋالىيلار زېمىنىنى باشقۇرىدىغان ۋالىي تەيىنلىدى ھەممىدە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭغا باج - سېلىق تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى»، «تاپشۇرىدىغان كۈمۈشنى بابىلۇننىڭ تالانتى (پۇل نامى) بىلەن؛ ئالتۇن ئۇپىيىنىڭ تالانتى بىلەن تاپشۇرۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى، بابىلۇننىڭ تالانتى 78 ئۇپىيە مىنا (پۇل نامى) سىغا تەڭ. قىسقىسى، كىروس ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گامبىس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مۇقىم باج - سېلىق بولمىغان، بەلكى سوۋغات شەكلىدە باج تاپشۇرغان. دارىيۇس باج - سېلىقنى مۇقىملاشتۇرغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، پارسلار ئۇنى سودىگەر دەپ ئاتىدى» دېگەن①.

دارىيۇس دەۋرىدىكى 20 ۋالىيلىق زېمىن ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىراندا مۇنۇ جايلار بار ئىدى: 7 - رايون ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ساتتاگىندائىيلار (Sattgydae) نىڭ، گاندارىيلار (Gandarii) نىڭ، دادىكائىيلار (Dadicae) نىڭ، ئاپارىتائىيلار (Aparytae) نىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار 170 تالانت باج - سېلىق تاپشۇراتتى. 12 - رايون باكترىيىلىكلەرنىڭ زېمىنىدىن ئائىگلىلار (Aegli) نىڭ زېمىنىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار 360 تالانت باج - سېلىق تاپشۇراتتى. 15 - رايون ساكلار بىلەن كاسپىيلىكلەر (Caspii)

① ھېرودود: «تارىخ» 402 - بەت.

نىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ①، ئۇلار 250 تالانت باج - سېلىق تاپشۇراتتى. 16 - رايون پارفىيىلىكلەرنىڭ، خارەزىملىكلەرنىڭ، سوغدىيانىلار (سوغدىلار) نىڭ ۋە ئارىئىلار (Arii) نىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار 300 تالانت باج - سېلىق تاپشۇراتتى. 17 - رايون پارىكانىلار (Paricanii) نىڭ زېمىنى بىلەن كىچىك ئاسىيادىكى ئىسئوپىيىلىكلەرنىڭ زېمىنى (بۈگۈنكى بېرۇز رايونىغا توغرا كېلىدۇ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار 400 تالانت باج - سېلىق تاپشۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقىسى، 20 - رايون ھىندىلار رايونى بولۇپ، ئۇلار باشقا ھەرقانداق رايوندىكىلەردىن كۆپ باج - سېلىق، يەنى 360 تالانت كېپەك ئالتۇن تاپشۇراتتى②.

سىنوپىخوننىڭ ئەسىرىدە ئىمپېراتور كىروسنىڭ ئارابىيە قاتارلىق جايلارغا ۋالىي ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار تىلغا ئېلىنغان. بېخىستون ئابىدىسىدىمۇ ۋالىي دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان باكتىرىيىنىڭ ۋالىيسى دادارىش، ئاراكخوسىيىنىڭ ۋالىيسى ۋىۋانانى ئۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. دارىئۇسنىڭ ئاتىسى ۋىستاسپا پارفىيە بىلەن خۇركانىيىگە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان، شۇنداقتىمۇ تارىخىي كىتابلاردا ئۇنىڭ ۋالىيلىق مەنسىپى تىلغا

① «ھامبورگ داشۆسى تۈزگەن ‹قەدىمكى زامان تارىخى›» دىكى خەرىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رايون ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» دا بۇ رايون كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا دېيىلگەن. قارىغاندا، كېيىنكىسى توغرىدەك قىلىدۇ.

② ھېرودوت ئابىدىسىدە 24 ۋىلايەت، ناخشى رۇستەم ئابىدىسىدە 28 ۋىلايەت دېيىلگەن. دارىئۇسنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئەمەلىيەتتە 31 ۋىلايەت بولغان.

ئېلىنمىغان. بۇ ۋالىيلار پېرسىيىنىڭ خان جەمەتلىرى ياكى
داڭلىق ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ئۆزى
ئىدارە قىلغان رايوندىن باج - سېلىق يىغىش ئىدى. لېكىن
ۋالىينىڭ هوقۇقى ناهايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلار باشقۇرغان
رايون مۇستەقىل خانلىققا ئوخشايتتى، شۇڭا مەركىزىي هاكى-
مىيەت ئاجىزلاشقاندا، ئۇلار مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، ئىمپېرىيىنى
پارچىلىۋەتتى. پېرسىيە ئۇزدىسى بىلەن هەرقايسى ۋىلايەتلەر-
نىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىمپېرىيە دائىرىسىدە
هەر تەرەپكە تۇتاشقان يول ياسالدى. هېرودۇد بۇنداق پوچتا
يوللىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى بايان قىلغان. بۇ يوللار پوچتا
ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈشكە قو-
لايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپلا قالماي، سودا ۋە شەرق بى-
لەن غەربنىڭ قاتناش ئىشلىرىغىمۇ پايدا يەتكۈزگەن. بۇ
يوللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشمۇ ۋالىينىڭ ۋە-
زىپىسى بولغان.

پېرسىيىدىكى ۋالىيلار ئىمپېرىيىگە يۇقىرىدا ئېيتىلغان
باج - سېلىقنى تاپشۇرۇش ھەمدە ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ مال -
مۈلۈك توپلاش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى ئېكس-
پىلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇردى. سۇ ئىنشائاتلىرىنى مونوپول
قىلىۋېلىش — ئۇلارنىڭ خەلقنى تالان - تاراج قىلىشتىكى
ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. هېرودود خارەزمنىڭ ئەھۋالى
ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ رايون «ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورال-
غان تۈزلەڭلىك، تاغلارنىڭ ئارىسىدا بەش تار جىلغا بار»،
«پارسلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ خاننىڭ خۇ-
سۇسىي يېرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن
ئاققان سۇلار ئاكەس دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ دەرياني
ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەريا بەش تارماققا بۆلۈنۈپ، ئايرىم -

ئايرىم ھالدا بەش ۋادىدىن ئۆتۈپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەرلەرنى سۇغىرىدۇ؛ ھالبۇكى، پارسلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، خارەزىملىكلەرنى نەس باستى. خان تاغ جىلغىسىنى قامال قىلدى ھەمدە تاقاق سېلىپ ھەربىر تاغ يولىنى توستى، شۇنىڭ بىلەن سۇلار ئاقالمىغاچقا، تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك كۆلگە ئايلاندى. نەتىجىدە بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىشلىتىپ كەلگەن كىشىلەر ئەمدى ئۇنى ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. چۈنكى يازدا ئۇلار بۇغداي ۋە زىغىر تېرىغان ئېتىزلىرىنى سۇغارماقچى بولغاندا سۇ بېرىلمىگەچكە، ئاياللىرى بىللە پېرسىيىگە بېرىپ، خان ئوردىسى ئالدىدا ئۈنلۈك يىغلاشتى. خان ئاخىر ئۇلار ئىچىدىكى سۇغا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەر بار جايدىكى تاقاقنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ يەردىكى ئېتىزلار سۇغا قانغاندا تاقاق ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ باشقا سۇغا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەر بار جايدىكى يەنە بىر تاقاقنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تاقاق ئېچىلغاندا، خان باج – سېلىقتىن باشقا، يەنە زور مىقداردا ئالتۇن – كۈمۈش يىغىۋالدى»① دەيدۇ. بۇ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىش — ھۆكۈمەتنىڭ مال – دۇنيانى تالان – تاراج قىلىشىدىكى ۋاسىتىسى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «پېرسىيىدە ۋە ھىندىستاندا گۈللەنگەن ياكى خارابلاشقان مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋۋال دەريا ۋادىلىرىنى سۇغىرىشنىڭ باش باشقۇرغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرلەردە يەرنى سۇغارماي تۇرۇپ دېھقانچىلىقنى قىلىشنىڭ

---

① ھېرودوت: «تارىخ» 11 – بەت.

مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تازا ئوبدان بىلەتتى.»① لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇنئىي سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىمۇ شۇ سەۋەبتىن ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. سىنوپخون پېرسىيە ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق بىلەن پائال شۇغۇللىنىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى ۋە قاناللارنى قېزىش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى زور ۋە جاپالىق بولغان، دارىئۇس I نىڭ سۇۋەيىش قانىلىنى قازدۇرغانلىقى پېرسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دەۋرىدە بابىلۇننىڭ سۇغىرىش تېخنىكىسى ۋە پېرسىيىنىڭ يەر ئاستى سۇ تورلىرى سىستېمىسى② راۋانلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تۈرلۈك ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغاندىن باشقا، يەنە ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلەتتى. ئوت - بوغۇز ئىچىدىكى ئاتاقلىقى — بېدە ئىدى. گرېتسىيىدىكى ماگېنىشا ئابىدىسىدە دارىئۇسنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا ناھايىتى قىزىققانلىقى تىلغا ئېلىنغان. كىشىلەر ئەسلىدە جۇڭگودىن چىققان شاپتۇل بىلەن ئۆرۈك دارىئۇس دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارالغان دەپ قارايدۇ. ھىندىستاندىن چىقـ

---

① ئېنگېلس: «دېيورىنگغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 219 - بەت.

② پارس تىلىدا كارىز، ئەرەب تىلىدا قانات دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى گرېتسىيە يازغۇچىسى پىرىبىئۇس بۇنداق يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى شەخسلەر قازغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن سۇغۇرۇلغان يەرلەرنى ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلىتىدۇ. بەش ئەۋلادقىچە ئۇنىڭغا مىراسخورلۇق قىلىدۇ. بۇنداق يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى پېرسىيە ھۆكۈمىتى بەرگەن دەيدۇ.

دىغان گۈرۈچمۇ ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دەۋرىدە تارالغان بولۇشى مۇمكىن. شېكەر قومۇچى ۋە ئاپېلسىن مۇشۇ مەزگىلدە ئىرانغا تارالغان①.

پارسلار بېسىپ كىرىشتىن ناھايىتى ئىلگىرىلا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تاۋار ئىشلەپ چىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش خېلى تەرەققىي قىلغان، سودا قىلىش دائىرىسى ھەرقايسى تەرەپلەردىكى يىراق دۆلەتلەرگىچە كېڭەيگەچكە، ئوتتۇرا ئاسىيا تەدرىجىي ھالدا جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ سودا يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەلگە ئايلاندى. قەدىمكى سودا يولى غەربتە ئىران ۋە مېسوپوتامىيىگە، شىمالدا سىبىرىيىگە، جەنۇبتا ھىندىستانغا، شەرقتە جۇڭگوغا تۇتاشقان. ئانو مەدەنىيىتى دەۋرىدىلا باكتېرىيىدىن كۆكتاش كەلتۈرۈلگەنلىكى بايقالدى. بەدەخشاندىن چىقىدىغان كۆكتاش ئوتتۇرا ئاسىيادىن مېسوپوتامىيە ۋە يېقىن شەرققە توشۇپ ئاپىرىلغان. دارىئۇس ياساتقان ئوردا - قەسىرلەرگە ئىشلەتكەن ئالتۇنلار ئابىدىلەردە باكتېرىيىدىن كەلتۈرۈلگەن دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالتاي تېغى ياكى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئابىدىلەردە يەنە ئىشلىتىلگەن يېشىل گۆھەر ۋە ھېقىقلار سوغدىيانادىن، زۇمرەت تاشلار خارەزىمدىن، پىل چىشى ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەنلىكى ئېيتىلغان. جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە پېرسىيە بازارلىرىغا سېلىنغانلىقىمۇ شۇ دەۋردىلا ئاخمېنىدلار خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاتاقلىق ئارستوتېل جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملىرىنى ئېنىق قىلىپ

① ھەمدەلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 24 - بەت.

تەسۋىرلىگەنىدى. بۇنىڭدىن، «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان يول ئېچىلىشتىن ئىلگىرىكى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا،ئىران ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

باج ئېلىش ۋە سودا ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىدىن، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى پۇل قۇيدۇردى. كىرۇس ھاكىمىيەت بېشىدىكى دەۋردىلا دارىك (Daric) دەپ ئاتالغان پۇل قۇيدۇرغانىدى. بۇ پۇل ئاساسلىقى ئىراننىڭ غەربىي قىسمى ۋە بابىلونىيە قاتارلىق جايلاردا خەجلەنگەن. شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا بولسا، ئۇۋاق ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى بويىچە تاۋارنىڭ قىممىتى ھېسابلانغان. دارىئۇس — خاننىڭ سۈرىتى بار تىللا قۇيدۇرغان تۇنجى كىشى. ھېرودودمۇ: «دارىئۇس ئالىي دەرىجىلىك ئالتۇندا تىللا (ئالتۇن پۇل) قويدۇرغان» دەيدۇ①. مۇنداق تىللانىڭ ئېغىرلىقى 8.4 گرام، ئۇنىڭ بىر يۈزىدە ئوقيا تۇتۇپ تۇرغان خاننىڭ رەسىمى بولۇپ، ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خەجلەنگەن. پېرسىيىنىڭ دارىك پۇلى دائىمى قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ۋە سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى ئەفراسىياپ قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلدى. بەزى تەتقىقاتچىلار دارىئۇس مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 516 - يىلى تۇنجى قېتىم پۇل قۇيدۇرغان دەپ قارايدۇ. پۇل سودىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تارقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. پېرسىيىدىكى ئاقسۆڭەك قۇلدارلار گۈرۈھى پۇلنى تىجارەتنىڭ ۋە كىشىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ، نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئېرىشكەن.

مىلادىيدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى پېرسىيىدىكى ئاخەمىنىدلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا ئايلانغاچقا،

① ھېرودود: «تارىخ» 497 - بەت.

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە پېرسىيىنىڭ ناھايىتى زور تەسىرىگە ئۇچرىدى. پارس يېزىقى كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىقلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەن بۇ يەردە ئۇ ھەقتە نۇقتىلىق توختالماقچىمەن. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئىراندىكى ئەڭ دەسلەپكى پارسلار رەسىملىك يېزىق (تەسۋىرىي يېزىق) قوللانغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىن پارسلار ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ مىخ يېزىقىنى قوللاندى①، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىخ يېزىقىنىڭ بەلگىلىرى ئارقىلىق پارس تىلىنى خاتىرىلىدى. مەسىلەن، بىخىستۇن ئابىدىسى ۋە پېرسېپىرس ئابىدىسىدىكى خەتلەر مىخ يېزىقتا يېزىلغان. ئاسسۇرىيىلىكلەر، بابىلونلۇقلار قوللانغان مىخ يېزىق بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، پارسلار ئۇنى قوللانغاندا 39
بەلگىگە ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنى ھەرپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلدى. لېكىن مىخ يېزىق شەكلىدىكى مۇنداق پارس يېزىقى يەنىلا قىيىن ئىدى. شۇڭا پارسلار كېيىن ئارامىيە يېزىقىنى تەڭ قوللاندى. بەزى كىتابلاردا مىخ يېزىق شەكلىدىكى پارس يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەت - چەكلىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان②.

ئارامىيلىكلەر سەمىتلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى XI — VIII ئەسىرلەردە سۇرىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ماكانلاشقان، كېيىن ئىككى دەريا بويلىرىدىكى رايونلارنىمۇ تارتىۋالغان③. ئۇلارنىڭ تىلى ھىبراي تىلى ۋە فىنىكىيە تىلىغا يېقىن. ئارامىيلىكلەر تىجارەت قىلىشقا ماھىر بولۇپ، غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جاھانگەشتىلىك

① ئابكېيىۋ: «قەدىمكى شەرق تارىخى» 583 - بەت.

② «ئۆزبېكىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 1955 - يىل رۇسچە نەشرى، 50 - بەت.

③ ئارامىيلىكلەر ئادەتتە سۇرىيىلىكلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

قىلغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، شۇ چاغدىكى سودا چوڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن. تەخ-مىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللاردا، ئۇلار فىنىكى-يىلىكلەرنىڭ يېزىقى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، مىسىرلىقلارنىڭ سىياسىي ۋە پىرگامېنتلىرىنى ئىشلەتكەن. 22 ھەرپتىن تەركىب تاپقان، قوشۇپ يېزىلىد-غان ئارامىيە يېزىقى بابىلۇننىڭ مىخ يېزىقىدىن كۆپ ئەۋزەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىنى تېزلىكتە ئىگىلىدى. ئارامىيە تىل - يېزىقى غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل - يېزىق بولۇپ قالدى.

ئارامىيە يېزىقىدا يېزىلغان خەت - چەكلەر ئاللىقاچان تېپىلدى①، بىز ئۇلاردىن بۇ خىل يېزىقنىڭ شەكلىنى بىلە-

---

① زلېپانتىنې (Zlephantine) ئوتتۇرىدىكى مىسىرنىڭ نىل دەرياسى بويىدىكى ئارال بولۇپ، ئاسۋاننىڭ ئۇدۇلىدىكى 1 - شارقىراتمىنىڭ تۆۋەندىكى قىسمىغا جايلاشقان. بۇ يەردە قەدىمىي شەھەر ۋە بىرمۇنچە ئىما-رەتلەرنىڭ خارابىسى بار. زلېپانتىنې خەت - چەكلىرى دەپ ئاتالغان بۇ يازما يادىكارلىقلار 1907 - يىلى شۇ يەردىن تېپىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە خەت ئارامىيە يېزىقى بىلەن يېزىلغان. ئۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان 6 - 7 يۈز ھېبرايىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 407 - يىلى پەلەستىندىكى پېرسىيە ئەمەلدارىغا يازغان خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مىسىرلىق كاھىنلارنىڭ لوكچە كىلەرنى قۇترىتىپ، ھېبرايلارنىڭ نىل دەرياسى بويىغا سالغان ئەيسا ئىبادەتخانىسىنى ۋەيران قىلغانلىقى ھەققىدە ئىبادەتخانىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر بۇيۇملارنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە شىكايەت قىلغان، بۇ ئەمەلدار (ئىسمى — باگوئاس) دىن ئۆزىنىڭ مىسىردىكى پېرسىيە ئەمەلدارىغا بولغان تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋەيران قىلىنغان بۇ ئىبادەتخانىنى قايتىدىن سېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. برېئاستېد: «قەدىمكى زامان تارىخى» 215 - بەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەردىن يەنە بىخستون ئابىد-سىنىڭ ئارامىيە يېزىقىدا يېزىلغان كۆچۈرۈلگەن كەمتۈك ۋاراقلىرى تېپىلدى. ئابىدىدە دارىئۇسنىڭ «ئۇ تورلۇك يېزىقتىكى ئابىدە خېتىنىڭ كەچۈرمى-سىنى «بارلىق ئۆلكىلەرگە يوللىدى» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، ئۇلار مىسىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ يوللانغانلىقى چوقۇم.

لەيمىز، ئاخمېنىدلار خانلىقىمۇ بۇ خىل يېزىقتا بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلغان، كۆندىلىك سىياسىي ئىشلار ۋە ئەسكەرتمە خەتلەرنى خاتىرىلىگەن، دىپلوماتىيە ئالاقىلىرىنى يوللىغان، سودىغا دائىر خەت - چەكلەرنى يازغان. پېرسىيىدىكى ئەمەلدار-لار سىرتتىن باج يىغىش، قوشنا ئەللەرگە ئەلچىلىككە بېرىش، خەلق بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئىش-لىرىنى بېجىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئارامىيە يېزىقىنى قورال قىلغان. شۇڭا، ئارامىيە يېزىقى قەدىمكى پارس يېزىقى بىلەن بىرلىكتە ئاخمېنىدلار خاندانلىقىدا تەڭ قوللىنىلغان ئىككى خىل يېزىق بولۇپ قالغان. پارسلار بۇنداق يېزىقتىن ھەرپ نۇقتىئىنەزەرنى ئۆگەنگىچە، ھەتتا ئارامىيە يېزىقىدىكى ھەرپلەر ئارقىلىق پارس تىلىنى قوشۇپ يازغان. مىخ يېزىق شەكلىدىكى پارس يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بۇ خىل تەسىرنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھىندىستانمۇ ئارامىيە يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللانغانلىقى مۇقەررەر. كېيىن سوغدىيانادا ئىجاد قىلىنغان سوغدى يېزىقى ۋە پەنجاپتا شەكىللەنگەن قارۇشتى يېزىقى ئارامىيە يېزىقىنى مەنبە قىلغان. خارەزىم ئەتراپىدىكى قوي كىشورگان قارا (قوي ئۆلگەن شەھەر مەنىسىدە) دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرگە تەئەللۇق بىر ئىدىش تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خەت (ئىدىش ئىگى-سىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن) مۇ ئېيتىلىشىچە، ئارامىيە يېزىقىدىن كېلىپ چىققانىكەن①.

ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمىگەن. ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ

① مېنگاتمۇ: «سوۋېت ئارخېلوگىيىسى» 239 - بەت.

ئاخىرقى مەزگىلى ياكى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىرقەدەر قالاق ئىگىلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەردە ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان. پېرسىيە ئىمپېرىيىسى يەرلىك ئەمەلدارلارغا باج يىغىش، ئەسكەر ئېلىش، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى مونوپول قىلىش، سودىنى تىزگىنلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغۇزۇپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەتراپى توسۇلغان بىر قىسىم شەھەر - بازار ياكى قورغان قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ماراكاندا «بۈگۈنكى سەمەرقەند)، باكترا (Backtra)، سوغدىيانا ۋە پەرغانە قاتارلىق شەھەر - بازارلارنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ، ئۇلار ئىچىدىكى ماراكاندا سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن ئون كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇلار قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تايانچ بازىسى ھەمدە سودا مەركىزى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنىدىمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن خارەزىملىكلەر، سوغدىيانلار، باكترىيىلىكلەر كېيىن پېرسىيىنىڭ يۇنان بىلەن بولغان ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇھىم ئارقا سەپ بازىسى بولغان.

ئاخمېنىدلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم دەۋر بولۇپ، پارس مەدەنىيىتى بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق. لېكىن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى شەرق ۋە شىمالغا يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلالمىدى.

# 3 - بۆلۈم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر

مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن بۇرۇن، دۇنيادىكى بەزى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسى شەرقتە بولغان. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ خۇاڭخې دەرياسى بويلىرى، ھىندىستاننىڭ گانگ دەرياسى بويلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋادىسى، غەربىي ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىسى ۋە مىسىردىكى نىل دەرياسى بويلىرى قاتارلىقلار. جۇڭگونىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىرىنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتى 1000 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرگە كەلگەندە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، تەدرىجىي فېئودال-لىق جەمئىيەتكە ئۆتتى. چوڭ دۆلەتلەر ئۆزئارا سەلتەنەت تالاشقان، ئۆز ئالدىغا باشباشتاق بولۇۋالغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا كۆرەش قىلغان تۈرلۈك تەلىماتلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى. لاۋزى. كۇڭزى، موزى، جۇاڭزى قاتارلىق ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، كۇڭزىچىلار ئېقىمى بىلەن موزىچىلار ئېقىمى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراشتەك ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بىلەن، ئەكس ئەتتى. ھالبۇكى، بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرەش بولۇۋاتقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتقان شارائىتتا، پۈتكۈل جۇڭگو ئاجىزلىشىپ كەتتى. ھىندىستاندىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI — V ئەسىردە بەگلىكلەر ئارا ئۇرۇش يىغىلىقى يۈز بېرىپ تۇرغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مىلادى-

دىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە، كۇڭزى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 551 — 479 - يىللار) بىلەن زامانداش ئۆتكەن سىددخادخا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 560 — 480 - يىللار) قۇلدارلار سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دىن — بۇددا دىنىنى ئىجاد قىلدى. لېكىن 16 بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن شارا-ئىتتا، ھىندىستاننىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت تەسىرىمۇ سىرتقا كېڭىيەلمىدى. ياۋايىلىق باسقۇچىنى ئەمدىلا تۈگەتكەن پارسلارلا. ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى باتۇرلۇقى بىلەن ئەتراپىدىكى قوۋملىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئاخمىنىدلار جەمەتى قۇرغان خاندانلىق ئىران ئېگىزلىكى ۋە ئىككى دەريا ۋادىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماي، مىسىرنىمۇ ئىشغال قىلدى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كەڭ رايون-لارنى ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىنىمۇ پېرسىيە ئىمپېرى-يىسىنىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزدى. ئىككى دەريا بويلىرىنىڭ ۋە نىل دەرياسى بويلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىت-تىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، قەدىمكى پارس مەدەنىيىتىنى ياراتتى. بۇ سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىك — بۇنداق بىرلىك-نىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىسىمۇ — ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.

پېرسىيە ئىمپېرىيىسى شەرقتە جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ تۇسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ مەنبەسى — پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىغا كېڭىيەلمىدى؛ شى-مالدا، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا كېڭىيەلمىدى. ناۋادا، پېرسىيىنىڭ تەسىرى، ئاساسلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن چەكلەندى دېيىلسە، ئۇنداقتا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان پېرسىيىنىڭ تەسىرى يېتىپ

بارالمىغان رايونلارنى ئاساسلىقى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغان دېيىشكە بولىدۇ. يېقىنقى زاماندىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا تېپىلغان ماتېرىياللار بۇ نۇقتىغا ئىسپات بولالايدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەھۋالى بۇ كىتابنىڭ بايان قىلىش دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس. بۇ بۆلۈمدە ئاساسلىقى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدا ماكانلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

رىكې (Tamara Talbot Rice) مۇنداق دەيدۇ: «ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دەۋرىدە، ئاسىيا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ساك قەبىلىلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇلار تۈركىستاننىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمى، شىنجاڭ ۋە تىيانشاندىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنمىش. بەزى ئالىملار ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماكانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۈگۈنكى ئافغانىستان ۋە پېرسىيىگە كۆچۈپ كەلگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى VIII ئەسىرگە كەلگەندە، ئاندىن ئورال تېغى ئېتەكلىرىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بالقاش كۆلى بويىدىن ئالتاي بويلىرىغا يۆتكەلگەن ھەمدە بۈگۈنكى قىرغىزىستاندا بارگاھ قۇرغان»①. ئومۇمەن ئالغاندا، بىز ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرق ۋە جەنۇبى ھەم بالقاش كۆلىنىڭ شىمالى، ئورال تېغىدىن ئالتاي تېغىغىچە بولغان كەڭ يايلاقلارنىڭ ئاھالىسى ساك قوۋمىغا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن قەبىلىلەرگە مەنسۇپ دېيەلەيمىز. مەسىلەن، كىرۇس ئىستېلا قىلالمىغان ماسساگېتلار،

① رىكې: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، 1965 - يىلى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان، 42 - بەت.

كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۇرال دەرياسى ۋە ئېمبا دەرياسى بويلىرىدىكى سارۋاماتا (سارماتا) لار ئۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاقىر باشلار دەپ ئاتالغان ئارگىپپائېلار (Argippaei) لارمۇ بار. تاقىر باشلارنىڭ شەرقىدىكى جايدا ئىسسېدونېسلار (Issebbones) ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنى ماسساگېتلارنىڭ زېمىنىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شىمال تەرىپىدە يەككەشىملەر قوۋمى — ئارىماسپلار (Arimaspi) لار بولغان①. تاقىر باشلار چوڭ تاغنىڭ شەرقىدە ماكانلاشقانلىقى، چوڭ تاغنىڭ ئۇرال تېغى ياكى پامىر تېغى ئىكەنلىكى ئاللىقاچان مۇقىملاشتى. لېكىن ھەمبەلى ئۇلارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىسسېدونېسلار ئالتاي رايونىدا ماكانلاشقان دەپ قارايدۇ②. ئەنگلىيىنىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان ئېنسىكلوپېدىيىسىدە بولسا، ئارگىپپائېلار ئالتايدا، يەككەشىملەر قوۋمى — ئارىماسپلار جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدا ماكانلاشقان، دەپ قارالغان. يۇنانىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ساكائۇرائۇكايلار (sakaraukai ياكى sarakaulai, sakaurakai, sagaraukai, sacaraucae, saraucae) مۇ ئادەتتە جۇڭگونىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئېيتىلغان ساكلاردۇر دەپ قارىلىدۇ②. «ئاۋېستا»دا بولسا، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئارىئانلارنىڭ رەقىبى سۈپىتىدە كۆچمەن چارۋىچى خەلق — تۇرانلار تىلغا ئېلىنغان. جۇڭگو ۋە غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا بۇ مىللەتلەرنىڭ نامى ۋە ئۇلارغا ئائىت كونكرېت ئەھۋاللار توغرىسىدا بەك

---

① ھېرودوت: «تارىخ» 440 — 442 - بەتلەر.

② ھەمبەلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 20 - بەت.

③ سىدون كىنوۋ: «قارۇشتى يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» دېگەن كىتابتىكى «تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى تونۇشتۇرۇش» قا قاراڭ.

قىسقا، مۇجمەل مەلۇمات قالدۇرۇلغان. كېيىنكى تەتقىقاتچىلار بۇ قەبرىلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىسىدە تېپىلغان زور مىقداردىكى ئەمەلىي بۇيۇملار يازما يادىكارلىقلارنى زور دەرىجىدە تولۇقلىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاگار مەدەنىيىتى ۋە ئالتايدىكى مانىئىم مەدەنىيىتى ئاساسەن يەنىلا بىرونزا قوراللار مەدەنىيىتىدۇر. بىر مەزگىللىك تەرەققىيات ئارقىلىق ئالتايدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر دەسلەپكى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتتى ھەمدە مىس قورالنى داۋاملىق ئىشلەتتى. بەزى كىتابلاردا ئالتاي رايونىدىن تېپىلغان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قەبرىسىنى مانىئىم دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII — V ئەسىر)، بازىرىك دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى V — III ئەسىر) ۋە شىبار دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن مىلادى I ئەسىرگىچە) دىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە بۆلىدۇ①. بۇ بۆلۈمدە ئاساسەن بازىرىك دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرىمىز.

بازىرىك — بىر تۈركۈم قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ نامى بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گورنو - ئالتايىسكى ئۆلكىسىنىڭ ئۇراگان دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، كاتون دەرياسى بىلەن بىيا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ. بازىرىكتا جەمئىي بەش قەبرە بولۇپ، باسادارىدا ئىككى قەبرە، كاتاندا، بېرېل ۋە شىباردا بىردىن قەبرە بار. ئىلىم ئەھلى بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئىلگىرى - كېيىن، بازىرىك

① پوتاپوۋ: «ئالتايلىقلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئوچېرك»، 1953 - يىل سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 61 -، 62 - بەتلەر.

I، بازىرىك II دەپ ئاتالغان قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇرۇن-
راق، كاتاندا بىلەن شىباردىكى قەبرىنىڭ كېيىنرەك، دەپ
قارايدۇ. بازىرىكتىكى قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدىكى
كۆز قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس. بەزىلەر ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI — IV ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ، بەزىلەر
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III — I ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ.
بۇ يەردە ئالدىنقى قاراش قوللىنىلدى.

بازىرىكتىكى قەبرىلەر 1929 - يىلى تېپىلدى. بۇ ئەينى
چاغدا دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان، ئىنتايىن قىممەتلىك
سەنئەت خەزىنىسى دەپ ھېسابلانغانىدى. ئۇنداقتا، ئۇ قايسى
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

بازىرىكتىكى قەبرىلەر تاش قەبرىلەر بولۇپ، مانىئىمدىكى
توپا قەبرىلەرگە ئوخشىمايدۇ. تاش قەبرىنىڭ ئاستىدا تاكى
قەبرە تۆۋىنىچە مۇز قاتلىمى بار. مۇز قاتلىمى ئىچىدىكى
ياغاچ قۇرۇلمىلىق لەھەت (گۆر)گە جەسەتنى قويىدىغان جاھازا
قويۇلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەبرە ئىچىدىكى بارلىق نەر-
سىلەرنىڭ ئۈستى قار، مۇز بىلەن يېپىلغان. يەر تۈزۈلۈش
جەدۋىلىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ يەرنىڭ ئۈستى يىل بويى قار
بىلەن قاپلىنىپ تۇرمايدۇ. لېكىن، قەبرىنىڭ ئىچىدىكى مۇز
قاتلىمى زادىلا ئېرىمىگەن بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى نەر-
سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ چىرىتمەسلىك رولىنى ئوينىغان.
شۇڭا، تەتقىقاتچىلار بۇ مۇز قاتلىمى سۈنئىي ھاسىل قىلىنغان
دەپ ھېسابلىدى. پەرەز قىلىنىشىچە، قەبرە كۈز پەسلىدە
قوپۇرۇلغان، بۇ پەسىلدە نەم ھاۋا ۋە سوغۇق ھاۋا قەبرە
ئىچىگە كىرەلىگەن، قەبرە ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر قار
تۆكۈپ كۆمۈلگەن. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرە قوپۇرۇلغان.
شۇنىڭ بىلەن يازدا قۇياش نۇرى قەبرە ئىچىگە كىرەلمىگەچكە،

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلغانغا قەدەر قەبرە ئىچى مۇز قېتىش ھالىتىدە تۇرغان.

ئارخېئولوگلار بازىرىكتىكى قەبرىلەرنى قېزىشتا تاش قەبرىنى ئاچقاندىن كېيىن، قايناق سۇ تۆكۈپ توڭنى ئېرىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. قار - مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن، ئارخېئولوگلار قەبرە ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ — دەپنە قىلىنغان جەسەت ۋە بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار — كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇمى ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنىڭ — شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى، بولۇپمۇ تۇرلۇك سەنئەت بۇيۇمى ۋە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئۆز رەڭگى بويىچە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. 2000 يىلدىن ئىلگىرىكى بۇيۇملار خۇددى تۇنۇگۈن كۆمۈلگەندەكلا تۇراتتى. ئارخېئولوگلار ئۇلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نەق مەيداندىلا رەسىمگە ئېلىۋالدى، ھەقىقىي ئەھۋالدىن خاتىرە قالدۇرۇلدى.

بازىرىك 1 - قەبرىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر 20 سانتىمېتىر، دىئامېترى 47 مېتىر بولۇپ، ئىشلىتىلگەن تاش 800 كۇب مېترغا يېتىدۇ. بۇ قەبرىگە بىر قەبىلە باشلىقى كۆمۈلگەن. ئەينى چاغدىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى شارائىتىدا، بۇنداق كۆلەمدىكى قەبرىنى ئازراق كىشى بىلەن قوپۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. قەبرىدە ئىككى جەسەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال، ئەر — پالۋان كەبى بەستلىك بولۇپ، يۈزى قارامتۇل، ياغاچ سۆڭەكى ئېگىزرەك. ئۇنىڭ ئايالى چىرايلىق. بۇ ئىككى جەسەت مايلانغان. ئەر كىشىنىڭ بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن، بەدىنىگە قانىتى بار مۈشۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋان

نىڭ رەسمى ۋە بوغا بەدەن، قوش تومشۇق، موشۇك
قۇيرۇقلۇق ھايۋاننىڭ رەسمى چېكىلگەن، شۇ چاغدىكى
كىشىلەر بەدەنگە گۈل چېكىلسە جىن - ئالۋاستىلاردىن ساق-
لايدۇ دەپ ئىشەنگەن. 1949 - يىلى قېزىلغان بازىرىك 2 -
قەبرىسىگىمۇ بىر قەبىلە باشلىقى دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭمۇ
بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن، لېكىن بۇ گۈل چېكىلگەن ئەرنىڭ باش
سۆڭىكى جەڭ پالتىسى بىلەن چېپىلغاچقا، باش تېرىسى
شىلىۋېلىنغان، ئۇ ئېھتىمال جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەندىن كېيىن،
قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن دەپنە قىلىنغان بولسا كېرەك.
بازىرىكتىكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغانلار ئىنتايىن ھە-
شەمەتلىك بۇيۇملار بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن. ئۇلار جۇۋا
كىيگەندىن باشقا، يەنە جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىدا تىكىل-
گەن تاشقى كىيىم كىيگەن، جۇۋىلار ئاساسلىقى يىلپىز،
تىيىن، ئاق سۆسەر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە تىكىل-
گەن. تاشقى كىيىمنىڭ ئۈستىدىن ئۈنچە - مارجان، ئالتۇن
بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەر باغلىغان. يەنە جەڭچىلەر كىيىدى-
غان ساۋۇت - دۇبۇلغىمۇ بار، ئىشلەتكەن نەرسىلىرى ئىچىدە
ياغاچتىن، ساپالدىن، تېرىدىن ۋە سۆڭەكتىن (مەسىلەن،
سىبىرىيىنىڭ چوڭ مۈڭگۈزلۈك بۇغىسى، قاندىغاي، جەرەن
قاتارلىقلارنىڭ سۆڭىكى، قاۋاننىڭ چىشى قاتارلىقلاردىن)
ياسالغانلىرى بار. ئۇلاردىن يەنە جۇڭگودا ئىشلەنگەن قاشتېشى
بۇيۇملىرى، سىرلانغان بۇيۇملار، ئالتۇن، مىس بۇيۇملار، مىس
ئەينەك ۋە جۇڭگودا توقۇلغان بىر پارچە يىپەك رەخت
قاتارلىقلار تېپىلدى. بازىرىك 1 - قەبرىسىدىن 10 ئاتنىڭ
سۆڭىكى چىقتى، بۇلار ئېھتىمال قۇربانلىق قىلىنغان بولسا
كېرەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېگىرى بار. ئاتنىڭ تىزگىنى
نېپىز ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن. بىر ئېگەرنىڭ قېتىغا بوغا

يۈكى تىقىلغان، يەنە بىر ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقى باشقا نەرسىلەر
بىلەن زىننەتلەنگەن. لەھەت ئىچىدىكى زىننەت بۇيۇملىرى
تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ، كەشتىلەنگەن بىر چىمىلدىقتا ئۇچۇپ
كېتىۋاتقان، شۇ يەردە ياشمايدىغان تۇرنىنىڭ رەسىمى كەش-
تىلەنگەن، بۇ ئېھتىمال جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى قىممەتلىك
توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا
يەنە بىر چوڭ پالاز بولۇپ، پالازدا ئۇنىۋان بېرىش سورۇنى،
يەنى سول تەرەپتە ئولتۇرغان ئايال پادىشاھنىڭ قولىدا
زەيتۇن شېخىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر چەۋەندازنى قوبۇل قىلىۋات-
قانلىقى سۈرىتى سىزىقچىلار ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن. بۇ شۇ يەردە
تارقالغان بىر ئەپسانە بولسا كېرەك. بۇ يەردىن تېپىلغان
يەنە بىر گۈللۈك جىيەكلىك ئەڭ قەدىمىي پالاز ھازىرغىچە
باشقا جايدىن تېپىلمىدى. ئۇنىڭ جىيەكلىرىگە ئاخمىنىدلار
خاندانلىقى ئۇسلۇبىدىكى چەۋەنداز، بۇغا، قانداغاي، ئەتىرگۈل
ۋە مۇقەددەس ھايۋانلارنىڭ رەسىمى توقۇلغان بولۇپ، ئاخ-
مىنىدلار خاندانلىقى سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى
بىلىنىپ تۇرىدۇ. يەرلىكتە ئېتىلگەن شىرداقلارنىڭ يۈزىدىمۇ
ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقى سىزىقچىلار ئارقىلىق
ئىپادىلەنگەن.

بازىرىكتىكى قەبرىلەردە ئاتنىڭ تولۇق ئۈستىخىنى چىق-
قاندىن باشقا، يەنە كالا، قوي (قوي، ئۆشكە)، قوتاز قاتار-
لىقلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ چىقتى، بۇلار ئۇلار باقىدىغان
ئاساسلىق مال - چارۋىلار ئىدى. قارىغاندا، ئەينى چاغدا
باي - كەمبەغەللىك زور دەرىجىدە پەرقلەنگەن بولسا كېرەك.
بازىرىك قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغانلار
يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك كەيپ - ساپا تۇرمۇش كەچۈرگەن
بولسىمۇ، ئالتاي رايونىدىكى بەزى نامرات كۆچمەن چارۋىچى-

لارنىڭ قەبرىسىدە دەپنە بۇيۇملىرى ناھايىتى ئاز چىقتى. بەزىلىرىدىن پەقەت بىر ئات سۆڭىكى ياكى تۇرمۇشقا زۆرۈر لازىمەتلىكلەرلا چىقتى. قەبرىلەرنىڭ كۆلىمى ۋە ھەرقايسى قەبرىلەردىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ خاراكتېرى ئالتايدىكى دەسلەپكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنگەنلىكىنى، باي - كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بايلار تەبىقىسى چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيگەن. ئۇلارنىڭ بايلىقىنىڭ ئاساسى مال - چارۋىلارغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بايلىقى قەبىلە ئەزالىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە سىرتقا قاراتقان ئۇرۇشتا تالان - تاراج قىلىشتىن كەلگەن.

بازىرىك مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا يەنىلا زور مىقداردا برونزا ئىشلىتىلگەن، تۆمۈر قورال تېخى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىمىگەن. لېكىن بۇ دەۋردىكىلەر ئالتۇن جابدۇق ياساشنى ۋە ساپالچىلىقنى بىلگەن. سودا ۋە ئالماشتۇرۇش ئەينى چاغدا ناھايىتى راۋاجلانغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى ۋە باشقا توقۇلما بۇيۇملىرى، تۆرلۈك قاشتېشى بۇيۇملىرى، بوياق بۇيۇملىرى، برونزا قوراللىرى سودا كېلىشىمى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ قولىغا تەگكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ مەن بىرىنچى بابتا ئېيتقان «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان يول ئېچىلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقتا بىر سودا يولى بولغان ۋە كۆچمەن چارۋىچىلار سودا بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن پەرىزىمنى ئىسپاتلايدۇ. دەرۋەقە، بازىرىكتىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملاردىن، بۇ رايون بىلەن ئاخمېنىدلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىران ئوت-

تۈرىستىمۇ سودا ئالاقىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى ئالتايلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى ئانچە بەك قالاق ئەمەستەك قىلىدۇ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلارنىڭ تېخى يېزىقى بولمىسىمۇ، لېكىن مەدەنىيىتىنى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىسىدە ئالتاي ۋە سىبىرىيىدىن تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر ئۈستىدە توختالغاندىن باشقا، XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. XVII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، چار روسىيە مۇستەملىكىچىلىرى (ئاساسلىقى بەزى كازاكلار) سىبىرىيىگە ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىردى. كازاكلار نامراتلىق دەستىدىن ئوب دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدا قەدىمكى قەبرىلەرنى كولاپ، ئۇنىڭدىكى قىممەتباھالىق بۇيۇملارنى ئوغرىلاپ ساتتى. كازاكلار نۇرغۇن قەبرىلەرنى كولاپ، تاپقان قەدىمكى ئالتۇن بۇيۇملار بىلەن شۇ يەردىكى بازارنى تولدۇرۇۋەتتى. بۇ ئاسارئەتىقىلەر ئىچىدە ئالتۇن ۋە برونزىدىن ياسالغان كەمەر توقىسى، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە شەخسلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. چار روسىيە ئىمپېراتورى پېتر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ قىممەتلىك بۇيۇملارنى يىغىپ لېنىنگرادتا ساقلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. سىبىرىيىدىن تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر ئىچىدە كەمەر توقىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە كىشىدە قىزىقىش قوزغايدۇ. بۇنداق كەمەر توقىلىرىدىكى زىننەتلەردە، تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ رەسىمى ۋە تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى بار. ئۇلاردا ھايۋانلار ئۇسلۇبى (animal style) سەنئىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىلىم ئەھلى ئىمپېراتور پېتر يىغىۋالغان سىبىرىيە ئاسار-
ئەتىقىلىرىنىڭ يىل - دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى
VI — II ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ. بۇ تەخمىنەن بازىرىك-
تىكى قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سىبىرىيە
ئاسارئەتىقىلىرى بىلەن بازىرىكتىكى قەبرىلەردىن چىققان
زىننەت بۇيۇملىرىدا ئوخشاش بىرخىل ھايۋانلار ئۇسلۇبى سەن-
ئىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھايۋانلار ئۇسلۇبى سەنئىتى دېگىنىمىز،
قەدىمكى ياۋرو - ئاسىيا يايلىقىدىكى كۆچ-
مەن چارۋىچىلارنىڭ بىرخىل سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ
ئالاھىدىلىكى تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق تۈرلۈك
بۇيۇملارنى، ئالايلۇق، قورال - ياراق، كەمەر توقىسى،
ئەينەك، تەكچە، قازان - قومۇچ، خەنجەر، ئوقيا، نەيزە ئۇچى،
كىيىم-كېچەك، كىگىز - پالاز، چېدىر، پىچاق قاتارلىقلارنى زىننەت-
لەشتىن ئىبارەت. ئۇبۇيۇملار مۈڭگۈزلۈك بۇغا، ئېيىق، قۇش بېشى،
ئات، قوي، كالا، تۆگە، قوتاز، شىر، يولۋاس، بۆرە، قاناتلىق
يولۋاس، كۆپ باشلىق بۆرە، بۈركۈت، يىلان، ئالتۇنبېلىق ۋە
بېلىققا ئوخشايدىغان باشقا غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئوبرازى بىلەن
زىننەتلەنگەن، ئومۇمەن، بۇ ئوبرازلار زىننەتلىنىدىغان ئوبيېك-
تىغا ماسلاشتۇرۇلغان. ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن،
بىر يۈرۈش نەقىشتە دائىم دېگۈدەك بىر ئەپسانىۋى ھېكايە
ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ياۋايى ھايۋانلار
ئېلىشىۋاتقان ھالەت تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرىدە ئادەملەرمۇ
قاتناشقان ھالەت تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار ئىچىدە قاپارتما
نەقىش ۋە رەسىم ئەڭ كۆپ تارقالغان. زىننەتلىنىدىغان
ماتېرىيال ئۈچۈن تۈرلۈك مېتاللار، مەسلەن، ئالتۇن،
برونزا، تۆمۈر ۋە ياغاچ، مۈڭگۈز، تېرە، يۇڭ قاتارلىقلار ئىش-

لىنىلگەن. بۇ خىل سەنئەت مىلادىدىن ئىلگىرىكى VIII — VI ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI — IV ئەسىرلەردە گۈللەنگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى III — II ئەسىرلەرگە كەلگەندە تەدرىجىي زاۋال تاپقان. بۇ خىل هايۋانلار ئۇسلۇبى سەنئىتىمۇ يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن.

بازىرىك ئادىمى قەدىمكى دەۋردىكى قايسى ئادەملەرگە مەنسۇپ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش قىيىن. هەمبەلى ئۇلارنى هېرودوتنىڭ «تارىخ» كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسسىدونىسلار دەپ قارايدۇ①. بۇ قىياستىنلا ئىبارەت، خالاس (هازىرقى زامان تارىخ - جۇغراپىيە ئالىمى خوتسېن ئىسسىدونىسلار تىيانشاننىڭ شەرقىدىكى مەلۇم جايدا ياشىغان دەيدۇ). مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۇلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوۋملار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان هەمدە ئۇلار ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى زور دەرىجىدە قوبۇل قىلغان②.

① هەمبەلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 26 - بەت.

② غەرب ئاپتورلىرى ئېيتقان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تورلۇك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن جوڭگونىڭ خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ نامى ئوخشاشمايدۇ. ئېهتىمال ئىككى تەرەپ بىر قەبىلىنى هەرخىل نام بىلەن ئاتىغان بولسا كېرەك.

# ئۈچىنچى باب

# ئالېكساندىر[①]نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇنان خاندانلىقى

## 1 - بۆلۈم ئاخېمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە شەرققە - ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى

ئاخېمېنىدلار سۇلالىسى ئوخشاش بولمىغان تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان، ھەرخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەبىلە ۋە مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئورتاق ئىقتىسادىي ئاساسى يوق، ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ھەربىي-مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە ئاساسىغا قۇرۇلغان خاندانلىق ئىدى. بۇ بىرلەشمە گەۋدىنى قۇدرەتلىك مۇستەبىت خان ھوقۇقى ۋە ھەربىي كۈچ ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ خاندانلىقنىڭ نوپۇزى چۈشكەن ھامان، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

---

① ئالېكساندىر — ئىسكەندەر — ت.

ئاستىدىكى ھەرقايسى رايونلاردا قوزغىلاڭ ۋە ئىسيان كۆتۈ-
رۈلدى. ئىمپېراتور كىرۇس كىچىك ئاسىيادىكى ھەرقايسى
يونان شەھەر دۆلەتلىرىنى ئىستىلا قىلغاندىن بۇيان، ئۇ جاي-
دىكى گىرېكلار ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئىزچىل
داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئافىنالىقلار ئۇلارغا ياردەم بەردى.
دارىئۇس I ئافىنانى جازالاش ئۈچۈن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى
492 - يىلى يازدا ھېللېسپونت بوغۇزى ئارقىلىق فراكىيىدىن
ئۆتۈپ، ياۋروپا زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ يۇنانغا ھۇجۇم قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن 43 يىلغا سوزۇلغان يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى
باشلاندى. بۇ ئارىلىقتا دارىئۇس I، شىيۇسىس I، ئاتاشيۇسىسلار
تەختتە ئولتۇردى، پېرسىيىنىڭ ئارقا سېپىدىكى ھەرقايسى
ۋىلايەتلەردە دائىم توپىلاڭ يۈز بېرىپ، ياردەم ئۈزۈلۈپ
قالغاچقا، پېرسىيە ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولدى ۋە
ئۇرۇش ئافىنا بىلەن سۈلھ تۈزۈش بىلەن ئاخىرلاشتى.

يۇناندىكى شەھەر دۆلەتلىرى پېرسىيە بىلەن بولغان
ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جە-
ھەتتە تېز تەرەققىي تاپتى، قۇللۇق تۈزۈم ئەۋج ئالدى. يۇ-
ناننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ماكېدونىيە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىدە تەدرىجىي تەرەققىي تېپىشقا باشلىدى، ئىپتىدائىي
جامائە تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ئاساسىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى
IV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ماكېدونىيە بالقان
يېرىم ئارىلىدىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى. ماكېدو-
نىيە خانى فىلىپ II سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ،
يۇناندىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىقىنى بىستچىست
قىلىپ، يۇنانلىقلارنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 337 - يىلى
كورىنفتا ئېچىلغان يىغىندا ماكېدونىيىنىڭ يۇناندىكى زومىگەر-
لىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھەمدە پېرسىيىگە يۈرۈش قىلىش

قارارىنى ماقۇللاشقا مەجبۇر قىلدى.

كورىنف يىغىنىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، فىلىپپ II پېرسىيە بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلىق كۆردى. لېكىن ئۇ يۈرۈش قىلماي تۇرۇپلا قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەچكە، ئوغلى ئالېكساندىر تەخت ۋارىسى بولدى. شەرققە يۈرۈش پىلانىنى ئۇ ئىجرا قىلدى.

ئالېكساندىر ماكېدونىيىلىكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە قىلغان ھۇجۇمنى يۇنانلىقلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن دېگەن شوئار ئاستىدا ئېلىپ باردى. ئىران زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتىن ئاۋال، ئالېكساندىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەسلىدە پېرسىيىگە تەۋە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە ۋە مىسىرنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 331 - يىلى مىسىردىن ئاتلىنىپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا گائۇگامېلا (Gaugamela)① دا پېرسىيە قوشۇنى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، دارىئۇس III ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان پېرسىيە قوشۇنىنى تەلتۆكۈس مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. دارىئۇس باكتىرىيە - سوغدىيانانىڭ ۋالىيسى بىسۇس ۋە باشقا ۋالىيلار بىلەن شەرققە — مىدىيىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغقا قاچتى. بىسۇس قاتارلىقلار ئۇنى تەختتىن چۈشۈشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇ قوشۇلمىغاچقا، ئۇلار ئۇنى تەختتىن چۈشۈردى. ئالېكساندىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قوغلاپ كەلدى. بىسۇس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 - يىل 7 - ئايدا دارىئۇسنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچتى ھەمدە ئۆزىنى پېرسىيە خانى ئاتاشىيۇس IV دەپ

① گائۇگامېلا — تىگىرىس دەرياسى بويىدىكى نىنىۋىي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 19 كىلومېتىر يىراقلىقتا، بۈگۈنكى ئىراقنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا.

ئاتىدى. ئۇنى قوللىغانلار ئاراخوسىيە بىلەن درانگىئانا (Drangiana) نىڭ ۋالىيسى بارسانتېس (Barsaentes)، ئارىيە ۋالىيسى ساتىبارزانېس (Satibarzanes)، سوغدىيانالىق ئاقسۆڭەك خورىنېس (Chorines)، ئوكسىيارتېس (Oxyartes) ۋە سپىتاما قاتارلىقلار ئىدى. لېكىن بىسۇس كۆتۈرۈپ چىققان «ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» بايرىقى ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى.

دارىئۇس III نىڭ قەتلى قىلىنىشى 220 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاخمېنىدلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى، ئالېكساندىر بىسۇسنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىنى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ ۋارىسى دەپ ئاتىدى. ئۇ باكتېرىيىگە قېچىپ كەتكەن بىسۇسنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى قەدىمىدىكى ۋەزىپىسى قىلدى. ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، قاتناش يولىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئالېكساندىر ئالدى بىلەن شەرقىي ئىراندىكى ھەرقايسى جايلارنى ئىستېلا قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 - يىلى قىشتا، ئالېكساندىر ماكېدونىكى شىمالغا داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن فراكىيىنى ئىشغال قىلدى، ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسى تاپۇرىئا (TaPuria) تەسلىم بولدى، ئارقىدىن ئارىيىنى ئالدى، ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسى ساتىبارزانېسمۇ تەسلىم بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ شەرقىي شىمالدىكى قېچىننى ئىشغال قىلىپ باكتېرىيىگە بېسىپ كىرىشكە ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىيىدە ئىسيان كۆتۈرۈلگەچكە، ئارقىسىغا قايتىپ جەنۇبتا درانگىئانانى ئىشغال قىلدى، سەپەر ئۈستىدە ئالېكساندىر (ھىرات) شەھىرىنى بەرپا قىلدۇردى. درانگىئانادا، ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەر قوماندانى پىلوتاس (Philotas) ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن،

ئاتىسى پارمېنىئو (Parmnio) بىلەن بىللە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى.

ئالېكساندېر خۇراسان، بېلوجىستان ۋە سىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلىنىڭ بېشىدا باكترىيىگە ھۇجۇم باشلىدى. يۇنان قوشۇنى سۇخىرماند دەرياسى بويىدىن ئاتلىنىپ ئاراخوسىيە (قەندىھار) دىن ئۆتكەندىن كېيىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، كارۋان يولى بىلەن كابۇلغا يېتىپ باردى. ئۇ ئېھتىمال چارىكال تاغ يولى ئارقىلىق ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ، باكترىيە (قەدىمكى زاماندا ھىندىقۇش تېغى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايون باكترىيە دەپ ئاتالغان) گە بارغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالېكساندېر باكترىيىگە كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن دراپساكا شەھىرى (بۈگۈنكى ئاندېراب، Drapsaca) گە يېتىپ بارغان، بۇ چاغدا بىسۇس ئوكسيارتېس، سىپتاما قاتارلىقلار بىلەن ئائورنوس (Aornos يەنى تاشقورغان، مازارشەرىپنىڭ شەرقىدە ئىدى. ئالېكساندېر دراپساكادا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا، 250 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئائورنوسقا ھۇجۇم قىلدى. بىسۇس ئۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا قاچتى، ئۇ باكترىيىدىن كېتىشتىن ئاۋۋال، ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارنى كۆيدۈردى، يول، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتتى ھەمدە كېمىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوغدىيانىدىكى نائۇتاكا (يەنى شەھرى سەبز، Nautaca) غا قاچتى. ئالېكساندېرنىڭ قوشۇنى قارشىلىقسىزلا باكترىيىنى ئىشغال قىلىپ، پايتەخت باكترا زارىئاسپا (Bactra — Zariaspa) غا كىردى ھەمدە پېرسىيىلىك ئارتابازۇس (Artabazus) نى ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى.

لېكىن بىسۇسنىڭ پۇختا مۇداپىئە كۆرۈپ، تالا - تۈزنى قۇرۇقداپ قويۇش ئۇسۇلى ئالېكساندىر قوشۇنىنىڭ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈشىنى توسۇيالمىدى. ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنى تۇلۇم قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئامۇ دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. بىسۇسقا ئەگەشكەن سوغدىيانلىق ئاقسۆڭەك سىپتاما ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ، بىسۇستىن يۈز ئۆرۈش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ بىسۇسنى نەزەربەنت قىلىپ قويۇپ ئالېكساندىرغا خەت ئەۋەتىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ بىسۇسنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى. ئالېكساندىر قول ئاستىدىكى گېنېرالى پتولمىنى ئەۋەتتى. ئۇ بىسۇسنىڭ بىر كەنتتە نەزەربەنتتە تۇرغانلىقىنى، سىپتاما ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. پتولمى بىسۇسنى ئەكەلگەندىن كېيىن، ئالېكساندىر بىسۇسنى قامچىلاش، بۇرۇن - قۇلاقلىرىنى كېسىۋېتىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئېكباتانادا ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخمېنىدلار جەمەتىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقى تەلتۆكۈس يوقىتىلدى.

ئالېكساندىر نائۇتاكانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سوغدىيانانىڭ پايتەختى — ماراكەند (سەمەرقەند) كە ھۇجۇم قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلى يازدا ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئالېكساندىر بۇ شەھەردە قوشۇنلىرىنى دەم ئالدۇردى، تەرتىپكە سالدى ۋە شەھەرنى ساقلاشقا قوشۇن قالدۇرۇپ، ئاندىن سىر دەرياسى بويلىرىغا يۈرۈش قىلدى.

ماراكەندنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سىر دەرياسى بويلىرىغا بېرىش ئۈچۈن ئۇسرۇسانا (usrusana)① رايونىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ رايوندىكى سوغدىيانلار يۇنان

① ئۇ يەر لېنىنئاباد بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئارىلىقىدا، يەنى ئۆرۈتۆپە رايونىدا.

قوشۇنىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاشلىق يىغىشقا ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن يۇنان ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. ئالېكساندىر ئۇلارنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇردى، ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى خەتەرلىك قىيا تاش ۋادىلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. بەزى يەرلىك ئاھالىلەر ئاداققىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، بەزىلىرى تەسلىم بولۇشنى راۋا كۆرمەي ئۆزىنى قىيا تاشتىن تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئالېكساندىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ سانى 22 مىڭ كىشىدىن كۆپرەككە يەتتى.

سىر دەرياسى — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىنىدىغان يايلاق بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق رايونىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل. ئۇنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ساك قەبىلىلىرى ماكانلاشقانىدى. سول قىرغىقىدا چوڭ-كىچىك شەھەر-بازارلار بار ئىدى. ئالېكساندىر ئۇسرۇسانا رايونىدىكى قارشىلىقنى باستۇرۇپ، سىر دەرياسى قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردىكى شەھەر-بازارلارنىڭ خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ساكلارمۇ قوشۇن تەشكىللەپ، دەريادىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ كۈرەشكە ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرغانىدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدە كىرۇس شەھىرى قوزغىلاڭ مەركىزى ئىدى. بۇ شەھەردىكى ئاھالىلەر-نىڭ جەڭگىۋارلىقى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئالېكساندىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى، ئۇ قوشۇنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە يول ئاچتى، كوچا-دوقمۇشلاردا ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭدە 8000 شەھەر ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئالېكساندىرنىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلاندى.

ئىنتايىن دەھشەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق، يۇنانلىقلار

جەمئىي يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ يەتتە شەھەردىكى قارشىلىق كۆرسەتكەن ئاھالىلەر قىرغىن قىلىندى، ئامان قالغانلىرى قۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالېكساندىر ئۇ يەردە ئالېكساندىر ئېسخاتې (ئالېكساندىرنىڭ ئەڭ چەتتىكى شەھىرى دېگەن مەنىدە، ھازىرقى ئورنى تەخمىنەن لېنىنئاباد رايونىغا توغرا كېلىدۇ) دەپ ئاتالغان يېڭى بىر شەھەرنى بەرپا قىلدۇرۇپ، ئۇنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ساك كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىشتىكى تايانچ بازا قىلدى.

بۇ چاغدا، ساكلار سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا قوشۇن توپلاپ ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا سىپتاما باشچىلىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارمۇ ماراكەندتە تۇرۇشلۇق يۇنان ئەسكەرلىرىنى قورشىۋاپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇنداق ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالېكساندىر ماراكەندتىكى قورشاۋنى يېمىرىش ئۈچۈن بىر تارماق قوشۇن ئەۋەتتى، ئۆزى بولسا ساكلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى.

ئالېكساندىر ئالدى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ساكلارنى جازالاش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى دەريادىن ئۆتۈپ جەڭ قىلىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئالېكساندىر كەسكىن قارارغا كېلىپ، ئۇلارنى سال ياساپ دەريادىن ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. بۇ ئېھتىمال بېكۋات دېگەن جاي بولسا كېرەك. دەريانىڭ شەرقىدىكى ساك قەبىلىلىرى بىر مەھەل قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، يەنىلا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار 1000 دىن ئارتۇق يارىدار ۋە 150 نەپەر ئەسىرنى تاشلاپ قاچتى. ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنىمۇ خېلى تالاپەتكە ئۇچرىدى. يۇنانلىقلار ساكلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ،

قوْملۇقتىكى تومۇز ئىسسىق، سۇسىز، چۆل ـ جەزىرە، توْيىۇق يولغا كىرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنىدا تولغاق كېسىلى تارقالدى، بەزىدە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مۇشۇنداق ئەهۋالدا ئالېكساندىر قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. يۇنان تارىخشۇناسى ئارىئان: يۇنانلىقلار يەنە قوغلىغان بولسا، پۈتۈن قوشۇنى هالاك بولاتتى، دەيدۇ.

ئالېكساندىر ماراكەندنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتكەن پارنۇچېس (Pharnuches) قوماندانلىقىدىكى قوشۇن پولىتىمېتۇس دەرياسى (polytimetus، يەنى زەرەپشان دەرياسى، نام دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋادىسىدا سپىتاما تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئالېكساندىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساكلار بىلەن بولغان سۆهبەتنى تېز ئاياغلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم قوشۇننى ئالېكساندىرىيە ئېسخاتېنى مۇهاپىزەت قىلىشقا قالدۇردى، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ ئۈچ كۈندە 300 كىلومېتىر يول يۈرۈپ ماراكەندكە قايتىپ، سپىتاماغا هۇجۇم قىلدى. لېكىن سپىتاما قارشىلىق كۆرسەتمەيلا دەرهال مۇهاسىرىدىنى بۇزۇپ چىقىپ بۇخاراغا چېكىنىپ پاناهلاندى. شۇنىڭ بىلەن يۇنان قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ جازا يۈرۈشى قىلدى. بۇ جەرياندا، سپىتاما بەزىدە پۇرسەت يار بەرسىلا يۇنانلىقلارغا تويۇقسىز زەربە بېرىپ تۇردى. بىر قېتىم يۇنان قوشۇنى زەرەپشان دەرياسىدىكى بىر ئارالدا ساكلار بىلەن سپىتامانىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى، سپىتاما يەرلىك ئاهالىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ماراكەندكە يەنە بىر قېتىم قورشاپ هۇجۇم قىلدى. ئالېكساندىر زور قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەنە يايلاققا چېكىندى. سپىتاما مۇشۇنداق پارتىزان ئۇرۇشى تاكتىكىسى ئارقىلىق،

يۇنانلىقلارنى پاراكەندە قىلدى. ئالېكساندىر ساكلار بىلەن بولغان جەڭدىكى ئوڭۇشسىزلىقنىڭ تەجرىبە - ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يايلاقتا قوغلىمىدى، ئەمما زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدىكى تىنچ ئاھالىلەرنى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلدى. ئارىئاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئالېكساندىر سوغدىيانلارنى پولىتىمېتۇس دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان جايلاردىن سۇسىز قۇملۇققا قوغلىدى، لېكىن قۇملۇقتا قوغلىمىدى، بەلكى قايتىپ كېلىپ كەنت- قىشلاقلارنى كۆيدۈردى (چۈنكى كەنتلەردە يوشۇرۇنۇۋالغان قوزغىلاڭچىلار بار ئىدى)، ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋارانلارنى نابۇت قىلدى. يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلىنىشىچە، يەرلىك ئاھالىلەردىن 120 مىڭ كۆپرەك كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

ئالېكساندىر سوغدىيانا خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، ماراكەندنى يەنە بىر قېتىم كونترول قىلدى. بۇ ۋاقىت قىش پەسلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلى) ئىدى، ئۇ بىر قىسىم قوشۇن (3000 پىيادە ئەسكەر) نى شۇ يەردە تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى زارىئاسپاغا قايتىپ قىشلىدى.

شۇ يىلى قىشتا، مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان خارەزىم خانى پاراسمانېس 1500 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ باكتىرىيىگە كېلىپ، ئالېكساندىردىن ئۆزئارا دوستانە ئۆتۈشنى ھەمدە ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا ئالېكساندىرنىڭ قارا دېڭىز بويلىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى. ئالېكساندىر جەنۇبقا — ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قوشۇنى يەنە 190 مىڭ يۇنانلىق ياللانما ئەسكەر بىلەن تولۇقلانغان، ياۋروپادىكى سكىفلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ نۇرغۇن سوۋغات تەقدىم

قىلغان بولغاچقا، ئالېكساندىر زور دەرىجىدە كۆچەيگەنىدى.
ئالېكساندىر ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ ۋىلايەت تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋالىيلارنى تەيىنلىدى، دەسلەپتە پارسلارنى، كېيىن ماكېدونىيىلىكلەرنى خىزمەتكە قويدى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ قوشۇنىغا، مالىيىسىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەخسۇس باشقۇرغۇچى ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 328 - يىلى سوغدىياناغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى.
ئالدىنقى يىلى سوغدىيانلار ئالېكساندىرنىڭ شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ. لېكىن ئۇلار تىز پۈكمىگەن، ئالېكساندىر تەيىنلىگەن ۋالىيغا ئىتائەت قىلىشقا ئۇنىمىغانىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەر قورغان - قەلئەلەر ياكى تاغ - ئېدىرلارغا كىرىۋالدى. ئالېكساندىر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوغدىياناغا يەنە بىر قېتىم كەلگەندە، سپىتاما ئۇنىڭغا بىر كۆڭۈل ئاراملىق بەرمىدى. ماسساگېتلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ دائىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ يۇنانلىقلارغا ئېغىر تالاپەت يەتكۈزدى. ئالېكساندىر قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى بەش تارماققا بۆلدى، ئۇلار بەش يولغا بۆلۈنۈپ سوغدىيانادا تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىنى ئۆلتۈردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى جاي قاقاسلىق، خارابىلىككە ئايلاندى. ئاخىرىدا ئالېكساندىر ۋە ھەرقايسى تارماق قوشۇن ماراكەندتە ئۇچراشتى. شۇ يەرنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالېكساندىر سوغدىيانادا شەھەر بىنا قىلىش ھەمدە يۇنانلىقلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. سترابو ئالېكساندىر سوغدىيانا بىلەن باكتى-

رىيىدە سەككىز شەھەر بىنا قىلدۇرغانلىقىنى، چارلىستىن بولسا 12 شەھەر بىنا قىلدۇرغانلىقىنى ئېيتقان. كونكرېت ئېيتقاندا، مەرغىيانا (مونۇرۇ) نىڭ جەنۇبىدا ئىككى قەلئەلىك شەھەر [ساراكس (Sarakhs) بىلەن مېرئۇچاك (MeruChak)، بۈگۈنكى بارا مورغاب) قا توغرا كېلىدۇ]؛ باكتىرىيىدە تۆت قەلئەلىك شەھەر (ئۇلارنىڭ ئورنى بۈگۈنكى مانمانا، ئاندىقوي، سىباگان ۋە سارى پورغا توغرا كېلىدۇ) بىنا قىلىنغان. يۇقىرىقىلار بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتقانلىرىدۇر. قىسقىسى، ئالېكساندىر جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدا چېگرا رايونلارغا ئاھالە كۆچۈرۈش سىياسىتىگە ئوخشاش سىياسەت قوللاندى. ئۇرغۇن يۇنانلىقلار، ماكېدونىيىلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە باشقىلار بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا يېڭى ئامىللار كۆپەيدى.

ئالېكساندىر سپىتامانىڭ ماسساگېتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىككى گېنېرالىنى قورشاپ يوقىتىشقا ئەۋەتتى. لېكىن سپىتاما 600 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئالېكساندىرنىڭ ئارقا سېپىگە، يەنى باكتىرىيىگە، ھەتتا ئۇ يەرنىڭ پايتەختى — زارىئاسپاغا ھۇجۇم قىلدى. ماكېدونىيە قوشۇنى قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەندە، سپىتاما يەنە قۇملۇققا قېچىپ كەتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 328 - يىلى كۈزدە، سپىتاما يەنە 3000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ سوغدىيانا بىلەن ماسساگېتلار زېمىنىنىڭ پاسىلىدىكى جايباخ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، كەسكىن جەڭدە سپىتاما يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى، ئۇ 800 ئاتلىق ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ، ياياقلا چېكىندى.

بۇ چاغدا، ئالېكساندىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا

قىلىش سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولىدى. ئۇ ئاساسىي دىققەت ئېتىبارىنى نوقۇل ھالدا باستۇرۇشقا قارىتىشتىن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنى ئۆزىگە تارتىش ھەمدە يەرلىك تۈزۈم ۋە ئۆرپ - ئادەتنى يولغا قويۇشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يەرلىك مىللەتلەرنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇردى. مەسىلەن، سەجدە قىلىش (Proskynesis)، مىدىيىلىكلەرنىڭ ئۇزۇن چاپىنىنى كىيىش قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى، ھەتتا ئالېكساندىرنىڭ ئۆزىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىش، تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى يولغا قويۇشتا باشلامچى بولدى. مەسىلەن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغدا پارسچە كىيىم كىيدى. ئالېكساندىرنىڭ بۇ خىل سىياستى تەبىئىيكى ماكېدونىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى بەزى مۇتەئەسسىپلەر گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 328 - يىلى زارىئاسپادا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا پېرسىيىنىڭ تۈزۈمى بويىچە خان ئالدىدا سەجدە قىلىش كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە بولدى. ئۇرۇقداشلىق جامائە تۈزۈمى يىمىرىلگىلى ئانچە ئۇزۇن بولمايلا ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ماكېدونىيىلىكلەر سەجدە قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا، ئاخىر ماكېدونىيىلىكلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى خانغا سەجدە قىلىشى كېرەك دېگەن قارارنى چىقىرىشقا توغرا كەلدى. ئېيتىلىشىچە، ماكېدونىيىلىك بەزى ئاقسۆڭەكلەر ئالېكساندىرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ماراكەندتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق زىياپەتتە، ئالېكساندىر جەڭ مەيدانىدا ئۆز جېنىنى قۇتقۇزغان ئەڭ يېقىن گېنېرالىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن، سەۋەبى ئۇ مەست بولۇپ قالايمىقان سۆزلىگەنمىش، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۈرەشنى ئەكس ئەت

تۇرۇپ بېرىدۇ.

ئالېكساندىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنى ئۆزىگە تارتىش سىياسىتىنى قوللانغاچقا، بۇ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى يۇنانلىقلار تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر يازغۇچى: سپىتامانىڭ ئايالى ئېرىنى ئالېكساندىرغا تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەندە، تەكلىپى رەت قىلىنغاچقا، ئايالى ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئالېكساندىرغا ئاپىرىپ بەرگەن دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سپىتاما مەغلۇپ بولۇپ ماسساگېتلار ئارىسىغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئالېكساندىرغا ئاپىرىپ بەرگەن دېگەن قاراشمۇ بار. ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قارىغاندا سپىتامانىڭ ئۆلۈشى ئالېكساندىرنىڭ سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ بۆلۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ.

ئالېكساندىر سپىتامانىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، نائۇتاكادا قىشلىدى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 328 — 327 - يىللار). ئەمدى پەقەت سوغدىيانادىكى تاش قەلئەدىكىلەرلا تىنچىتىلمىغانىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلىدىن بۇيان، نۇرغۇن سوغدىيانلار ئاپەتتىن قېچىپ، ئارقا - ئارقىدىن مۇشۇ قەلئەگە كىرىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئوكسىئارتېس ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ بار ئىدى. ستىرابو، ئارىيئان، كۇرتىئۇس① قاتارلىق ئاپتورلار سوغدىيان قەلئەسى (Sogdian Rock)، سىزىمىت قەلئەسى، ئارمازا قەلئەسى، خېلمان قەلئەسىدىن ئىبارەت تۆت قەلئە بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

① كۇرتىئۇس (CurtiusRufus·Q) نىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئۇ تاستادىن كېيىنكى لاتىن يازغۇچىسى. ئۇ «ئالېكساندىرنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابنى يازغان.

لېكىن ئاساسلىقى سوغدىيان قەلئەسىلا بار ئىدى. بۇ قەلئە نائۇتاكاغا يېقىن مەلۇم بىر جايدىكى قىيا تاشلىقتا بولۇپ، ئۇرنى ئىنتايىن خەتەرلىك، قىشتا قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، مېڭىش تەس بولغان جاي ئىدى. بەزى كىتابلاردا بۇ قەلئەنى مېشېد (Meshed) نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كالاتى نادىرى (kalat - i - Nadiri) ياكى پېترا ئوكسىئانا (Petra oxiana) دا دەيدۇ①. ئۇنىڭدىن قالسا، خېلمان قەلئەسى بولۇپ، پارىتاك (ئۇرنى ئېنىق ئەمەس) تا ئىدى. بۇ قەلئە خەتەرلىك قىيا تاشلىقتا جايلاشقان، ئۇ يەردە دەل-دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، نۇرغۇن خان - بەگلەر، جۈملىدىن خېلمانمۇ شۇ قەلئەگە يوشۇرۇنغانىدى. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلى باھاردا، ئالېكساندىر ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، سوغدىيان قەلئەسىنى ساقلاۋاتقانلار يۇنانلىقلار قەلئەنى ئالماقچى بولىدىكەن، قانىتى بولۇشى كېرەك دەپ مازاق قىلىشتى. لېكىن ئالېكساندىر ئۆزى قوماندانلىق قىلغان 300 كىشىلىك زەربىدار ئەترەت تۆمۈر قوزۇقلارنى قىيا تاشلارغا قېقىپ يامىشىپ چىقىپ، سوغدىيان قەلئەسىدىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، خېلمان قەلئەسىمۇ ماكېدونىيىلىكلەر تەرىپىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىشغال قىلىندى. سوغدىيان قەلئەسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئوكسىئارتېس ۋە ئۇنىڭ قىزى روكسانا، باشقا قەلئەلەردىكى سوغدىيانالىق ئاقسۆڭەكلەردىن خېلمان، سىزمىت قاتارلىقلارمۇ ئالېكساندىرغا تەسلىم بولدى. ئالېكساندىر يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە ئېتىبار بېرىش ۋە ئۆزىگە تارتىش سىياسىتىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭچىلىك قىلدى

①سكرىنىپ بىلەن رۇس يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1899 - يىل لوندون نەشرى، 8 - بەت.

ھەمدە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى، ئىس-
يانغا قاتناشمىغان، بەلكى ئىسيانغا قارشى تۇرغانلارنى پۇل
بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۆزى بىلەن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ
ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالېكساندىر ئوروپىيە
ئىسىملىك بىر كىشىنى سوغدىياناغا خان قىلىپ تەيىنلىدى،
يەنە ئوكسىئارتىسنىڭ قىزى روكساناغا ئۆيلەندى. شۇڭا، بۇ
ئاقسۆڭەكلەر ئالېكساندىرنى ساداقەتلىك بىلەن قوللىدى. مە-
سىلەن، سىزمىت قوشۇن ۋە 2000 تۆگە بىلەن ئالېكساندىر-
نىڭ ساكلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ياردەم بەردى.
خورىئېن ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنىنى ئىككى ئاي ئاشلىق بىلەن
تەمىنلىدى. ئوكسىئارتىسمۇ ئۆز خەلقىنى ئىستېلاچىنىڭ قول
قىلىشىغا ياردەم بەردى. مەسىلەن، كېيىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى
325 ـ يىلى باھاردا، باكترىيىنى ساقلاۋاتقان يۇنان قوشۇنى
غوۋغا كۆتۈرگەندە، ئوكسىئارتىس شۇ چاغدا ھىندىستاندا تۇرۇ-
ۋاتقان ئالېكساندىرغا ئەھۋالنى دەرھال مەلۇم قىلدى. ئالېك-
ساندىر دەرھال تەدبىر قوللىنىپ ئىسيانچى قوشۇننى باستۇردى
ھەمدە ئوكسىئارتىسنى پاروپامىسادې (ParoPamisadee، بۈگۈن-
كى كابۇل دەرياسى ۋادىسى) ئۆلكىسىگە ۋالىي قىلىپ تەيىن-
لىدى. بۇ رايوندا ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈ-
رۈلگەندە، ئوكسىئارتىس ئۇنى ئۆز قولى بىلەن باستۇردى ھەم-
دە ئىسيانچىلارنى شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈردى. شۇڭا، يېقىن-
قى زامان يازغۇچىسى تارن (Tarn) مۇ، ئالېكساندىرنىڭ
روكساناغا ئۆيلىنىشى بىر خىل سىياسىي پائالىيەت، ئۇنىڭ
مەقسىتى ـــ ماكېدونىيىلىكلەرنى شەرقىي ئىراندىكى ھەر-
قايسى مىللەتلەر بىلەن باكترىيىلىكلەر، سوغدىيانالار ۋە
ساكلار بىلەن ياراشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي ئىراندا ئىتتىپاق-
چىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، بولۇپمۇ

يېقىن كەلگۈسىدە ھىندىستانغا قىلىدىغان يۈرۈشىدە قوشۇننى ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تولۇقلاش ئۈچۈن ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، ئالېكساندىرنىڭ شۇ قېتىمقى ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتىكى تەدبىرلىرىمۇ ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزدى.

ئالېكساندىر سوغدىيانانى تولۇق ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قايتتى، باكتىرىيىنى ساقلاشقا ئون مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 30 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر قالدۇرۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلى يازدا شەرققە — ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى.

ئالدىنقى بابتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ھىندىستاندا 16 بەگلىكنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھىندى دەرياسى بويلىرىدىكى پەنجاپ رايونى ئاخمېنىدلار خاندانلىقى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىپ، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋىلايىتىگە ئايلانغانلىقى ئۈستىدە توختالغانىدۇق. 16 بەگلىكنىڭ زومىگەرلىكنى تالىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرىشى داۋامىدا، ماگادخا بەگلىكى كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ گانگى دەرياسى بويلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى، ئۇنىڭ زېمىنى ھىندىستاننىڭ پۈتكۈل شەرقىي شىمال قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. لېكىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ھىندى دەرياسى بويلىرى ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بىر مۇنچە كىچىك بەگلىكلەرنىڭ يەرلىك بىرلەشمىلىرىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىچىدە ئاساسلىقلىرى تاكسىلېس (Taxiles) خان بىلەن پورۇس (Porus) خاننىڭ بەگلىكى ئىدى.

ئالېكساندىر زور قوشۇن (باكتىرىيىلىك، سوغدىيانلىق، ئاراخو-

سىنىلىك، فېنىكىيىلىك ۋە مىسىرلىق ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ، كابۇل دەرياسىنى بويلاپ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا يۈرۈش قىلغاندا، قەندىھار قەبىلىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ياندۇرقى يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 326 - يىلى) 2 - ئايدا، ئالېكساندىرنىڭ زور قوشۇنى ھىندى دەرياسىدىن ئۆتكەندە، تاكسىلېس خان بىلەن پورۇس خان ئۆز ئارا رەقىبلەردىن بولغاچقا، ئۇ ئالېكساندىرغا 3000 كالا، ئون مىڭ قوي ھەدىيە قىلىپ بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ياردەم سورىدى. پورۇس خان بولسا كەشمىردىكى يەرلىك بىرلەشمىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابىسارېس (Abisares) بىلەن بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ماكېدونىيە قوشۇنى تاكسىلېس بەگلىكىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ ھىندى دەرياسىنىڭ تارمىقى خداسپى دەرياسى (جروم دەرياسى) بويلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى (پورۇس بەگلىكى جروم دەرياسى بىلەن چېناب دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى). بۇ دەريا قىرغىقىدا پورۇسنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، جەنۇبقا — خىسۋاس (ساترىج دەرياسى) بويلىرىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى ۋە بۇ دەريادىن ئۆتۈپ ماگادخا بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. لېكىن ئەسكەرلەر چارچاپ كەتكەچكە، دەريادىن ئۆتۈشنى رەت قىلدى، شۇڭا، ئالېكساندىر 10 - ئايدا گېدروسىيە (Gedrosia، بۈگۈنكى ماكران بىلەن بېلوجىستان) بىلەن كېرماندىن ئۆتۈپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 324 - يىلى پېرسىيىدىكى سۇسا شەھىرىگە قايتىپ كەلدى.

ئالېكساندىرنىڭ شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايونلارغا غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خەلق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى، شەھەر - بازارلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى،

مال - مۈلۈكلەر تالان - تاراج قىلىندى، ئىگىلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنى ئەلۋەتتە ئىنكار قىلىش كېرەك. بەزى غەرب يازغۇچىلىرى قەستەن ئالېكساندېرنىڭ ئىستېلاچىلىق قىلغانلىقىنى پەردازلاپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇنى غەرب مەدەنىيىتىنى تارقاتتى دەۋاتىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس.

ئالېكساندېرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىلەن نۇرغۇن يۇنانلىقلار، ماكىدونىيىلىكلەر شەرققە كەلدى. ئۇنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ئۇ كىشىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشتۇردى، ئۇلار يۇنانلىق ۋالىينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھايات كەچۈردى، يەرلىك مىللەتلەر بىلەن توي قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا شەھەرلەر بىنا قىلىندى، ھەربىي تېرىقچىلىق، ماكىدونىيىنىڭ تۈزۈمى قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى، يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىمۇ ئېلىپ كېلىندى. بولۇپمۇ يۇناننىڭ سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇنانلىقلار، ماكىدونىيىلىكلەرمۇ شۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى قوبۇل قىلدى، ھەتتا باكتىرىيىلىكلەرنىڭ ئاناخىد (Anahid) ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلدى①. يۇنانلىقلار شەھەر - بازارلارنى بەرپا قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودا يولى ئەتراپىدا بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەرنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سودا ئىشلىرى ۋە خەلقئارا سودا بىلەن تېخىمۇ كۆپ شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇ ئارقىلىق چەت چېگرا رايونلارنىڭ دۇنيادىن يېگانە تۇرۇش ھالىتى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. بۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا، شەكسىز-

① راۋلىنسون: «باكتىرىيە تارىخى»، 1969 - يىل، 2 - نەشرى، نيۇ - يورك باسمىسى، 54 - بەت.

كى ئەجايىپ رول ئوينىدى. كېيىن يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ جانلانغانلىقى ئالېكساندىر ياراتقان ۋەزىيەت ئۇ سالغان ئۇل بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

## 2 - بۆلۈم ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە سېلېۋك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

ئالېكساندىر ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشىدىن قايتىپ سۇسادا توختىغاندىن كېيىن، داۋاملىق يول يۈرۈپ بابىلۇنغا قايتتى. لېكىن ئات ئۈستىدە ئۇزۇن يۈرۈپ ھارغىنلىق يەتكەنلىكى، جەڭدە يارىدار بولۇپ تېنى ئاجىزلاشقانلىقى ۋە ئېفرات دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا كېسەل بولۇپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەيپ - ساپادىن قول ئۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن، كېسىلى ئېغىرلاشتى. بۇ دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس ئاخىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 323 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى نېبۇچادنېززاردىكى خان ئوردىسىدا 32 يېشىدىلا ئۆلدى.

ئالېكساندىرنىڭ ئۆلۈمى كېلەڭسىز ئىمپېرىيىنى ئىنتايىن مالىمانچىلىقتا قالدۇردى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى يۇنان قوشۇنلىرىنىڭ غوۋغا كۆتۈرگەنلىكى، ئالېكساندىرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى، ئالېكساندىرنىڭ قول ئاستىدىكى گېنېراللارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشى ۋە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلغانلىقى، ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلانغانلىقى

قاتارلىقلار سەۋەب بولدى. تۆۋەندە كىتابىمىزغا مۇناسىۋەتلىك
بەزى ئەھۋاللارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.
ياۋروپادا، ئالېكساندىرنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى
ئاررىخىدائېئوس (Arrhidaeos) ۋارىسلىق قىلدى. ئاسىيا قىس-
مىدا روكسانانىڭ ئوغلى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋاقىتىنچە پېر-
دىسساس (Perdissas) ھاكىمىيەت باشقۇردى. ھەرقايسى ۋىلا-
يەتلەر بولسا، ھەرقايسى گېنېراللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە
بولدى. مەسىلەن، مىسىرنى پتولېمى، مىدىيىنى پېتخون
(Peithon)، پاروپامىسادىنى ئوكسىئارتېس، پېرسىيىنى پېئۇسېستاس
(Peucestas)، پارفىيىنى پخراتاپخېرنېس (Phratapherens)،
ئارىيە بىلەن دىرانگىيىنى ستاسانور (Stasanor)، ئاراخوسىيىنى
سىبىرتىئۇس (Sibyrtius)، سوغدىيانا بىلەن باكترىيىنى
ئامىنتاس (Amintas) لار ئىدارە قىلدى. بۇ بارلىق چوڭ -
كىچىك گېنېراللار ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا ھاكى-
مىيەت بولۇپ، بىر - بىرىگە بېقىنمايتتى.
ئالېكساندىرنىڭ قول ئاستىدىكى گېنېراللىرىنىڭ ھەممىسى
يۇنان ۋە ماكېدونىيىلىك بولۇپلا قالماي، ئەسكەرلىرىنىڭمۇ
كۆپىنچىسى يۇنانلىق ۋە ماكېدونىيىلىك ئىدى. ئۇلار ئانا يۇر-
تىدىن ئايرىلىپ، يات يۇرتلاردا جەڭ قىلىپ يۈرۈپ شۇ يەر-
لەردە ماكانلاشقان بولسىمۇ، ئانا يۇرتىنى ھەر ۋاقىت ياد
ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئىسيان كۆتۈرۈپ
تۇراتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلىلا ئالېكساندىر
پەنجاپقا يۈرۈش قىلغاندا، ئارقا سەپتىكى مۇھاپىزەت قوشۇن
ئىچىدە ماللىمانچىلىق تۇغۇلغان، ئالدىنقى سەپ قوشۇنى بولسا،
ساتېرىج دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئۇنىمىغانىدى. ياندۇرقى يىلى،
يەنە 3000 يۇنانلىق كۆچمەن مۇھاپىزەتچى ئەسكەر باكترىيە
بىلەن سوغدىيانادا ئىسيان كۆتۈردى، ئۇلار ساقلاۋاتقان جايلى-

رىنى تاشلاپ، ئۇزۇن سەپەر قىلىپ ياۋروپاغا قايتىشقا ئاتلان-
غان بولسىمۇ، لېكىن باستۇرۇۋېتىلدى. ئىمپېراتور ئالېكساندىر-
نىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، ھەرقايسى
جايلاردا ئىسيان كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن، سوغدىيانا بىلەن باك-
تىرىيىدە يەنە 20 مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 3000 ئاتلىق
ئەسكەر ئۆزلۈكىدىن تىل بىرىكتۈرۈپ يۇنانغا قاراپ
يولغا چىقتى. ئەينى چاغدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پېردىك-
كاس بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق چۆچۈپ، ئۇنى يۇنانلىقلارنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ دەپ ھې-
سابلىدى ۋە پېيتخون (Peithon) نى زور قوشۇن بىلەن
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. پېيتخون باشلىغان قوشۇن
ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆزلىگەن مەقسىتى
ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن دىككاسىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقىغا
ئاساسەن، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ ھەممىسىنى قەتلى قىلدى،
ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ئەسكەرلىرىگە
تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇڭا، سوغدىيانا بىلەن باكتىرىيىنىڭ
ۋالىيسى ئامىنتاسنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ما-
كىدونىيىلىك فىلىپنى ۋالىي قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن فىلىپنى
پارفىيىگە يۆتكىۋېتىپ، ئورنىغا ستاسانورنى ۋالىي قىلدى.

ئالېكساندىر ھايات ۋاقتىدا، يەرلىك ھۆكۈمرانلار تەبىقى-
سىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، يەرلىك كىشىلەرنىمۇ ۋالىي قىل-
غانىدى (گەرچە ھەرقايسى جايلارنىڭ ۋالىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى
يۇنانلىق ۋە ماكىدونىيىلىك بولسىمۇ)، لېكىن مىلادىدىن ئىلگى-
رىكى 315 - يىلدىن كېيىن، ئەسلىدە ئالېكساندىر تەيىنلىگەن
يەرلىك كىشىلەردىن بولغان ۋالىيلارنىڭ ھەممىسى سوغدىيانا-
لىق ئوكسىئارتېس بىلەن ئىرانلىق ئاتېروپاتانى ھېسابقا ئالمى-
غاندا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. چۈنكى ئوكسىئارتېس ئالېك-

سالدېرنىڭ قېيىن ئاتىسى، ئاتېروپاتا بولسا پېردىككاسنىڭ قېيىن ئاتىسى ئىدى. پېتخون ئۆز ئىنىسى ئېئۇدامۇس(Eudamus) نى پارفىيە ۋالىيسى پىخراتاپخېرنېسنىڭ ئورنىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋالىيلار بىرلىشىپ پېتخونغا قارشى چىقتى. پېتخونغا قارشى بۇ ئىتتىپاق ئىچىدە ئوكسىئارتېس مۇھىم شەخس ئىدى. بۇ ئىتتىپاققا قاتناشقانلار ئىچىدە ستاسانور ۋە سىبىرتىئۇس قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن ئۇلار ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

پېردىككاس ئىستېلا قىلىنغان رايونلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشنى خىيال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 321 - يىلى مىسىرغا قىلغان ھۇجۇمىدا پتولېمى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پېتخون بۇ قېتىمقى قەتلى قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچى ئۆلگەنلىكتىن، ھەرقايسى گېنېراللار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 321 - يىلى سۈرىيىنىڭ ترىپارادىسئۇس (Triparadisus) دېگەن جايدا يىغىلىپ، ۋىلايەتلەرنىڭ دائىرىسىنى قايتىدىن ئايرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن ھوقۇق - مەنپەئەت تالاشقۇچى گېنېراللار ئىچىدە بابىلۇنىيىنىڭ ۋالىيسى سېلېۋك بىلەن سىرىيە (بۈگۈنكى تۈركىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) نىڭ ۋالىيسى ئانتىگونۇس (Antigonus) مۇھىم شەخسلەردىن ئىدى. دەسلەپتە ئانتىگونۇس ئۈستۈنلۈك قازاندى. ئۇ پېتخونى ئۆلتۈرگەچكە، سېلېۋك قورقۇپ مىسىرغا قاچتى. لېكىن ئانتىگونۇس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 312 - يىلى پتولېمى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن

كېيىن، سېلېۋك بابىلونغا قايتىپ كەلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى
301 - يىلى يازدا، ئانتىگونۇس ئىپس (بۈگۈنكى تۈركىيەدىكى
ئاقشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا) تاسېلېۋك بىلەن بولغان
جەڭدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ جېنىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بى-
لەن سابىق ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئاسىيادىكى زېمىنىنىڭ
كۆپ قىسمى سېلېۋكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنغا ئايلاندى.

سېلېۋك قۇرغان خاندانلىق تارىختا سېلېۋك خاندانلىقى
دەپ ئاتىلىدۇ، خاندانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ئادەتتە سېلېۋكنىڭ
مىسىردىن بابىلونغا قايتقان ۋاقىت — مىلادىدىن ئىلگىرىكى
312 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى
312 - يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250 - يىلغىچە بولغان
بۇ مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيا سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىدا تۇردى.

سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ستاسانور
باكترىيە (سوغدىيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە؛ ئوكسىئارتېس
ھىندىقۇش تېغىدىن ھىندى دەرياسى بويلىرىغىچە بولغان جاي-
لارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئوكسىئارتېس دەسلەپتە سېلېۋكنىڭ
ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بەرگەنىدى، كېيىن قىزى روكسانا
نەۋرىسى (ئالېكساندىرنىڭ ئوغلى) ئۆلتۈرۈلگەچكە،
يېقىن شەرقنىڭ تالاش - تارتىشىغا ئارىلاشمايدىغان بولۇۋال-
دى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 306 - يىلى، سېلېۋك شەرققە
كېلىپ باكترىيەدىن بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ھېچ
قانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. تىنچ ئارقا سەپنى ئەسكەرلىرىگە
ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بازا قىلغانلىقى ئۈچۈن، سېلېۋك
ئۆزىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى — ئانتىگونۇس ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالىدى.

سېلېۋك مىلادىدىن ئىلگىرىكى 301 - يىلى ئانتىگونۇسنى
مەغلۇپ قىلىشتىن بۇرۇن، تەسىر دائىرىسىنى باكترىيەگىچە

كېڭەيتىپلا قالماي، بەلكى ھىندىستاندىكى مائورىيا خاندانلىقى بىلەنمۇ سۇلھ تۈزگەنىدى. بۇ يەردە ھىندىستانغا دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتەيلى.

يۇنانلىق ئاپتورلار ئىمپېراتور ئالېكساندىر ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلغاندا ساندروكوتتۇس (Sandrocottus) ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالېكساندىرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختالغانىدى، يېقىنقى زامان دەلىلچىلىرى ئۇ كىشىنىڭ ھىندىستان تارىخىدىكى چاندراگۇپتا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ماگادخا دۆلىتىدىن بولۇپ، سودرا تەبىقىسىدىن ئىكەن. خان بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاچقا، ماگادخا دۆلىتىدىن قېچىپ چىقىپ پەنجاپتا ئالېكساندىر بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ ماكىدونىيىلىكلەردىن ئاتلىق ئەسكەرلەر تاكتىكىسىنى ئۆگەنگەن. ئالېكساندىر چېكىنگەندىن كېيىن، ماكىدونىيىلىكلەرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 320 - يىلى، چاندراگۇپتا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەرقايسى شتاتلار بىلەن بىرلىشىپ، براھمانىنىڭ قوللىشى بىلەن قوشۇن تەشكىللەپ ماگادخاغا يۈرۈش قىلىپ، ناندا خاندانلىقىنى ئاغدۇردى ۋە پاتالىپۇترا شەھىرىدە ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، ھىندىستان تارىخىدىكى مەشھۇر مائۇرىيا خاندانلىقىنى قۇردى. ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن، پەنجاپ بىلەن كابۇل يۇناننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ چاغدا، سېلېۋك جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ھىندىقۇش تېغىدىن ھىندى دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان جايلارنى قايتىدىن ئىستېلا قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. لېكىن بۇ يەردە ئۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان مائۇرىيا خاندانلىقىغا دۇچ كەلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 305 — 304 - يىللىرى، چاندراگۇپتا سېلېۋكنى مەغلۇپ

قىلدى، ئاخىر ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزدى. سېلېۋك مائۇريا خاندانلىقىدىن 500 پىلنى بەدەل ئېلىش ھېسابىغا پەنجاپ، گېدروسىيە، ئاراخوسىيە ۋە پاروپامىسادې قاتارلىق جايلارنى مائۇريا خاندانلىقىغا بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ مائۇريا خاندانلىقىنىڭ دائىرىسى شىمالدا ھىندىقۇش تېغى ۋە كەشمىرگىچە، جەنۇبتا مايسۇرغىچە كېڭىيىپ، خاندانلىق تازا قۇدرەت تاپتى. سېلېۋك تەرىپىدىن چاندراگۇپتا يېنىدا ئەلچى بولۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن يۇنانلىق مەشھۇر يازغۇچى مېگاستخېنېس (Megasthenes) پاتالىپۇترا شەھىرىدە بىرنەچچە يىل تۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن ئۆز ئەسىرىدە ھىندىستانغا دائىر ئەھۋاللارنى بايان قىلغان. يېقىنقى زاماندا ئافغانىستاندىن ئاز دېگەندە ئاسوكا (چاندراگۇپتانىڭ نەۋرىسى) دەۋرىگە ئائىت ئۈچ ئابىدە تېپىلدى. بۇ، مائۇريا خاندانلىقىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان رايونلارنى ئۈنۈملۈك باشقۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سېلېۋك بىلەن چاندراگۇپتا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھى ئىككى تەرەپنىڭ تىنچ مۇناسىۋىتىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىسىگە پايدىلىق شارائىت ياراتقاچقا، بۇ يوللاردا سودا ئىشلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندى.

سېلېۋك سىپتامانىڭ قىزى ئاپاماغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئانتىئوكخۇس ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 293 - يىلى، بۇ ئوغۇل ئاتىسىغا ۋەكالىتەن شەرقىي ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى-يايلاقلاردىكى ساكلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ ئارىيە بىلەن باكترىيىدىكى كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، موئۇرۇغا ئانتىئوكىيە شەھىرى دەپ قايتىدىن نام بېرىلدى. باكترىيىدە قۇيۇل-

ھان پۇلدا سېلېۋك بىلەن ئانتىئوكخۇسنىڭ ئىسمى تەڭ ئورۇنغا ئۆيۈلغان. بۇنىڭدىن، ئەينى چاغدا شەرقىي ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەمەلىيەتتە ئانتىئوكخۇس ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى كۆزۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 280 - يىلى، سېلېۋك قول ئاستىدىكى ئەمەلدارى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى، ئانتىئوكخۇس تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئانتىئوكخۇس I (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 280 — 261 - يىللار) دەپ ئاتالدى. تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، ئانتىئوكخۇس دەۋرىدىكى باكترىيىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز. پەقەت ئۇنىڭ ئوغلى ئانتىئوكخۇس II مىلادىدىن ئىلگىرىكى 260-يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، 15 يىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 261 - يىلىدىن 246 - يىلىغىچە) تەختتە ئولتۇرغانلىقىنىلا بىلىمىز. ئانتىئوكخۇس II ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، باكترىيىدىكى يۇنانلىق ھۆكۈمران سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

باكترىيە (سوغدىيانانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالېكساندىر ئىستېلا قىلغاندىن تارتىپ سېلېۋك خاندانلىقى دەۋرىگىچە ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر ئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن. بۇ دەۋردىكى باكترىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، زور تۈركۈم يۇنانلىقلار ۋە ماكېدونىيىلىكلەر كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ئورۇنلاشتى. سېلېۋك ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئانتىئوكخۇس I ئالېكساندىرنىڭ ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەھلىكە كەنت ۋە مۇستەملىكە شەھەر تەسىس قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى بۇ شەھەرلەرنىڭ نامى قىلدى. مەسىلەن، سېلېۋك شەھىرى، ئانتىئوكخۇس شەھىرى قاتارلىقلار. ئېيتىش-

لارغا قارىغاندا، سېلېۋكىي خاندانلىقى كۆچمەن يۇنانلىقلار
ئاساس قىلىنغان 75 شەھەر بىنا قىلغان. بۇ شەھەرلەرنىڭ
كۆپىنچىسى ساكلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش
ئۈچۈن، چەت، يىراق چېگرا رايوندا بىنا قىلىنغان. مەسىلەن،
بۇنىڭغا «سىر دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى ئانتىئوكخۇس شەھىرى»
نى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. پلىنۇس بۇ شەھەرنى مىلېتۇسلۇق
گېنېرال دېمودام بىنا قىلغان دەيدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت ئورنى
ئېنىق ئەمەس، ئۇنى بۈگۈنكى تاشكەنت ياكى پەرغانە ۋادىسىدا
دېگۈچىلەر بار. سترابو ئانتىئوكخۇس مەرغىيانىدىكى مورغاب
دەرياسى بويىغا، يەنى قەدىمكى ئالېكساندىر شەھىرىنىڭ خاراـ
بىسى ئۈستىگە ئانتىئوكخۇس شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان، دەيدۇ.
مۇئۇرۇ بوستانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئانتىئوكخۇس بۇ شەھەرـ
نى چۆرىدەپ 235 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېپىل سوقتۇرغان. بۇ
شەھەر كېيىن كۆچمەن چارۋىچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.
ھازىر ئۇنىڭ خارابىسى بۈگۈنكى تۈركمەنىستاندىكى بەھرام
ئېلى شەھىرى ئەتراپىدا.

سېلېۋكىي خاندانلىقى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىدىنمۇ بەكـ
رەك يۇنانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى، يەرلىك
مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ئالېكساندىردەك ئەھمىيەت بەرمىدى.
ناۋادا ئالېكساندىر يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
يەرلىك مەدەنىيىتىنى قوشماقچى بولدى دېيىلسە، سېلېۋكىي
خاندانلىقى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ساپلىقىنى قوغداشقا تىرىشتى.
دەرۋەقە، بۇ پەقەت يۇنانلىقلارنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى
مەنسىتمەسلىكتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سېلېۋكىي خاندانلىقى
ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى بىنا قىلغان شەھەرلەرگە يۇنانچە ئىباـ
دەتخانىلارنى سالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەتلەر

چوقۇنىدىغان ئىلاھلار، مەسىلەن، ئافرودىت، يەنى يەرلىك ئىلاھ — ئاناخىد، زېۋس، يەنى يەرلىك ئىلاھ — ئورموزد، ئاپوللون، يەنى يەرلىك ئىلاھ — مىترا قاتارلىقلارنىڭمۇ بارلىقى بايقالدى. ئالېكساندىر يەنە پېرسىيە خانىنىڭ خاندانلىقلارنىڭ دەۋرى بويىچە كالېندار تۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان ۋە بۇ ئاساستا يېڭى كالېندار تۈزۈش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغانىدى. سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 312 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلانىدى. دراپېر: «ناۋادا ياۋروپانىڭ ئىدىيىسى باكتېرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالدى دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئاسىيانىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىمۇ شۇ يەر ۋە شۇ يول ئارقىلىق ياۋروپاغا تارالغان»① دېگەنىدى. بۇنداق ئەھۋال، ئاساسەن ئالېكساندىر شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن تارتىپ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى يۇنانلاشتۇرۇشنى يولغا قويغان دەۋردە باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

سېلېۋك خاندانلىقى ئەينى چاغدا ئەڭ چوڭ يۇنانلاشقان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىسادى خېلى تەرەققىي تاپقانىدى، شۇڭا، ئۇ شەرق بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى قوغداشقا تىرىشقانىدى. سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ يۇنانلىق ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەيپ - ساپا تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەرقتىن چىقىدىغان تۈرلۈك بۇيۇملار، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ يىپەك رەختلىرى، ھىندىستاننىڭ پۇراقلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارغا تېخىمۇ بەك ھاجەتمەن بولدى. ئەينى چاغدىكى سودا يولى ئىگېي دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىن باشلىنىپ، ئىككى دەريا ۋادىسى مىدىيە، پېرسىيىدىن ئۆتۈپ باك-

① دراپېر: «ياۋروپا ئەقىل - ئىدراكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى».

غەربىيگە ئۆتۈشەتتى، بۇ يەردىن جەنۇبقا ماڭسا ھىندىستانغا، شەرققە ماڭسا جۇڭگوغا، شىمالغا ماڭسا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيىگە بارغىلى بولاتتى. بۇ سودا يوللىرى سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ھەر مىللەت سودىگەرلىرى بۇ يوللاردا ئۈزلۈكسىز باردى - كەلدى قىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ماللىرىنى توشۇپ سېتىپ سېلېۋك خاندانلىقىنى ئاۋاتلاشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

سېلېۋك خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا شەھەر بىنا قىلغان، تېرىقچىلىقنى يولغا قويغان، مۇستەملىكىچىلىك ۋە قوشۇن تۇرغۇزۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنى كونترول قىلالمىدى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمى سېلېۋك دۆلىتى ئۈچۈن دائىملىق تەھدىت بولۇپ قالدى. ئەينى چاغدا خارەزىم مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، ئۇمۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ يۇنانلىقلار بىلەن كۆرەش قىلىشىغا مەدەت بەردى. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدە ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى — داخلار دەپ ئاتالغان كىشىلەردۇر. بەزىلەر داخلارنى پارنايلار ياكى ھېرودود «تارىخ» تا تىلغا ئالغان دائىيلاردۇر دەپ قارايدۇ. ئىران دېھقانلىرى شۇ چاغدا ماساگېتلارنى «داخلار» («دۈشمەنلەر»، «باندىتلار» مەنىسىدە) دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئادەتتە ماساگېتلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارىلىدۇ. داخلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بۈگۈنكى تۈركمەنىستاننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن خۇراسان ئەتراپلىرىغا تارقالغان. كېيىن دەل مۇشۇلار يۇنانلىقلارنىڭ پارفىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇردى ھەمدە ئىران تارىخىدىكى پارفىيە خاندانلىقىنى قۇردى.

داخلاردىن باشقا، يەنە ساك قەبىلىلىرى ۋە سوغدىيانلار،

باكتىرىيىلىكلەر ۋە باشقىلارمۇ سېلېۋك خاندانلىقىغا قارشى تۇزلۇكسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، داخلار ھەتتا ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بېسىپ كىرگەن. ئۇلار شەھەرلەرنى خانىۋەيران قىلىپ، قەلئە ـ ئىستىھكاملارنى بۇزۇپ، كەنتلەرنى دەپسەندە قىلىپ، يۇنانلىقلارنى ساراسىمىگە سالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرىشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا يۇنان ھۆكۈمرانلىرى تەختتىن غۇلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

## 3 ـ بۆلۈم باكتىرىيە ۋە پارفىيە

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە كىلاسسىك كىتابلىرىدا باكتىرىيىنى داشيا (大夏) دەپ ئاتايدۇ. نېمشقا شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ؟ داشيا — توخار دېگەننىڭ باشقىچە ياكى ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى دېگەن قاراش بار. ھالبۇكى، توخرى — توخارلارنىڭ مىللەت نامىدۇر. توخرىلار باكتىرىيىنى ئىستېلا قىلغاچقا، جاڭ چيەن ئۇنى داشيا دەپ ئاتىغان. مەن بۇ خىل قاراشقا خېلى ئىشەنمەن. ئەگەر شۇنداق بولسا، داشيا دېگەن نام مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 135 ـ يىلدىن كېيىن) بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، مەن بۇ يەردە داشيا دېگەن نامنى قوللانسام، ۋاقىت جەھەتتىن بەك بالدۇر بولۇپ قالامدۇ؟ شۇڭا، مەن بۇ ھەقتە ئىختىيار بولۇشنى كۆزلەپ ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشنىلا لايىق كۆردۈم. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250 ـ يىلدىن 135 ـ يىلغىچە بولغان بۇ 115 يىلدا، باكتىرىيە يەرلىكتىكى يۇنانلىق ۋالىيلارنىڭ سېلېۋك خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. چۈنكى،

سېلېۋك خانىدانلىقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇ
تۇرىلىرىدا سىرتقى جەھەتتە مىسىر بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى،
ئىچكى قىسىمدا ئانتىئوكخۇس II نىڭ ئوغۇللىرى ھاكىمىيەت
تالاشقانلىقى، زېمىنى كەڭ، مالىيە كۈچى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈس
تىگە سۈرىيىدىكى بىرمۇنچە شەھەرلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقى،
ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن كۆچمەن چارۋىچىلار چېگرىدىن بېسىپ
كىرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەت زەئىپلىشىپ، يەرلىك كۈچلەرنى
كونترول قىلىشقا قۇربى يەتمەي قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا،
باكترىيە ۋالىيسى دىئودوتۇس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250 -
يىلى مۇستەقىللىق جاكارلاپ، سېلېۋك خانىدانلىقىدىن
بۆلۈنۈپ كەتتى.

باكترىيە مۇستەقىل بولغان چاغدا، پارفىيە بىلەن
خىركىنىيىنىڭ ۋالىيسى ئاندراگوراس (Andragoras) ئۇنىڭ
كەينىدىنلا مۇستەقىللىق جاكارلاپ، سېلېۋك خانىدانلىقىدىن
بۆلۈنۈپ كەتتى. لېكىن بۇ چاغدا داخلارنىڭ بىر قەبىلە باش
لىقى نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچىلارنى باشلاپ پارفىيىگە بېسىپ
كىردى. ئاندراگوراس داخلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلدى.
يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى. پارفىيىدە يېڭى
خاندانلىق قۇرغۇچى ئۆزىنى ئارساكېس (Arsaces) دەپ ئاتىدى.
بۇ خاندانلىق ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە ئارساك (安息)
خاندانلىقى دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. يېقىنقى زامان
ئالىمى كىنگسمىل (Kingsmill) بۇ نام ئۈستىدە ئىزدىنىپ،
ئۇنى ئارساكېس دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ھېسابلىدى①.
بۇ خىل قاراش مۇقىملىشىپ بولدى. پارفىيە باكترىيىدىن

① ف. خىرتىخ: «داكچىن دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خاتىرە»،
141 - بەتكە قاراڭ.

زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي يەرلىك ئىرانلىقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خاندانلىق بولغاچقا، يۇنانلاشتۇرۇشقا قاتتىق قارشى تۇردۇ. پارفىيە دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى كېيىنچە پارفىيىدىن پۈتكۈل ئىران زېمىنىغىچە كېڭەيدى ھەمدە تەسىر دائىرىسى ئىككى دەريا ۋادىلىرىغا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى. پارفىيە خاندانلىقى ئىران تارىخىدىكى مۇھىم خاندانلىق بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 247 - يىلدىن مىلادىدىن كېيىنكى 224 - يىلغىچە، يەنى 470 يىلدىن ئارتۇقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

باكترىيە دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىيانامۇ ئۇنىڭ زېمىنى ئىدى. شۇڭا، مەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى تارىخىنى بايان قىلغاندا، باكترىيىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باكترىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان پارفىيە ۋە ھىندىستانغا دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە توختالدىم.

باكترىيىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. بۇ ھەقتە يۇناندىكى رىم يازغۇچىلىرىنىڭ پارچە - پۇرات خاتىرىلىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن باشقا، ئاساسلىقى باكترىيىدىكى يۇنانلىق ھۆكۈمرانلار قۇيدۇرۇپ تارقاتقان پۇللار ۋە يېقىنقى زاماندىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىگە تايىنىپ تەھلىل، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدە يۇنانلاشقان دۆلەت سېلېۋك خانلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولغان باكترىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسى يۇنانلىقلار ئىدى. مىلادىدىن ئىلگى-

رىكى 250 - يىلى مۇستەقىللىك جاكارلىغان دىئودوتۇسمۇ يۇنانلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، باكترىيە سېلېۋك دۆلىتىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن نامدا ئۆزىنىڭ يەنىلا شۇ دۆلەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلدى.

باكترىيە مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇنىڭ پارفىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ئىدى. بۇ پارفىيىنىڭ يۇنانغا قارشى تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن سىن- لىشتۇرغاندا، ئەينى چاغدا باكترىيە باي، قۇدرەتلىك، پارفىيە بولسا كەمبەغەل، ئاجىز ئىدى. شۇڭا، پارفىيە باكترىيىدىن ۋەھىمە يەيتتى. پارفىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئارساكېس I باكترىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىغا ئىنىسى تىرىداتېس (Trridates ياكى ئارساكېس II) تەخت ۋارىسى بولدى. دىئودوتۇسمۇ مىلا- دىدىن ئىلگىرىكى 245 - يىلى ئۆلۈپ كەتتى. ئورنىغا دىئودوتۇس II (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 245 — 230 - يىللار) تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، باكترىيىنىڭ پارفىيە بىلەن دۈشمەنلىشىش سىياسىتىدە بىرئاز ئۆزگىرىش بولدى.

بەزى كىتابلاردا، پارفىيە دۆلىتىنىڭ تۇنجى خانى ئارساكېس ئەمەس، بەلكى تىرىداتېس دېيىلىدۇ. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 247 - يىلى رەسمىي خان دەپ ئاتالغان①. تىرىداتېس ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش ۋە ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قوشۇن چىقىرىپ خىراكىنىيىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالدى. سېلېۋك خاندانلىقى ئەلۋەتتە بۇنىڭغا يول قويمايتتى. شۇڭا، ئۇلار باستۇرۇشقا قوشۇن ماڭدۇردى.

① سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، 2 - توم، 1 - قىسىم، 603 - بەت.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈرىيە تەرەپمۇ مىلادىدىن ئىلگى
رىكى 247 - يىلى ئەۋەتكەن پىتولېمى ئېۋېرگېتېس (Ptolemy
Euergetes) باشچىلىقىدىكى زور قوشۇن باكترىيە چېگرىسىغا
يېتىپ كەلدى. پارفىيە سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ بېسىمىغا
تاقابىل تۇرالمايتتى، باكترىيەمۇ بۇ خاندانلىقنىڭ ئېغىر
تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تىرىداتېس بىلەن
دىئودوتۇس II كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، سۈلھى تۈزۈپ، ئىتتى
پاقلىشىپ سېلېۋك خاندانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ھالبۇكى،
سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىمسىزلىق
تۈپەيلىدىن چېكىندى. نەتىجىدە پارفىيە خىراكنىيىنى ئۆز دائى
رىسىگە قوشۇۋالدى. پارفىيە باكترىيە بىلەن ئىتتىپاق
تۈزگەنلىكى ئۈچۈن سېلېۋك خاندانلىقىنى يەكدى ھەمدە زېمى
نىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزدى ۋە ئاخىر
باكترىيە بىلەن سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى
بولۇپ قالدى. ئىران تارىخلىرىدا پارفىينىڭ يىل - دەۋرىمۇ
شۇنىڭدىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 247 - يىل 4 - ئاينىڭ
14 - كۈنى) باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. دىئودوتۇس II كېيىن پارفىيە
بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغاندەك قىلىدۇ.

تىرىداتېس خېكاتومپىلوس (Hecatompylos) نى
پايتەخت قىلدى①. ئارساكېسنىڭ ئىنىسى پارفىيە خاندانلىقىنى

---

① خېكاتومپىلوس — گرېكچە سۆز بولۇپ، «100 دەرۋازىلىق شەھەر»
دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ خارابىسى بۈگۈنكى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى
خۇراسان ئۆلكىسىدىكى دامگان (Damghan) نىڭ غەربىي جەنۇبىغا يېقىن،
ئۇ جاي ئەلبۇرس تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆپىلىكتە
بولۇپ، ئىرغو يولىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ جاي ئېلىمىزنىڭ تارىخ
ماتېرىياللىرىدىكى خىدۇ شەھىرى بولسا كېرەك. فېڭ چېڭجۈننىڭ «غەربىي
يۇرت يەر ناملىرى» دا بۇ شەھەرنى ئېكباتانا دەپ ئىزاھلىغانلىقى خاتا
بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ.

قەدىمكى پېرسىيە خانداتلىقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى قىلىپ كۆرسىتىش، شۇنداقلا ئەجدادلىرىغا چوقۇنىدىغان پارفىيىلىكلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ خانى ئاتاكىيۇس II نىڭ نەۋرىسى دەۋالدى. ئۇ ساك كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا نۇرغۇن يەر، مال ـ مۈلۈك ئىنئام قىلدى، ساكلاردىن خان پالاتاسى تەشكىل قىلدى، بۇ پالاتا خاننىڭ ۋارىسىنى بەلگىلەيتتى. ساك كۆچمەن چارۋىچىلىرىمۇ پارفىيە ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ئىدى. پىيادە ئەسكەر قوشۇنىنىڭ كۆپىنچىسى قۇللاردىن تەشكىللەنگەنىدى. لېكىن بۇ ساك كۆچمەن چارۋىچىلىرى ناھايىتى تېزلا پارفىيىدىكى دېھقانلارغا قوشۇلۇپ كەتتى، ئۇلار ئىرانلىقلارنىڭ زاروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئىرانلىقلارنىڭ تىل ـ يېزىقى (ئەمەلىيەتتە ساك تىلى بىلەن مىدىيىلىكلەرنىڭ تىلىنىڭ ئارىلاشمىسى) نى قوللاندى. ئۇلارنىڭ يېزىقى كېيىن پەھلىۋى يېزىقى (يەنى پارفىيە يېزىقى) دەپ ئاتالدى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە كاتتا زاتلار ئۆزلىرىنى پەھلىۋىلەر دەپ ئاتاشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇناننىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش رولىنى ئوينىدى. لېكىن بۇ بىردەمدىلا ئىشقا ئاشقان ئىش ئەمەس.

باكتىرىيە خانى دىئودوتۇس II پارفىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئاجىز، ئىقتىدارسىز دەپ قارالدى ۋە بۇ ئىش سېلېۋك خاندانلىقى بىلەن باكتىرىيىدىكى يەرلىك يۇنان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نارازىلىق پەيدا قىلىپ، ئاخىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 230 ـ يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش كۆتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولدى. دىئودوتۇس II سوغدىيانا ۋالىيسى ئېۋتىدېموس (ئۇ سېلېۋك II نىڭ كۈيئوغلى) تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. بۇ چاغدا، ئانتىماكۇس (Antimachus) ئىسىملىك بىرى (دىئوتۇدوس II نىڭ ئوغلى ياكى يېقىن تۇغ-

قىنى بولۇشى مۇمكىن) ئۆزىنى تەخت ۋارىسى دەپ ئاتاپ تەختكە چىققانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققا قالماي ئۇمۇ ئېۋتىدېموس تەرىپىدىن يوقىتىلدى. باكتىرىيىنىڭ خانلىق تەختى شۇنداق قىلىپ بۇ ماگنېسىيان (Magnesian)① لىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. باكتىرىيىدىكى ئېۋتىدېموس خاندانلىقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دەۋران سۈردى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 214 - يىلى، ئارتابانۇس I (Artabanus) تىرىداتېس I نىڭ ئورنىغا پارفىيىگە خان بولدى. ئۇ مىدىيىنىڭ ۋالىيسى ئاكخا ئۇس سېلېۋك خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالدى. بىر مەھەل ئېكباتانانىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى. سېلېۋك خانى ئانتىئوكخۇس III 100 مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن باستۇرۇشقا كەلدى، پارفىيە خانى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي قېچىپ، پايتەختىدىنمۇ ۋاز كېچىپ تاغدىكى بارگاھىغا مۆكۈنۈۋالدى. ئانتىئوكخۇس III قوماندانلىقىدىكى سۈرىيە قوشۇنى ئۇنىڭ زېمىنىنى خانىۋەيران قىلىپ خۇركانىيىگىچە باردى. لېكىن پارفىيە خاندانلىقى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، ئانتىئوكخۇس سۈلھ تۈزۈشكە، پارفىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا، ئىككى تەرەپ ئىتتىپاق تۈزۈشكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئارتابانۇس I ئانتىئوكخۇسنى باكتىرىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، پارفىيىنىڭمۇ قوشۇن چىقىرىپ ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇنىڭغا باكتىرىيە ئېۋتىدېموسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تىنچ، خاتىرجەملىكتە ئۆتۈپ بارغانسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى، بۇ سۈرىيە ۋە پارفىيە ئۈچۈنمۇ تەھدىت ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

① ماگنېسىيە — يۇناندىكى بىر جاينىڭ نامى.

ئانتىئوخۇس III بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگى-
رىكى 209 - يىلى قوشۇن چىقىرىپ باكترىيىگە ھۇجۇم
باشلىدى.

ئانتىئوخۇس III جەنۇبتىن ھۇجۇم قىلىش يولىنى مۇۋاپىق
كۆرۈپ، ئارىيە دەرياسىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىر كې-
چىككە كەلگەندە، ئۇ باكترىيە قوشۇنىدىكىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقتا
ئۆزلىرىنى كۆرمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئاتلىق
ئەسكەرلەر بىلەن بۇ دەريادىن ئۆتتى. ئارقىدىكى قىسىملار
باكترىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى.
كەسكىن جەڭ ئارقىلىق گەرچە باكترىيە قوشۇنى مەغلۇپ قى-
لىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئانتىئوخۇسنىڭ ئۆزىمۇ يارىلاندى.
ئاغزىغا قىلىچ تېگىپ، بىرنەچچە تال چىشى چۈشۈپ كەتتى.
ئۇ سۈرىيىنىڭ زور قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، باكت-
رىيىنىڭ پايتەختى زارىياسپۇنى ئىشغال قىلماقچى بولدى. بۇ
شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغاچقا، سۈرىيە ئىككى
يىل قورشاپ ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدى. ئاخىرىدا سۆھبەت
ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. باكترىيىگە ۋەكالىتەن سۈرىيە
لەشكەرگاھىغا بېرىپ ئانتىئوخۇس III بىلەن سۆھبەتلىشىشكە
ئېۋتىدېموسىنىڭ يۇرتدىشى، يۇنانلىق تېلېئاس (Teleas)
بىلەن ئېۋتىدېموسنىڭ ئوغلى دېمېترىئۇس (Demetrius)
ئەۋەتىلدى. ئۇلار خان سېلېۋكقا: ئىلگىرىكى خان دىئودوتوس II
نىڭ پارفىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش سىياسىتىگە ھازىرقى
خان مەسئۇل بولالمايدۇ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ساك
كۆچمەن چارۋىچىلىرى چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سې-
لىۋاتىدۇ، باكترىيە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى،
سۈرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكى باكترىيىدە بىرلىك
بولۇشقا باغلىق، ناۋادا باكترىيە ئاجىزلاشسا، بۇ يۇنانلىقلار

ئۇچۇن ئەجەللىك زەربە بولىدۇ، «يۇنان ياۋايىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ»، يەنى ياۋايىلار يۇنانغا بېسىپ كىرىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

ئانتىئوكخۇس III يۇقىرىدا ئېيتىلغان پىكىرنى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇمۇ باكترىيە ھىندىستان ۋە شىمالغا بارىدىغان سودا يولىنى قوغداۋاتقانلىقىنى، چېگرىدىكى بۇ چوڭ دۆلەتنى قوغداش ئۆزىنىڭمۇ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زور قوشۇن بىلەن ئۇزۇنغىچە پايتەختتىن ئايرىلىپ كەتكەچكە، ئارقا سەپتىمۇ مالىمانچىلىق تۇغۇلغانىدى. شۇڭا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى باكترىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. سېلېۋك خاندانلىقى ئېيۇتدېموسنىڭ ساكلار تەرەپتىكى چېگرىنى قوغداپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا مەسئۇل بولۇشنى شەرت قىلىپ، ئۇنىڭ خان دېگەن نامىنى ئېتىراپ قىلدى. دېمېترىئۇس سۆھبەت داۋامىدا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغانلىقتىن، ئانتىئوكخۇس III نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇڭا، ئۇ ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆز مەلىكىسىنى دېمېترىئۇسقا ياتلىق قىلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، سېلېۋك I ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كابۇل رايونىنى ھىندىستاندىكى مائۇريا خاندانلىقىنىڭ خانى چاندراگۇپتاغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. چاندراگۇپتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 297 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى بىنتوسارو (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 298 — 273 - يىللار) تەخت ۋارىسى بولدى. بىنتوسارو ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئاسوكا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 274 — 232 - يىللار) تەخت ۋارىسى بولدى. ئاسوكا ئۆلگەندىن كېيىن، مائۇريا خاندانلىقى پەيدىنپەي زەئىپلەشتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 230 - يىلى (ئاسوكا ئۆلۈپ 2 - يىلى) باكترىيە خانى

ئېۋتىدېموس ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندا، كابۇل رايونىنىڭ ھۆكۆمرانى سوبخاگاسېناس (Subhegasena ياكى Sophagasenas) ئىسىملىك بىر كىشى ئىدى. بەزىلەر بۇ كىشىنى ئاسوكانىڭ ئوغلى جالائۇكا (Jalauka)، سوبخاگاسېناس ئۇنىڭ نامى دەپ قارايدۇ. سېلېۋك خانى ئانتىئوكخۇس III باكتىرىيە خانى ئېۋتىدېموس بىلەن سۈلھ تۈزگەندىن كېيىن، ئېۋتىدېموس ئانتىئوكخۇس III نى مائۇرىيا خاندانلىقى زەئىپلەشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كابۇلنى تارتىۋېلىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرىيە قوشۇنى كابۇلغا قاراپ ئاتلاندى، سوبخاگاسېناس ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولۇپ، سېلېۋك خاندانلىقىغا پىل ۋە تۆلەم تاپشۇردى. ئانتىئوكخۇس III قەندىھار ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى.

بۇ قېتىمقى كابۇلغا قىلىنغان يۈرۈش ئېۋتىدېموسنىڭ نامىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە باكتىرىيىنىڭ ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار (ئىلگىرى سېلېۋك خاندانلىقى مائۇرىيا خاندانلىقىغا بۆلۈپ بەرگەن جايلار) نى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەمما بۇ ئارزۇ ئاخىر ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى دېمېترىئۇس تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ئېۋتىدېموس 40 يىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 230 - يىلدىن 190 - يىلغىچە) تەختتە ئولتۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، باكتىرىيە قۇدرەت تېپىپ زېمىنى كېڭەيدى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى گۈللەندى. ئۇ تارقاتقان پۇل باكتىرىيە بىلەن سوغدىيانادىلا ئەمەس، پاروپامىسادې، ئاراكخوسىيە، درانگىئانا، مەرغىيانا ۋە ئارىيە قاتارلىق كەڭ رايونلاردىمۇ خەجلەندى. ئېۋتىدېموسنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 190 - يىلى ئاخىرلاشتى، ئورنىغا ئوغلى دېمېترىئۇس (مىلادىدىن ئىلگىرىكى

190 — 160 - يىللار) تەخت ۋارىسى بولدى. بۇ چاغدا، غەربتە زور ۋەقە يۈز بەردى. يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان قۇدرەتلىك رىم قۇللۇق دۆلىتى شۇ يىلى سېلېۋك خاندانلىقى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئانتىئوكخۇس III نى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. سېلېۋك خاندانلىقى كىچىك ئاسىيادىن مەڭگۈلۈككە مەھرۇم قالدى. باكترىيە خانى دېمېترىئۇس بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا — ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ، زېمىننى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. سترابو مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئارىئانا (Ariana، يەنى ئارىيە) بىلەن ھىندىستاننىڭ خوجايىنى بولۇۋالدى. ئۇلار پاتتالېنې (Pattalene) نىڭ زېمىنىنىلا ئەمەس، بەلكى دېڭىز بويىدىكى سارائوستوس (Saraostos) خانلىقى بىلەن سىگېردىس (Sigerdis) خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇلار باكترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى سېرېس (Seres) ۋە پىخرىنوئى (Phrynoi) دۆلىتىگىچە كېڭەيتتى».① كېيىنكىلەر بۇ يەردە ئېيتىلغان پاتتالېنې — سىند (Sind، بۈگۈنكى پاكىستاندىكى ھىندى دەرياسىنىڭ دېلتىسىدا)، سارائوستوس — بۈگۈنكى ھىندىستاندىكى كادىئاۋار يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى. سىگېردىس خانلىقىنىڭ ئورنى سىند بىلەن سارائوستوس ئارىلىقىدىكى دېڭىز بويى رايونىغا توغرا كېلىدۇ. سېرېس جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ②. پىخرىنوئى ھون ئېلىنى كۆر-

① سترابونىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدىكى بۇ بىر ئابزاس سۆز ئاپرودوروسنىڭ سۆزىدىن ئېلىنغان.

② لى يۆسى بۇ يەردە ئېيتىلغان سېرېس جۇڭگونى ئەمەس، بەلكى قولدىن قولغا ئېلىپ سودا قىلىدىغان سىبىرىيە قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. سېرېس دېگەن نام قەيسەر ۋە ئاۋگۇست دەۋرلىرىدە جۇڭگونى كۆرسەتكەن («جۇڭگو يەن - تېخنىكا تارىخى» I توم، 2 - قىسىم، 363 — 367 - بەتلەرگە قاراڭ).

ستىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان رايونلاردىن باشقا، پەنجاپ رايونىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ دېمېترىئۇسقا تەۋە بولۇپ قالدى. ئۇ يەردىكى ئېئۇتىدېمىيە (Euthydemia) شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ شەھەر كېيىن ساگالا ياكى ساكالا (Sâgala ياكى Sâkala، بۇگۈنكى پاكىستاننىڭ سيالكوت شەھىرى) دېپ ئاتالغان. ئېئۇتىدېمىيە شەھىرى ئەينى چاغدا باكتىرىيىنىڭ ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبى، ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنىنىڭ پايتەختى بولۇپ، غەربىي ھىندىستان بويىچە ئەڭ گۈللەنگەن، ئاۋات شەھەر ئىدى. لېكىن راۋلىنسون باكتىرىيە كونترول قىلغان دائىرە جۇڭگو چېگرىسىغىچە كېڭەيگەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ سترابونىڭ دېمەكچى بولغىنى باكتىرىيىنىڭ تەسىرى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم چېگرىسىغا جايلاشقان تاشقورغانغىچە يېتىپ كەلگەن دېگەندىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ مەقسىتى سودا ئۈچۈن دېڭىزدىن چىقىش ئېغىزى ئىزدەش ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا بارىدىغان چوڭ يولنى كونترول قىلماقچى بولۇشىمۇ شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇن چىقىرىپ تاشقورغاندىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ چەت چېگرا رايونىنى ساك ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىشىمۇ سودا ئۈچۈن بولغان①.

دېمېترىئۇس ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى كەڭ زېمىننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، باكتىرىيىگە قايتماي ئۇزۇن مۇددەت شۇ يەردە تۇرغاچقا، كاگالا شەھىرى ئۇنىڭ سىياسىي پايتەختى بولۇپ قالدى. ئۇ يېڭى ئىستېلا قىلىنغان رايونلارنى بىرمۇنچە سۇيۇرغاللىقلارغا بۆلۈپ، ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ئەۋەتىپ بۇ سۇيۇرغاللىق يەرلەرنى ئىدارە قىلدى.

① راۋلىنسون: «باكتىرىيە تارىخى»، 77 - بەت.

لېكىن، ئۇ باكترىيىنىڭ ئەسلى زېمىنى ۋە يىراق جەنۇبتىكى زېمىنلارنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. ئۇ باكترىيىگە قايتماي ھىندىستاندا تۇرۇۋاتقاندا، باكترىيە زېمىنىدا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلى، ئېئۇكراتىدېس (Eucratides) ئىسىملىك كىشى ئۆزىنى باكترىيە خانى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ سېلېۋك خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان كىشى بولسا كېرەك، ئۇ پۈتۈنلەي سۇرىيىگە بېقىندى. ئەينى چاغدا دېمېترىئۇس ھىندىستاندىكى ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا باكترىيىگە قايتىپ، ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. شۇڭا، ئېئۇكراتى-دېسنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. لېكىن ئۇمۇ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. بۇ تەھدىت پارفىيىدىن كەلدى. پارفىيە خانى مىسرادىتېس I مىلادىدىن ئىلگىرىكى 170 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، باكترىيى-نىڭ تەسىرىنى چەكلەشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇ قوشۇن چىقىرىپ ئەسلىدە باكترىيىگە تەۋە مەرغىيانا ۋە باشقا رايونلارنى تارتىۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، چېگرا رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تەھدىتى سوغدىيا-نادا ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى①. ئاخىر ئېئۇكراتىدېس

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»-نىڭ 1 - قىسىملىق نەشرىدە، سوغدىيانا بۇ چاغدا خارەزىمگە قوشۇلغانىدى دەيدۇ. لېكىن بۇنىڭ تارىخىي ئاساسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. رىكې بولسا، «ئاخېمېندلار خاندانلىقى دەۋرىدىن كۇشان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە سوغدىيانا (سەمەرقەند ۋە مەۋئورۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باكترىيە دائىرىسىدە بولۇپ كەلدى» دەيدۇ («ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخى» 123 - بەتكە قاراڭ).

بىلەن دېمېترىئۇس ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇرۇش پارتلىدى. دەسلەپتە دېمېترىئۇس مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇردى. كېيىن ئېۋكراتىدېس مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، دېمېترىئۇسنىڭ ھىندىستاندىكى بىر قىسىم زېمىنىنى تارتىۋالدى. دېمېترىئۇس تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 160 - يىلى ئۆلتۈرۈلدى ياكى تەختتىن چۈشتى.

ئېۋكراتىدېس سېپىي ئۆزىدىن يۇنانلىق بولۇپ، دائىم ئۆزىنىڭ گرېك قان سىستېمىسىدىن ئىكەنلىكى بىلەن ماختىنىپ، باكتىرىيىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى كەمسىتەتتى، ئۇ گرېكلەشتۈرۈش سىياسىتىنى ئالدىنقىلاردىنمۇ بەكرەك يولغا قويدى. پارفىيىنىڭ تەھدىتى ئالدىدا ئاجىز، ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇڭا، باكتىرىيىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نارازىلىق كېلىپ چىقتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 156 - يىلى ئۇ ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوغلى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن، بەزى ئاپتورلار ئۇنى ئاپوللودوتۇس (Apollodotus) بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. بۇ كىشى تەختتە ئۇزاق ئولتۇرمىغان. ئۇنىڭ ئىنىسى خېلىئوكلېس (Heliocles) ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تەخت ۋارىسى بولدى. لېكىن باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ سەلتەنىتى دەل شۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئاخىرلاشتى.

باكتىرىيە دۆلىتى ئېۋتىدېموس ۋە دېمېترىئۇس دەۋرلىرىدە تازا قۇدرەت تاپتى. ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تازا يۈكسەلدى. شۇڭا، كىشىلەر بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى — دىئودوتۇسنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تاسلا قالدى. سترابو ھەتتا «مۇستەقىل باكتىرىيە دۆلىتىنى تۇنجى قېتىم قۇرغۇچى —

ئېئۇتدېموس جەمەتى» دېدى.

باكترىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى قەدىمدىن بۇيانلا ناھايىتى ياخشى، يېرى مۇنبەت بولغاچقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن قولايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن، سودا ئىشلىرىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغانىدى. مەيلى جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيىنىڭ ئالتۇنى بولسۇن، ياكى ھىندىستاننىڭ پۇراقلىق ماتېرىياللىرى ۋە دېڭىز ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن جۇڭگونىڭ جەنۇبتىكى رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى باكترىيە ئارقىلىق غەربكە توشۇلاتتى. كارۋانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. يول ياقىلىرىدىكى شەھەر - بازارلار ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. شۇڭا، سترابو بىلەن كونستانتىن باكترىيىنى «مىڭ شەھەرلىك دۆلەت» دەپ ئاتىغانىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئېيتقان باكترىيە سوغدىيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنى، مەسىلەن، كرۇس شەھىرى، ئالېكساندىر شەھىرى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئانتىئوكخۇس شەھىرى، دېمېترىئۇس شەھىرى (بۈگۈنكى تېرمىز) قاتارلىقلارنى پېرسىيىلىك ۋە يۇنانلىق ئىستېلاچىلار مۇستەملىكە خەلقلىرىنى تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىنا قىلدۇرغان. مەشھۇر شەھەرلەر ئىچىدە ماراكەند شەھىرى (سەمەرقەند)، زارىئاسپا شەھىرى ناھايىتى قەدىمي شەھەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

باكترىيىنىڭ كان زاپىسى ئازراق بولغاچقا، ئۇ شەرقتىكى بەدەخشان تېغىدىن كۆك تاشلارنى، خارەزىمدىن يېشىل مەرمەرنى، سىبىرىيە ۋە جۇڭگودىن ئالتۇن ئەكىلىشكە ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا، سىبىرىيىگە بارىدىغان سودا يولى «ئالتۇن

يولى» دەپ ئاتالغانىدى. ئەينى چاغدا سىبىرىيىدە ئالتۇن كانى بارلىقى، لىنا دەرياسى بويىدىن ئالتۇن يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكەنىدى. بۇ جايدىن چىققان ئالتۇنلار كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، سىبىرىيىنى ۋە سىبىرىيىگە بارىدىغان سودا يولىنى ئۇلار كونترول قىلىۋالغاچقا، باكتىرىيىگە توشۇلىدىغان ئالتۇن تەدرىجىي ئازىيىپ كەتتى. شۇڭا، باكتىرىيە خانىغا ئالتۇننىڭ ئورنىغا كۈمۈشتە پۇل قۇيدۇرۇشقا توغرا كەلدى①. لى يۈسى مۇنداق دەيدۇ: «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىلدىن بىرئاز بۇرۇن، سىبىرىيىدىن كېلىدىغان ئالتۇن ئازلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باكتىرىيە خانى ئېنىۋتىدېموس بەزى ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىيالى زادىلا ئەمەلگە ئاشمىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئۇچراتقان كۆك كۆز، قىزىل چاچلىق قوۋم جۇڭگولۇق ئىكەن».①

پېرسىيىدىكى ئاخمېنىدلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى كەڭ ئېلىپ بېرىلغاچقا، دېھقانچىلىق خېلى تەرەققىي قىلدى. ئەينى چاغدىكىلەر باكتىرىيىنى «ھەقىقىي جەننەت» دەپ ئاتاشقانىدى. باكتىرىيىنىڭ دېھقانچىلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ھەقىقەتەن خېلى ئىلغار بولغان، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئادەتتە خېلى ياخشى ئۆتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قېزىلغان شەھەر - كەنت خارابىلىرىدىن، كىشىلەر كېسەكتە قوپۇرۇلغان ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئادەتتە بىر ئائىلىنىڭ

① راخۇلا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 89 — 90 - بەتلەر.

② لى يۈسى: «جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تارىخى»، 1 - توم، 2 - قىسىم، 380 - بەت.

بىرلەشچە ئېغىز ئۆيى ۋە بىر مۇنچە ئىسكىلاتى بولغان. قول سانائەتمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. ساپال لارنىڭ ھەممىسى كۇلالچىلىق چاقى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە گېئومېترىيىلىك شەكىل ياكى يىلپىز ۋە ئۈشكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى ئارقىلىق زىننەتلەنگەن. باكتېرىيىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن باشقا، ئۈزۈمچىلىكمۇ مەشھۇر بولغان. يۇناننىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا مەرغىيانانىڭ ئۈزۈمچىلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئالېكساندىر بۈگۈنكى كابۇلنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 60 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايدا ئالېكساندىرىيە — كاپىسۇ (Alexandiia - Kapisu) شەھىرىنى بىنا قىلدۇرۇپ①، ئۇنى كابۇل دەرياسى ۋادىسىنىڭ پايتەختى قىلغان. بۇ شەھەر ھىندىستانغا بارىدىغان سودا يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان. ھىندىستاندىكى گانگ دەرياسى بويلىرىدىن كەلگەن كارۋانلار پاتنا (Patna) يەنى پاتالىپۇترا) شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ماتۇرا، تاكشاسىلا (راۋالپىندى) ئارقىلىق كايبېر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كابۇلغا باراتتى. كابۇل ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان يولنىڭ تۈگۈنى ئىدى. مەسىلەن، غەربكە ماڭسا ھىندىكۇش تېغىدىن ئۆتۈپ ئېكباتانا (ھەمەدان) غا بارغىلى بولاتتى. ئېكباتانادىن دەمەشىق ئارقىلىق فېنكىيىگە ۋە ئانتىيوك (Antioch) قىمۇ بارغىلى بولاتتى. ئاندىن ئانتىيوكتىن توروس تېغى ۋە كىچىك ئاسىيا ئارقىلىق ئېئونىيە ۋە يۇنانغا بارغىلى بولاتتى. باكتېرىيىدىن شەرققە قاراپ ماڭسا، ۋاخشۇ دەرياسى ۋادىسى، كارتېجىن ۋە ئالاي چوققىسى ئارقىلىق قەشقەرگە بارغىلى بولاتتى. 1936 - يىلى باگلان بۇ

---

① رىكپ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» 127 - بەت.

شەھەرنى قىدىرىپ تەكشۈردى. ئۇ شەھەر خارابىسى ئىچىدىكى بىر ئۆيدىن نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەر تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇملىرى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئويمىلار، ساپال قورچاقلار ۋە سۈرىيىدە ئىشلەنگەن يۇنان - رىمنىڭ بۇيۇملىرى بار. بۇلار بۇ شەھەرنىڭ ئەينى چاغدا خەلقئارا سودا شەھىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سودا ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىدىن باكترىيىدىكى يۇنانلىق خانلار پۇل قۇيدۇرغان ۋە تارقاتقان. بۇ خىل پۇللار ئاسەن كۈمۈشتىن قۇيۇلغان. ئالدى يۈزىگە خاننىڭ رەسىمى، كەينى يۈزىگە قوغدىغۇچى ئىلاھلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇللارغا خاننىڭ ئىسمى ۋە نامى گرېك يېزىقى بىلەن ئويۇلغان. دېمېترىئۇستىن باشلاپ، پۇلغا گرېك يېزىقى بىلەن قارۇشتى يېزىقى (قارۇشتى يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن ھىندى تىلى) دىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان. بۇنىڭدا ئاسەن يەرلىك ئاممىنىڭ بۇ پۇللارنى پەرق ئېتىشى ۋە خەجلىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. باكترىيە پۇلىنى خەجلەشتە يۇناننىڭ دراخم (drachm، بىر دراخم 4·36 گرام كېلىدۇ) نى ئۆلچەم قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلغان. باكترىيە پۇلى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە خەجلەنگەن. ئەينى چاغدا سوغدىيانادىكى ھەر قايسى جايلاردىن، مەسىلەن، شەھرى سەبزە بۇخارا، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى، تېرمىز ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلاردىن ئېۋتىدېموس، دىئودوتۇس، دېمېترىئۇس، خېلىئوكلىس قاتارلىق خانلارنىڭ پۇللىرى تېپىلدى. بۇ ئەينى چاغدا سوغدىيانا باكترىيىگە تەۋە بولغانلىقىنى ۋە شۇ چاغدىكى پۇل ئوبوروتىنىڭ دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

باكترىيىنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، بۇ سودا ئىلگىرى سۈرگەن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى

ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ كەلگەن تەسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، يېزىقنى ئالساق، باكتىرىيىدە گرېك يېزىقى ھۆكۈمەت تەرەپ قوللىنىدىغان يېزىق بولغان، گرېك تىلىمۇ سودا ۋە يۇقىرى قاتلام تەبىقىلەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان، ھەتتا پارفىيىدە، گەرچە پارفىيە ھۆكۈمرانلىرىدا مىللىي ھېسسىيات كۈچلۈك، ئۇلار گرېكلەشتۈرۈش سىياسىتىگە قەتئىي قارشى بولسىمۇ، لېكىن سودا ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا دەسلەپكى چاغلاردا گرېك تىلى قوللىنىلغان. باكترىيىدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قاچان ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇنى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن. يېقىنقى زاماندا تېپىلغان سوغدى يېزىقى (سوغدىيانا يېزىقى) دىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يىل دەۋرى كېيىنرەك. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى پارسلارغا ئوخشاشلا ئارامىيە يېزىقىنى قوللىنىش داۋامىدا ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. بەزى كىتابلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىكى خارەزىمنىڭ ئەڭ قەدىمكى ھەرپلىرى يەنىلا ئارامىيە ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. سوغدى ھەرپلىرىمۇ ھەقىقەتەن ئارامىيە ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. سوغدى يېزىقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن①. باكترىيىلىكلەرمۇ ئارامىيە يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە گرېك يېزىقى بىلەن يەرلىك تىلنى خاتىرىلىگەن.② ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قارۇشتى يېزىقىمۇ ئا.امىيە يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ،

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 - قېتىملىق نەشرى، 1 توم، 50 -، 80 - بەتلەر.

② رىكې: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، 129 - بەت.

ئاسەن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى پەنجاپ
رايونى ۋە پاروپامىسادى قاتارلىق جايلارغا تارالغان. بۈخلېر
(Bühler) نىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، قارۇشتى ھەرپلىرى
ئارامىيە يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. ئارامىيە يېزىقى —
ئاخمېنىدلار خاندانلىقى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھۆججەتلىرى-
دە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان يېزىق بولغان. قارۇشتى يېزى-
قى بولسا پېرسىيىنىڭ ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك ھاكى-
مىيەت، ھىندىستان ئەمەلدارلىرى ۋە يېزا - بازارلارنىڭ
باشلىقلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەينى چاغدا
پېرسىيلىكلەر ئالېكساندېر بېسىپ كىرگەن مەزگىلدىكى پەنجاپ-
تىكىگە ئوخشاش، بۇ شەھەر - يېزىلارنىڭ باشلىقلىرى ئارقىلىق
باج - سېلىق يىغقان. ھىندىستانلىقلار دەسلەپتە ئارامىيە
ھەرپلىرى ئارقىلىق يەرلىك تەلەپپۇزنى ترانسكرىپسىيە قىل-
غان. قارۇشتى يېزىقىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن، مەسىلەن،
ئانا تاۋۇش سىستېمىسى ۋە ئارىلاشما بالا تاۋۇش قاتارلىقلار-
دىن، ئۇنىڭ ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان براھمى يېزىقى ئاسا-
سىدا تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قارۇشتى يېزىقىنىڭ
مۇكەممەللىشىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا، يەنى باكتىرىيە مۇستەقىل بولغاندا ئاياغلاشقان. قا-
رۇشتى يېزىقىنى دىنىي زاتلار (پاندىتلار) قوللانغان بولماستىن،
بەلكى دىندىن خالىي زاتلار قوللانغان. بىز ھازىر قارۇشتى
يېزىقىدىكى خەت بار پۇللارنىلا ئەمەس، بەلكى مائۇريا خان-
دانلىقىدىكى ئاسوكانىڭمۇ مۇشۇ يېزىقتا چۈشۈرگەن يارلىقلىرى-
نى ئۇچرىتالايمىز. باكتىرىيىدە يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-
نىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، گرېك يېزىقىنىڭ ئورنىنى يەرلىك
سوغدى يېزىقى ۋە قەدىمكى پارس يېزىقى ئىگىلىدى. لېكىن

ھىندىستاندا گىرېك يېزىقى يەنە بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ
تۇردى. قارۇشتى يېزىقى بولسا مىلادىيىدىن كېيىنكى IV — V
ئەسىرگىچە قوللىنىلدى.

باكتىرىيىلىكلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ ھەرقايسى جەھەت-
تىن تەسىرگە ئۇچرىدى. كۇن، ئاي، سۇ، ئوت قاتارلىقلارغا ۋە
ئاناخت، مىترا قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ئېتىقادى ئىدى. يۇنانلىقلار بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بەزىلەر
يۇنانلىقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى. بۇ يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىندى. باكتىرىيىدىكى يۇنانلىق خانلار قۇيدۇرغان
پۇلدا ئاناخت ئىلاھىنىڭ رەسىمى بار. يۇنانلىقلار ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ يەرلىك ئىلاھلىرى بىلەن يۇناننىڭ كلاسسىك
ئىلاھلىرى، مەسىلەن: زېۋس، ئافىنا، ئاپوللون، ھېراكىل، پو-
سېدون قاتارلىقلارنى بىر - بىرىگە مۇجەسسەملىگەن. ئاخمې-
نىدلار سۇلالىسىدىكىلەر ئېتىقاد قىلغان ئاھۇرا مازدا ۋە
باشقا ئىلاھلارغا ئاما ئارىسىدا بەزىلەر ئېتىقاد قىلغان. ئۇ
جاي زاروئاستېر دىنى پەيدا بولغان زېمىن بولغاچقا، دەرۋەقە
ئۇ جايدا بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار كۆپ ئىدى. ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا، زاروئاستېر بەلختە تۇغۇلغانىكەن. ئۇنىڭ
دىنى يەرلىك سەنئەتكىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. باكتېرىيىدىن
تېپىلغان ئاتەش دىنىغا چوقۇنۇشقا دائىر بۇيۇملار سوغدىيا-
نادىن تېپىلغان بۇ خىلدىكى بۇيۇملارغا بەكمۇ ئوخشىشىدۇ.
باكتىرىيە مۇستەقىل بولغان دەۋرگە كەلگەندە، ھىندىستاننىڭ
دىنىمۇ تارقالغان. مەسىلەن، «ۋېدا سۇترىسى» نىڭ مەدھىيە
نامىسىدىكى ئىلاھلارنىڭ رەسىملىرى ۋە بۇددانىڭ تەلىماتى
تارالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە پەيدا بولغان
بۇددا دىنى مائۇريا خاندانلىقى دەۋرىدە ھىندىستاندا زور
دەرىجىدە روناق تاپقان. بولۇپمۇ بۇ خاندانلىقنىڭ 3 -

ئەۋلاد خانى ئاسوكانى بۇددا دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە تەرغىباتچىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ، بۇ دىننى مەملىكەت دائىرىسىدە مۇستەھكەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 253 - يىلى بۇددا راھىبلىرىنى پاتنا شەھىرىگە يىغىپ، 3 - قېتىملىق «يىغىلىش» ئۆتكۈزۈپ، سۇترا، ۋىنايا، ئابىدارما پىتاركادىن ئىبارەت ئۈچ نومنى توپلاپ رەتلەتكەن. «سامانتاپاسادىكا» دا يەنە 18 ئالىي راھىبنىڭ توققۇز جايغا، جۈملىدىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى ياۋانالار (yavana يەنى يۇنانلىقلار) رايونى، كەشمىر ۋە قەندىھار قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىلگەنلىكى ئېيتىلغان. ئەينى چاغدا بۇددا دىنى ياۋانالار ئولتۇراقلاشقان كابۇل دەرياسى ۋادىلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى باكترىيىگىمۇ تارقالغانىدەك قىلىدۇ①. ئاسوكا پادىشاھ بولۇپ تۇرغان دەۋر دەل باكترىيە مۇستەقىل بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەينى چاغدا سېلېۋك خاندانلىقى زېمىن بۆلۈپ بەرگەنلىكتىن، مائۇريا خاندانلىقىنىڭ زېمىنى ھىندىقۇش تېغىغىچە كېڭەيگەن. بۇددا دىنى سىياسىي تەسىر كۈچ بىلەن بىللە بۈگۈنكى ئافغانىستان، كەشمىر ۋە قەندىھار قاتارلىق جايلارغا تارالغان. ئافغانىستاندىكى قەندىھاردىن تېپىلغان گرېك يېزىقى ۋە ئارامىيە يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقتا خەت يېزىلغان ئابىدىدە، پادىشاھ ئاسوكانىڭ بۇددا دىنىغا كىرگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇمۇ بۇددا دىنىنىڭ بۇ رايونغا تارالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مائۇريا خاندانلىقى ئىدارە قىلغان رايونلاردىن نۇرغۇن بۇددا مۇنارلىرى، تاش

① «يەنجىڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 - سان، ئۇرداكىمۇنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

تۇۋرۇك ۋە غارلار تېپىلدى. شۇڭداقتىمۇ، ئەينى چاغدا بۇددا
ھەيكەللىرىنى ياساش تېخى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمىگەن. پادىشاھ
ئاسوكا تاش تۇۋرۇك ۋە بۇددا مۇنارلىرىغا سۇترانىڭ تېكىست-
لىرىنى ئويدۇرۇش ئارقىلىق، بۇددانى ياد ئەتكەن. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، پادىشاھ ئاسوكا بۇنداق تاش تۇۋرۇكتىن نەچچە ئونى
ئورناتقان بولۇپ، شۈەنزاڭ ھىندىستانغا بارغاندا يەنە 30
تۇۋرۇكنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇ ياسات-
قان بۇددا مۇنارىنىڭ 84 مىڭ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇددا
دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلگە ئائىت بۇ يادىكارلىقلىرى
ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەردە بايقالدى. ئەينى
چاغدا باكترىيىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنى-
نىڭ مۇرىتلىرى بولۇشى، ھەتتا بەزىلىرى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد
قىلغان بولۇشى مۇمكىن. سانگالالىق باكترىيە خانى دېمېترى-
ئۇسمۇ بۇددا دىنىنىڭ مۇرىتى بولغان بولسا كېرەك.

باكترىينىڭ سەنئىتى كىچىك ئاسىيا ۋە ئىران سەنئى-
تىنى ئاساس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇنان،
ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. مەسىلەن،
ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان نەپىس بۇيۇملار، پىل چىشىدىن
ياسالغان كىچىك ھەيكەل، پىل چىشىدىن ئويۇلغان نەقىش
قويۇلغان ئائىلە سايمانلىرى، تاشتىن ئويۇلغان تام بېزەكلىرى
كۈمۈش قاچا، كۈمۈش تەخسە، لاي قورچاق، پۇل قاتارلىقلار
ناھايىتى سېپتە ياسالغان. بولۇپمۇ باكتىرىيە خانلىرىنىڭ
پۇللارغا چۈشۈرۈلگەن رەسىمى سىزىقچىلار ئارقىلىق راس
ئادەمدەك جانلىق بولغان، بۇنىڭدىن پۇل قۇيغۇچىنىڭ كۆپ
ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، پۇل قۇيۇش تېخنىكىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ،
ھەر بىر يارماق پۇلنى بىر گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى دەپ ھې-
سابلاشقا بولىدۇ. ئۇ، كېيىنكى يۇناننىڭ ئەڭ گۈزەل ئويمىچىلى-

قىنى ئەسلىتىدۇ. باكتىرىيىنىڭ بىرمۇنچە مىسال بۇيۇملىرىنى
بۇرۇن كىشىلەر ساسان خاندانلىقىنىڭ نەرسىلىرى دەپ ھېساب-
لاشقانىدى، قارىغاندا ھازىر ئۇلار باكتىرىيىنىڭ شۇ دەۋرىگە
تەئەللۇقتەك قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەرمۇ قويۇلغان پۇللارغا ئوخشاش
يىراق جايلارغا ئاپىرىلغان. ئۇلاردىن بىرمۇنچىلىرى ھەتتا
روسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىن تېپىلدى. باكتىرىيىنىڭ بەزى
مەرمەر بۇيۇملىرى ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلدى.
رىكي يەنە باكتىرىيىلىكلەر پەن جەھەتتىمۇ ناھايىتى
زور ئۇتۇق قازانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار سېلېۋك خاندانلىقى-
نىڭ كالېندارىنى قوللانغان، مەدەنىيەت جەھەتتە باشقىلارنىڭ-
كىنى قوبۇل قىلىپ بېيىتقان. يەرلىك ئاسترونوملار، فىزىكلار،
ماتېماتىكلار ۋە پەيلاسوپلار بارلىققا كەلگەن①. قارىغاندا،
ئۇلارنىڭ تىبابەتچىلىكىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇدداس
سۇترىسىدا پادىشاھ ئاسوكانىڭ بىر ئوغلى قارىغۇ بولۇپ قال-
غاندا، قەندىھاردىكى باكتىرىيە تېۋىپىنىڭ داۋالاپ ساقايتقان-
لىقى تىلغا ئېلىنغان. لى يۆسى مېڭە قېپىنى تېشىپ قارىغۇنى
داۋالاش تېخنىكىسى ۋە تاشقى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى
ھىندىستاندىن جۇڭگوغا تارالغان دەپ ھېسابلايدۇ②. ھالبۇكى
بۇنداق تارقىلىش يولى باكتىرىيىدىن ئۆتەتتى. شەكسىزكى،
باكتىرىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت
تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى.

① رىكي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، 129 - بەت.
② لى يۆسى: «جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تارىخى»، 1 توم، 2 -
قىسىم، 452 - بەت. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىنقى يىل-
لاردا مېڭە سۆڭىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقى ئېنىق بولغان قەدىمكى مېڭە
قېپىنى تاپقان. V ۋە VI ئەسىرگە ئائىت قەبرىدىن تېپىلغان بۇ خىل مېڭە
قاپقىقى مىتال ئەسۋاب بىلەن تېشىلگەن. تەتقىقاتچىلار بۇ كىشى ئوپېراتسىيە
قىلىنغاندىن كېيىن بىر يىلغا يېقىن ياشىغان، تەخمىنەن 40 يېشىدا ئۆلگەن
دەپ ھېسابلىغان.

# تۆتىنچى باب

# ھونلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە جوڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى

## 1 - بۆلۈم ھونلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا باكتىرىيە دۆلىتى سېلېۋك خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ مۇستەقىل بولغان مەزگىلدە، جوڭگومۇ بىر تارىخىي ئۆزگىرىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI، V ئەسىردىن بۇيان، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەر قايسى جايلار دەسلەپكى قەدەمدە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە بىرلىككە كەلگەن بىر فېئودال سۇلالە — چىن سۇلالىسى بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىش جەريانى ھەرقايسى بەگلىك

لەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى قوشۇۋېلىشى ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى كۆرەش، قوشۇلۇش ۋە تەرەققىي قىلىش بىلەن تولغان. مەسىلەن، تارىختا ئۆتكەن هونلار خەنزۇلار قۇرغان ھەر قايسى سۇلالىلەر كۆرىشىگە ئىزچىل تۈردە ئارىلىشىپ كەتكەن، ئاخىر ئۇلار بەگلىكلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىقلاردىن، بولۇپمۇ چىن سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن، شاڭيۈي بىلەن لىيۇباڭ ئۆزئارا زومىگەرلىك تالىشىپ، چېگرا رايون بىلەن كارى بولمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۈچىيىپ قۇدرەت تاپتى. هونلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى جۇڭگو تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا تارىخىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

هۇنلار تۈپتىن ئېيتقاندا جۇڭگودىكى بىر مىللەت ئىدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چوغاي تاغ تىزمىلىرى ئەتراپىغا تارالغان، كېيىنچە تەدرىجىي تۈردە تاشقى موڭغۇلىيىگە كېڭەيگەن. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بەزىلىرى هون تىلىنى تۈركىي تىلغا، بەزىلىرى موڭغۇل تىلغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، بۈرۈنقى تۈرك تىلغا ياكى بۈرۈنقى موڭغۇل تىلغا مەنسۇپ دېيىشكىلا بولىدۇ. بۇ تىللار كېيىنكى تۈرك تىلى ياكى موڭغۇل تىلىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇلارنىڭ ئورتاق تەرەپلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. هونلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، «سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچكەن. شەھەر - قەلئەلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلمىغان.»①

① «تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار ھەققىدە قىسسە». خەنزۇچە نەشرى، 2879 - بەت.

«يىپەك، شايى ـ ئەتلەس، هاراق، گۈرۈچ، يىمەك ـ ئىچمەك»
لەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، هونلار خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىكى
خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت
قىلغان. خەن سۇلالىسى بولسا هونلارنىڭ ئاتلىرىنى تېرىقچى-
لىق ۋە جەڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنىڭ كويىدا بولغان. لېكىن
هونلار خەن سۇلالىسىنىڭ تاۋار ـ دۇردۇنلىرى ئارقىلىق چار-
ۋىچىلىق رايوندىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى
يەنە ئۇلار جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ يىپەك سودىسىدا ۋاستىچى
بولغاندەك قىلىدۇ. ئالدىنقى بابتا ئېيتىلغان جەنۇبىي سىبىرىيە،
ئالتاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان جۇڭ-
گونىڭ يىپەك ۋە يىپەك توقۇلمىلىرى هونلار ئارقىلىق توشۇل-
غان بولسا كېرەك. سىبىرىيىدىكى ھەرقايسى جايلار ئۇچرىغان
جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ زور تەسىرىمۇ هونلار ئارقىلىق
بولغان.

هونلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسى خۇاڭخې
دەرياسى ۋادىلىرىدىكى خەنزۇلار رايونىنىڭكىدىن ئارقىدا
بولۇپ، خەنزۇلار رايونى فېئوداللىق جەمئىيەتكە
كىرگەندە هونلاردا تېخى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ نۇرغۇن
قالدۇقلىرى مەۋجۇت ئىدى، قۇللۇق تۈزۈممۇ ئانچە
تەرەققىي قىلمىغانىدى. شۇڭا، نۇرغۇن خەنزۇ دېھقانلىرى فې-
ئوداللارنىڭ قاتتىق زۇلمىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن، دائىم هون-
لار زېمىنىغا قېچىپ كېتەتتى. «هونلار ئارىسىدا ياشاش ئارام»
دېگەن سۆزمۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردە زۇلۇمنىڭ يېنىك-
رەك بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېھقانلارلا ئەمەس، خەنزۇ
فېئوداللار ۋە زىيالىيلارمۇ شۇ سەۋەبتىن هونلارغا بەيئەت قىل-
غان. ئۇلار هونلارنىڭ باشلىقلىرىغا چارە ـ تەدبىر كۆرسەت-
كەن، هونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بەرگەن. هون مە-

دەنىيتى ۋە هونلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى خەنزۇلارنىڭ گۆچى ۋە تۆھپىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

هونلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋاقتى ئانچە بۇرۇن ئەمەس. دەسلەپتە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قۇدرەتلىك قوشنىلىرى بار ئىدى. «چىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنىلا تۇڭغۇسلار قۇدرەتلىك، توخرىلار روناق تاپقانىدى». تۇڭغۇسلار سىراﻣۇرون دەرياسى ۋە لوخا دەرياسى بويلىرىغا جايلاشقان تۇڭگۇس قەبىلە ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ. توخرى ئېلى هونلارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ، خېشى كارىدورىغا جايلاشقانىدى①. يەنە ئۇسۇن قەبىلىسى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، هونلارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كىچىك دۆلەت ئىدى. هونلارنىڭ شىمالىدىكى بايقال كۆلىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا دىڭلىڭ (تۇرا) قەبىلىسى بار ئىدى. دىڭلىڭلارنىڭ غەربىدىكى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا خاككاسلار (قىرغىز) بار ئىدى. ئۇسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىدا ئۇغۇز قەبىلىسى بار ئىدى. بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىلى دەرياسى بويلىرىدا بولسا ساكلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى بار ئىدى. يۇقىرىدىكى قەبىلىلەر بىلەن هونلار بىر-بىرىگە بېقىنمايتتى. هونلار قۇدرەت تېپىشتىن ئىلگىرى، ھەتتا توخرىلارغا ئىز پۈككەنىدى. هون تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ) تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى توخرىلارغا تۇرغاق (بارىمتاي) قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن هونلار قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى.

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى تورستوۋ توخرىلار ماسساگېتلارغا تەۋە دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن قىزىق پىكىر. ماسساگېتلار قانداقمۇ گەنسۇغا تارالغان بولسۇن؟ ئۇنداقتا توخرىلار سىر دەرياسى بويلىرىدىكى يەرلىك خەلقمۇ؟

باتۇر تەڭرىقۇت تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەڭرىقۇت بولغان①. ئارقىدىن قوشۇن چىقىرىپ شەرقىي غۇزلارنى تارمار قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنى غەربكە كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنداقتىمۇ بۇ توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغانلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوقىتىلغانلىقى ئەمەس ئىدى. ھونلار غەرب تەرەپتە توخرىلار، دىلار، چاڭلار بىلەن چېگرىداش، شىمالدا بويسۇندۇرۇلغان دىڭلىڭ، خاككاس قاتارلىق قوۋملار بار ئىدى، جەنۇبتا خەن سۇلالىسى بىلەن رەقىب ئىدى. ھونلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى توخرىلارغا تولۇق زەربە بەردى. شۇ يىلى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۇمۇمىي ئۆرنەكلەر» دە خەن ۋېندى تەختكە چىقىشتىن ئالتە يىل ئىلگىرى دېيىلگەن) ھون تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىگە يازغان خەتتە: «كىچىك ئەمەلدارىم مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوڭ قول بىلگە خانىنى غەربتىكى توخرىلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتىم. تەڭرىنىڭ مەدىتى، ئەمەلدار، ئەسكەرلىرىمنىڭ دىيانەتلىكى، ئاتلىرىمنىڭ قاۋۇللۇقىغا تايىنىپ توخرىلارنى يوقاتتىم، ئۇلاردىن تەسلىم بولغانلارنىمۇ قىردىم، كىرۇران، ئۇسۇن، ئۇغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى ھونلارغا تەۋە قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئائىلىگە جەم قىلدىم» دېيىلگەن. بۇ ھونلارنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ئويمانلىقىغىچە كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي باتۇر تەڭرىقۇت ئۆلۈپ، ئوغلى كىئۇك (قايۇق) تەخت ۋارىسى بولغان، ئۇ ئۆزىنى رۇشات تەڭرىقۇت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174—161 - يىللار)

① «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، شۈيگۇاڭنىڭ سۆزى نەقىل ئېلىنغان ئىزاھتا: «چىن ئەرشىنىڭ تۇنجى يىلى تەختكە چىققان» دېيىلگەن، «تارىخىي خاتىرىلەر»، 2890 - بەت.

دەپ ئاتىغان. تارىختا: «(باتۇر) توخرىلارنى مەغلۇپ قىلدى، هونلار رۇشات تەگرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە توخرىلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مېڭە قاپقىغىنى جام قىلدى①» دېيىلگەن. توخرىلارنىڭ يوقىتىلغان ۋاقتى رۇشات تەگرىقۇت دەۋرىگە، شۇنداقلا باكتىرىيە خانى دېمېترىئۇس تەختتە ئولتۇرغان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»، «تارىخىي خاتىرىلەر» 3162 - بەت. سكىفلاردىمۇ شۇنداق ئادەت بولغان. هېرودود مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشقا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئادىتى مۇنداق: سكىفلار جەڭدە ئۆلتۈرگەن تۇنجى كىشىنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى خان ئالدىغا ئاپىرىدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا ئىنئامغا ئېرىشىدۇ. بولمىسا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى قۇلىقىدىن توغرىسىغا بويلاپ تىلىپ، مېڭە قاپقىغىنى چىقىرىۋېتىپ تېرىسىنى سويۇۋالىدۇ. ئاندىن كاللىنىڭ ئۇستىخىنى بىلەن تېرىدىكى گۆشلەرنى ئاجرىتىۋېتىپ، باشنىڭ تېرىسىنى يۇمشىتىپ، ئۇنى قول ياغلىق سۈپىتىدە ساقلايدۇ ۋە ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ يۈگىنىگە ئېسىپ كۆز - كۆز قىلىدۇ. كىمدە باش تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قول ياغلىق ئەڭ كۆپ بولسا، شۇ ئەڭ باتۇر شەخس هېسابلىنىدۇ». «ئادەم كاللىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلسەك، ئۇلار هەممە كىشىنىڭ كاللىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئەڭ غەزەپلىنىدىغان دۈشمىنىنىڭلا كاللىسىنى شۇنداق قىلىدۇ. هەر بىر كىشىنىڭ قېشىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى هەرىدىۋېتىدۇ هەمدە قالغان قىسمىنى پاكىزلايدۇ. ئەگەر شۇ كىشى نامرات بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ سىرتقى قىسمىغا كالا تېرىسى چاپلاپ ئىشلىتىدۇ. ئەگەر باي بولسا، سىرتىغا كالا تېرىسى چاپلىغاندىن كېيىن، ئىچىگە ئالتۇن يالىتىپ جام ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بىر كىشى ئۆز قوۋمىدىكى بىرەيلەننىڭ كاللىسىنىمۇ شۇنداق جام ياسىغان، لېكىن ئۇ كىشى ئۆز قوۋمىدىكىلەر بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ۋە خان ئالدىدا غالىب بولغان كىشى بولۇشى كېرەك». («تارىخىي خاتىرىلەر» 456 - بەت.) يەنە جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا: ئۈچ ئائىلە چى جەمەتىنىڭ يەرلىرىنى بۆلۈشۈۋالغانلىقى، جاۋ شاڭزىنىڭ جىبونىڭ مېڭە قاپقىقىنى سىرلاپ جام قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۇنداق ئادىتىنىڭ يىغىلىق دەۋرىدىلا خەنزۇلار رايونىغا تارالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر قاتار زەربىلەردىن كېيىن، توخرى-
لار تولۇق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى
غەربكە كۆچكەن، ئۇلار كۆچۈپ بارغان 1 - مەنزىل ئىلى دەر-
ياسى ۋادىسى بولغان. ئۇلار هونلارنىڭ زەربىسىدە ماكانلىرىنى
تاشلاپ تىرىپىرەن بولۇپ قاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار-
نىڭ ياشاش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستىكى كۈچلۈك
ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى ساكلار ئالدىدا
ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى نامايان قىلدى. ساكلار توخرىلار
تەرىپىدىن قوغلاندى. تارىخ كىتابلاردا: «توخرىلار هونلاردىن
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەربتە ساك خانىغا زەربە بەردى.
ساك خانى جەنۇبقا — يىراق تامانغا كۆچۈپ كەتتى، توخرى-
لار ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلاشتى①»، «(ئۇسۇن دۆلىتى)
نىڭ زېمىنى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى، توخرىلار
غەربتە ساك خانىغا زەربە بېرىپ ئۇنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن،
ساك خانى كۆكئارت (بۇلۇر) دىن ئۆتۈپ يىراققا كەتتى، توخ-
رىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىدە ئولتۇراقلاشتى»② دېيىلگەن. غەربكە
كۆچكەن بۇ بىر قىسىم توخرىلار تارىختا ئۇلۇغ (چوڭ) توخ-
رىلار دەپ، يىراققا كۆچمەي، جەنۇبىي تاغقا③ بېرىپ چياڭ-
لار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم توخرىلار كى-
چىك توخرىلار دەپ ئاتالغان. ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ غەربكە

① «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمھالى»، «خەننامە».
2692 - بەت.
② «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «خەننامە»، 3901 - بەت.
③ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان سايا-
هەت خاتىرىسى» دە، ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدا توخرى
دۆلىتى بار دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان جەنۇبىي تاغ — كۇئېنلۇن تېغى
بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ ئەينى چاغدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا
چياڭلار بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىلى دەرياسى بويلىرىدا كۆچكەن ۋاقتى ئادەتتە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلدىن 160 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دەپ قارىلىدۇ.

ساكلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىگە دائىر ئەھۋاللار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. سترابوننىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ساكارا ئۇكاۋئېلار ئادەتتە جەنۇبقا كۆچكەن ئاشۇ ساكلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ ھېسابلانغان. ئۇلار جەنۇبقا كۆچكەندە ئالدى بىلەن كاپچا (بۈگۈنكى كەشمىر ۋادىسى) غا كەلگەن①. ئاندىن ئۇ يەردىن تەدرىجىي ھالدا قەندىھار رايونىغا كىرگەن، ئاخىر پەنجاپتىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە، مەسىلەن، تاكشاسىلا ۋە ماتۇلا قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. يەنە بىر قىسىم ساكلار ھەتتا قورقۇنچلۇق سىند قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ سالاستوس (كاتىئاۋار) يېرىم ئارىلىغا بارغان ھەمدە خېلى ئىلگىرىلا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان يۇنانلىق ئىستېلاچىلار بىلەن بىرگە بىر يېڭى دەۋر ئاچقان②.

ئەسلىدە توخرىلار دۆلىتى بىلەن دۇنخۇاڭ، چىلەنشەن تېغى ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كىچىك دۆلەت — ئۇسۇننىڭ باشلىقى — ناندۇبىنى توخرىلار ئۆلتۈرۋەتكەنىدى. ئۇسۇنلار ئۆزلىرىنىڭ يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ھونلارغا بېقىنىدى. نەندۇبىنىڭ ئوغلى كۈنبېي ھون تەڭرىقۇتىنىڭ تەربىيىسىدە قۇرامىغا يەتتى. تەڭرىقۇت كۈنبېيغا ئۇسۇن قوۋمىغا باشچىلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق

---

① كاپچا — كابۇل ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ بار. سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» 1 - قىسىملىق نەشرى، 83 - بەت.

② راۋلىنسون: «باكتىرىيە تارىخى» 96 - بەت.

قىلدى. بۇ چاغدا ئۇخرىلار ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەندى، كۇنبي ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇسۇنلار ئىلى دەرياسى بويلىرى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىگىلەپ، كىچىك بىر قەبىلىدىن غەربىي يۇرتتا، چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىغان بىر دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ توخرىلار ئىلى دەرياسى بويلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ۋاقىت تەخمىنەن ھونلارنىڭ رۇشات تەڭرىقۇتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 161 — 160 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈش لىنىيىسى توغرىسىدا «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە پەقەت ئۇلار «پەرغانىدىن ئۆتۈپ، باكتىرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بەيئەت قىلدۇردى. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا پايتەخت تەسىس قىلدى» دېيىلگەن. بۇ ئۇلار پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق سوغدىياناغا بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ①. بۇ چاغدا، باكتىرىيە خانى ئېۋكراتىد مېس بولۇپ، ئۇ باكتىرىيىنىڭ شىمالىي قىسمى (ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى باكتىرىيىنىڭ ئۆز زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ) نى تىنجىتىپ تۇراتتى.

باكتىرىيىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى ياۋچىلاردىن باشلانغان ئەمەس. ئېۋتىدىموس دەۋرىدىلا، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ساكلار دائىم دېگۈدەك ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە تەھدىت سېلىپ كەلگەنىدى. باكتىرىيە قۇدرەتلىك

① ئاپرودوروس توخرىلا سىر دەرياسى تەرەپتىن يۇنانلىقلارنىڭ بويۇك باكتىرىيە دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئىستېپچىلاردۇر دەيدۇ. ھازىر ئادەتتە توخرىلار — ئۇلۇغ توخرىلار دەپ قارىلىدۇ.

چاغدا، بۇنداق ئەھدىت ئەجەللىك زەربە دەرىجىسىگە يەتمە-
گەنىدى. لېكىن ئېئۇكراتىدېس دەۋرىدە، باكترىيە زەئىپلەش-
كەنىدى. ئېئۇكراتىدېسنىڭ ئۆزىمۇ سىياسىي ئۆزگىرىش داۋامىدا
ئوغلى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە
چىققان خېلىئوكلېسنىڭ توخرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇر-
غۇدەك مادارى بولمىغاچقا، ئاخىر توخرىلار تەرىپىدىن قوغ-
لاپ چىقىرىلدى. سترابو توخرىلارنىڭ باكترىيىگە بېسىپ كىر-
گەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغانىدى. ئۇ مۇنداق
دەيدۇ: «كۆچمەن چارۋىچىلاردىن ئەڭ ئاتاقلىقلىرى ھېلىقى يۇ-
نانلىقلار قولىدىن باكترىيىنى تارتىۋالغان ئاسىلار (Asii
ياكى Asiani)، توخرىلار ۋە ساكاراۋئۇكائېلاردۇر. ئۇلار يىراق-
تىن — سىر دەرياسى بويلىرىدىن ساكلار زېمىنى ۋە ساكلار
بۇرۇنلا ئىگىلىۋالغان سوغدىياناغا قىستاپ كەلگەن». ئۇنىڭدىن
باشقا، پومپېيئۇس تروگۇس (pompeius Trogus) مۇ مۇن-
داق دەيدۇ: «ساكلارنىڭ سارائۇكائى (يەنى ساكارائۇكائى)
قەبىلىسى بىلەن ئاسى قەبىلىسى باكترىيە بىلەن سوغدىيانانى
ئىشغال قىلىۋالدى». «ئاسىلار توخرىلارنىڭ خانى بولۇپ قالدى،
سارائۇكائېلار بولسا مەغلۇپ بولدى». بۇ يەردە ئېيتىلغان ئاسى-
لارنىڭ توخرىلار ئىكەنلىكى، سارائۇكائېلارنىڭ توخرىلار تەرى-
پىدىن قوغلىۋېتىلگەن ساكلار ئىكەنلىكى ئېنىق. توخرىلار بۇ
مەلۇماتلارغا ئاساسەن، جەنۇبقا مېڭىپ كاپچا ئارقىلىق ھىندىس-
تانغا كىرگەن بىر قىسىم ساكلاردىن باشقا،
يەنە بىر قىسىم ساكلار توخرىلار بىلەن ئىلگىرى -
ئاخىر بولۇپ باكترىيىگە ھۇجۇم قىلغان. ئاخىرىدا توخرىلار
ئۈستۈنلۈك قازانغان دېيىشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ. مەغلۇپ
بولغان ساكلار يەنە جەنۇبقا مېڭىپ ھىلمېدي كۆلى رايونىغا
كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جاي درانگىيانا دەپ ئاتالماي،

ساكاستان (ياكى سىكستان) دەپ ئاتالغان، ھازىر سىستان دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ، بۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ يەنىلا ساگزى (Sagzi) لار دەپ ئاتالغانلىقى ئۇلارنىڭ ساكلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توخرىلار ئىلى دەرياسى بويلىرىدىن ئايرىلىپ سوغدىياناغا كەلگەن. ئۇ يەردە تەخمىنەن 20 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باكترىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن. توخرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان باكترىيە خانى خېلىئوكلېس ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ياۋايى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇشنى راۋا كۆرمەي، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 135 - يىلى باكترىيىدىن چېكىنىپ، ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىغا كەتكەن. ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىر قوۋمدىكى كىشى خان ئىدى. بۇ چاغدا، پارفىيە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ باكترىيىنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى تارتىۋالدى.

ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇنانلىق ھۆكۈمران دېمېترىئۇسنىڭ بىر ئوغلى بولۇشى، ئىسمىمۇ ئېيۇتدېمۇس بولۇشى، ئېيۇتدېمۇس II دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كابۇل دەرياسى ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، تەختتە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئولتۇرغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاچان ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ قۇيدۇرغان پۇلى كابۇل دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلاردىنمۇ تېپىلدى. بۇ ئېھتىمال ئۇ باكترىيىدىن قوغلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن تارقاتقان پۇلى بولسا كېرەك.

دېمېترىئۇسنىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى پانتېلېئون (Panteleon) بولۇپ، ئۇ قەندەھار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى ئاگاتوكلېس (Agathocles) تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 185 - يىلى تەختكە چىققان

بولۇشى مۇمكىن.

دېمېترىئۇس قول ئاستىدىكى گېنېرالى ۋە يېقىن ئادىمى مېناندېر (Menander) نى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان خانلار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى تېپىلغان پۇللارغا ئاساسەن پەرەز قىلىش مۇمكىن، مېناندېر ئېئوكراتىدېستىن كېيىن تارىخىي ماتېرىياللاردا نامى خاتىرىلەنگەن بىردىنبىر باكترىيە خانى ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستاننىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا، ئۇ مىلىندا (Milinda) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 165 - 130 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان. ئەينى چاغدا ھىندىستاندىكى يۇنانلىقلار، ساكلار، پارفىيىلىكلەر ۋە شۇ يەردىكى يەرلىك گۇرۇھلار ئۆزئارا ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىشقان. پادىشاھ مېناندېر ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە پۈتكۈل پەنجاپ ۋە كابۇل رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ بۈگۈنكى كاراچى بوغۇزىدىكى دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە كاتىئاۋار دېڭىز قىرغىقىدىكى ساكلار ماكانىنى ئىستېلا قىلغان. ئۇ يەنە جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، كاپچانى ئىشغال قىلىۋالغان، تەسىر دائىرىسى خوتەنگىچە كېڭەيگەن.

مېناندېر بۇددىست ئىدى. ھىندىستاننىڭ بۇددا نومى — «ناشابىچۇ سۇترىسى»دا، «پادىشاھ مېناندېرنىڭ نوم تىلاۋەت قىلىشى» دېگەن بىر ھېكايە بار. بۇ سۇترىدا ئەينى چاغدا سانگالارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇ دۆلەت ئىچكى - تاشقى جەھەتتە مۇقىم، خەلقى ئاقكۆڭۈل، ئۇنىڭ شەھەرلىرى چاسا شەكىلدە، قاتمۇ قات يوللىرى بار. ھەرقايسى شەھەر دەرۋازىلىرى نەقىشلەنگەن. ئوردىدىكى ئاياللار ئايرىم تۇرىدۇ. بازارلاردا قاتار كەتكەن يوللار بار. ھۆكۈمەتنىڭ يولى كەڭ،

ھەر تەرەپكە سوزۇلغان، پىل، ئات، ھارۋا، پىيادىلەر، ئەر-ئاياللار قىستىلىشىپ ماڭىدۇ. راھىبلار، دەرۋىشلەر①، ئورۇق-تۇغقانلار، كاسىپلار، پۇقرالار ۋە ھەرقايسى كىچىك ئەل خەلقىنىڭ ھەممىسى ئەدەبلىك (راۋلىنسوننىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى مۇنداق: «كوچىلار پىل، ئات، ھارۋا ۋە پىيادە كېتىۋاتقانلار بىلەن توشقان، ئۇلار ئىچىدە ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەر — براھمانلار، ئېسىلزادىلەر، ھۈنەرۋەنلەر، قۇللار بار). خەلقى ھەر خىل كىيىنىۋالغان، ئاياللىرى ئاپئاق، ھەممىسىنىڭ ھالقىسى بار. دۆلەت زېمىنى ئېگىزلىكتە جايلاشقان، قۇرغاق، گۆھەر كۆپ، بۇلار ھەرقايسى جايلاردا سېتىلىدۇ. سودىدا تىللا خەجلىنىدۇ. بەش خىل زىرائەتتىن مول ھوسۇل ئېلىنىدۇ، ھەممە ئائىلە ئاشلىق ساقلايدۇ. بازاردا مەززىلىك تاماقلار سېتىلىدۇ، قورسىقى ئاچقانلار بۇ تاماقلار بىلەن غىزالىنىدۇ. ئۇسسۇغانلار ئۈزۈم شەربەتلىرىنى ئىچىپ ھۇزۇرلىنىدۇ» ② دېيىلگەن. بۇ بىر ئابزاس تەسۋىردىن، ئەينى چاغدا سانگالا دۆلىتىدىكى بازارلارنىڭ ئاۋاتلىقىنى، سودىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. سودىگەرلەر ھەر تەرەپتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ تۈرلۈك بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ سودا-سېتىق قىلغان. بۇ سۈترانىڭ پالى يېزىقىدىكى نۇسخىسى تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇشى مۇمكىن. راۋلىنسوننىڭ تەرجىمىسىدە:

① ۋاڭ يىگلىن «زىيارەت چېكىپ ئۆگەنگەنلىرىمدىن خاتىرە» دە، يې شىلىننىڭ «چارباغ خاتىرىلىرى» دىن نەقىل ئېلىپ: «جىن، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە بۇددا تەلىماتىنى ئۆگىنىش دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلغان چاغدا، بۇددا مۇخلىسلىرى راھىب دەپ ئاتالماي ئادەتتە تويىن دەپ ئاتىلاتتى» دېگەن.

② «گادىنجور نومى (تىرى پىتاكا)، چىڭجاجىڭشى نۇسخىسى، ئارىلاشما قىسىم، (8 - توم).

«بۇ يەردىكى دۇكانلاردا نالىسنىڭ رەختلىرى ۋە تۇرلۇك كىيىم - كېچەكلىرى سېتىلىدۇ. بازاردا تىزىقلىق تۇرغان تۇرلۇك گۈل - گىياھ ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللار، زىدپە قاتارلىقلار ئادەمنىڭ دىمىغىغا پۇراپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭدا يەنە «سانگالا بىر گۈزەل رايونغا جايلاشقان، بۇ يەردە سۇ ئىنشائاتلىرى، تاغلار كۆپ. گۈللۈك، باغ، دەرەخزارلىق ۋە كۆللەر ناھايىتى كۆپ. سۇنئىي ياسالغان چوڭ كۆلچەك بار. ئۇ يەر ھەقىقەتەن تاغلىرى، سۇلىرى ۋە دەل - دەرەخلىرى كۆپ جەننەت» دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېناندېر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ھىندىستاندىكى گرېكلار قۇرغان خانلىقنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتە زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مېناندېرغا دائىر ئەھۋاللار ھىندىستاننىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىلا ئەمەس، يۇنان - رىم تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

پادىشاھ مېناندېر بۇددا دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىتى بولۇپلا قالماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا راھىبمۇ بولغان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دائىرىدە بۇددا دىنى يەنىمۇ كەڭ تارالغان. مېناندېر تەختكە چىقىشتىن 20 يىل ئىلگىرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 185 - يىلى)، ھىندىستاندىكى مائۇريا خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىسى پوشامىدورو سۇنگا (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 185 — 151 - يىللار) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ماگادخادا سۇنگا خاندانلىقى قۇرۇلدى. سۇنگا براھمان دىنىدىكى كىشى بولغاچقا، ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ براھمان

دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇددا دىنىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ دۆلىتى (گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەنكى ئېقىنى) براھمان دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بىر مەركەزگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇددا دىنىنى ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن سىقىپ چىقاردى. بۇنى براھمان دىنىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. قوغلىۋېتىلگەن نۇرغۇن بۇددىستلار پەنجاپ ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارغا بارغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى . بۇددا دىنىدىكىلەر يۇنانلىقلارنى بۇددا دىنىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ مېناندېر بۇ دىننى ھىمايە قىلغانلىقى ۋە تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، پەنجاپ ۋە قەندىھار قاتارلىق جايلار تەدرىجىي ھالدا ئەينى چاغدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ قالدى.

پادىشاھ مېناندېر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۆلىتى پارچىلىنىش گىردابىغا دۇچ كەلدى. پەنجاپ رايونىدىكى ھەرقايسى شتاتلار ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇردى. يۇنانلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتى پارفىيىلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. باكترىيە زېمىنى بولسا توخرىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. توخرىلار بۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى. ھەمدە تەدرىجىي ھالدا يەرلىك خەلقلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە ئۇلار توخرىلار دەپ ئاتالدى. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، دۆلىتىنى بۇددا دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. يۇنانلىقلارنىڭ سىياسىي تەسىرىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە تۈگىدى.

## 2 - بۆلۈم جاڭچيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشى ۋە لى گۇاڭلىنىڭ پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشى

هونلار شەرقتە شەرقىي غۇزلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربتە توخرىلارنى يوقىتىپ، جەنۇبتا چياڭلار بىلەن بىرلىشىپ، شىمالدا دىڭلىڭلارنى، خاككاسلارنى بەيئەت قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى غەربىي يۇرتقىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇلار بىر مەھەل تازا قۇدرەت تاپتى. جۇڭگونىڭ شىمال قىسمىدىكى بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، هونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىكى رايونلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. هونلار «خەنزۇلارنىڭ شايى - ئەتلەس، تائاملىرىنى ياخشى كۆرگەن»، «بازار ئېچىپ سودىلىشىشنى ئۈمىد قىلغان». يۇقىرىقى نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئادەتتە بازار ئېچىپ سودىلاشقان. ناۋادا سودا قىلىشالمىسا، ئۇلارغا بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن. قىسقىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. خۇددى «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسەردە ئېيتىلغاندەك: «ياۋايى ئىستىلاچى مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇشنىڭ ئۆزى يەنىلا بىرخىل دائىملىق ئالاقىلىشىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ... ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئاستىدا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئېھتىياج چۈشىدۇ، شۇڭا، بۇنداق شەكىل (ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ) مۇ بار-

ھانسىزى كۆپ قوللىنىلىدۇ.»① خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، ھون-
لارنىڭ «قوۋۇقتىن نۆتۈپ، بازارغا كىلىپ سودا
قىلىشىغا» يول قويۇلغان، ھونلاردىن «تەگرىقۇتنىڭ قول ئاس-
تىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى بىلەن يېقىن ئۆتۈش
ئۈچۈن، دائىم سەددىچىن سىپىلىگە كەلگەن».② مەقسىتى ئىشقا
ئاشمىسا، ھونلار چېگرىدىكى ۋىلايەتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قى-
لىپ ئەمەلدار - پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن. شۇ ئارقىلىق خەن
سۇلالىسىگە ئېغىر تەھدىت سالغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىرنەچچە
پادىشاھلار دەۋرىدە،مەسىلەن، گاۋزۇ،خۇيدى،ۋېندى،جىڭدىلار زامانىدا،
سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ھونلار-
نىڭ پاراكەندىچىلىكىگە، تەھدىتىگە قايتارما زەربە بېرىشكە
مادارى يەتمەيتتى. پەقەت خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندىلا،
دۆلەت 60 — 70 يىل داۋامىدا مادارىغا كەلگەنلىكى، ئىشلەپ-
چىقىرىش راۋاجلانغانلىقى، زور مىقداردا بايلىق جۇغلانغان-
لىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ھونلار بىلەن ئۇرۇشۇش قارارىغا كەلدى.
ھالبۇكى، بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى بىر ئىتتىپاقچى تېپىپ ھون-
لارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەينى
چاغدا خەن سۇلالىسى تەسلىم بولغان ھونلار ئارقىلىق، ئىلى-
گىرى توخرىلار ھونلار تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقى ۋە توخرىلار
غەربكە كۆچۈپ كەتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىسىدى

① ماركس، ئېنگېلس: «نېمىس ئىدىئولوگىيىسى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، Ⅲ توم، 26 - بەت.
② «تۈز - تۆمۈر ھەققىدە. ئىنا قىلىشىش. 48 - جىلد».

ھەمدە يەنە توخرىلار ھونلارغا ئىنتايىن ئۆچ، ئۇلارمۇ بىرلەشىپ ھونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىشنى ئويلايدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. شۇڭا، خەن ۋۇدى ئۆز ئىختىيارى بىلەن توخرىلار زېمىنىغا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى خالايدىغانلارنى تىزىملاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئاخىر خەن جۇڭلۇق جاڭ چيەن تاللاندى، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 138 - يىلى يات جەمەتتىكى قۇل گەنفۇ قاتارلىق 100 نەچچە كىشىنى باشلاپ، خېشى كارىدورى ئارقىلىق غەربكە ئاتلاندى. لېكىن ئۇلار ھون زېمىنىدىن ئۆتكەندە تۇتۇۋېلىنىپ، تەڭرىقۇت تۇرۇشلۇق جايغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. تەڭرىقۇت: «توخرىلار بىزنىڭ شىمالىمىزدا (غەربىدە دېيىش كېرەك)، خەن سۇلالىسى نېمە ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتىدىكەن؟ ئەگەر بىز سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار ئارقىلىق باشقا ئەلگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولساق، خەن سۇلالىسى بۇنىڭغا ئۇنامدۇ؟» دېگەن ھەمدە جاڭ چيەننى تۇتۇۋېلىپ قويغان، كېيىن ئۇلاردىن ئوغۇل تۇغۇلغان. قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتى ئۇنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشتىكى ۋەزىپىسى — ھونلارنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ جاڭ چيەنگە ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە كەڭچىلىك قىلمايتتى. ھونلارنىڭ ئۇنى ئەلچىلىككە بېرىشقا يول قويماسلىقىدىكى سەۋەب، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، غەربىي ئاسىيانىڭ يىپەك سودىسىنى كونترول قىلىش، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشىنى چەكلەش كېرەك.

جاڭ چيەن ھونلار ئارىسىدا ئون نەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ يەنە ھەمراھلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ

پەرغانە① گە يېتىپ باردى. پەرغانىلىكلەر خەن سۇلالىسى
زېمىنىدا بايلىق كۆپلۈكىنى ئاڭلىغان ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن
بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلىغان بول-
سىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. ئەمدىلىكتە خەن سۇلالىسى-
نىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇ-
شال بولۇپ، جاڭ چيەندىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراشتى.
جاڭ چيەن مۇنداق دېگەن: «مەن ئەسلىدە خەن سۇلالىسىنىڭ
پەرمانى بىلەن توخارىستانغا ئەلچىلىككە بېرىشقا چىققانى-
دىم. لېكىن يولدا مېنى هونلار تۇتۇۋالدى. كېيىن مەن پۇرسەت
تېپىپ قېچىپ چىقتىم. مەن پەرغانە خانىنىڭ ماڭا هەمراھ
قوشۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ناۋادا مەن توخارىستانغا
بارالىسام، خەن سۇلالىسى زېمىنىغا قايتقاندىن كېيىن،
خەن سۇلالىسى پەرغانە خانىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئەۋە-
تىپ بېرىدۇ.» پەرغانە خانى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا
يول باشلىغۇچى ۋە تىلماچ (تەرجىمان) قوشۇپ، ئۇنى كاڭ-
كىيە (سوغدىيانا) گە ئاپىرىپ قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كاڭكىيە-
لىكلەر ئۇنى توخارىستانغا يەتكۈزۈپ قويغان. ئەينى چاغدا
توخرىلارنىڭ باشلىقىنى هونلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ

---

① ئاخېمېنىدلار خانىدانلىقى ۋە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ تەسىر
كۈچى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيگەن مەزگىلدە، تارىخىي ماتېرىياللاردا پەرغانە-
نىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى پەرغانە توغ-
رىسىدىكى مەلۇمات پەرغانە هەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيال-
لارنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. بەزىلەر پەرغانە يۇنانلىقلار ئىستېلا قىلغان جاي-
لار بىلەن قوشنا بولسىمۇ، لېكىن يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل
قىلمىغان دەپ قارايدۇ. شۇڭا، پەرغانىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تۆمۈر ئەس-
ۋابلىرى جۇڭگودىن كىرگەن. ناۋادا، پەرغانە يۇنانىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان
بولسا، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى («بارتولد ئىلمىي ماقالىلىرى
توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، II توم، 2 - قىسىم، 455 - بەتتىن كېيىنكى بەت-
لەرگە قاراڭ).

ئوغلى تەخت ۋارىسى بولغانىدى①. توخرىلار ئۇسۇنلار تەرىپىدىن غەربكە قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانادا ئولتۇراقلاشقان. جاڭ چيەن كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باكترىيىنىمۇ ئىستىلا قىلىۋالغانىدى. باكترىيىنىڭ يېرى مۇنبەت، باي، جەمئىيەت تىنچ ئىدى. توخرىلار بۇ يەردە خاتىرجەم ياشاۋاتقان بولغاچقا، يەنە شەرققە قايتىپ ھونلاردىن قىساس ئېلىش نىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، جاڭ چيەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى خەن سۇلالىسى زېمىنىدىن ئايرىلغان چاغدا، توخرىلار تېخى باكترىيىگە بېسىپ كىرمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 135 - يىلى) باكترىيىدىكى يۇنانلىق ھۆكۈمران ئۆز دۆلىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئەگەر جاڭ چيەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى توخرىلار زېمىنىغا كەلگەن بولسا، خەن سۇلالىسى بىلەن ياۋچىلارنىڭ ئىتتىپاقى ئورنىتىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن جاڭ چيەن ھونلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ ئون نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە، بۇ مەزگىلدە توخرىلار يېڭى ماكانىغا خاتىرجەم ئورۇنلىشىپ قالدى، شۇڭا، خەن سۇلالىسى زېمىنىمۇ بەك يىراق دەپ ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ ئاجىزلىشىپ قالدى. شۇڭا، جاڭ چيەنگە ھەمراھلىرىنى باشلاپ قايتىشقا توغرا كەلدى.

②«خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمھالى» دا، «توخرىلارنىڭ خانى ئۇزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ. ئورنىغا ئايال خان بولغانىكەن» دېيىلگەن. لېكىن «تارىخىي خاتىرىلەر پەرغانە تەزكىرىسى» دە بولسا «ئۇنىڭ «ئوغلى تەخت ۋارىسى بولدى» دېيىلگەن. مەن «تارىخىي خاتىرىلەر» نى ئاساس قىلدىم.

جاڭ چيەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە باكترىيە، توخارىستان، كانكىيە قاتارلىق جايلارنى كەزدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بەش - ئالتە دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي تاغ (كۇئېنلۇن تېغى) نى بويلاپ چياڭلار زېمىنىدىن ئۆتۈپ خەن سۇلالىسى زېمىنىغا قايتتى. لېكىن بولدا يەنە ھونلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. بىر يىلدىن كېيىن ھونلاردا ماللىمانچىلىق تۇغۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاڭ چيەن غۇز ئايالى ۋە گەنفۇ بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسى زېمىنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بىرىنچى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشىغا دائىر ئەھۋاللاردۇر.

خەن سۇلالىسى توخرىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلەشمەكچى بولدى. جاڭ چيەن تەكلىپ بېرىپ، ئۇيسۇنلار قۇدرەت تاپتى، ئۇلار ئەمدى ھونلارغا ئىتائەت قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى، ھازىر خېشى كارىدورىدىكى ئەسلىدە ھونلارنىڭ قۇنشار خانىغا تەۋە بولغان زېمىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، ھازىر ئۇ يەردە ئادەمزات يوق، ئەگەر مال - دۇنيا ئارقىلىق ئۇيسۇنلارنى شەرققە قايتۇرۇپ ماكانلاشتۇرساق، ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋەتكەنلىك بولىدۇ، ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلەشسەك، ئۇنىڭ غەربىدىكى باكترىيە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىپ بېقىندى ئەللەرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ دېدى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى جاڭ چيەننى كەپتاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەن 300 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئىككىدىن ئات تەييارلاپ، نەچچە تۈمەن كالا، قوي ۋە نەچچە ئونمىڭ سەر تەڭگە قىممىتىدىكى سوۋغا - سالام بۇيۇملىرى بىلەن ئۇيسۇنلار ئېلىگە قاراپ ئاتلاندى. جاڭ چيەن

ئۇسۇن خانىنى شەرققە قايتىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇ ئۇسۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش بولغانلىقى
ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرمىدى. پەقەت
نەچچە ئون ئەلچىنى نەچچە ئون ئات بىلەن جاڭ چيەنگە ھەم-
راھ قىلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى
ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. بۇ قېتىم
جاڭ چيەن ئۇسۇندىكى چاغدا يەنە مۇئاۋىن ئەلچىنى پەرغانە،
كانگىيە، توخارىستان باكترىيە، پارفىيە، سىندۇ (ھىندىستان)
قاتارلىق ئەللەرگە ئەۋەتتى. جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىگە قاي-
تىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن. يۇقىرىقى
ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئادەملىرىنى مۇئاۋىن ئەلچى بىلەن
بىرلىكتە خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ تەشەككۇر ئېيتتى. شۇنىڭ-
دىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلار جۇڭگو بىلەن
بىۋاستە مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە ئورناتتى.

جاڭ چيەننىڭ ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشى كۆزلەن-
گەن مەقسەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى زور
بولدى. ھازىر «جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى
راۋانلاشتۇرغانلىقى» ھەممىگە ئايان داستان بولۇپ قالدى.
ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەن-
دىكى بىرقانچە جەھەتكە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىككە بېرىشى جۇڭگو بى-
لەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىنىڭ يېڭى
بىر سەۋىيىگە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇنىڭ-
دىن ئىلگىرى، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقىسى ۋە سودىسى-
نىڭ مەۋجۇتلۇقى شەكسىز ئىدى. جۇڭگونىڭ يىپەكلىرىمۇ بۇ-
رۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، سىبىرىيە ۋە ھىندىستان-

لاردا سېتىلغانىدى①. بۇلار يۇقىرىدا سۆزلەندى. لېكىن بۇنداق سودا قولدىن قولغا ئېلىپ - سېتىش سودىسى ئىدى، بۇ ئارىلىقتا ماللار نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئېلىپ - سېتىلاتتى، شۇ ئارقىلىق بۇ خىل سودا ئىشقا ئاشاتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدا جۇڭگو تېخى بىرلىككە كەلمىگەن بولۇپ، ھون، توخرى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەپرىقچىلىكىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايتتى. خەن ۋۇدى ھونلارغا زەربە بېرىپ خېشى كارىدورىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىنلا غەربىي يۇرتنىڭ سودا يولى ئېچىلدى. بۇ جۇڭگونىڭ غەرب بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى يىپەك يولىنى ياكى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى تۇنجى قېتىم ئاچتى دەۋالدى. بۇنداق دېيىش دەرۋەقە بەكلا مۇبالىغە قىلىنغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، يىپەك يولى ياكى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى، بۇ يول خەن ۋۇدى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن راۋانلاشقان، خالاس. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشى تارىخىي نامايەندىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ نامايەندە ئاللىقاچان تارىخ سەھپىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىككىنچى، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرغانلىقى، روشەنكى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادى،

---

① لى يۈسى جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشى يىپەك سودىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان دەيدۇ. («جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تارىخى»، I توم، 2 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 379—380 - بەتلەرگە قاراڭ)، بۇنداق دېيىش جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقىرىكى سودىسىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىك بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ يېڭى سەۋىيىگە تەرەققىي قىل-
غانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، جۇڭگو ئوتتۇرا
ئاسىيا بىلەن غەربنى چۈشەنمەيتتى ياكى مۇجمەل چۈشىنەتتى.
غەرب (يۇنان، رىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇ ئوخشاشلا پامىر-
نىڭ شەرقىدىكى جۇڭگونى چۈشەنمەيتتى. جاڭ چيەننىڭ غەر-
بىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشى ئىچكى ئۆلكىدى-
كىلەرنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى بىۋاسىتە چۈشە-
نىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادى-
كى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ خەن سۇلالىسىگە كې-
لىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى، شۇنداقلا جۇڭگونى كونكرېت
چۈشەندى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋان-
لاشتۇرۇپ قايتىشىدا، بېدە، ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ،
ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ زىرائەت تۈرلىرىنى كۆپەيتتى. گەرچە غەر-
بىي يۇرتتا تېرىلىدىغان نۇرغۇن زىرائەت ئۇرۇقلىرى جاڭ
چيەن ئېلىپ كەلگەن دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ جەھەتتە
ھەقىقەتەن يول ئاچقان. ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي يۇرتنىڭ يې-
زىق، دىن، ئىلىم - پەن، سەنئىتىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئېلىمىز-
نىڭ ئىچكى رايونلىرىغا تارالغان. جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى
غەربكە يەنىمۇ تارالغان. بۇ ناھايىتى ئېنىق، بۇ كېيىن داۋاملىق
بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، جاڭ چيەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندىن كېيىن،
ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئۇ قايتىپ كېلىپ
خەن سۇلالىسىگە بەرگەن مەلۇمات ھازىرغا قەدەر ئەينى
زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى مۇھىم تارىخىي
ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا تەرەپلەر (مە-
سىلەن، يۇنان، رىم، پېرسىيە، ھىندىستان) نىڭ شۇ چاغدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى مەلۇماتى كەمچىل بولغاچقا، جاڭ

چيەننىڭ تارىخىي ماتېرىيالى تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «جاڭ چيەن ئۆزى بارغان پەرغانە، ئۇلۇغ توخرىلار ئېلى، باكتىرىيە، كانكىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بەش ـ ئالتە دۆلەت ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى پەغپۇرغا سۆزلەپ بەردى» دېيىلگەن. كېيىن بەن گۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» دە خاتىرىلەنگەن جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىنى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە كىرگۈزگەن. تۆۋەندە «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» دىكى مەلۇماتلار ۋە باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

پەرغانە (دايۈەن): قارىغاندا ئىلگىرىكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ۋە باكتىرىيە خانىدانلىقى مەزگىللىرىدە، پەرغانە ئىستېلا قىلىنمىغان، بەلكى مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. بۇ دۆلەتتە تەخمىنەن ئاتمىش مىڭ تۈتۈن (ئائىلە)، ئۈچ يۈزمىڭ نوپۇس، ئاتمىش مىڭ ئەسكەر بولغان. كۇشان شەھىرى① ئۇنىڭ پايتەختى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دۆلەتنىڭ 70 نەچچە كىچىك شەھىرى بولغان. پەرغانە خەلقى مۇقىم ئولتۇر قىلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن شال، بۇغداي تېرىغان. بولۇپمۇ ئۈزۈمى، بېدىسى داڭلىق بولغان، ئۇ يەردىكىلەر مەي ئىچىشنى ياخشى

---

① بۇ ئەھۋال «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلىنىلدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە بۇ شەھەر تىلغا ئېلىنمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا بۇ شەھەر ئۇديانا شەھىرى دېيىلگەن. بۇ توغرىمۇ؟ «تارىخىي خاتىرىلەر» دە: «سۇترىشناسانغۇنىدو، شىچىڭ قاتارلىقلار بىلەن: ئۇديانا شەھىرىگە ھازىرغىچە ھۇجۇم قىلغىلى بولمىسا، خان تۇرۇشلۇق پايتەختكە قانداق بارىمىز؟»» دېگەن مەسىلىنى مەسلىھەتلەشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

كۆرگەچكە، ئۆزۈمدىن مەي ياسىغان، «بايلار بىر مىليون جىڭ-
دىن ئارتۇق مەي ساقلىغان، بەزى مەيلەر نەچچە ئون يىل ساق-
لانسىمۇ سۈپىتى ئۆزگەرمىگەن.» ئاتلىرى بېدىگە ئادەتلەنگەن.
ئۇ يەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ سورتى خىل، سانى كۆپ ئىدى. پەر-
غانىدە شەھەر - بازارلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ
سودا يولىدىكى ئۆتكەل بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئاخمېنىدلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا، ئۇ پېرسىيىگە بارىدىغان چوڭ
يول بىلەن تۇتاش ئىدى. پەرغانىلىكلەر تۈرلۈك قول ھۈنەر-
ۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان
مەھسۇلاتلارنى جۇڭگونىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى ۋە باشقا مال-
لىرىغا ئالماشتۇرغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

خارەزىم: ياپونىيىلىك شىراتورى كۇراكىچى ئۇنى «تارى-
خىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان خۇەنچيەن
شەھىرى دەپ ھېسابلايدۇ①. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى
تورستوۋ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلغان كانگىيە
شەھىرى خارەزىم شەھىرىدۇر دەپ قارايدۇ. نەچچە ئون يىلدىن
بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر خا-
رەزىمدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملارنى ئىنچىك تۈر-
دە كانگىيە مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق دەپ كەلدى. بۇنداق دې-
يىش بەك خاتا بولۇشى مۇمكىن. تورستوۋ ئۆز قارىشىغا كىلاس-
سىك ئاپتورلار (يۇنان، رىم تارىخچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن
قەدىمكى پېرسىيە رىۋايەتلىرىدە پەقەت خارەزىملا تىلغا ئېلىن-
نىپ كانگىيە تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ تارىخ ماتې-
رىياللىرىدا پەقەت كانگىيە تىلغا ئېلىنىپ خارەزىم تىلغا ئې-
لىنمىغانلىقىنى؛ يەرلىكتىكى رىۋايەتلەر (مەسلەن، «ئاۋېستا»)دە

① «كانگىيە، سوغدىيانا ئۈستىدە ئىزدىنىش»، كىرىش سۆز، 5- بەت.

بولسا ھەم كانكىيە، ھەم خارەزىم تىلىغا ئېلىنىغانلىقىنى سە-
ۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سەۋەب پۈت تىرەپ تۇرالماي-
دۇ. ئاۋادا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن شىراتۇرى كۆراكىچ-
نىڭ قارىشى پۈت تىرەپ تۇرىدىغان بولسا، جۇڭگونىڭ تارىخ
ماتېرىياللىرىدا خارەزىم تىلىغا ئېلىنمىغان دېيىشكە بول-
مايدۇ. كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ كانكىيىنى تىلغا ئالماسلىقى،
ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا ئەھۋالنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن
بولسا كېرەك. «ئاۋېستا» غا كەلسەك، ئۇنىڭ كىتاب بولۇپ
توپلانغان ۋاقتى خېلى كېيىن. شۇڭا، ئۇنىڭغا كېيىنكىلەرنىڭ
بىلىمى قوشۇلمىغان دېيىشكە بولامدۇ؟ شۇڭا، بىز سوۋېتلىكلەر-
نىڭ خۇلاسىسىگە سالماقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىساق بول-
مايدۇ. ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە ئارال دېڭىزىنىڭ
قىرغاقلىرىغا جايلاشقان خارەزىم پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئالېك-
ساندىر ئىمپېرىيىسى دەۋرلىرىدە، ئىزچىل تۈردە مۇستەقىللىك-
نى ساقلاپ كەلگەن. بىز بۇ رايوننىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنى-
يىتى ھەققىدە يەنىلا ئۇنىڭ مول ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال-
لىرى ئاساسىدا سۆزلەيمىز. مەسىلەن، 1938 — 1939 - يىل-
لىرى قېزىلغان جانباس قارا شەھىرى تىك تۆت تەرەپلىك
شەكىلدە بولۇپ، كۆلىمى 170m × 200 كېلىدۇ، ئەتراپىدا ئىككى
قات تام بولۇپ، تامنىڭ ئېگىزلىكى 10 — 11 مېتىر، بىر قات
تامنىڭ قېلىنلىقى 1 — 1.3 مېتىر كېلىدۇ. تاشقى تامدا بىر
قاتار ئوقيا ئېتىش تۆشۈكچىلىرى بولۇپ، ھەر بىر ئورۇندا
ئۈچتىن تۆشۈكچە بار. شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ بەش قېتىم
بۇرۇلۇپ ماڭغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىگە كىرگىلى بولىدۇ.
ئىچكى تامدىمۇ ئوقيا ئېتىش تۆشۈكچىلىرى بار. شەھەر ئىچىدە
چوڭ بىر كوچا بولۇپ، ئۇ شەھەرنى ئىككى رايونغا ئايرىپ

تۇرىدۇ، ھەر بىر رايوندا تەخمىنەن 200 ئېغىز ئۆي بار①. ئۇنىڭدىن باشقا، قوي ئۆلگەن شەھىرىدىنمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىن مىلادىدىن كېيىنكى I ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل-لەرگە تەئەللۇق نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەر تېپىلدى. خارەزىمدىن تېپىلغان پۇلغا خانىنىڭ نامى قۇيۇلمىغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەردە مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پۇل قۇيۇلغان. بۇ يەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پۇلى ئورال رايونىدىنمۇ تېپىلدى، بۇ ئۇنىڭ ئورال رايونى بىلەنمۇ سودا مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خارەزىمنىڭ پۇل قويۇش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، باك-ترىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

كانكىيە (كانجۈت): «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكى-رىسى» دە «كانكىيە پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، كۆچمەن ئەل، ئۇ ئەلدىكىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توخرىلارغا ئوخشايدۇ» دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى ئېيتىلغان تەرەپ ئورنىغا ئاساسەن، كانكىيىنىڭ سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا جايلاشقانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. كانكىيالىكلەر كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، ئۆرپ - ئادىتى توخرىلارغا ئوخشايدۇ، خارەزىملىكلەردەك مۇقىم ئولتۇ-راقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلمىغان. كانكىيىنىڭ باشلىقىنىڭ قىشلىق، يازلىق يايلىقى بولغان، مەسىلەن، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇنىڭ قىشتا يىللىق يايلاققا بېرىدىپ، يازدا ئۆز دائىرىسىدە تۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. «خەننامە» دىكى مەلۇماتنىڭ ۋاقتى «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن كېيىن بولغاچقا، ئۇنىڭدا كانكىيىلىكلەرنىڭ سانى كۆپرەك، يەنى

① مېنگاتىۋ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىسى»، 237 — 238 - بەتلەر.

120 مىڭ تۇتۇنى، 600 مىڭ تۈمەن نوپۇسى، 120 تۈمەن سەرخىل ئەسكىرى بار دەپ خاتىرىلەنگەن («تارىخىي خاتىرىلەر» دە بولسا پەقەت «سەكسەن ـ توقسان مىڭ تۈمەن ئادىمى بار» دېيىلگەن). كانگكىيىلىكلەر ھونلار بىلەن قان ـ قېرىنداش بولسا كېرەك. شىراتورى كۇراكىچى ئۇلارنى كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار «شەرقتە ھونلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان.» شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى رايونلارغا يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

تارجى: مەن ئۇلارنى ھېرودود ئۆزىنىڭ «تارىخ» كىتابىدا تىلغا ئالغان دائوئىلار ياكى «ئاۋېستا»دا تىلغا ئېلىنغان داخلار① بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئۇلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىغە تارالغان بولۇپ، زېمىنى خارەزىمگە يېقىن، شۇڭا، «تارىخنامە» دە خارەزىم بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئارسانىس پارفىيىگە بېسىپ كىرىپ پارفىيە خاندانلىقىنى قۇرغان. بۇ چاغدا داخلار مۇستەقىل بىر قەبىلە بولغان. شۇڭا، كىچىك دۆلەت دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

ئۇسۇن (ئاسيۇ): ئۇسۇن قوۋمى ئادەتتە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن ئىلى دەرياسى بويلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارالغان دەپ قارىلىدۇ. ئۇسۇنلار مەملىكىتىمىزدىكى بىر قوۋم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ كېڭەيگەن، ھەتتا قارا تاغنىڭ شىمالىي ئېتەكىدىكى بىرى كۆلى ئەتراپىدىمۇ ئۇسۇنلارنىڭ قەبرىسى تېپىلدى. ئۇسۇنلارنىڭ زېمىنىنى ئەسلىدە

---

① دىڭ چيەن دايىلار ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. جاڭ شىڭلاڭ بولسا بەدەخشاندىكى تاجىك (Tajiks) مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ (جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»، 3 ـ قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 73 ـ بەتكە قاراڭ). يۇقىرىقى پىكىرلەر ئىشەنچلىك ئەمەس.

ساكلار بىلەن توخرىلار ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قوغلىۋېتىلگەن، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۇيسۇنلار ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ساكلار ۋە توخرىلارنىڭ قوۋمى يەنىلا قېپقالغان.

پارفىيە: ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينى چاغدىكى پۈتكۈل ئىران، ئىككى دەريا ۋادىسى ۋە ئەرمىنىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدا پارفىيىلىكلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغانلىقى، شال، بۇغداي تېرىيدىغانلىقى، ئۈزۈمدىن ھاراق چىقىرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. پارفىيىدە نەچچە يۈز شەھەر - بازار بولغان، زېمىنى نەچچە مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتە بولۇپ، ئەينى چاغدا ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېسابلانغان. پارفىيىنىڭ يەرلىك ئادەملىرى ھارۋا ۋە كېمىلەر بىلەن ماللىرىنى قوشنا دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ ساتقان، بەزىدە نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق جايلارغىمۇ بارغان. ئۇلارنىڭ پۇلى كۈمۈشتە قۇيۇلغان بولۇپ، بىر يۈزىدە خاننىڭ باش سۈرىتى بار. بۇ مەلۇمات بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشتا تېپىلغان پارفىيە پۇلىنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. جاڭ چيەن پارفىيىلىكلەرنىڭ «ئەيلەنگەن تېرىگە خەت يازىدىغانلىقى» نى ئېيتقان. سىيكېس بۇ پىراگمېنت (پاركخمېنت، Parchment) نى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. ئۇ قەغەز كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى پاگامادا ئىشلەنگەن بولۇپ، كېيىن ياۋروپاغا تارالغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. بۇ چاغدا، پارفىيىنىڭ خانى مىسرادېتىس II (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 124 — 88 - يىللار) ئىدى. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلغان. بۇ جاڭ چيەن ئۇيسۇنغا ئەلچىلىككە بارغان ۋاقىت (مىلادىدىن ئىلگىرى 119 - يىلى) ئىدى. جاڭ چيەن مۇئاۋىن ئەلچىنى پارفىيىگە ئەۋەتكەن. «پارفىيە خانى يىگىرمە مىڭ ئاتلىقنى

شەرقىي چېگرىدا بىرىپ قارشى ئېلىشقا بۇيرىغان.» شەرقىي چېگرا ئۇنىڭ پايتەختىدىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، ئارىلىقتىكى نەچچە ئون شەھەردىن ئۆتكەندىلا ئاندىن بارغىلى بولاتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى قايتقاندا، پارفىيەمۇ ئۆز ئەلچىلىرىنى خەن سۇلالىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە بىللە ئەۋەتكەن ھەمدە چوڭ قۇش تۇخۇمى داكچىنىيىلىك سېھىرگەرنى خەن سۇلالىسىگە ھەدىيە قىلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان چوڭ قۇش تۇخۇمىنى سىيكىس تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇمى دەيدۇ، ئۇنى ئەرەب قۇملۇقلىرىدىن ئەكەلدۇرگەن بولسا كېرەك ①. سېھىرگەر — سېھىرچىلىكنى بىلىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ ئەڭ دەسلەپ بىۋاستە ئالاقە قىلىـ غانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلۇغ توخرىلار: جاڭچيەن ئۇچراشقان ئۇلۇغ توخرىلار باكترىيىنى ئىستىلا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار زارىئاسپا شەھىرىنى (جيەشچېڭ) ② پايتەخت قىلغان. ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ 100 مىڭ تۈتۈنى، 400 مىڭ نوپۇسى، 100 مىڭ سەرخىل ئەسكىرى بولغان. ئۇ يەردە ياخشى تۆگىلەر بار، ئۇلار- نىڭ ئۆرپ - ئادىتى پارفىيىلىكلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. جاڭچيەن

---

① سىيكىس: «پېرسىيە تارىخى». 1930 - يىلى 3 - قېتىملىق نەشرى. 1951 - يىلى لوندوندا قايتا بېسىلغان نۇسخا. 339 - بەت.

② زارىئاشەھىرىنى مەن زارىئاسپا (zariaSpa) شەھىرى. كېيىن بەلخ دەپ ئاتالغان دەپ قارايمەن. فرانسىيىلىك چاۋاننېس ئۇنىڭ ئورنىنى بەدەخشان را- يونىدىن ئىزدەش كېرەك دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كونكرېت ئورنىنى ئوستىدە ئىزاھ بەرمىگەن. (فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ- جۇغراپىيىسىگە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى». چاۋاننېس: «ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى توغرىسىدا ئىزدىنىش» كە قاراڭ. يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاساس قىلىنمىدى.

باكتىرىيىدىكى چاغدا، چيۇڭ تېخىنىڭ بامبۇك ھاسىسى، شۇ (سىچۇەن) رەختلىرىنى كۆرگەن. جاڭ چيەن ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇلار سودىگەرلىرىمىز ھىندىس-تاندىن سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن دېگەن. بۇ باكتىرىيىنىڭ ھىندىستان بىلەن ئىقتىساد، سودا جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھىندىستانغا كەلتۈرۈلگەن سىچۇەننىڭ ماللىرىنى ئەينى چاغدىكى كىشىلەر قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئەكەلگەن دەپ پەرەز قىلىشقان، لېكىن ئۇنىڭ دېڭىز ئارقىلىق توشۇلغانلىق ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ①. ھىندى دەرياسىنىڭ دېلتا رايونى ۋە كاتىئاۋار يېرىم ئارىلى باكتىرىيىلىكلەر كونترول قىلىپ تۇرغان دېڭىز بولۇپ، دېڭىز سودىسىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغان. بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىندى②. جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدىمۇ: «باك-تىرىيىنىڭ خەلقى كۆپ، بىر مىليوندىن كۆپرەككە يېتىدۇ. ئۇنىڭ پايتەختى زارىئاسپا شەھىرى، بازاردا سودىگەرلەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى ساتىدۇ» دېيىلگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتە باكتىرىيە بىلەن تۇتىشىدىغان يولىنى چاڭ غۇزلىرى

---

① شيانەي جاڭ چيەن باكتىرىيىدە كۆرگەن ھىندىستاندىن كەلتۈرۈل-گەن «چيۇڭشەن تېغىنىڭ بامبۇك ھاسىسى، سىچۇەن رەختلىرى» سىچۇەندىن توشۇلغانمۇ - يوق، بۇ بىر مەسىلە دەپ قارايدۇ («ئارخېئولوگىيە» 1965 - يىل، 7 - سانىدىكى شيانەينىڭ ماقالىسىگە قاراڭ).

② شيانەي بىلەن رۇكمىي بىرلىشىپ يازغان «جاۋرۇشى» («تەۋە ئەللەر ھەققىدە تەپسىرات») غا ئىزاھ» دېگەن كىتابىنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە: «جۇڭگونىڭ ھىندىستان ۋە غەرب بىلەن مىلادىنىڭ دەسلەپكى «يىللىرىغا قەدەر دېڭىز ئالاقىسى يوق ئىدى» دېيىلگەن. بۇ خىل قاراش گۇمانلىق (جاۋرۇشى «تەۋە ئەللەر ھەققىدە تەپسىلات» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىغا قاراڭ، 1912 - يىل، پېتربۇرگ نەشرى، 5 - بەت.) خې چاڭچۈن تەرجىمە قىلغان. يويىشى، لياۋتېنىڭ «بۇددىزم غەربتە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 31 — 32 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۆزگۈەتكەن، كېيىن غەربىي جەنۇب ئارقىلىق يول ئېچىشقا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، لېكىن ئۇ باشتىن - ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان.

ئاۋرسى: كانكىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دۆلەتنىڭ، شۇنداقلا بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ نامى، غەرب ئاپتورلىرى ئۇلارنى كلاسسىك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ئاۋرسلار (aorsi) دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنى ئالانىيلار دەيدىغان قاراشمۇ بار. بارتولد ئاۋرسلار ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزى بويلىرىغا تارالغان دەيدۇ. بۇ قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ خەن سۇلالىسى زېمىنى بىلەن بولغان ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا، ئۇلار بىۋاستە ئالاقە قىلىشمىغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇلار ھەققىدە ئانچە كۆپ مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يەنە ئوتتۇرا ئاسيادىكى بىرنەچچە رايون تىلغا ئېلىنغان، لېكىن ئۇلار «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دىكى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدا چىقمايدۇ، ئۇلار كېيىنكى ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان بولسا كېرەك. ئۇلار:

زابولىستان: ئادەتتە كەشمىرنى كۆرسىتىدۇ دېيىلىدۇ. مەلۇماتلاردا، «زابولىستانىنىڭ يېرى تەكشى، ھاۋاسى يىللىق»، زابولىستانلىقلار دېھقانچىلىق قىلىدۇ، بەش خىل زىرائەت تېرىيدۇ. ئۇ جايدا ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر، شۇنداقلا بېدە، تۈرلۈك دەل - دەرەخلەر، قىممەتلىك دەرەخلەر (مەسىلەن، دالبېرگىيە دەرىخى، تۇخۇمەك دەرىخى، چوكا دەرىخى ۋە بامبۇك، سىر دەرىخى قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، چەكمەن توقۇش، كەشتىچىلىك، نەققاشلىق، بىناكارلىق، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس،

قەلەي تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق كەسىپلىرى بار. خەلقى سودىگەرچىلىكمۇ قىلىدۇ، سودا شەھەرلىرى ۋە بازارلار بار. پۇلى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قۇيۇلغان بولۇپ، ئالدى يۈزىدە ئادەمنىڭ، كەينى يۈزىدە ئاتلىقنىڭ رەسىمى بار. زابۇلىستاندا كالا، سۇ كالىسى، پىل، ئىت، مايمۇن قاتارلىقلار بار. ئۈنىڭدىن باشقا، ئۈنچە - مارجان، كەھرىۋا، ساپال سىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ساكلار توخرىلار تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، جەنۇبقا كۆچۈپ زابۇلىستانغا بارغان. ئۇلارنىڭ باشلىقى يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۆزى خان بولغان. ئۈنىڭدىن باشقا، ساكلار يەنە ئەر كېشتام، سىندۇ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، بىرمۇنچە كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. يۇنان، رىم ۋە ھىندىستاننىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ساكلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھىندىستانغىمۇ كۆچۈپ بارغان.

ئۇررى: ئۇرنى ھازىرقى پامىر رايونىغا توغرا كېلىدۇ. بەش مىڭ تۈتۈنى، 31 مىڭ نوپۇسى، سەككىز مىڭ سەرخىل ئەسكىرى بار. غەربتە ئۇلۇغ توخرىلار ئېلى (باكتىرىيە) بىلەن چېگرىداش. خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۇسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

ناندۇ: زابۇلىستانغا تەۋە. خەلقى بەش خىل زىرائەت تېرىيدۇ، ئۈزۈم، ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇ جايدىن كۈمۈش، مىس، تۆمۈر چىقىدۇ، ھەربىي قوراللارنى ياسايدۇ.

ئۇلاردىن باشقا، ئانچە مۇھىم بولمىغانلىرى ئۈستىدە بىر-بىرلەپ قايتا توختالمايمىز. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق قوۋملارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورا كۆز، ساقال - بۇرۇتلۇق كېلىدۇ»،

«پەرغانىنىڭ غەربىدىن پارفىيىگىچە بولغان جايلاردىكى ئەللەرنىڭ تىلىدا پەرق بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقىدۇ، ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن ئوخشايدۇ.»①

خەن ۋۇدىنىڭ ھونلارغا زور كۆلەملىك زەربە بېرىش ئۇرۇشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 134 - يىلدىن كېيىن باشلانغان. بۇ جەرياندا، بىر تەرەپتىن جاڭچيەن توخرىلار ۋە ئۇسۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ھونلارغا زەربە بېرىشكە كۆپ قېتىم قوشۇن ماڭدۇرۇلدى. 30 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خېشى كارىدورىغا بارىدىغان يول راۋانلاشتۇرۇلدى، قۇنشارخانىنىڭ زېمىنى ئىشغال قىلىندى، ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاھالە كۆچۈرۈلدى، پوچتا راباتلىرى بەرپا قىلىندى، ئىستىھكام ياسالدى، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، بوز يەر ئېچىلدى، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ سودا يولىنى قوغداش ئۈچۈن، مۇھاپىزەت ۋە قاراۋۇللۇق كۈچەيتىلدى. ھونلار بولسا پەيدىنپەي، غەربىي شىمالغا چېكىنىپ تاشقى موڭغۇلىيىگە كۆچۈپ باردى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېسىپ كىرىشى تەدرىجىي ئازايدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 117 - يىلى خۇچۈيىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى خېلى ئۇزاققىچە شىمالدىكى ھونلارغا زەربە بەرمىدى. جاڭچيەننىڭ ئۇسۇنغا ئەلچىلىككە بېرىشى خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتنىشىنى تامامەن راۋانلاشتۇردى، باكتىرىيە، پارفىيە بىلەنمۇ بىۋاستە ئالاقە ئورنىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ باردى -

① «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، 3174 - بەت.

كەلدىسى تېخىمۇ كۆچەيدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغىلا ئەمەس، بەلكى داكچىنىيە[سېلېۋك خاندانلىقى①، سۈرىيە (هازىرقى ئەرەب يېرىم ئارىلى)، سىندۇ (هىندىستان] قاتارلىق ئەللەرگىمۇ بارغان. ئەينى چاغدا «كېتىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، چەت ئەل ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىدە كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز كىشى، ئاز بولغاندا يۈز نەچچە كىشى بولغان.» ② ئەلچىلەر ئادەتتە هەر يىلى كۆپ بولغاندا 10 نەچچە، ئاز بولغاندا بەش ـ ئالتە تۈركۈم ئەۋەتىلگەن. يىراق ئەللەرگە كەتكەن ئەلچىلەر سەككىز ـ توققۇز يىلدا، يېقىنغا كەتكەنلىرى نەچچە يىلدا قايتىپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى هەرقايسى ئەللەردىنمۇ خەن سۇلالىسىگە نۇرغۇن ئەلچىلەر بارغان. تارىخ كىتابلىرىدا: «غەربىي شىمالدىكى چەت ئەللەر ئەلچىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپ باردى ـ كەلدى قىلغان» لىقى،«تۇلپار (غەربىي يۇرت ئېتىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ كۆپلۈكى، چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ كۆپلەپ كەلگەن» لىكى ئېيتىلغان. ئۇلار جۇڭگوغا ئاساسەن سودا قىلىشقا كەلگەن

① داكچىنىيەنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى قاراشلار هەرخىل. فرانسىيىلىك پىائوتخېر سېلېۋك خاندانلىقىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. ج . ئېدكىنس رىم ياكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. مەن بۇ پەقەت ۋاقىت جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئەمەلىيەتتە سۈرىيەنىڭ غەربىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايمەن. لېكىن سىكېس «پېرسىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە خۇركانىيەنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر . پەرغانە تەزكىرىسى» دە: (پارفىيە) «نىڭ غەربىدە سۈرىيە. شىمالىدا ئاۋرسى،داكچىنىيە بار» دېيىلگەن. خۇركانىيە دەل پارفىيەنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «داكچىنىيە. سۈرىيە پارفىيەنىڭ شىمالىغا نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. غەربىي دېڭىزغا تۇتاش» دەيدىغان بىر خىل ئىزاهلاشمۇ بار. سۈرىيە بىلەن خۇركانىيە چېگرىداش ئەمەس.

② «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، 3170 ـ بەت.

بولۇپ، ئۇلار «سودىگا ماھىر، بىر يارماقنىمۇ تالىشىدىغان كىشىلەر» ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سودىگەر ۋە جاڭ چيەننى ئۆلگە قىلىپ باي بولۇش غەرىزىگە يەتمەكچى بولغانلار ئىدى.

جاڭ چيەن ئەلچىلىككە بېرىپ نەتىجە قازىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەن ۋۇدى ھەيرەتتە قېلىپ ئۇنىڭغا ئوركان بەگ ئۇنۋانىنى بەرگەن. جاڭ چيەن باي بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىرمۇنچە ئەمەلدارلار ۋە سەردار - ئەسكەرلەر چەت ئەلدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، غەربىي يۇرتقا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. خەن ۋۇدى غەربىي يۇرتنىڭ يىراقلىقى، ئادەتتە كىشىلەر بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ تەلىپىنى بىراقلا تەستىقلىغان. ئەلچىلىككە بېرىشنى خالىغانلىكى كىشىگە ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرگەن، بىللە ماڭىدىغانلارغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سودىگەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولۇپ، كەمسىتىلەتتى، شۇڭا، ئۇلاردىن ئەلچىلىككە بېرىشنى خالايدىغانلار كۆپ ئىدى، ئۇلاردىن قالسا نامراتلار كۆپ ئىدى. ئۇلار دۆلەت بەرگەن ماللاردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ بايلىق توپلىۋالغان. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىپەك يولىدا قاتناپ، سودا ئارقىلىق بېيىغانلار كۆپ بولغان. بۇ ھال تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى بۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتمۇ باج ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، جىنايىتى ئۈچۈن تۆلەم ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نۇرغۇن

كىرىم قىلغان.

كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەلچىلىككە بارغانلار خەن ۋۇدىغا مەلۇمات يوللاپ، پەرغانىدە ياخشى ئات بارلىقىنى، پەرغانىلىقلار ئۇلارنى سۇترىشىنا شەھىرىگە① يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە كۆرسەتمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. خەن ۋۇدى ئەسلىدىلا ياخشى ئاتلارنى يىغىپ بېقىشنى ياخشى كۆرگەچكە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېڭ لىڭ ئىسىملىك بىر كىشىنى مىڭ جىڭ ئالتۇن ۋە زەر ئات ھەيكىلى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن پەرغانىگە ئەۋەتىپ، سۇترىشىنانىڭ ياخشى ئاتلىرىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. لېكىن پەرغانە خەن سۇلالىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئات بېرىشكە ئۇنىمىغان. چېڭ لىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغاچقا قايتىپ بېرىپ بىرنەرسە دېيىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىگە غەزەپلىنىپ، زەر ئات ھەيكىلىنى چېقىۋېتىپ قايتىپ ماڭغان. پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرى چېڭ لىڭ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا جايلاشقان جىززاق (ئۆزكەنت) شەھىرىنىڭ خانىغا ئۇنى توسۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. ئەسلىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسا، ۋەقە تۇغۇلمىغان بولاتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ رەسمىي ئەلچىلىرى ئۆلتۈرۈلگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن ۋۇدى دەرغەزەپكە كېلىپ پەرغانىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلىدى.

پەرغانىگە جازا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى بېرنىشتېين سۇترىشىنا شەھىرىنى مارخمات شەھىرى دەپ قارايدۇ، ئىلىم ساھەسىدە بۇنىڭغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار.

لى گۇاڭلى تەيىنلەنگەن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سىۇترىشىنا شەھىرىگە
بېرىپ ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى، شۇڭا، ئۇ «سىۇترىشىنا
سانغۇن» دەپ ئاتالغان. ئۇ قوماندانلىق قىلغان قوشۇنىنىڭ
بىر قىسمى تەۋە بەگلىكلەرنىڭ 6000 چەۋەندازىنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى، قالغانلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن توپلىغان نەچچە
ئونمىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىدى. جاۋشىچېڭ قوشۇنغا ھەربىي
يارغۇچى، ۋاڭ خۇي قوشۇنغا يول باشلىغۇچى، لى دو چېرىكچى
بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى (تەيچۇ تۇنجى
يىلى) ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان.

خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان يۈرۈ-
شىدە مەنزىل يىراق، يوللارنىڭ كۆپىنچىسى چۆللۈك - قۇملۇق
بولغانلىقى، ئاشلىق ئۆكسۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ قوشۇن-
دىكىلەر نۇرغۇن رىيازەت چېكىپ ئاران تەسلىكتە پەرغانىنىڭ
شەرقىي قىسمىدىكى جىززاق① شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ.
لېكىن بۇ چاغدا ئاران نەچچە مىڭلا ئادەم قالغانىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئاشلىق، ھارغىنلىق دەستىدىن ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشقا
قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار جىززاقتا مەغلۇپ بولدى. لى
گۇاڭلى لى دو، جاۋشىچېڭ قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ
قايتىشنى قارار قىلدى. ئۇلار يولغا چىقىپ ئىككى يىلدىن
كېيىن دۇنخۇاڭغا قايتىپ كەلدى. خەن ۋۇدى بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇلارنىڭ شەرققە قايتىشىغا رۇخسەت
قىلمايدىغانلىقى، كىمكى قاشقۇۋۇق (يۈيمېن) تىن كىرىشكە

① يېڭى نەشر قىلىنغان «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي
تارىخى» (1967 - يىل نەشرى، I توم) دا، جىززاق سېلىپۇك خاندانلىقى
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى «سكىفلار رايونىدىكى ئانتىئوكىيە شەھىرى»
نى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى سازىرقى ئۆزكەنت (ئوش رايونىدا، جالال-
ئابادنىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن ئوشنىڭ شەرقىي شىمالىدا) كە توغرا
كېلىدۇ دېيىلگەن.

جۈرئەت قىلسا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن لى گۇاڭلى قاتارلىقلار يەنە ئاتمىش مىڭ ئەسكەر توپلىغان ھەمدە، يۈزمىڭ تۇياق كالا، ئوتتۇز مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات ۋە نەچچە ئون مىڭ ئېشەك، قېچىر، تۆگە تەييارلىغان. ئاشلىق، قورال، ئوقيالارنى تولۇق ھازىرلاپ، پەرغانىگە يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلغان.

بۇ قېتىم ئەسكەر كۆپ، ئاشلىق يېتەرلىك بولغاچقا، قوشۇن پەرغانىگە خېلى ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارغان. پەرغانە قوشۇنى قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. لى گۇاڭلى پەرغانىنىڭ پايتەخ تىنى قورشىۋېلىپ 40 نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلغان. تاشقى شەھەر ئېلىنغان، ئىچكى شەھەردىكى پەرغانە ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى پەرغانە خانى ئۇگەنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى خەن سۇلالىسى قوشۇنىغا ئاپىرىپ بېرىشنى مەسلىھەتلەشكەن ۋە خەن سۇلالىسى قوشۇنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختات سىلا، ياخشى ئاتلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ تاللىۋېلىشىغا چىقىرىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ چاغدا، لى گۇاڭلى ئىچكى شەھەردە ئاشلىق تېخى كۆپلۈكىنى، ئۇ يەردە قۇدۇق قېزىشنى ئۆگىنىپ قويىدىغان خەنزۇلار بارلىقىنى، شۇڭا شەھەرگە بېسىپ كىرىش ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كانكىيە پەرغانىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەر ۋاقىت ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ ئەھ ۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ خەن سۇلالىسى قوشۇنى پەرغانىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. خەن سۇلالىسى پەرغانە ئاقسۆڭەككى مەسايىنى خان قىلىپ تىكلىدى، پەرغانە خەن سۇلالىسىنىڭ نەچچە ئون تۇياق تۇلپار ۋە ئوتتۇرا ھال ئاتلاردىن ئايغىر، بايتال بولۇپ ئۈچ مىڭدىن ئوشۇقراقىنى تاللىۋېلىشىغا يول

قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئىتتىپاق تۈزگەن، خەن سۇلالىسى قوشۇنى مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، قايتىپ كەتكەن. پەرغانىگە قىلىنغان ئىككى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈش ئۈچۈن جەمئىي تۆت يىل ۋاقىت كەتكەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى چېكىنىپ بىر يىلدىن ئار- تۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى تىكلىگەن پەرغانە خانى مەساي يەنە شۇ بەگلىكتىكى ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، سابىق خان ئۇگەنىڭ ئىنىسى چانپانىنى پەرغانە خانى قىلىپ تىكلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسى ئاجايىپ - غارايىپ بۇيۇملارنى تېپىپ كېلىش ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانە يۈرۈشىدە قازانغان شانۇ - شۆھرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، پەرغانىنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرگە ئون نەچچە تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇگۇر، چېدىر قاتارلىق جايلارغا دېھقانچىلىق قىلدىغان بىرنەچچە يۈز كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان جايلارنى قوغداشقا ئەمەلدار تەيىنلىگەن، بۇ ئەمەلدارلار چەت ئەلگە بارىدىغان ئەلچىلەرنى ئۇزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىگەن.

لى گۇاڭلىنىڭ پەرغانىگە ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەقەگە قارىتا، مەيلى ئەينى چاغدا بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن، تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇت- قانلار كۆپ بولغان. ئۇلار خەن ۋۇدىنىڭ ئەللىك مىڭ ئەسكەر، 30 ئارغى- مىليارد سەر تەڭگە، تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۇل - ماقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پۇقرالارنى ھالسىرىتىپ، پۇل - مال چىقىم قىلىپ، جاھاننى پاراكەندە قىلغانلىقى ھەققەتەن ئەرزىمەيدىغان ئىش دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ

ۋەقە غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشتا، چەت ئەللەرنى بېقىندۇرۇشتا، هونلارنى قىسىش ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئوينىدى، دەيدىغان قاراشمۇ بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم شۈي سۇڭ تەيچيۇ 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى) نى خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسى راۋانلاشقان يىل دەپ ھېسابلايدۇ①، چۈنكى ئۇ غەربىي يۇرتتىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ: «ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغاچقا، ئۇلار ئوردىغا ئولپان تەقدىم قىلىشقا كۆپلەپ ئەلچى ئەۋەتكەن»②. يەنە بىر تەرەپتىن، «پەرغانە دەغلۇپ بولغاچقا، چەت ئەللەر ساراسىمىگە چۈشكەن، خان بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ هونلارنى تېخىمۇ قىسىش ئەھۋالدا قالدۇرماقچى بولغان.»③ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى پەيدىنپەي مۇستەھكەملىنىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك بىرلىك ۋەزىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي پەقەت غەربتىن كەلگەن ئىستېلاچىلارنىڭلا تارىخى بولۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋانلاشقانلىقى، يىپەك يولى لېنىيىلىرىدىكى سودىنىڭ راۋاجلانغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنىڭ يەنىمۇ قويۇقلاشقانلىقى

---

① شۈي سۇڭ: «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسىگە قوچۇمچە ئىزاھ».

② «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «خەننامە» 3873 - بەت.

③ شون يۈي: «غەربىي خەن سۇلالىسى توغرىسىدا خاتىرە»، 14 - جىلد.

ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى كېيىنچە جۇڭگونىڭ تارىخى بىلەن ئىنتايىن كۆپ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى.

## 3 - بۆلۈم ھونلارنىڭ تەدرىجىي زەئىپلىشىشى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتتا قوروقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشى

خەن ۋۇدى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرغان ۋاقىت خەن سۇلالىسى راسا شان - شۆھرەت قازانغان مەزگىل ئىدى. بۇ چاغدا، ھونلار كۆپ قېتىم زەربىگە ئۇچرىغاچقا، تاشقى موڭغۇلىيىگە چېكىنگەن، تارىختا: «ھونلار يىراققا قاچتى، جەنۇبتىكى تەختىھونغا قايتىشقا مادارى يەتمىدى» دېيىلگەن. لېكىن ھون تەڭرىقۇتى دائىم بەزى خەنزۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن چارە - تەدبىر تۈزۈپ بېرىشكە سېلىپ، دۆلىتىنى كۈچەيتكەن ۋە خەن سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا سىياسەتلەرنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، خەنزۇلاردىن چاۋشىن ھونلارغا خەن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ھەمدە قۇدا - باجا بولۇشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، «يىراق - شىمال تەرەپكە كۆچۈپ، ئەسكەر، ئاتلىرىنى ئارام ئالدۇرغان، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان»، خەنزۇلارنى ھونلارغا ئەل بولۇشقا ئۈزلۈكسىز جەلپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتكەن. خەن سۇلالىسى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت لەرزىگە كەلگەن، ھون تەڭرىقۇتى قورقۇپ، تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان

لۇ چۇڭگو قاتارلىق هونلارغا ئەل بولۇشنى خالىمىغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قايتۇردى ھەمدە: «مەن ئۇغۇل، خەن سۇلالىسى خانىنىڭ ئوغلى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، خەن سۇلالىسى خانىنى يۆلەنچۇك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. هونلارغا ئەل بولغانلار ئۇ يەردە يەنىلا هونلار ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. مەسىلەن، ۋېي لۈي ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى چاڭشۈيلۈك هون ئىدى، ۋېي لۈي خەنزۇلار رايونىدا چوڭ بولغان بولۇپ، خەنزۇلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەمدەم تۇتۇقبېگى لى يەنىيەن بىلەن قەدىناسلاردىن ئىدى. لى يەنىيەن ئۇنى هونلارغا ئەلچىلىككە بېرىشقا نامزاتلىققا كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ئەلچىلىكتىن كەلگەن چاغدا، لى يەنىيەن گۇناھ ئۆتكەزگەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋېي لۈي ئۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ هونلارنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. هونلار ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشەنگەچكە، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى ھەمدە ئۇنى دىڭلىڭ شاھى قىلىپ تەيىنلىدى.

دىڭلىڭلار هونلارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىن يېنىسەي دەرياسى بويلىرىغا بارغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ زېمىنى جەنۇبتا سېلىنگا دەرياسىغا، شىمالدا سايان چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى مىنوسىنىسكى ئويمانلىقىغا تۇتىشاتتى. بۇ جايلاردا قەدىمكى ماددىي مەدەنىيەت خارابىلىرى بار. بۇ جايلار قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدىن باشلاپ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلدۇق. كېيىن XII ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ جاي ئويراتلارنىڭ ماكانى بولغان. شۇڭا، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن سىبىن جۇڭمىيەن «ئويرات دېگەن نام ۋېي لۈي دېگەندىن كەلگەن» دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەن بۇ خىل قاراشنىڭ

ئاساسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن①. ۋېي لۈي هونلار
ئارىسىدا «نەچچە ئون مىڭ ئادىمىنىڭ بارلىقى، يىلقىلىرى مىشەن
تېغىدا ئىكەنلىكى» توغرىسىدا جار سالغان②.
سېن جۇڭمىيەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭگودىن ئەسىر
چۈشكەنلەر دەيدۇ. ئەسىر ئېلىنغان بۇ خەنزۇلار هونلارغا
قۇل بولغان، خەنزۇلار رايونىنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىش،
هونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور تۆھپە
قوشقان. «ۋېي لۈي بولسا تەگرىقۇتقا ،قۇدۇق كولاش، شەھەر
بىنا قىلىش، ئىسكىلات سېلىپ ئاشلىق ساقلاپ، چىن خاندانى
لىقىدىكىلەردىن مۇداپىئەلىنىش...،» توغرىسىدا تەكلىپ
بەرگەن③. شۇڭا، هونلاردىن ئىبارەت بۇ مىللەت بىلەن
خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناهايىتى قويۇق بولغان
دېيىشكە بولىدۇ.

هونلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى لۇ چۇڭگو قاتار-
لىقلارنى قايتۇرغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىمۇ مۇناسىپ
ھەرىكەت قوللىنىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 100 - يىلى
سۇۋۇ قاتارلىقلارنى ئىلگىرى خەن سۇلالىسى تۇتۇپ قالغان
هون ئەلچىلىرىنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. سۇۋۇ قاتارلىقلار
هون دۆلىتىگە بارغاندىن كېيىن، هون تەگرىقۇتى سۇۋۇنى ئەل
قىلىشقا ئۇرغۇن چارە - تەدبىر ئىشلەتتى ھەمدە ۋېي لۈينى
ئۇنى ئەل بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتتى. لېكىن بۇلارنىڭ

① سېن جۇڭمىيەن: «جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ تارىخ - جۇغرا-
پىيىسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، 1 - قىسىم، 58 — 66 - بەتلەر. ئۇيرات -
قوۋم نامى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك
ئۆز ئەجدادى ياكى مەشھۇر باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئۇرۇقى، قەبىلىسى ۋە
قوۋمىنىڭ نامى قىلغان.

② «خەننامە. سۇۋۇ تەرجىمىھالى»، «خەننامە» 2462 - بەت.

③ «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى»، «خەننامە» 3782 - بەت.

ھېچقايسىسى سۈۋۈنى زادىلا تىز پۈكتۈرەلمىدى. تەڭرىقۇت ئامال قىلالماي، ئۇنى شىمالىي كۆل (بايقال كۆلى) بويىدىكى ئادەمزات يوق جايغا ئاپىرىۋېتىپ ئۇنىڭغا قوشقار باقتۇردى ۋە ناۋادا قوشقار قوزىلىسا، ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە قايتىشىغا ئىجازەت بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۈۋۈمۇ باشقا ھەرىكەت قوللانمىدى. ئۇ شىمالىي كۆل بويلىرىدا چاشقان تۇتۇش ۋە ئوت - چۆپلەرنى يىغىش ئارقىلىق قورساق تويغۇزدى. بەش - ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇگەنخان ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى، لېكىن كېيىن ئۇگەنخان ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قەبىلىسىمۇ كۆچۈپ كەتتى. سۈۋۈنىڭ كالا - قويلىرىنى دىڭلىڭلار بۇلاپ كەتتى، ئۇ يەنە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 99 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ھونلارغا زەربە بەردى. خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لى لىڭ 5000 پىيادە ئەسكەر بىلەن جۈيىەندىن ئاتلىنىپ جۇنجى تېغىغا كەلگەندە، ھونلارنىڭ ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. لى لىڭنىڭ قوشۇنى رەقىبىگە تەڭ كېلەلمەي، جەڭ قىلغاچ جەنۇبقا چېكىندى، لېكىن تىغان تېغىغا يەتمەيلا، ئوقلىرى تۈگەپ كەتكەچكە، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلالماي ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھون تەڭرىقۇتى لى لىڭنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا بىر قىزىنى بەردى ھەمدە ئۇنى ئوڭ قول بېلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى.
1940 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاباقان شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن جۇڭگوچە كاھىش بىلەن ياپقان ئۆيلەر تېپىلدى. كاھىشلارغا «پەغپۇر تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن، مەڭگۈ دەۋر سۈرسۇن!» دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلغانىدى. ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايۋان-

نىڭ يەتتە ئىشىكى بولۇپ، ئۈستىگە مىس مىخلىنىپ ھايۋانلارنىڭ قۇلىقى، كالىنىڭ مۈڭگۈزى، ئادەمنىڭ شەكلى چىقىرىلىپ زىننەتلەنگەنىدى. ئۆيدىكى بارلىق بۇيۇملار جۇڭگو ياكى خۇن دۆلىتىدە ياسالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئارخېئولوگلار بۇ ئۆيلەرنى لى لىڭنىڭ قەسرى دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى، لى لىڭ خۇنلارنىڭ يېنىسەي رايونىنىڭ ئەمەلدارى بولغانىدى①. لېكىن سېن جۇڭمىيەن بولسا، ئۇنى ۋېي لۈينىڭ قەسرى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. يۇقىرىدا ۋېي لۈينىڭ دىڭلىڭ خانى ئىكەنلىكى ئېيتىلدى. لى لىڭ خاككاسلار رايونىنى ئىدارە قىلغان. خاككاسلارنىڭ زېمىنى دىڭلىڭلارنىڭ غەربىدە بولۇپ، يېنىسەي دەرياسى بويىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. خاككاسلار — قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. كېيىن بۇ قوۋم ئارىسىدا، ئۇلار لى لىڭنىڭ ئەۋلادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت تارالغان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچىبېگى گەي جيايۇن يازغان «غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرە» دە: خاككاسلار قىزىل چاچ، كۆكۈچ كۆز كېلىدۇ، بۇ بەگلىكتىكى قارا چاچ، قارا كۆز كىشىلەر لى لىڭنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر، شۇڭا ئۇلار ئاھبەگنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتىلىدۇ»②. بۇ خىل رىۋايەت يەرلىك مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ قېنىنىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق قان ئارىلىشىش ناھايىتى قەدىمىي زاماندىلا باشلانغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 90 - يىلى، خەن سۇلالىسى

---

① مېنكاتېۋ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىسى» 50 - بەت.

② «تاڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 100 - جىلد، پېللىئون ئۇ كىشى گەي جيايۇن ئەمەس، تاڭ جياخۇي دەپ گۇمانلىنىدۇ، سېن جۇڭمىيەن ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدۇ.

لى گۇاڭلى قاتارلىقلارنى هونلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. لى گۇاڭلى يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ۋۇيۈەن قورغىنىدىن يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئورۇنغان هون قوشۇنىنى خاتۇنبالىقتا تارمار قىلدى ھەمدە ئۇلارنى سېلىنگا دەرياسىغىچە قوغلاپ زەربە بەردى. دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، هونلارنىڭ سول قول بىلگە خانى، سول قول ئالىي سانغۇنى قاتارلىقلار باشچىلىق قىلغان ئىككى ئاتلىق قوشۇنغا دۈچ كەلدى. بىر كۈنلۈك جەڭ ئارقىلىق هونلارنىڭ سول قول ئالىي سانغۇنى بىلەن نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇلارنى يەنىرەن تېغىغا چېكىندۈردى. لېكىن لى گۇاڭلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش - تارتىشقا چېتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خوتۇنى قولغا ئېلىندى. شۇڭا، ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ھالبۇكى، هون تەڭرىقۇتى يەنە ئۆزى ئەللىك مىڭ ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ كېلىپ توسۇپ زەربە بەرگەچكە، خەن سۇلالىسى قوشۇنى پاراكەندىلىككە چۈشۈپ قالدى، لى گۇاڭلىمۇ هونلارغا تەسلىم بولدى. تەڭرىقۇت لى گۇاڭلىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي سانغۇنى ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، كۆرۈشكىلى كەلدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ قىزىنى بەردى. ئۇ ۋېي لۈيدىنمۇ بەكرەك ئەتىۋارلاندى. خەن ئوردىسى لى گۇاڭلىنىڭ پۈتۈن جەمەتىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

خەن سۇلالىسى هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بىرنەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، يەنە كېلىپ هونلار خېلى كۆپ خەنزۇلارنىڭ ياردىمىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتكەچكە، هونلار يەنە بىر مەزگىل قۇدرەت تاپتى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرمۇ هونلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئۇلارغا بېقىنغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي كىتابلاردا: «غەربىي يۇرت هونلارغا بېقىنچىلىق

قىلدى، دائىم دېگۈدەك هون ئەلچىلىرىدىن ئەيمىنىپ تۇردى، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى» دېيىلگەن، بۇ دەل يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئىنكاسىدۇر.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 87 - يىلى، خەن ۋۇدى ئۆلدى. خەن ۋۇدىنىڭ تەخت ۋارىسلىرى خەن جاۋدى بىلەن خەن شۈەندىلەر زامانىسىدا ئالىي سانغۇن خوگۇاڭنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن دۆلەت تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. هونلار بولسا پەيدىنپەي زەئىپلەشتى. هونلارنىڭ زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللارنى مۇنۇ بىرنەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئىچكى ئۇرۇش؛ ئىككىنچى، تەبىئىي ئاپەت؛ ئۈچىنچى، تەۋە قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقى؛ تۆتىنچى، خەن سۇلالىسىنىڭ هۇجۇمى. ئۇنىڭ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىچە:

سۇتېرىشنا سانغۇن لى گۇاڭلى هونلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، هون تەڭرىقۇتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقى ۋېي لۈينىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىدى. بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن، ۋېي لۈي لى گۇاڭلىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. دەل شۇ پەيتتە، تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسىئالچى خاتۇن ئاغرىپ قالدى، ۋېي لۈي هونلارنىڭ پىرىخۇنىنىڭ دېگىنىگە چوقۇنىدىغان خۇراپاتلىق نۇقتىسىنە-زەردىن پايدىلىنىپ، پىرىخۇنغا لى گۇاڭلىنى تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن هونلار قۇربانلىق سۈپىتىدە لى گۇاڭلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقە قارىماققا ۋېي لۈي بىلەن لى گۇاڭلىدىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ زىددىيىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققاندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ۋېي لۈي بىلەن ئالچى بىر گۇرۇھتىكىلەردىن بولغاچقا، بۇ ۋەقەنىڭ چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشى باردەك قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ هونلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ

ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لى گۇاڭلى تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ مېڭىلغاندا: «مەن ئۆلسەم ھونلار جەزمەن يوقىلىدۇ» دەپ تىللىغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھون زېمىنىدا ئۇدا بىرنەچچە ئاي قار - يامغۇر ياغقاچقا، مال - چارۋىلار سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، خەلق ئارىسىدا كېسەللىك تارقالغان، زىرائەتلەر پىشمىغان. ھونلار بۇنى لى گۇاڭلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن بولدى دەپ قارىغان. تەڭرىقۇت ۋەھىمىگە چۈشۈپ، لى گۇاڭلىغا تاۋاپ قىلىش ئىبادەتخانىسى ياساتقان. بىزگە مەلۇمكى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى قار ئاپىتىدىن ئەڭ قورقىدۇ. قاتتىق قار ئاپىتى بولسا، مال - چارۋىلار ئوت - چۆپ تېپىپ يېيەلمەي، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، يېڭى تۇغۇلغان چارۋىلارمۇ ئەي بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ياشىشىمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن، شۇ قېتىمقى قار ئاپىتىنىڭ ھونلارغا نىسبەتەن قاتتىق زەربە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھونلارنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ چاغدا، ھونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. نەتىجىدە، قۇلۇق تەڭرىقۇتنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى، سول قول ئالىي تۇتۇقبەگ ھونلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچى خاتۇن ئۇنىڭ كېيىنچە تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. سول قول ئالىي تۇتۇقبەگنىڭ قېرىنداشلىرى غەزەپكە كېلىپ، تەڭرىقۇتقا ئىتائەت قىلماس بولۇۋالدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 85 - يىلى، تەڭرىقۇت ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۆلۈم ئالدىدا ئىنىسى ئوڭ قول

قانىنى ئورنىغا تەڭرىقۇت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدى. لېكىن تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ھون دۆلىتىدە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ۋېي لۈي قاتارلىقلار تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچى جۇەنچۈي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئۆلۈمىنى مەخپىي تۇتۇپ تەڭرىقۇت نامىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى سول قول قانىنى تەختكە چىقىرىپ يانتى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى. بۇ سول قول بىلگە خان، ئوڭ قول قانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇ ئىككىسىمۇ تەڭرىقۇتقا ئىتائەت قىلماس بولۇۋالدى. ھونلار شۇنىڭ بىلەن بۆلۈنۈشكە، زەئىپلىشىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچەيگەن، دۆلەت مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن بولۇپ، «چېگرىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ تۇرلىرىدىن ھونلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق كۆزەتكىلى بولىدىغان» ① ھالغا كەلگەنىدى. ھونلارغا نىسبەتەن كىرگۈدەك يوچۇق بولمىغاچقا، خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىشقا مادارى يەتمىدى، بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش غەربىي شىمالدىكى تيانشان (تەڭرىتاغ) رايونىغا يۆتكەلدى. ھونلار قۇشنى ئىگىلەپ، ئۇيسۇنلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، باتىسقاننى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن خەن سۇلالىسى قودا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھونلارنىڭ غەربكە كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىكى توسالغۇ بولۇپ قالدى. ھونلارنىڭ شەرق تەرەپتىكى تەۋە قەبىلىسى — ئوغانلارمۇ قۇدرەت تېپىشقا باشلاپ، ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى ھەمدە ھونلارنىڭ ئىلگىرىكى تەڭرى-

① «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە»، 3784 - بەت.

قۇتىنىڭ قەبرىسىنى قازدى. هونلار قانداق قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. خەن سۇلالىسىنىڭ جاۋدى خانىنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 74 - يىلى) هونلار ئۇسۇنغا هۇجۇم قىلىپ چىيان، ئېشىنى ئىشغال قىلدى. ئۇسۇنلار يەنە خەن سۇلالىسىدىن ياردەم سوردى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 71-يىلى، خەن سۇلالىسى بەش سانغۇننى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتكەن، ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبىيىسى ئۆزى ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن غەربتىن يۈرۈش قىلغان، ئىككى تەرەپ جەمئىي ئىككى يۈزمىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن هونلارغا ئىسكەنجىگە ئېلىپ هۇجۇم قىلماقچى بولغان. هونلار بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ قېرى - ئاجىز كىشىلەرنى ئالدى بىلەن قاچۇرۇۋېتىپ، مال - چارۋىلىرىنى هەيدەپ يىراققا قاچقان. بەش سانغۇن كۆپ ئولجىغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇسۇن ئەسكەرلىرى ئوڭ قول قانىنىڭ بارگاهىغا بېسىپ كىرىپ، «تەڭرىقۇتنىڭ دادىسى، يەڭگىسى، مەلىكىسى، داڭلىق خانلىرى، تۇتۇقبېگى، مىڭبېگى، چەۋەنداز سەركەردىلىرىدىن تۆۋەن 39 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالغان، يەتتەيۈزمىڭدىن ئوشۇق ئات، كالا، قوي، ئېشەكنى ئولجا ئالغان»، «هونلارنىڭ ئۆلگەن، ياردار بولغانلىرىدىن باشقىلىرى قاچقان ۋە كۆچۈش جەريانىدا مال - چارۋىلىرى هەددى - هېسابسىز ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ هونلار زەئىپلەشكەن»①.

شۇ يىلى قىشتا، هون تەڭرىقۇتى ئۆزى نەچچە ئونمىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇسۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ بىرئاز ئولجىغا ئېرىشتى. ئۇ قايتىشقا هازىرلىنىۋاتقاندا قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. بىر كۈندە قارنىڭ قېلىنلىقى نەچچە ئون گەزگە يەتتى، هونلارنىڭ ئادەم - چارۋىلىرى توڭلاپ ئۆلۈپ

---

① «خەن نامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى». «خەنزۇ تارىخ» ① بىلەن ئوخشاش، 3786 - بەت.

كەتكەچكە، ھون دۆلىتىگە قايتىپ بارالىغانلار ئەسلىدىكى ئادەملىرىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ دىڭلىڭلار شىمالدىن ھۇجۇم قىلدى، ئوغانلار شەرقتىن بېسىپ كىردى، ئۇسۇنلار غەرب تەرەپتىن زەربە بەردى. ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ھونلارنىڭ نەچچە ئونمىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى، نەچچە ئونمىڭ ئات، نۇرغۇن كالا - قويلىرىنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچارچىلىق دەستىدىن ھونلارنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى، مال - چارۋىلىرىنىڭ يېرىمى زىيانغا ئۇچرىدى. ھونلارنىڭ ھەيۋىسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتكەچكە، ئەسلىدە ھونلارغا تەۋە بولۇپ كەلگەن قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالدى ۋە ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كىرىشتى، ھونلارنىڭ ئۇلارنى ئىدارە قىلىشقا قۇربى يەتمەي قالدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى، ھونلاردا يەنە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ھونلارنىڭ ئادەم ۋە چارۋىلىرىنىڭ ئوندىن ئالتە - يەتتە قىسمى ئۆلۈپ كەتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 63 - يىلىدىن باشلاپ، دىڭلىڭلار ھونلارنى ئۇدا ئۈچ يىل بۇلاپ - تالاپ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى، ھونلار تاقابىل تۇرۇشقا چارىسىز قالدى. بۇ بىر قاتار زەربىلەر تۈپەيلىدىن، ھونلار زەئىپلىشىپ مادارىغا كېلەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. مەسىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 65 - يىلى، خەن سۇلالىسى فېڭ فېڭشىنى ئەلچىلىك دەستىكىنى ئېلىپ پەرغانە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى غەربىي يۇرتقا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا، يەركەندىكى قۇنتۇجىن

قوشنا ئەلدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ يەركەن خانى ۋەنىيەن ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى شى چۇڭگونى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولۇۋالدى ھەمدە جەنۇبىي يولدا بۇلاڭچىلىق قىلدى، شۇنداقلا ئۇ يەردىكى كىچىك دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى. فېلىك فېڭشى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خانلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئۇلاردىن بەش مىڭ ئەسكەر توپلىدى ۋە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى، يەكەن خانى قۇنتۇجىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. فېلىك فېڭشى يەنە بىرىنى يەكەن خانى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن فېلىك فېڭشى پەرغانىگە باردى. پەرغانىلىكلەر ئۇنىڭ يەكەننى تىنجىتقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاچقا، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىدى. فېلىك فېڭشى پەرغانىنىڭ داڭلىق ئارغىمىقى — شياڭلۇڭنى ئېلىپ قايتتى.

غەربىي يۇرتتا خەن سۇلالىسى ھونلار بىلەن بولغان كۆرەشتە غەلىبە قازاندى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى ھونلارنىڭ چۇران كۇنكۇي تەڭرىقۇتى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇيان شۇڭقار تەڭرىقۇت تەخت ۋارىسى بولدى. چۇران كۇنكۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى جىنقۇس تەخت ۋارىسى بولالمىغاچقا، تاغىسى ئۇشانىمۇنىڭ قېشىغا قېچىپ باردى. ئۇشانىمۇ ئەسلىدە ئۇسۇن بىلەن كانكىينىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان كىچىك قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، قۇنلۇق تەڭرىقۇت مەزگىلىدە ھونلارغا بېقىنغانىدى. ئۇشانىمۇ باتىسقان شەنشانتانىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق (ئوڭ) تەرىپىدە ماكان تۇتقانىدى. باتىسقانىڭمۇ تەڭرىقۇتقا ۋارىسلىق قىلىش

مەسلىسىدە ئۇيانقۇت تەگرىقۇت بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى①. شۇڭا، ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى قوۋمىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولماقچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن چېپىدىرغا ئادەم ئەۋەتىپ ئاتلىق ئەسكەر تۇتۇۋېپىگى جېڭ جىغا ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. جېڭ جى چېپىدىر، كۇسەن قاتارلىق جايلاردىكى ئەللىك مىڭ كىشىنى باتىسقان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 12 مىڭ ئادەم ۋە خان - سەركەردىلەردىن 12 كىشىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا ماڭدۇردى.

خەن سۇلالىسى قۇستا ھونلار بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قازانغان، شۇنداقلا ھونلارنىڭ غەربتىكى باتىسقانى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى جېڭ جىنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، مەركەزنىڭ ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى. «خەننامە. جېڭ جىنىڭ تەرجىمىھالى» دا، جېڭ جى غەربىي

---

① ھونلارنىڭ قۇتلۇق تەگرىقۇتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 96 - يىلى ئاتىسى چىتقۇ تەگرىقۇتنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. چىتقۇ تەگرىقۇتنىڭ ئەسلىدە ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى سول بىلگە خان، يەنى قۇتلۇق تەگرىقۇت؛ ئىككىنچى ئوغلى سول قون سەركەردە ئىدى. چىتقۇ تەگرىقۇت ئۆلگەندە قۇتلۇق بولمىغاچقا، سول قول سەركەردە تەگرىقۇت بولغان. كېيىن سول قول سەركەردە تەگرىقۇتلۇقنى قۇتلۇققا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇڭا ئۆلۈش ئالدىدا سول قول سەركەردىنى تەگرىقۇت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان. قۇتلۇق تەگرىقۇت بولغاندىن كېيىن، سول قول سەركەردە سول قول بىلگە خان بولغان. لېكىن كېيىنكىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى شەنشانتانىنى سول قول بىلگە خان قىلماي، ئۇنى باتىسقان قىلىپ تەيىنلىگەن. قۇتلۇق ئۆز ئوغلىنى سول قول بىلگە خان قىلغان. باتىسقانىنىڭ ئورنى سول قول بىلگە خاندىن تۆۋەنرەك ئىدى.

يۇرتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا مەھكەمە قۇرۇپ، ئۇرلى (چېدىر) دا تۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنى باشقۇردى، قارشى چىققۇچىلارنى جازالىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ غەربىي رايوندا يۈرگۈزۈلۈشى جاڭ چيەندىن باشلىنىپ جېڭ جىگە كەلگەندە ئەمەلگە ئاشتى»① دېيىلگەن. بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆز جاڭ چيەندىن بۇيان خەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتتا تىكلىنىشىنىڭ جەريانىنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ، ئەڭ ئاساسلىقى شۇكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلگەن. غەربىي يۇرت جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن.

تارىخنامىلەردە قۇرۇقچىبەگنىڭ ۋەزىپىسى جەنۇبىي يولنى، شىمالىي يولنى مۇھاپىزەت قىلىش، ھەربىي تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش، جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يۈرگۈزۈش ھەمدە ئۇسۇن، كانكىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ئەھۋاللارنى مەركەزگە دوكلات قىلىش ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئۇ «جىمىقتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى جىمىقتۇرغان، زەربە بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە زەربە بەرگەن.»②

قورۇقچىبەگنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتابتا ئەينى چاغدا خەن سۇلالىسى ئىگىلىگەن پۈتكۈل غەربىي يۇرت (ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا دائىر ئەھۋاللار ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسى جايلارنىڭ قورۇقچىبەگنىڭ

---

① «خەننامە. جيېزى، چاڭ خۇي، جېڭ جى، گەن نيەنشۇ، چېن تاڭ، دۇەن خۇيزۇڭلار تەرجىمىھالى»، «خەننامە»، 3006 - بەت.

باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان ياكى كىرمەيدىغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر «ئەڭ كۆپەيگەندە 50 كە يەتكەن، بۇ بەگلىكلەردىكى ئىلماچ، قەلئە باشلىقى، ئىنالچى، تەپتىش، دورغا، بەگ، ئامبال، يۈز بېشى، تۇتۇقبېگى، قۇتقۇ (چۇجۇ)، ياساق بېگى، سەركەردە، ۋەزىردىن تارتىپ تۆرە، ۋاڭلارغىچە ھەممىسى خەن سۇلالىسىدىن بېرىلگەن تامغىنى تۇتقان، پۆپۈكنى تاقىغان. بۇلار جەمئىي 376 كىشى ئىدى.»① قورۇقچىبەگنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدىكى بۇ كىچىك بەگلىك ياكى رايونلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرقى شىنجاڭدا، بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىدى. مەسىلەن، پەرغانىگە كەلسەك، لى گۇاڭلى ئۇ يەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ خانىنى تىكلىگەندىن تارتىپ، ئۇ يەر خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغان، قورۇقچىبەگ تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇ يەر ئىدارە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قورۇقچىبەگنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى رايونلاردىن يەنە ئۆلمە (پامىر رايونى)، تاۋكۇي (كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى كىچىك دۆلەت)، ئىركەشتام (ھازىرقى تاشقى ئالاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىدىكى قىزىل ۋادىسى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) لار بار ئىدى. ئۇسۇنمۇ قورۇقچىبەگنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى شىنجاڭغا، يەنە بىر قىسمى (مەسىلەن، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبى، ئىسسىق كۆل بويلىرى) بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە. قورۇقچىبەگنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولمىغان بەگلىكلەر ھەققىدىمۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «كانكىيە، ئۇلۇغ توخرى، پارفىيە، كەشمىر، ئالېكساندرىيە قاتارلىق بەگلىكلەر بەك يىراقتا جايلاشقان بولغاچقا، قورۇقچىبەگنىڭ ئىدارە

① يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 3928 - بەت.

قىلىشىد' بولمىغان، لېكىن ئۇلار ئولپان ئەۋەتكەن ۋە باردى - كەلدى قىلغان. ئومۇمىي باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمىگەن» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تۇرغۇزغان قوروقچىبەگنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن، ئۇنداقتا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا بۇ زور ۋەقە چوقۇم يېزىلىشى كېرەك.

جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتتا قوروقچىبەگ تۇرغۇزۇشى ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق. ناۋادا، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇشى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا- نىڭ قەدىمدىن مەۋجۇت قاتناش ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى ھەمدە كىشىلەرنى ئۇلارنى چۈشىنىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى تارىخلارغا يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى دېيىلسە، ئۇنداقتا غەربىي يۇرتتا قوروقچىبەگ تۇرغۇزۇش بۇ قاتناش لىنىيىسىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلدى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ، تەبىئىيكى، شەرق بىلەن غەربنىڭ يىپەك سودىسى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇ- شىغا پايدىلىق ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئەينى چاغدىكى قاتناش لىنىيىسى جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يولدىن ئىبارەت ئىككى يولغا بۆلۈنىدىغانلىقى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. يەنى قاشقۇۋۇق (يۈيمېن)، ياڭگۇەندىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان، «پىشامشان ئەترىپىدىكى جەنۇبىي تاغنىڭ شىمالىدىن دەريانى بويلاپ غەربكە ماڭسا يەكەنگە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان؛ جەنۇبىي يول كۆكئارت (پامىر) تىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ توخرى ئېلىگە، پارفىيىگە تۇتاشقان...»، قارىغاندا، بۇ يول بىلەن ماڭغانلار

پامىردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەدەخشان ئارقىلىق باكترىيىگە، ئاندىن پارفىيىگە بارغاندەك قىلىدۇ. يەنە بىر يول «ئالدىنقى قۇشتىن چىقىپ شىمالىي تاغنى، دەريانى بويلاپ غەربكە ماڭسا سۇلى (قەشقەر) گە بارىدىغان يول بولۇپ، ئۇ شىمالىي يول دەپ ئاتالغان، شىمالىي يول غەربتە كۆكئارتتىن ئۆتكەندىن كېيىن پەرغانە، كانكىيە، ئاۋرسىغا تۇتاشقان.» بۇ يول بىلەن ماڭغانلار پامىردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن پەرغانىگە كىرگەن، ئاندىن سىر دەرياسىنى بويلاپ بۇ دەريانىڭ شىمالىدىكى يايلاق ئارقىلىق كانكىيە، ئاۋرسىغا بارغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتا ماڭغانلار ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ياۋرو - ئاسىيا يايلىقى ئارقىلىق غەربكە قاراپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن①.

بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسى، چۇ دەرياسى ۋادىسى، تالاس دەرياسى ھەمدە ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرى (بۇ چاغدا ئۇسۇنلار ئىگىلىگەن)، شۇنداقلا پەرغانە ئويمانلىقى (بۇ چاغدا داۋەن دېيىلەتتى) قاتارلىق جايلارغا ئاخمېنىدلار خاندانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى بولسۇن ياكى ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچى بولسۇن، زادىلا يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. بۇنى

---

① كانكىيە، ئاۋرسى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا بولۇپ، شىمالىي يول ئۇلارغا تۇتىشاتتى. بۇ يولنىڭ سوغدىيانا ۋە ئىراندىن (ئەينى چاغدىكى پارفىيە) دىن ئۆتمەيدىغانلىقى ئېنىق. تەتقىقاتچىلار بۇرۇندىنلا جەنۇبىي يول بىلەن شىمالىي يول قوشۇلغاندىن كېيىن، ئىران ۋە مېسوپوتامىيەدىن ئۆتكەن دەپ ھېسابلاپ كەلدى. بۇ تارىخىي كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا ماس كەلمەيدۇ.

تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللار بەلگىلىگەن. ئوخشاشلا يۇقىرىدقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ رايون قەدىمكى زاماندا ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگوغا تەۋە بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ تۇرغۇزۇشىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە باشلىنىش بولغانلىقىدا. جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بۇ جايلار جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقە قىلغان. بۇ خىل ئالاقە بۇ رايونلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بىرلىككە كېلىشىگە ئاساس بولغان.

# بەشىنچى باب
# شىمالىي هونلار ۋە ئۇلۇغ توخرىلار

## 1 - بۆلۈم شىمالىي هونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

باتىسقان شەنشانتان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قوروقچىبەگ تەسىس قىلغاندىن كېيىن، هونلارنىڭ ئۇيان شۇنقار تەڭرىقۇتى يەنە موستانىنى باتىسقان قىلىپ تەيىنلەپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنى تالاشماقچى بولدى. لېكىن هونلاردىكى ئىچكى كۈرەش تۈپەيلىدىن، ئۇلاردا بۇنىڭغا مادار قالمىغانىدى.

ئالدىنقى بابتا، چۇران كۇنكۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى جىقۇس تەڭرىقۇت بولالمىغانلىقىغا نارازى بولۇپ تاغىسى ئۇشانمۇنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 58 - يىلى، ئوغانلار هونلارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇس خانغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى بۇلاپ كەتتى. قۇس خان ئۇشانمۇ بىلەن بىرلىكتە جىقۇسنى تەختكە چىقىرىپ قۇغشار تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى ھەممە ئۇ

يان شۇنقار تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىپ گۈچ دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە بېسىپ كىردى. ئۇيان شۇنقار تەڭرىقۇت ئىنىسى ئوڭ قول بىلگە خاندىن ياردەم سورىغاندا، ئۇ ياردەم بېرىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئۇنىڭ قوۋمى قۇغشار تەڭرىقۇتقا تەسلىم بولدى.

ئۇيان شۇنقار تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشەنچلىك ئادىمى سول قول قۇتقۇ تۇسال ئوڭ قول بىلگە خاننىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى، قۇغشار تەڭرىقۇت ئوڭ قول بىلگە قاتارلىقلارغا كىشى ئەۋەتىپ، ئوڭ قول بىلگە خاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئوڭ قول بىلگە خان بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، شۇ يىلى قىشتا توساك بىلەن بىرلىكتە باتىسقان موستان (بوشۇتاك) نى تەختكە چىقىرىپ، ئۇنى تۇغىت تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى ۋە نەچچە تۈمەن ئەسكەر بىلەن قۇغشار تەڭرىقۇتقا شەرقتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قۇغشار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. تۇغىت تەڭرىقۇت قايتىپ كېلىپ تەختىھون (بۈگۈنكى ئۇلانباتۇر ئەتراپى) غا ئورۇنلاشتى.

ياندۇرقى يىلى ئوغۇز خان تۇغىت تەڭرىقۇتقا ئوڭ قول بىلگە خان ئۆزى تەختكە چىقىپ ئۈچ تەڭرىقۇت بولۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ دەپ تۆھمەت توقۇدى، تۇغىت تەڭرىقۇت دەرغەزەپكە كېلىپ ئوڭ قول بىلگە خاننى ئاتىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى، ئۇ كېيىن بۇ ئىشنىڭ ناھەق بولغانلىقىنى سەزدى. ئوغۇز خان قورقۇپ كېتىپ تۇغىت تەڭرىقۇتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى ئوغۇز تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى.

ئوڭ قول ئوكەن خان ئوغۇز خاننىڭ تەڭرىقۇت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ ئۆزىنى چىلى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى.

ئەسلىدە تۇغىت تەڭرىقۇت شەنشانتانىڭ ئىنىسىنى ئوڭ قول ئوكەن خانلىققا تەيىنلىگەن ۋە تۇتۇقبەگ ئۈچ

بىلەن ئىككىسىنى قۇغشار تەگرىقۇتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا يىگىرمە مىڭدىن ئاتلىق ئەسكەر بېرىپ شەرق تەرەپتە تۇرغۇزغانىدى. بۇ چاغدا تۇتۇقبەگ ئوچمۇ ئۆزىنى ئوچ تەگرىقۇت دەپ ئاتىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش تەگرىقۇت دەۋرى تارىختا بەش تەگرىقۇت ھاكىمىيەت تالاشقان دەۋر دەپ ئاتالدى.

تۇغىت تەگرىقۇت ئۆزى قوشۇن باشلاپ شەرقتە چېلى تەگرىقۇتقا زەربە بەردى، يەنە تۇساكنى قوشۇن باشلاپ ئوچ تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. چېلى، ئوچ تەگرىقۇتلار مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، غەربىي شىمالغا قېچىپ بېرىپ، ئوغۇز تەگرىقۇت بىلەن قوشۇلدى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى جەمئىي قىرىق مىڭغا يەتتى. ئوچ بىلەن ئوغۇز ئۆزلىرىنىڭ تەگرىقۇت دېگەن نامىدىن ۋاز كېچىپ چېلى تەگرىقۇتنى ھىمايە قىلدى. تۇغىت تەگرىقۇت ئەھۋالدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قۇغشار تەگرىقۇتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇننى شەرق تەرەپتە تۇرۇشقا ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەرب تەرەپتىن چېلى تەگرىقۇتقا زەربە بەردى. چېلى تەگرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قاچتى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 56 - يىلى، قۇغشار تەگرىقۇت غەربتىن تۇغىت تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. تۇغىت تەگرىقۇت جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. چېلى تەگرىقۇتمۇ قۇغشار تەگرىقۇتقا تەسلىم بولدى. قۇغشار تەگرىقۇت تەگرىقۇت ئوردىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇ يىلى قىشتا، تۇغىت تەگرىقۇتنىڭ ئىنىسى شۇج خان ئۆزىنى رۇنجىن تەگرىقۇت دەپ ئاتىدى، قۇغشار تەگرىقۇتنىڭ ئىنىسى سول قول بىلىگە خان قۇتۇۋۇسمۇ ئۆزىنى قۇتئۇش قۇتۇق تەگرىقۇت دەپ ئاتىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 54 - يىلى، رۇنجىن تەگرىقۇت قوشۇن باشلاپ قۇتئۇش تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۇ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، قۇتئۇش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قۇتئۇش تەگرىقۇت غەلىبىدىن ئىلھاملىنىپ، قۇغشار تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. قۇغشار تەگرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. قۇتئۇش تەگرىقۇت تەختىھونىنى ئىشغال قىلىپ ئۇنى بارگاھ قىلدى.

قۇغشار توغلۇۋېتىلگەندىن كېيىن جەنۇبقا — ئىچكى موڭغۇلغا كۆچۈپ باردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنى خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشقا ئۈندىدى. قۇغشار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشتى. بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ ئىشقا قارشى چىقتى. خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشنى كۆچەپ تەشەببۇس قىلغان سول قول ئىشۇس خان مۇنداق دېدى: «ھازىر خەن سۇلالىسى قۇدرەت تېپىۋاتقان مەزگىل، ئۇسۇن ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. بىز ھونلار چىتقۇ تەگرىقۇتتىن كېيىن كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ، قايتا كۆچىيەلمىدۇق. شۇنچە تىرىشساقمۇ، بىزگە بىر كۈنمۇ خاتىرجەملىك بولمىدى. ھازىر خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولساق، ئاندىن خاتىرجەم ياشىيالايمىز، بولمىسا ھالاك بولىمىز.» قۇغشار ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى ھەمدە ئوغلى ئۇڭ قول بىلىگە خان جولۇچتانىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇتئۇش تەگرىقۇتمۇ ئوغلى ئۇڭ قول سەركەردە گۇئۇلنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ، ھونلار بۆلۈنۈپ كەتتى. قۇغشار باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ھونلار جەنۇبقا كۆچۈپ خەن

سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، قۇتئۇش باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ھونلار غەربىي شىمالغا يۆتكەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن بىرقەدەر زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى قۇتئۇش تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھونلاردۇر. لېكىن قۇغشارنىڭ قوۋمىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقىنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. مەسىلەن، تارىخىي كىتابلاردا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى «ئۇسۇننىڭ غەربىدىن پارفىيىگىچە بولغان جايلاردىكى بەگلىكلەر ھونلاردىن قورقۇپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، خەن سۇلالىسىنى مەنسىتمىگەنلىكى، قۇغشار خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغان»① لىقى تىلغا ئېلىنغان.

قۇغشار تەڭرىقۇت ئىچكى موڭغۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى قۇتئۇش ئىگىلىدى. قۇتئۇش تەڭرىقۇت قۇغشار تەڭرىقۇتنىڭ تاشقى موڭغۇلغا قايتقۇدەك مادارىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆز تەسىرىنى غەربكە قاراپ كېڭەيتمەكچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇسۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئارقىدىن شىمالغا — ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ خاككاس ۋە دىڭلىڭلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلدى. ئوغۇز (ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىنىغا جايلاشقان) ۋە خاككاس، دىڭلىڭ (يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىن بايقال كۆلىگىچە بولغان جايلارغا جايلاشقان) دىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە قۇتئۇش تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغاچقا، قۇتئۇشنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن. قۇتئۇش خاككاسلارنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ ماكانى قىلغان.

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1956 - يىل نەشرى، 888 - بەت.

قۇتئۇش تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ قۇغشار تەگرىقۇتنى قوللىغانلىقىدىن ناھايىتى رازى بولۇپ، شىمالغا ــ يېنسەي دەرياسى بويىغا كۆچۈپ باردى ۋە بۇ جايىنى خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدىن بەك يىراق، ئەمدى ئۇلاردىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېس قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 45 - يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغاقنى قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى مۇھاپىزەتچى چېرىكچى ئامبال گۇجىنى ئۇلار ئەۋەتكەن تۇرغاقنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. گۇجى ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن قۇتئۇش تەگرىقۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قۇتئۇش تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلىپ، شۇنداقلا قۇغشار تەگرىقۇتنىڭ تەدرىجىي قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، يىراققا ــ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا، كانكىيە خانى ئۇسۇنلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، قۇتئۇش تەگرىقۇت بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئارقىلىق ئۇسۇننى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى ئويلاۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ خاككاسلارنىڭ زېمىنىدا قۇتئۇش تەگرىقۇت بىلەن سۆزلەشتى. قۇتئۇش تەگرىقۇتمۇ كېچە - كۈندۈز قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۇسۇنلارغا ئۆچمەنلىكى بار ئىدى، شۇڭا، ئۇ كانكىيە ئۆزى بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا قوشۇنىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. كانكىيە خانىمۇ ئېسىلزادىلەرنى نەچچە مىڭ تۇياق تۆگە، ئېشەك، ئاتلارنى ئېلىپ قۇتئۇش تەگرىقۇتنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، يولدا قۇتئۇشنىڭ ئادەملىرىدىن نۇرغۇنى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلاردىن ئاران ئۈچ مىڭ كىشى كانكىيىگە يېتىپ

كەلدى. كانكىيە خانى قۇتئۇشنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. ئۇنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە تەھدىت سېلىشنى ئويلاپ، قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى، قۇتئۇشمۇ ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇشنى كۆزلەپ قىزىنى كانكىيە خانىغا ياتلىق قىلدى.

كانكىيە خانىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇتئۇش تەڭرىقۇت بىرنەچچە قېتىم ئۇسۇنغا ھۇجۇم قىلىپ ئىسسىق كۆل ياقىسىدىكى قىزىل قورغان شەھىرىگىچە بېسىپ كىرىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇسۇنلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي، غەرب تەرىپىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىنى قۇتئۇش تەڭرىقۇتقا بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. قۇتئۇش تەڭرىقۇت ھەم يەر - زېمىنغا، ھەم ئادەم، مال - چارۋىغا ئىگە بولۇپ قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، ھاكاۋۇرلىشىپ كانكىيە خانىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. كانكىيە خانىنىڭ قىزىنى ۋە ئېسىلزادىلەر، پۇقرالاردىن نەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى پارچىلاپ تالاس دەرياسىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ يەنە پۇقرالارنى ئۆزى ئۈچۈن شەھەر بىنا قىلىپ بېرىشكە زورلاپ، ئىككى يىلغىچە ھەر كۈنى 500 ئادەمنى ئىشلەتتى. ئۇ يەنە ئاۋرىسى، پەرغانە قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر يىلى باج - سېلىق تاپشۇرۇشىنى بۇيرۇدى، بۇ دۆلەتلەر تاپشۇرماسلىققا پېتىنالمىدى. قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى يەرلىك ھۆكۈمرانلار ۋە خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

خەن سۇلالىسى ئۇدا ئۈچ تۈركۈم ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كانكىيەگە ئەۋەتىپ گۇجىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قۇتئۇش تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايلا قالماي، بەلكى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى ھاقا-

رەتلىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 36 - يىلى، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ قوروقچىبېگى گەن يەنشۇ بىلەن مۇئاۋىن چېرىكچى چېن تاڭنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى. چېن تاڭ گەن يەنشۇغا مۇنداق دېدى: «ھازىر قۇتئۇش دائىم ئۇسۇن، پەرغانىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ بۇ ئىككى دۆلەتنى ئىستېلا قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلسا، ئۇ چوقۇم شىمالدا ئىلى (ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى) غا ھۇجۇم قىلىدۇ، غەربتە پارفىيەنى ئىشغال قىلىدۇ، جەنۇبتا توخرىلار (سوغدىيانا بىلەن باكتىرىيە) نى، ئالېكساندىرىيە (ئاراكخوسىيە) لىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. بىرنەچچە يىل ئىچىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. بىز ھەربىي تېرىقچى ئەسكەرلەرنى قوزغاپ ھەمدە ئۇسۇن قوشۇنىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ شەھىرىگە بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلساق، قۇتئۇشقا تەسلىم بولۇشتىن باشقا يول قالمايدۇ، شۇنداقلا، شەھەر - قەلئەلىرىنى ساقلاپ قالالمايدۇ - دە، يوقىتىلىدۇ.» گەن يەنشۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ئوردىغا تەستىقلىتىپ ئاندىن ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. چېن تاڭ: بۇ مەسىلە ئاشۇ تۆرىلەرنىڭ مۇزاكىرىگە قويۇلسا، ئۇلار بۇ پىكىرگە ھامان قوشۇلمايدۇ» دېدى. گەن يەنشۇ يەنىلا بىرقارارغا كېلەلمىدى. چېن تاڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرقايسى تەۋە بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنىۋە قۇشتىكى تىركەك چېرىكچىنىڭ قول ئاستىدىكى تېرىقچى ئەسكەرلەرنى سەپەر قىلىش يارلىقىنى چۈشۈرۈپ، جەمئىي قىرىق مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قۇتئۇشقا قارشى ئاتلاندى. گەن يەنشۇ ئۇنى توسيالمىغاچقا، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.

خەن سۇلالىسى قوشۇنى ئالتە تارماق ئەترەتكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. ئۈچ تارماق قوشۇن جەنۇبىي يول بىلەن مېڭىپ

كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، پەرغانە ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. يەنە بىر ئۈچ تارماق قوشۇن ئۇنسۇدىن ئاتلىنىپ شىمالىي يول بىلەن مېڭىپ قىزىل ۋادا ئارقىلىق ئۇسۇنىدىن ئۆتۈپ ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىگە يېتىپ باردى ۋە كانكىينىڭ شەرقىي چېگرىسىدىن بېسىپ كىردى. چىن تاڭ سەرگەردە - ئەسكەرلەرگە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا يول قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار قۇتئۇش تەڭرىقۇتىنىڭ پايتەختىگە (بۇگۇنكى جامبۇلغا) تەخمىنەن 60 چاقىرىم كېلىدىغان جايغىچە ئىلگىرىلەپ، شۇ جايدا بارگاھ قۇردى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى يەنە ئەسىر ئېلىنغان كانكىيە ئېسىلزادىسى بىسىنىڭ ئوغلى كايمۇنى يول باشلىغۇچى قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتئۇشقا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئەتىسى ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، شەھەرگە 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشتى. ئەتىسى تالاس دەرياسى بويىدىكى قۇتئۇش شەھىرىگە ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشتى. قۇتئۇش شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەر خەن سۇلالىسى قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر ئاتقان ئوقيا ئوقىنىڭ زەربىسىدە شەھەرگە چېكىنىپ بېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. خەن سۇلالىسى شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ شەھەر تام بىلەن قوپۇرۇلغان ئىچكى شەھەر، ياغاچلار بىلەن توسۇلغان تاشقى شەھەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، قۇتئۇشنىڭ ئەسكەرلىرى ياغاچ توسۇق ئىچىدىكى شەھەردە تۇرۇپ سىرتقا قارىتىپ ئوقيا ئۈزدى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تاشقى شەھەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. كېچىسى، نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر مۇھاسىرىنى بۆسۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقيا ئوقىدا ئۆلدى.

قۇتئۇش تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى قوشۇنى ھۇجۇم قىلى-

دىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە قېچىشنى خىيال قىلـغانىدى،
لېكىن كانـكىيىنىڭ خـەن سۇلالىسى بىلەن ئىچكـى جـەھەتتە
ماسلىشىشىدىن قورقتى. ئۇنىڭ ئۇسـتىـگە ئۇسـۇن قـاتارلىق
دۆلەتلەرنـىڭ ھەممىسى قوشۇن چىقىـرىپ خەن سۇلالـىسىگـە
ياردەم بەرگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ ئۆزىنىڭ بارار جايى قالمـ
غانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا، قۇتېيۇش تـەگرىقۇت يولغا چىققان
بولسىمۇ، قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ قـوشۇنى
يىراقتىن كەلدى، ئۇزۇن مـۇددەت ھـۇجۇم قىلالمـايدۇ، شۇڭا،
قاچقاندىن كۆرە قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن ياخشى دەپ ھـېسابـ
لىدى. ئۇ ئۆزى شەھەر راۋىقىغا چىقىپ مۇداپىئەگە قوماندانـ
لىق قىلدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزـ
غىدى. ئوقيا ئوقى قۇتېيۇشنىڭ بۇرنىغا تەگدى. ئۇنىڭ ئايالـ
لىرىمۇ ئوقيا ئوقىدا ئۆلدى. تەگرىقۇت راۋاقتىن چۈشۈپ ئاتلىق
جەڭگە كىردى. تۈن كېچىدە ياغاچ توسۇق شەھەر ئىشغال قىلىنـ
دى، قۇتېيۇشنىڭ قوشۇنى تام توسۇق شەھەرگە چېكىندى. شـۇ
چاغدا كانكىيىنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى قورشاپ
ھۇجۇم قىلىشقا ھەمكارلاشتى، قۇتېيۇشنىڭ قوشۇنـى بىرنـەچچە
قېتىم مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لـېكىن
زەربە يەپ چېكىندى. تاڭ يورۇغاندا، ئەتراپقا گۈلخان يېقىلـ
دى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى، ئۇر - چاپ دەپ ۋارقىرىـ
شىپ جاھـاننى زىـلزىلىگە كـەلتۈرگـۈدەك چۇقان سـادالىرى
بىلەن تام توسۇق شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. قۇتېيۇش تـەگرىـ
قۇت ۋە ئەر ئايال 100 نەچچە كىشى قورۇ ئىچىگە چېكىندى.
خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئوت قـويۇپ، قورۇغـا بېسىپ
كىردى، تەگرىقۇت ياردار بولۇپ ئۆلدى. قوشۇنىنىڭ بېـگى،
مۇۋەققەت ۋەزىر دۇشۇن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئۇ يـەردىن
خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىككى دانە ئەلـ

چىلىك دەستىگاھى ۋە گۈجۈ قاتارلىقلار ئېلىپ كەلگەن خەت-
چەكلەر قولغا چۈشتى. قۇتنۇش تەگرىقۇت ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى،
شېرىكلىرىمۇ تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. يېقىنقى زاماندىكىلەر، ئەينى
چاغدا رىم ئەسكەرلىرى قۇتنۇش تەگرىقۇتنى قوللاپ، خەن
سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشى جەڭگە قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ
چىقتى ①. گىروسسېت مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن،
قۇتنۇش تەگرىقۇتقا ئەگىشىپ غەربكە كەلگەن ھونلار قايتا
چىقمىدى، بۇ غەربىي قىسىمدىكى ھونلارنىڭ تارىخى بولماس-
لىقتىكى سەۋەب — ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتلىك
دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلمىغانلىقىدا، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرلا
جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسىمدىكى ھونلارغا ئائىت تارىخىي
مەلۇماتنى ساقلاپ قالغىنىدەك، ئۇلارغا ئائىت بەزى مەلۇماتلارنى
ساقلاپ قالغان بولاتتى. مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، تەخ-
مىنەن 370 — 375 - يىللارغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى
ۋولگا دەرياسى ۋە دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپاغا بېسىپ
كىرگەندە، ھونلارغا ئائىت مەلۇمات بالامىر (Balamir)
بىلەن ئاتتىلانىڭ نامى بىلەن بىرلىكتە كلاسسىك تارىخلاردا
چېلىققان②».

قۇتنۇش تەگرىقۇت يوقىتىلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ھون-

---

① فېڭ چېڭجۈن: «غەرب كوچلىرىنىڭ شەرققە سىڭىپ كىرىشى ھەق-
قىدە»، 1944 - يىل نەشرى، 1 بەت. لى يۆسى: «جۇڭگونىڭ پەن -
تېخنىكا تارىخى»، 1 - توم، 2 - قىسىم، 407 بەتتىكى ② ئىزاھقا قاراڭ.

② گروسسېت: «يايلاق ئىمپېرىيىسى»، 1970 - يىل، 38 - بەت.
مىگاۋېن: «شاد ئەپەندى قاتارلىقلار كېيىنكى دەۋرلەردە ياۋروپاغا بېسىپ
كىرگەن ھونلارنىڭ رەھبىرى ئاتتىلارنى قۇتنۇشنىڭ ئەۋلادى، دەپ قارايدۇ،
بۇ خىل قاراش تېخى ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئېھتىمالنى
يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. («ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەت-
لەر تارىخى»، 137 - بەت).

لارنىڭ قۇنشار تەڭرىقۇتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 33 - يىلى
ئەتىيازدا خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلدى. خەن سۇلالىسى
ئوردا كېنىزىكى ۋاڭ چاڭ (يەنى ۋاڭ جاۋجۈن) نى تەڭرىقۇتقا
ياتلىق قىلدى. ئۇ كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭ ئىسمى
ئىتجىياس بولۇپ، ئوڭقول باتىسقان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى
20 — 30 يىل ئىچىدە هون قەبىلىلىرى يەنە زور تۈركۈمدە
موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن، تاشقى موڭغۇل-
دىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىن يەنە هونلار-
نىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ زېمىنى غەربتە ئۇ
سۇن بىلەن چېگرىداش بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئاساس
شۇكى، تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - يىلى،
ئۇسۇنلار هونلارنىڭ غەربىي چېگرىسىغا بېسىپ كىرگەندە،
هونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۇسۇنلارنىڭ تۇرغاق ئە-
ۋەتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. هونلار بۇ ئىشنى
خەن سۇلالىسىگە دوكلات قىلغاندا، خەن سۇلالىسى هونلارنى
ئەيىبلەپ، هون، ئۇسۇن هەر ئىككىسى خەن سۇلالىسىگە
تەۋە، هونلارنىڭ تۇرغاق تۇرغۇزۇش هوقۇقى يوق دېگەن.
هون تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ تۇر-
غاقنى ئۇسۇنغا قايتۇرۇۋەتكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - يىلى
ئەتىيازدا، هون تەڭرىقۇتى بىلەن ئۇسۇن كۈنبىيىسى خەن سۇ-
لالىسىگە تاۋاپقا كەلگەن، خەن سۇلالىسى بۇنىڭدىن شەرەپ
هېس قىلغان. موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نويىن ئۇلا
رايونىدىن تېپىلغان هون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئەنە
شۇ دەۋرگە مەنسۇپتۇر. چوڭ - كىچىكلىكى هەر خىل بۇ قەبرىلەر-
دە مول ئاسارىئەتىقىلەر، جۇملىدىن يىپەك توقۇلمىلار، جۇڭ-
گونىڭ چىرايلىق قاپقاق، تۈرلۈك كىيىم - كېچەك، ئېگەر -
جابدۇق قاتارلىق بۇيۇملىرى ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى

بىر قەبرىدىن يەنە جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ «يۈەنشۇ تۇنجى يىلى» دېگەن خېتى بار سىرلانغان بىر جام تېپىلدى. 1928 - يىلى ۋە 1930 - يىلى چاقتۇ ئەتراپىدىن تېپىلغان هون قەبرىسىدىمۇ جۇڭگونىڭ نۇرغۇن يىپەك توقۇلمىلىرى، سىرلانغان جام، مىس ئەينەكى، قاشتېشى بۇيۇملىرى قاتارلىقلار چىقتى. بۇ شىمالىي موڭغۇلىيىنىڭ ئەينى چاغدا هونلارنىڭ ئىلىكىدىكى رايون ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋاڭ ماڭ دەۋرىگە كەلگەندە، هونلار جۇڭگونىڭ مالىمانچىلىقتا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتقا بېسىپ كىردى، ئوتتۇرا ئاسىيامۇ هونلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، هونلار يەنە خەن سۇلالىسى بىلەن يىپەك يولىنى كونترول قىلىشنى تالاشتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ گۇاڭۋۇدى خانى دەۋرىگە كەلگەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە كۆڭۈل بۆلۈشكە مادارى قالمىغاچقا، غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەر يەنە هونلارغا بېقىندى.

مىلادى 46 - يىلى، هونلارنىڭ ئۇدا تەڭرىقۇتى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى سول قول بىلگە خان پانۇل تەڭرىقۇت بولدى. هونلارنىڭ باتىسقانى بىل (بى) پانۇل تەڭرىقۇتقا ئىتائەت قىلىشنى خالىماي، ئۆز قوۋمىدىن قىرىق - ئەللىك مىڭ ئادەمنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ، ئىلگىرىكى قۇغشار تەڭرىقۇتنى ئۈلگە قىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى قوغداپ، خەن سۇلالىسىگە مەڭگۈ تەۋە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 48 - يىلى قىشنىڭ 10 - ئېيىدا، بىل تەختكە چىقىپ ئۆزىنى جەنۇبىي تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى. هونلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جەنۇبىي هون ۋە شىمالىي هوندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

ئەينى چاغدا، شىمالىي هونلارنىڭ زېمىنىدا ئۇدا بىرنەچ-

چە يىل قۇرغاقچىلىق، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يەر قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتتى. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاچارچىلىق، كېسەللىك دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغانلار شىمالىي ھونلارنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، شەرق تەرەپتىن، جەنۇبىي تەڭرىقۇت سولقول بىلگە خاننى ئەۋەتىپ جەنۇب تەرەپتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھونلار شىمالغا نەچچە مىڭ چاقىرىم يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. قارىغاندا، شىمالىي ھونلار شىمالدا جەنۇبىي سىبىرىيىگە، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلارغا چېكىنگەندەك قىلىدۇ. شۇڭا، مىلادى 52 - يىلى، شىمالىي ھونلار خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدا - باجا بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ «غۇز مېھمان» لىرىنى باشلاپ، خەن سۇلالىسىگە بىرلىكتە ئات، تېرە، ئەلتېرە قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلغان.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا يولىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، مىلادى 73 - يىلدىن باشلاپ شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلدى. 20 يىل ئىزدىشش ئارقىسىدا، شىمالىي ھونلار ئاساسىي جەھەتتىن تارمار قىلىندى. لېكىن كېيىنچە شىمالىي ھونلارنىڭ يەنە بىر قىسىم كۈچلىرى يەنىلا غەربىي يۇرتنى ئىگىلىۋېلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى خەن سۇلالىسى بىلەن تالاشتى. مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار ئاندىن سىيانپىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلار شىمالىي ھونلار مىلادى 91 - يىلى تەلتۆكۈس تارمار قىلىنىپ، يىراققا — كانگىيىگە كەتكەن دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

ملادى 73 - يىلى 2 - ئايدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى شىمالىي ھونلارغا زەربە بېرىشكە سانغۇنلارنىڭ باشچىلىقىدا تۆت تارام قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار پىڭچېڭ، گاۋجۈ، جيۇچۇەن، جۈيەنلەردىن ئاتلاندى، تاشقى موڭغۇلىيە ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولدى. لېكىن دۇگۇ، گېڭ جۇڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن تيانشانغا بېرىپ، ئىۋۇرغولنى ئىشغال قىلدى، دۇگۇ، گېڭ جۇڭلار مۇۋەققەت چېرىكچى ئامبال بەن چاۋنى غەربىي يول بويلىرىنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى، 2 - يىلى شىمالىي يول بويلىرى تىنچىتىلىپ، 65 يىللىق بۆلۈنۈش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، بىرلىك قايتىدىن ئەمەلگە ئاشتى، يېڭىدىن غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبېگى ۋە تىركەك چېرىكچى تۇرغۇزۇلدى.

تەخمىنەن ملادى 85 - يىلى، شىمالىي ھونلار قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. تارىخ كىتابلىرىدا: «بۇ چاغدا شىمالىي ھونلار زەئىپلەشكەچكە، قوۋم - تائىپىلىرى غەلىيان كۆتۈردى، جەنۇبتىكى قەبىلىلەر ئۇنىڭغا ئالدى تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن، سيانپىلار سول تەرەپتىن، غەربىي يۇرتلۇقلار ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، شۇڭا، ئۇلار سەلتەنىتىنى ساقلاپ قالالماي يىراققا كەتتى»① دەپ خاتىرىلەنگەن. سيانپىلارنىڭ شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا بولسا: «جاڭخېنىڭ تۇنجى يىلى سيانپىلار سول تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ھەمدە يۇليۇي تەگرىقۇتنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، تېرىسىنى سويۇپ قايتتى. شىمالىي بارگاھ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، قۇلان، جۇبىل، قۇتشۇي قاتارلىق 58 قەبىلىنىڭ ئىككى يۈزمىڭ

---

① «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «كېيىنكى خەننامە» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1965 - يىل نەشرى (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 2950 - بەت.

تۇتۇن، سەككىز مىڭ سەرخىل ئەسكىرى يۈنجۇڭ، ۋۇيۈەن، سۇفاڭ، بېيدىلاردا تەسلىم بولدى»② دېيىلگەن. ئەينى چاغدا تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلىنىپ، «ئۇلارنىڭ كىگىز - پالاز، چېدىر، تەئەللۇقاتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى»③ دېيىلگەن. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە قېچىپ «يىراققا كەتكەن». مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جەنۇبىي هونلار شەرقىي خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنىغا كۆچۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەينى چاغدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خىل تەلەپكە قوشۇلغىلى بولمايدۇ دەپ هېسابلىغان④.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جەنۇبىي هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ: «شىمالىي هونلار ئۆزئارا هوقۇق تالىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، هونلارنى بىر دۆلەت قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتىدىن قوشۇن چىقىرىپ جازا يۈرۈشىگە ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى دۇشيەن، گېڭ بىڭ قاتارلىقلارنى ئاتلاندۇردى، مىلادى 89 - يىلدىن باشلاپ، ئۇدا ئۈچ يىل شىمالىي هونلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. مىلادى 91 - يىلى 2 - ئايدا، دۇشيەن يەنە گېڭ كۈي بىلەن رېن

---

② ئىنزاھ① بىلەن ئوخشاش، 2951 - بەت.

③«تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى»، 708 - جىلد، تۇدۇنىڭ «تەرەپلەر»دىن ئېلىنغان نەقىل.

④ يۈەن خۇڭ: «كېيىنكى خەن سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرە»، 12 - جىلد، «خەننامە. سۇڭيىنىڭ تەرجىمىھالى».

شاڭنى قوشۇن باشلاپ جۇييەندىن ئاتلىنىپ، شىمالىي هونلار-
نىڭ تەڭرىقۇتىنى جىنخۇي تېغىدا قورشىۋېلىشقا ئەۋەتتى.
ئۇلار شىمالىي هونلارغا قاتتىق زەربە بەردى. شىمالىي تەڭ-
رىقۇت نەگىدۇر قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ
زېمىنىنى سيانپىلار ئىگىلىدى، قېپقالغان هونلارنىڭ يۈز
مىڭدىن ئارتۇقراق تۈتۈنى ئۆزلىرىنى سيانپىلار دەپ ئاتىدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سيانپىلار تەدرىجىي قۇدرەت تاپتى.

شىمالىي هون تەڭرىقۇتىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى توغرىسىدا
«كېيىنكى خەننامە»نىڭ «جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە»
بىلەن «يۈەن ئەننىڭ تەرجىمىھالى» دا، ئۇسۇن زېمىنىغا كەتتى
دېيىلگەن①. بۇ، روشەنكى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەر-
بىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىسى ۋە
سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىل-
گىرى قۇتئۇش تەڭرىقۇت هالاك بولغان جايدۇر. ئۇلار بۇ
يەرگە كېلىپ ئىلگىرى كەلگەن هونلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئان-
دىن ئۇزۇن مۇساپىلىق غەربكە كۆچۈش سەپىرىنى باشلىغان
بولسا كېرەك.

شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنىسى
ئۇچۇت ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، تىيانشاننىڭ شەرقىي
قىسمىنى ئىگىلىگەن، كېيىن خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرىگەن-
لىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن. مىلادى II ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرى-

---

① «خەننامە. جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە»دە: «تەڭرىقۇت ۋە-
ھىمىگە چۈشۈپ، كىچىكىگە ئورۇنۇپ ئۇسۇن زېمىنىغا كەتتى. موڭغۇل دالا-
سىنىڭ شىمالى بوش قالدى» دېيىلگەن! («كېيىنكى خەننامە»، 2967 -
بەت.) «يۈەن ئەن تەرجىمىھالى» دا بولسا: «شىمالىي تەڭرىقۇت كېلىڭ كۆي
تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇسۇنغا قاچتى. سەددىچىن سىپىل-
نىڭ شىمالى بوش قالدى، قېپقالغان قوۋمى كىمگە تەۋە بولغانلىقى نامە-
لۇم» دېيىلگەن («كېيىنكى خەننامە» 1520 - بەت).

مىدا، شىمالىي ھونلار غەربىي يۇرتتىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا دائىم دېگۈدەك پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان. ئاخىر II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يېڭىدىن كۈچەيگەن سىيانپىلارنىڭ تەھدىتىدە سىيانپىلارغا بېقىنغان ھەمدە يەنىمۇ غەربكە كۆچكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان.

## 2 - بۆلۈم ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ ئۆتمۈشى

يۇقىرىدا شىمالىي ھونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردىكى پائالىيىتىنى بايان قىلدۇق، ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەندى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلۇغ توخرىلار باكترىيىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانا رايونىنى ئىگىلەپ تۇرغان. ئۇلار ئۇنى دەسلەپكى چاغلاردىلا ئەمەس، كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئىگىلەپ تۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى جۇڭگو، رىم، پارفىيە قاتارىدا ئەينى چاغدا دۇنيادا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۆت بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. ئادەتتە دۇنيا تارىخلىرىدىمۇ ئۇلۇغ توخرىلار قۇرغان دۆلەتنى كۇشان ئىمپېرىيىسى ياكى كۇشان سۇلالىسى دەپ ئاتايدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «توخرىلار شۇنىڭدىن كېيىن تازا قۇدرەت تاپتى. ھەرقايسى ئەللەر ئۇلار-نىڭ خانىنى كۇشان خان دەپ ئاتىدى. خەنزۇلار رايونىدا ئۇلار ئەسلىدە ئۇلۇغ توخرىلار دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. شۇڭا، مەنمۇ كىتابىمدا بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ «ئەسلىدە ئۇلۇغ توخرىلار دەپ ئاتالغان» لىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بىردەك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلۇغ توخرىلار دېگەن نامنى قوللاندىم.

ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ تارىخىي ھەققىدە پەقەت خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىلا بەزى تارىخىي ماتېرىياللار ساق-لىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ خانلىرى تارقاتقان پۇللار بار. يېقىنقى زاماندىكى كىشىلەر بۇ پۇللار ئاساسىدا ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەپ، ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ تارىخىنى بىر-قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىپ بەردى.

ئۇلۇغ توخرىلار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بول-غاچقا، ئۇنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى بەزى جەھەتلەردە ئۇسۇن، كانگيۈ قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسى-لەن، توخرى، ئۇسۇن، كانگيۈ قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى قەبىلە باشلىقىنى يابغۇ دەپ ئاتىغان.① غەربىي يۇرت تەزكىرى-

① «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمھالى» دا: «ئۇلۇغ توخرىلار ئاندۇبىينى ئۆلتۈرۈپ زېمىنىنى قارتىۋالدى، خەلقى ھون زېمىنىغا قاچتى، ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى كۇنبىينى فۇفۇبۇ يابغۇ ئېلىپقېچىپ يايلاققا كەتتى» دېيىلگەن. يەن شىگو: يابغۇ ئۇ سۇنلاردىكى چوڭ ئەمەلنىڭ نامى يابغۇ بىرنەچچە بولىدۇ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى خەنزۇلاردىكى سانغۇنغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەپ ئاتالغانلارمۇ يابغۇنىڭ بىر تۈرى، مەرتىۋىسى ئوڭقول سانغۇنىنىڭ، سولقول سانغۇنىنىڭ دەرىجىسىگە تەڭ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەس. «翖» بىلەن «翕» ئوخشاش دەپ ئىزاھ بەرگەن. («خەننامە» 2692-بەت.) «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بولسا، كانگيۈ «بىلەن توخرىلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئوخشايدۇ» دېيىلگەن. («خەننامە» 3892-بەت.)

سى» دە بەش يابغۇنىڭ، يەنى شۇم يابغۇنىڭ ۋاخان شەھىرىنى؛ سىۋاماكا يابغۇنىڭ سىۋاماكا شەھىرىنى، كۇشان يابغۇنىڭ قەندىھار شەھىرىنى، شىدۇن يابغۇنىڭ پارۋان شەھىرىنى، كابۇل يابغۇنىڭ كابۇل شەھىرىنى ئىدارە قىلىدىغانلىقى، بۇ بەش يابغۇ ئۇلۇغ توخرىلارغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان كابۇل يابغۇ دوم يابغۇ بولسا كېرەك. كابۇل بىر دۆلەتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلۇغ توخرىلار زېمىنىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ «تەۋەلىكى مۇقىم بولمىغان، ئەنەتكەك، كەشمىر، پارفىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت قايسى قۇدرەت تاپسا ئۇنى شۇ ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغان، بۇ ئۈچ دۆلەت ئاجىزلاشقاندا، ئۇ بۆلۈنۈۋالغان، ئەزەلدىن توخرىلارغا تەۋە بولمىغان. «خەننامە» دىكى بەش يابغۇ بار دېگەن مەلۇمات ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.»

بەش يابغۇنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەققىدە يېقىنقى زاماندىكى كىشىلەر نۇرغۇن ئىزدەندى. ماگاتنىڭ ئېيتىشىچە، شۇم — بۈگۈنكى ۋاخاندا، سىۋاماكا — بۈگۈنكى چىترال (Chitral) دا، كۇشان — بۈگۈنكى قەندىھارنىڭ شىمالى ياكى قەندىھاردا، شىدۇن — پارۋان (Parwan) رايونى (كابۇل دەرياسىنىڭ تارماقى پەنجشىر دەرياسى بويلىرى، شىراتورى كۇراكىچى بەدەخشان رايونى دەيدۇ) دا، دوم — كابۇل ئەتراپىدا، لېكىن كابۇلنىڭ ئۆزىدە ئەمەس ئىكەن②. سىدون كىنوۋ بۇ بەش

② سىدون كىنوۋ: «قارۇشتى يېزىقى ئابىدىسى»، LVI بەت. فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، 7- قىسىم، 39-، 40- بەتلەر. خې چاڭچۈن تەرجىمە قىلغان خاتانى ليوتكى (يۈيشى لياۋتې) نىڭ «بۇددىزىم غەربتە» دېگەن ئەسىرى، 65-، 66- بەتلەر.

يابغۇنىڭ زېمىنى ساكلار جەنۇبقا — كەشمىرگە كۆچكەن يول بويلىرىدا دەيدۇ. لېكىن ئۇلۇغ توخرىلار ئىگىلىگەن رايون ناھايىتى كەڭ بولۇپ، سوغدىيانا ۋە باكترىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نېمە ئۈچۈن بەش يابغۇنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممىسى بىر رايونغىلا مەركەزلىشىپ قالىدۇ؟ قارىغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان دەلىلدە گۇمان باردەك قىلىدۇ. شۇڭا، جاڭ شىڭلاڭ: «بەش يابغۇنىڭ جايلاشقان زېمىنىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى دەلىللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشەنچسىز. دېڭ چيەنىنىڭ «كېيىنكى خەننامىنىڭ ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ بەش يابغۇسى توغرىسىدىكى مەلۇماتى ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسى قارىسىغا ھۆكۈم قىلىنغان»① دەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 2 - تومىدا: «كۇشان يابغۇسىنىڭ دەسلەپكى جايلاشقان ئورنى ئېنىق ئەمەس»② دېيىلگەن. ماگاتىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆزقارىشىدىن پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ، خالاس.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپ بەش يابغۇنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە كۇشان دۆلىتىنى قۇرغان ئۇلۇغ توخرىلار خانىنىڭ

---

① جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 4 - قىسىم، 31- بەت.

② سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، 2 - توم، 940- بەت.

ئىسمى كۇجۇلا ئىكەن①. كۇجۇلا تەخمىنەن مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان. تاڭ يۈگۈتۈك بولسا كۇجۇلا «غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ياكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە» تەختتە ئولتۇرغان دەيدۇ، ئۇنىڭ دېگىنى غەرب ئالىملىرى بېكىتكەن يىل - دەۋردىن بىرئاز ئىلگىرى. دەلىللىنىشىچە، كۇجۇلا— پۇلغا ئىسمى قۇيۇلغان كۇجۇ(لا) كاپا، يەنى كۇجۇلا كادپىسىس ئىكەن. ئۇ باشتا تۆت يابغۇنى يوقاتقان. ئۇلارنىڭ قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە خان بولغان ۋاقتى— ئۇلۇغ توخرىلار باكتىرىيىگە كۆ-

① ياپونىيىلىك خاتانى لىيوتكى: «بۇددىزىم غەربتە» (خې چاڭچۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 59- بەت) دېگەن ئەسىرىدە، كۇجۇلادىن ئىلگىرى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ يەنە كانىشكا I (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 58—30- يىللار)، خۇئۇيىسكا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 31- يىلدىن مىلادىدىن كېيىنكى 9- يىلغىچە) ۋە ۋاسۇدېۋا (مىلادى 10—39- يىللار)دىن ئىبارەت ئۈچ خانى ئۆتكەن دەيدۇ. بۇ خانلارنىڭ يىل دەۋرى پەرەز ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى كىتابلاردىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزگەن «تاجىك تارىخى»دا كۇجۇلا مىلادى I ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەختتە ئولتۇرغان دېيىلگەن، يەن گاۋجىن بولسا، كۇجۇلا مىلادى I ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كانىشكا مىلادى 78- يىلدىن 123- يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان دەيدۇ. «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى»دىمۇ شۇنداق دېيىلگەن. «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ 2- جىلدىدا قەندىھار دۆلىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ساكيامونى ئانەنگە: «مەن ئۆلۈپ 400 يىلدىن كېيىن كانىسكا ناملىق بىر خان دۇنياغا كېلىدۇ» دېگەنلىكى ئېيتىلغان. ساكيامونى ئۆلگەندىن كېيىنكى 400 يىل بويىچە ھېسابلىساق، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ كۇجۇلا تەختكە چىققان ۋاقىتتىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بۇرۇن، شۇنداقتىمۇ بۇ بۇددا دىنى رىۋايىتى بولغاچقا، رەسمىي تارىخىي خاتىرىلەردىن پەرقلىنىدۇ. تۈرلۈك قاراشتىكىلەرنىڭ تالاش - تارتىشى كۆپ، مەن بۇ يەردە يەنىلا «كېيىنكى خەننامە»نى مۇھىم ئاساس قىلىپ، ئۇلۇغ توخرىلار تارىخىنى بايان قىلدىم.

چۈپ كېلىپ 100 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

كۇجۇلا ئەڭ دەسلەپ قۇيدۇرغان پۇلدىكى قارۇشتى يېزىقىدىكى خەتتە ئۇ ياۋۇگاسا (Yavugasa) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ زابگۇ (Zabgu) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، بۇ نام كېيىن تۈركلەردە يابغۇ دەپ قوللىنىلغان. ئۇلۇغ توخرىلاردىكى يابغۇنىڭ دەرىجىسى تۈركلەردىكى يابغۇنىڭ دەرىجىسىگە توغرا كەلسە كېرەك. كۇجۇلا يابغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقىت تەخمىنەن مىلادى 24 — 25 - يىللار ئارىلىقىدا بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تارقاتقان پۇللاردا كۇجۇلا يابغۇ دەپ ئاتالماي، بەلكى بۈيۈك خان (ماخاراجا، Maharaja) دەپ ئاتالغان. ماخاراجا دېگەن نام قۇيۇلغان كۇجۇلانىڭ پۇلى مىلادى 38 - يىلى چېلىققان.

كۇجۇلا «تەختكە چىقىپ ئۆزىنى خان، دۆلەت نامىنى كۇشان دەپ ئاتىغان»، «پارفىيىگە بېسىپ كىرىپ كابۇل شەھرىنى ئىشغال قىلغان»①. بۇ يەردە ئېيتىلغان پارفىيە پۈتكۈل ئىراننى ئەمەس، بەلكى پارفىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كابۇل رايونىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايون ئەسلىدە يۇنانلىق باكتىرىيە خانىنىڭ زېمىنى ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى سەل بۇرۇنقى يىللاردا، پارفىيە يۇنانلىقلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى باكتىرىيىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھىندىستاننىڭ چېگرا بويلىرىدىكى رايونلىرىنى تارتىۋالغان ھەمدە كابۇلدىكى يۇنانلىق ھۆكۈمرانلارغا دائىم دېگۈدەك تەھدىت سېلىپ تۇرغان، يۇنانلىق ھۆكۈمرانلار ئاخىر پارفىيە تەرىپىدىن يوقىتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، كابۇل رايونىنىڭ «تەۋەلىكى مۇقىم بولمـ

① «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە»، 2921 - بەت.

غان، ئۇنى ھىندىستان، كەشمىر، پارفىيىدىن ئىبارەت ئۈچ
دۆلەت قايىسى قۇدرەت تاپسا، شۇ تەۋە قىلىنۋالغان، ئۇلار ئاجىز-
لاشقاندا، كابۇل رايونىمۇ بۆلۈنۈۋالغان»①. مىلادى I ئەسىر-
نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پارفىيە دۆلىتىدە ئىچكى مالىمانچىلىق
تۇغۇلۇپ، ئۈزلۈكسىز تۇردە توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. مىلادى 40-
يىلدىن باشلاپ بەش يىل ئىچىدە گوتارزېس (Gotarzes)
بىلەن ۋاردانېس (Wardanes) I ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش
بولۇپ تۇرغان، ھەرئىككى تەرەپ ئۇلۇغ توخرىلاردىن ياردەم
سورىغان. ئۇلۇغ توخرىلار پارفىيە ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەي-
لىدىن ئاجىزلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باكتىرىيە، مەرغى-
يانانى ئىشغال قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى خۇركانىيىگىچە كېڭ-
گەيتتى. ئاخىر كابۇلغا ھۇجۇم قىلدى. ئەينى چاغدا، كابۇل-
دىكى پارفىيە خانى ئازېسنىڭ ئوغلى گۇدوۋخارا (Guduvhara)
ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇجۇلا كابۇلغا ھۇجۇم قىلغاندا
شۇ يەردىكى يۇنانلىق ئاخىرقى خان خېرمائېئۇس (Hermaeus)
نىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن. كېيىن، ئۇ كۇجۇلا
بىلەن ئۇ يەرگە بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغانىدەك قىلىدۇ.
چۈنكى ئۇ يەردىن تېپىلغان پۇلنىڭ بىر يۈزىدە خېرمائېئۇسنىڭ،
يەنە بىر يۈزىدە كۇجۇلانىڭ ئىسمى بار. خېرمائېئۇس كۇجۇلا
بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاق ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى كۈچەيتىش ۋە
پارفىيىلىك ھۆكۈمرانلارغا بېقىنىشتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان
بولسىمۇ، لېكىن كۇجۇلا كابۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغان، ئۇنىڭغا باشتىن
ئاخىر مۇستەقىل خان بولۇش ھوقۇقىنى بەرمىگەن①. شۇڭا،
«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، كابۇل

① ئىزاھ ② بىلەن ئوخشاش.
② سىدون. كنوۋ: «قارۇشنى يېزىقى ئابىدىسى»، LXIV بەت.

«كېيىن پارفىيىگە تەۋە بولدى، توخرىلار پارفىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كابۇل ئۇلارغا تەۋە بولدى» دېيىلگەن.

كۈجۇلا كابۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «يەنە پۇدا، كەشمىرنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغان.» بۇ يەردە ئېيتىلغان پۇدا — پاروپامىسادې (ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار)نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن كەشمىر تولۇق ئىستېلا قىلىنمىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى مىلادى 44 - يىلى پارفىيە خاندانلىقى يەنىلا تاكشاسىلاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھالبۇكى، بۇ چاغدا تاكشاسىلا كەشمىرگە تەۋە ئىدى. مىلادى 52 - يىلىغا كەلگەندىلا، ئۇ ئاندىن ئىستېلا قىلىنغان. ئىلگىرىكى يابغۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «شاھىنشاھ» دەپ ئاتالغان، كۇشان ئىمپېرىيىسىمۇ قۇرۇلغان.

كۈجۇلا 88 ياشقا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئورنىغا ئوغلى ۋىما كادپىسېس كۇشان خانى بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىنىگە قارىغاندا، ۋىما كادپىسېس تەختكە چىققاندا ئانچە ياش بولمىسا كېرەك.

ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ پۇلىدا ۋىما كادپىسېسنىڭ ئىسمى بار، ئۇ تەخمىنەن مىلادى 75 - يىلى تەختكە چىقىپ 20 نەچچە يىل تەختتە ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «كېيىنكى خەننامە» دە پەقەت «ھىندىستاننى يەنە مۇنقەرز قىلىپ، باسقاق ئەۋەتتى» دېيىلگەن. ھىندىستان ئۈستىدە توختالغاندا بولسا، «توخرىلار ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىدارە قىلىشقا سەركەردە تۇرغۇزدى. سەركەردىگە ئۇلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى» دېيىلگەن. راپسوننىڭ «ھامبۇرگتا يېزىلغان ھىندىستان تارىخى» دا بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ رايونغا شۇنىڭدىن باشلاپ

جەنۇبقا كۆچكەن يۇنانلىق باكترىيە خانى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ①. ۋىما كادپىسىس ھىندىستاننى ئىستېلا قىلىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى پەنجاپ، ھىندى دەرياسى ۋادىسى، بىنالىسقىچە كېڭەيتكەن. بۇ تەخمىنەن مىلادى 78 - يىلدىكى ئىش. ئۇ ھىندىستاننى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن سەركەردە غەربىي ۋىلايەت ۋالىيسى (Western Kshatraas) دەپ ئاتالغان.

«ئېرىتىرائېئان دېڭىزى ئەتراپىدىكى سەپەر خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا، باكترىيىلىكلەرنىڭ كۇشان خانىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ مىلادى I ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ كۈچى ئىلگىرىكى باكترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلىنغان «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» نىڭ 1 - قىسمىلىق نەشرىدە بولسا، ۋىما كادپىسىس بىلەن كۇجۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ پايتەختى سوغدىيانادا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ۋىما كادپىسىسنىڭ پۇلى تېپىلغان جايلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا، باكترىيە ۋە كابۇل، پەنجاپ، شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاللاھاباد بىلەن جابالپۇر قاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى. بۇ ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىنىڭ ھەقىقەتەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلارغىچە كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

① سىدون كىنوۋ ۋىما كادپىسىس پارفىيەلىكلەرنى يوقاتقان دەيدۇ. چۈنكى، «ئېرىتىرائېئان دېڭىزى ئەتراپىدىكى سەپەر خاتىرىسى» (ئاپتورى مىلادى I ئەسىر-نىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن، ئىسمى نامەلۇم) دە، غەربىي شىمالى ھىندىستاندا گەرچە باشقا ھۆكۈمرانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پارفىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان دېيىلگەن (سىدون. كىنوۋ «قارۇشتى يېزىقى ئابىدىسى». 2017 - بەت).

بۇنىڭدىن ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ تازا قۇدرەت تاپقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، «كېيىنكى خەننامە» دە: «توخرىلار شۇنىڭدىن كېيىن تازا قۇدرەت تاپتى. ھەر قايسى ئەللەر ئۇلارنىڭ خانىنى كۇشان خان دەپ ئاتىدى» دېيىلگەن ①.

ئۇلۇغ توخرىلار زېمىنىنىڭ شىمالىي چېگرىسى يەنىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانادا بولغانىكەن، ئۇنداق-تا، شىمال تەرىپى كانكىيە بىلەن چېگرىداش بولغان بولىدۇ. «كېيىنكى خەننامە.بەن چاۋنىڭ تەرجىمھالى» دىكى مەلۇماتلاردىن ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن كانكىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىلادى 84 - يىلىدىن بىرئاز ئىلگىرى، ئۇلۇغ توخرىلار كانكىيە بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ شەرق چېگرىسى تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇتاش بولغاچقا، ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەشلەرگە پائال قاتناشقان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار-دا مىلادى I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا توخرىلار بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ھەرىكەتلەنگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ۋاقىت تەخمىنەن ۋېيما كادپىسىس دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

مىلادى I ئەسىرنىڭ يېرىمىدا، جۇڭگودا ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى، ھونلار غەربىي يۇرت-لۇقلارنىڭ ۋە ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قارشىلىقى-نى قوزغىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ئۇرۇش

---

① «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى». «كېيىنكى خەننامە»، 2921 - بەت.

گەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىقىنىڭ زىيىنى ئېغىر ئەسلىگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەركىزىي ھاكىمىيەت غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا كۆڭۈل بۆلمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىپ، بىر-بىرىنى قوشۇۋېلىشتى، مەسىلەن، «ئەندىرە، نىيە، رۇڭلۇ، چەرچەن قاتارلىقلار پىشامشان تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. چېدىر، گۇما ئۇدۇن تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى①». ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، «كەشمىر، باكترىيە، كابۇل، ھىندىستانلار ئۇلۇغ توخرىلار تەۋە بولدى.» ② شىمالىي ھونلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى پاراكەندە قىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا يولىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىلادى 73-يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ شىمالدا ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەربىي يۇرتنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى ۋە 74-يىلى يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي خەن سۇلالىسى رەھبەرلىك قىلغان ھونلارغا قارشى كۆرەشكە قاتناشتى. غەربىي يۇرتنىڭ مۇۋەققەت چېبىرىكچى ئامبىلى بەن چاۋ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەسكەر تەلەپ قىلىپ يازغان دوكلاتىدا: «ئۇزۇنتات، يەكەن، سۇلى، توخرىلار (كۇشان خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)، ئۇيسۇن، كانكىيلىكلەر سۇلالىمىزگە يەنە تەۋە بولۇشنى خالايدىكەن، ئۇلار

① ئىزاھ يۇقىرىدىكى ① ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

② «ئوچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە. ۋېينامە. ئۇۋەن، سىيانبى، شەرقىي تائىپىلەر ھەققىدە قىسسە». «ۋېي سۇلالىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىنغان نەقىل. «ئوچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1959-يىل نەشرى (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، 859-بەت.

كۈسەننى بىرلىكتە يوقىتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن»① دېگەن. شۇڭا، بەن چاۋ 78 - يىلى ئېلىپ بارغان قوم، چاقىلىقنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا كانكىينىڭ قوشۇنى قاتناشقان. مىلادى 84 - يىلى، بەن چاۋ ئاسىيلىق قىلغان سۇلى خانى جۇڭنى باستۇرۇشقا ئاتلانغاندا، كانكىيە قوشۇن ئەۋەتىپ سۇلى خانىغا ياردەم بەرگەن. بەن چاۋ بىرئاز ۋاقىت ئىلگىرى كانكىينىڭ توخرىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى، توخرىلار خانىنىڭ كانكىيىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، توخرىلار خانىغا ئادەم ئەۋەتىپ نۇرغۇن شايى - ئەتلەس، تاۋار - دۇردۇن يوللىغان ۋە ئۇنىڭدىن كانكىيە خانىغا قوشۇن چېكىندۈرۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. كانكىيە راستىنلا توخرىلار خانىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ قوشۇن چېكىندۈرۈپلا قالماي، بەلكى سۇلى خانى جۇڭنى قولغا ئالغان. مىلادى 87 - يىلى، غەربىي يۇرت دورغابى بەن چاۋ يەكەنگە زەربە بەرگەندە، توخرى دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ شەرقىي خەن سۇلالىسىگە فۇبا (مۈڭگۈزسىز بۇغىغا ئوخشايدىغان هايۋان)، شىر هەدىيە قىلغان②.

توخرىلار بەن چاۋنىڭ سۇلىنى تىنچىتىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، بەلكى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ يەكەنگە زەربە بېرىشتىمۇ خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇڭا، توخرىلار شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ گۆھەر، فۇبا، شىر

---

① «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەرجىمىھالى». «كېيىنكى خەننامە»، 1575-بەت.

② «كېيىنكى خەننامە. جاڭدى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانىلدى. چيەن داشىن ئۇ پارفىيە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى پارفىيە توغرىسىدىكى مەلۇماتتا بۇ ئىش تىلغا ئېلىنغان. ياۋچىلار ئوتتۇرىدا توختالغاندا بۇ ئىش تىلغا ئېلىنمىغان دەيدۇ.

قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇغقان بولۇپ ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىنى توخرىلارغا ياتلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن بەن چاۋ توخرىلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمايلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ قايتۇرمىغان. شۇڭا، ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ①، مىلادى 90 - يىلى مۇئاۋىن خان ساخى (Sahi) باشچىلىقىدىكى يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئەينى چاغدا بەن چاۋنىڭ ئەسكىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇ قوشۇنىدىكىلەرگە: «توخرى قوشۇنىنىڭ ئادىمى كۆپ بولسىمۇ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق جايدىن كۆكئارتتىن ئۆتۈپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قورالى يوق، شۇڭا ئۇلار قورقۇنچلۇق ئەمەس. بىز ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاپ تۇرساقلا توخرىلار ئاچ قېلىپ بىزگە تەسلىم بولىدۇ، نەچچە ئون كۈن ئىچىدە كىم كىمنى يېڭىش مەسىلىسى بىر تەرەپ قىلىنغىلى بولىدۇ» دېگەن. توخرىلارنىڭ مۇئاۋىن خانى ساخى بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە نەتىجە قازىنالمىغاندىن كېيىن، شۇ ئەتراپلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان بولسىمۇ نەپكە ئېرىشەلمىدى. بەن چاۋ توخرىلار قوشۇنىنىڭ ئاشلىقى تۈگەي دەپ قالغانلىقىنى، چوقۇم كۇسەندىن ياردەم سورايدىغانلىقىنى پەملەپ، نەچچە يۈز ئەسكەرنى شەرققە بارىدىغان يولنى توسۇشقا ئەۋەتتى. توخرىلارنىڭ ئەلچىسى دېگەندەكلا ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلارنى ئېلىپ كۇسەنگە ماڭغاندا، بەن چاۋ بۆكتۈرمىدە قويغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەلچىنىڭ كاللىسىنى توخرىلار

① «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» گە قاراڭ.

نىڭ مۇئاۋىن خانى ساخىغا ئەۋەتىپ بەردى. توخرىلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بەن چاۋدىن گۇناھىنى تىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ توخرىلار زېمىنىغا تىرىك كېتىشىگە ئىجازەت بېرىشىنى سورىدى. بەن چاۋ ئۇلارنى قويۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن توخرىلار سارا سىمگە چۈشۈپ ھەر يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئولپان بېرىپ تۇردى①.

ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىڭ بەن چاۋغا بەيئەت قىلىشى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋانلىشىشىغا پايدىلىق بولدى. مىلادى 97 - يىلى، ئەينى چاغدا قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلەنگەن بەن چاۋ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارى گەن يىڭنى داچىن (رىم ئىمپېرىيىسى) غا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. گەن يىڭ ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى ۋە پارفىيىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن سۇرىيىگە يېتىپ بارغان بولسا كېرەك. ئۇ ئەسلىدە دېڭىزدىن ئۆتۈپ داچىنغا بارماقچى بولغان بولسىمۇ، قاتناش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بارالمىغان. گەن يىڭ بارغان يول بويىدىكى جايلارغا بۇرۇن ھېچكىم بېرىپ باقمىغانىدى. بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالى، ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلىرى ھەققىدىكى مەلۇمات گەن يىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەملىكىتىمىزگە تارالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ

① «بىباھا كەلىمىلەر» نىڭ 7 جىلدىدا توخارىستاننىڭ بىر خانى بىلەن ئۈچ دانىشمەننىڭ دوست بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا كانىشكا شەرققە يۈرۈش قىلغانىدا، كۆكئارتتىكى خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتمەكچى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شاڭدا: «بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرە بىلەن يۇقىرىقى مەلۇمات بىر ئىشنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ («ئاسارئەتىقىلەر توغرىسىدا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى». II توم، 4 - قىسىم، شاڭ دا: «دۇنخۇاڭ سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»). سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» نىڭ II تومىدىمۇ بەن چاۋ بىلەن ئۇرۇش قىلغان كۇشان خانى — كانىشكا دەپ ھېسابلانغان.

غەربنى چۈشىنىشى جاڭ چيەن دەۋرىدىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

كانىشكا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ بۇ ئاتاقلىق خانىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ رەسمىي تارىخلىرىدا چېلىقمايدۇ، پەقەت بۇددا نوملىرى ۋە «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى»، «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» قاتارلىق كىتابلاردىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەن بۇ ئىش يۈڭچۇ تۈنجى يىلى (107 - يىلى) دىن كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسى 20 نەچچە يىل غەربىي يۇرتتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى بىلمەي قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، كانىشكا مىلادى II ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلگىچە تەختتە ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كانىشكا ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردا تېپىلغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ چاغدا خارەزىم رايونىمۇ قوشۇۋېلىنغانىدەك قىلىدۇ. يەنە بۇخاراغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھىندىستان تەرەپتە، پەنجاپ، سىند ۋە ماتۇلارغىچە كېڭەيگەن. كانىشكانىڭ ئۆز پايتەختىنى پىشاۋۇرغا كۆچۈرۈشى ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنى كەڭ زېمىنغا ۋە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. ھىندىستاندىكى ماتۇلادىن كانىشكانىڭ ھەيكىلى تېپىلدى، ھەيكەل ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان، ئۇنىڭغا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كىيىمى كىيگۈزۈلگەن، قولىغا خەنجەر تۇتقۇزۇلغانىدى، ھەيكەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى مانا مەن دەپ

چىقىپ تۇرىدۇ①.

«بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» دە: «مەن مويسىپىتلەردىن: بۇرۇن قەندىھار دۆلىتى-نىڭ خانى كانىشكانىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە تەھدىت سېلىپ ئۇلارنى تەۋە قىلىۋالغانلىقىنى، كەڭ زېمىننى ھەربىيلەر ئارقىلىق ئىدارە قىلغانلىقىنى، تەسىر دائىرىسى كۆكئارتنىڭ شەرقىغىچە كېڭەيگەنلىكىنى، دەريانىڭ شەرقىدىكى تائىپىلەر ئۇنىڭدىن ۋەھىمە يەپ تۇرغاق ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دېگەن مەلۇمات بار. ھازىر ئادەتتە تارىخ تەتقىق قىلىنغان كىتابلاردا كانىشكا تارىم ئويمانلىقىدىكى بەزى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئېلىمىزنىڭ رەسمىي تارىخلىرىدا خاتىرىلەنگەن مىلادى II ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ ۋۇقتا ئانچە ئېنىق ئەمەس، شۇنداقلا گۇمانلىق. لېكىن ئۇلۇغ توخرى-لار دۆلىتىنىڭ بۇددا دىنى كۆكئارتنىڭ شەرقىغە تەسىر كۆر-سەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان-لىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئەينى چاغدىكى سۇلى خانى چېنپەن توخرى دۆلىتىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرغان بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسى ئىدى. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: ئەندى خانىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى (114 — 120) دا، سۇلى خانى ئەنگونىڭ تاغىسى چېنپەننى گۇناھى

① رىكېپ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان سەنئىتى»، 147 - بەت.

بولغاچقا، توخرىلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان①. توخرىلار خانى ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلىغان. كېيىن ئەنگو ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا، ئانىسى ھاكىمىيەت باشقۇرغان. ئۇ سۇلى خەلقى بىلەن بىرلىكتە چىنپەننىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى يىفۇ (يىفۇنىڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن) نى سۇلىغا خان قىلدى. چىنپەن دۆلىتىدە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، توخرىلار خانىغا: «سۇلى خانى ئەنگونىڭ ئوغلى يوق، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر يەنە كېلىپ ئىقتىدارسىز، ئەگەر ئۇنىڭ ئانا جەمەتىدىكىلەردىن بىرىنى خان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا، مەن يىفۇنىڭ تاغىسى، خانلىق تەختىگە مەن ۋارىسلىق قىلىشىم كېرەك» دەپ تەلەپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى قوشۇن ئەۋەتىپ چىنپەننى سۇلىغا ئاپىرىپ قويغان. سۇلى خەلقى بۇرۇندىنلا چىنپەننى ھۆرمەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توخرىلاردىن تەپتارتقانلىقى ئۈچۈن، بىرلىشىپ يىفۇنىڭ تامغىسى (خەن سۇلالىسى بەرگەن بولسا كېرەك) نى تارتىۋالغان ۋە چىنپەننى قارشى ئېلىپ، تەختكە چىقىرىپ سۇلى خانى دەپ ئاتىغان.

---

① بۇ تۇرغاقنىڭ توخرى دۆلىتىدىكى تۇرمۇشىغا دائىر ئەھۋاللار «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» تىمۇ مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «كانىشكا خان تۇرغاقنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۇلارغا سوۋغا - سالام بەردى، قىشتا سارايدا تۇرغۇزماي، ھىندىستاندىكى دۆلەتلەردە تۇرغۇزۇش، يازدا كاپىسا دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېلىش، ئەتىيازدا قەندىھار دۆلىتىدە تۇرغۇزۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تۇرغاق تۇرىدىغان جايلارغا ئىبادەتخانا (ساڭرام) سالدۇردى. ھازىرقى ساڭرام (كاپىسادىكى تۇرغاق ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ) يازدا تۇرىدىغان جايىغا سېلىنغان.» 1 - جىلدتا يەنە: «كانىشكا خان تۇرغاقنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئام بەردى. ئۈچ پەسىلدە تۇرىدىغان ساراي سالدۇرۇپ، ئۇنى تۆت ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلدى. بۇ دۆلەت (ھىندىستاندىكى جىنابۇد دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ) تۇرغاق قىشتا تۇرىدىغان جاي ئىدى» دېيىلگەن (4 - جىلد).

مىلادى 130 - يىلى، سۇلى خانىمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق ئەۋەتكەندە، پەرغانە، يەكەن خانلىرىمۇ بىرلىكتە ئولپان يوللىغان. مىلادى 132- يىلى، دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى شۈي يۇ يەنە چېنپەن باشچىلىقىدىكى سۇلى قوشۇنىنى ئۇدۇنغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. بۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇلۇغ توخرىلار كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلمىغاندەك قىلىدۇ.

غەربتە، ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى رىم ئىمپېرىيىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلغان. مەسىلەن، مىلادى 99 - يىلى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ئەلچىسى رىمغا بارغان. III، IV ئەسىردە ئۆتكەن رىم ئاپتورلىرى ئېيتقان باكتىرىيىلىكلەر ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ئەلچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مىلادى II ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەنە رىم پادىشاھى ئانتونىنى تەختتىكى چاغدا، ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ئەلچىلىرى رىمغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. رىم پادىشاھى ئانتونىنىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمۇ ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىگە بارغان. رىم پادىشاھى تراجانۇس دەۋرىگە ئائىت تۈۋرۈكتىكى نەقىشتە ئۇلۇغ توخرىلارنىڭمۇ رەسىمى بار. ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ زېمىنىدىن، ھەتتا شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇرخان دەريا رايونىدىنمۇ رىم پادىشاھى نېرو قۇيدۇرغان پۇل تېپىلدى. بۇلار ئۇلۇغ توخرىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى خەلقئارا ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەخمىنەن مىلادى III ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلۇغ توخرىلار زەئىپلىشىشكە ۋە دەسلەپكى قەدەمدە پارچىلىنىشقا باشلىغان. يېقىنقى زاماندىكىلەرنىڭ دەلىللىشىچە، كانىشكادىن كېيىنكى ئۇلۇغ توخرىلار خانلىرىنىڭ ئىسمى مەلۇم بولغانلىرىدىن يەنە پەقەت ۋاسۇدېۋا II (Vasudeva) بىلەن كىتارا (Kitara) دىن ئىبارەت ئىككىسى بار ئىكەن. بەزى كىتابلاردا كانىشكانىڭ ۋارىسى كوۋىشكا ۋاسۇدېۋادىن بۇرۇن تەختتە ئولتۇرغان

دېيىلىدۇ. ئىلىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا، مىلادى 229 - يىلى، ئۇلۇغ توخرىلار خانى ۋاسۇدېۋا ئەلچى ئەۋەتىپ ساۋغىنى قۇرغان ۋېي خانلىقىنىڭ خانى مىڭدىغا تارتۇق تەقدىم قىلغانلىقى ئۇچۇن، «ۋېي خانلىقىغا يېقىن دوست — ئۇلۇغ وخرىلار خانى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن①. قارىغاندا، كانىشكا ئۆلگەندىن كېيىن، خارەزىم ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىدىن بۆلۈنۈپ مۇستەقىل بولغاندەك قىلىدۇ. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانامۇ بۆلۈنۈپ، ئۇ يەردە كۇشانىيە شەھىرى (بۈگۈنكى سەمەرقەندىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى تاشقورغان) مەركەز قىلىنىپ يەنە بىر دۆلەت قۇرۇلغان. مەرغىيانانى ئىران تارتىۋالغان، ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ھىندىستاندىكى زېمىنىمۇ پەيدىنپەي تارايغان، ئاخىر ئۇلۇغ توخرىلار خانى پەقەت كابۇل رايونىدىلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ تۇرالىغان. بۇ چاغدا ئۇلۇغ توخرىلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەرلىك خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا نەسىل ئارىلىشىش خېلى كۆپەيگەنىدى، مانا شۇ ئاساستا ئۇلار تەدرىجىي تۈردە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. مىلادى V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇلۇغ توخرىلا دۆلىتى ئاخىر ئېفتالىتلارنىڭ زەربىسىدە مۇنقەرز بولدى.

## 8 - بۆلۈم ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى

① «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە. ۋېينامە. مىڭدى ھەققىدە خاتىرە». «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە». 97 - بەت.

ھەققىدىكى ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ زېمىنى — سوغدىيانا ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ يەردە بەزى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ خارەزىم رايونى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار خېلى قانات يايدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئۇلۇغ توخرىلار دەۋرى يەنىلا قۇللۇق تۈزۈم گۈللەنگەن، راۋاج-لانغان دەۋر بولغان.

ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى — ھوقۇق مەركەزلەشكەن چوڭ دۆلەت، شۇنداقلا تارىختىكى تۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت — قۇللۇق جەمئىيەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت. بۇ دۆلەتتىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئاساسىي گەۋ-دىسى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى بولۇپ، ئۇلار كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن چىققان بولغاچقا، بۇ دۆلەتتىمۇ ئاتلىق جامائە تۈزۈمىنىڭ بىرمۇنچە ئىزناسى قېپقالغان. توخرىلار-نىڭ باشلىقلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلار ئارقىلىق قۇللارغا ئېرىشكەن. قۇللار دېھقانچىلىق ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلۇغ توخرىلار دەۋرىدە خارەزىم، سوغدى-يانا، تېرمىز، پەرغانە قاتارلىق جايلاردا سۈنئىي سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرى، مەسىلەن، يەر ئاستى ئېرىقلىرى، سۇغىرىش قانال-لىرى قاتارلىقلار ئىلگىرىكى دەۋرگە قارىغاندا كۆلەم ۋە سان جەھەتتە زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن. بۇ قۇرۇلۇشلار كۆپ سان-دىكى قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىقلا تاماملانغان. خۇددى مار-كىس ئېيتقاندەك، بۇ يەردە «ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە سۇ ئىنشائا-تى قۇرۇلۇشىدىن پايدىلانغان سۈنئىي سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى شەرق دېھقانچىلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.»، «شۇڭا، ئا-سىيادىكى بارلىق ھۆكۈمەتلەر مۇنداق بىر فۇنكسىيىلىك رولنى،

يەنى ئامىسۋى قۇرۇلۇشقا تەشكىللەشتەك فۇنكسىيىلىك رولنى ئاتقۇرمىسا بولمايتتى.»① ئەينى چاغدا، ئۇلۇغ توخرىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىدى.

ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا يولىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سودىدىن ناھايىتى زور نەپكە ئېرىشتى. بۇ خىل سودا خەلقئارا خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. قەدىمكى يۇنانىڭ جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمى ترو يانلىق مارنۇسنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن، مىلادى I ئەسىردە ماكېدونىيىلىك مائىس. د جانۇس ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ يىپەك يولى ۋە ئۇ يولنىڭ بويلىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سودا يولى سۈرىيىنىڭ پايتەختى ئانتىئوكىيە شەھىرىدىن باشلىنىپ خىرا (Hierapolis)② شەھىرىدە ئېفرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پارفىيە ئىمپېرىيىسىگە تۇتىشىدىكەن، ئاندىن ئېكباتانا (ھەمەدان)، رخاگائىي (Rhagae ياكى Rai، بۈگۈنكى تېھران ئەتراپىدا)، خېكاتوم (Hecatompylos) ۋە مەرۋە (Merv) دىن ئۆتۈپ باكترا (بەلخ) غا تۇتىشىدىكەن③. يىپەك يولى باكترادىن پامىرغا تۇتاشقان. پتولېمى پامىر ۋادىسىدىكى «كومېداي (Komedai) تېغىنىڭ ئېتىكى» دە بىر تاش مۇنار (Lilhinos pyrgos) بار دەيدۇ. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر ۋە «سىرىس» سودىگەرلىرى (يىپەك

---

①ماركس: «برىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، II توم، 64 - بەت.

②خىرا شەھىرى — كىچىك ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەر.

③گروسسېت باكترا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ پايتەختى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ ھېسابلايدۇ («يايلاق ئىمپېرىيىسى»، ئىنگلىزچە نۇسخا، 40 - بەت).

توقۇلمىلارنى ئېلىپ ـ ساتىدىغانلار) مۇشۇ تاش مۇنار ئەتراـ
پىدا ئۇزئارا مال ئالماشتۇرغان①. قارىغاندا، بۇ يول ۋاخىش
دەرياسى ۋادىسى، قارا تېكىن ئارقىلىق ئالاي تېغى جىلغىسىـ
غا، ئاندىن يەكەنگە تۇتاشقانىدەك قىلىدۇ. ئۇلۇغ توخرى
دۆلىتىنىڭ جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان سودا يولى بولۇپلا قالماي،
جەنۇبتا ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان سودا يولىمۇ بار ئىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە خارەزىم، ئالان (ئاۋرىسى) ئارقىلىق
شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان سودا يولى بار ئىدى. ئەينى چاغـ
دا ئۇلۇغ توخرىلار شەرق بىلەن غەربنىڭ سودىسىدا ۋاـ
سىتىچىلىك رول ئوينىغان. سوغدىيانلار (سوغدىلار) قەدىمدىن
بۇيان شەرق بىلەن غەرب سودىسىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان سوـ
دىگەرلەر بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىـ
يانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جاھانگەشتىلىك قىلغان.

سودىگەرلەر ئېلىپ ـ ساتىدىغان شەرق ۋە غەربنىڭ مالـ
لىرى خىلمۇ خىل ئىدى. جۇڭگونىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىدىن
باشقا، تارىخىي كىتابلاردا، ھىندىستاندا «نەپىس رەخت، تەڭـ
لىمات، مۇشكى ـ ئەنبەر ماتېرىياللىرى، سۇرمە تاش، قارىمۇچ،
زەنجىۋىل، قارا تۇز» قاتارلىق ماللارنىڭ بارلىقى، ھىندىستانـ
نىڭ «پىل، كەركىدان، سەدەپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر،
قوغۇشۇن، قەلەيلىرىنىڭ غەربتە داكچىن (رىم) بىلەن ئالماشـ

① تاش مۇنارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل. جاڭ
شىڭلاڭ يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشبالىقنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ («جۇڭگو
بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 1 ـ قىسىم،
32 ـ بەت). گېرمانىيىلىك ئالبېرت خىلمان ئالاي تېغى بىلەن تاشقى
ئالاي تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى قىزىلسۇ دەرياسى ۋادىسىدا دەيدۇ. خاكـ
كىن تاشقۇرغان ئەتراپىدا، يەنى ۋاخان (كىچىك پامىر) بىلەن يەكەن دەرـ
ياسىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىنتىكاي داۋىنىنىڭ شىمالىدا بولۇشى
كېرەك دەيدۇ.

تۇرۇۋاتقانلىقى، داكچىندا قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىڭ بارلىقى»① خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «داكچىننىڭ قىممەت باھالىق بۇيۇملىرى» ئاساسلىقى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملار، ئۈنچە، مەرۋايىت، مەستىكى رۇمى، مارجان، كەھرىۋا، ساپال سىرى، مارجان تاش، سىماب، زۇمرەت، رەڭدار توقۇلما رەختلەر، شايى - ئەتلەس، كىمخابلار، نەپىس رەخت (سۇ قويىنىڭ تىۋىتى، ياۋا پىلە غوزىكىدىن توقۇلغان) قاتارلىقلارنى كۆرسىتەتتى②. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەھسۇلاتلىرى مەسلەن، شىر، كەركىدان، سورتلۇق كالا، توز، تۆگىقۇشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنگو (ئاۋرىستىنىڭ شىمالىدا) نىڭ چاشقان تېرىسىمۇ چەت ئەلگە چىقىرىلاتتى. مال تۇشۇپ سودا - سېتىق قىلىدىغانلار ئىچىدە سوغدىلاردىن باشقا، يەنە پارفىيىلىكلەر، كابۇللۇقلار ۋە داكچىنلىقلارمۇ بار ئىدى. تارىختا داكچىندا ئالتۇن - كۈمۈش پۇل ئورنىدا خەجلىنىدۇ، ئون سەر كۈمۈش تەڭگە بىر تىللاغا توغرا كېلىدۇ. داكچىنلىقلار پارفىيە، ھىندىستان بىلەن دېڭىزدا سودا قىلىپ ئون ھەسسە نەپ ئالىدۇ. ئۇلار ماللىرىغا بىرلا باھا قويىدۇ، قويغان باھاسىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇنىمايدۇ. ئۇلاردا ئاشلىق ئەرزان، دۆلىتى باي ... ئۇلارنىڭ خانى خەن سۇلالىسى بىلەن دائىم ئەلچى ئەۋەتىشىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ھالبۇكى، پارفىيە خەن سۇلالىسىنىڭ يىپەك ماللىرى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن سودىلىشىشنى ئۈمىد قىلغاچقا، يوللارغا توسۇق قۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە سودىلىشىشىغا يول قويمايدۇ». گاۋ-

①، ② «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە»، 2921 - بەت.

فۇلىقلار «مال توشۇپ سودا قىلىشقا ماھىر، ئۇلار شۇ ئارقىلىق
مال ـ دۇنيا تاپىدۇ»① دەپ خاتىرىلەنگەن.

سودىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلۇغ توخرى
دۆلىتى خانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پۇل تارقاتتى. ئۇلۇغ
توخرىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پۇلى باكتىرىيىنىڭ پۇلىغا
تەقلىد قىلىنىپ قۇيۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرمۇ گرېك
يېزىقىدا ئىدى. بەزى پۇللاردا يۇنانلىقلارنىڭ، ھىندىستانلىق-
لارنىڭ ۋە پېرسىيىلىكلەرنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ رەسمى بولۇپ،
بۇددانىڭ رەسمى يوق ئىدى. كۇجۇلا ئەڭ دەسلەپ قارۇشتى
يېزىقى ۋە بۇددانىڭ رەسمى بار پۇل قۇيدۇرۇپ تارقاتقان.
ۋېما كادپىسنىڭ پۇلىغا ھىندىستاننىڭ شىۋا ئىلاھىنىڭ
رەسمى قۇيۇلغان بولۇپ، قارىغاندا ئۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىل-
مىغان بولسا كېرەك. ۋېما كادپىسىس قۇيدۇرغان تىللا يۇنان-
نىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كانىشكامۇ دەسلەپتە يۇنانلىقلارنىڭ،
پېرسىيىلىكلەرنىڭ ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ ئىلاھلىرى بار پۇل-
لارنى تارقاتقان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندىلا
ساكيامونىنىڭ رەسمى بار پۇللارنى قۇيدۇرغان. بۇ ئۇلۇغ
توخرىلار دۆلىتى خانلىرىنىڭ پۇللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، ھىن-
دىستاندىكى بىرمۇنچە جايلاردىن تېپىلدى. بۇ پۇللاردىكى
دىنىي ئىلاھ ۋە يېزىقلار، روشەنكى، ھەرقايسى جايلاردىكى
ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تىلىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇ-
لۇپ قۇيۇلغان، شۇنداقلا ئۇ ئەينى چاغدىكى سودا ۋە پۇل
ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سودىنىڭ جانلىنىشى، يېزىقنىڭ تارقىلىشى خەلقلەرنىڭ
بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقۇشى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ يۆتكىلىشى

① «كېيىنكى خەننامە»، 2919 — 2921 ـ بەتلەر.

نى ئىلگىرى سۈردى. تىل جەھەتتىن ئالغاندا، پامىردىن پارفىيىگىچە بولغان كەڭ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكەن. يېزىقتا كەلسەك، مىلادى I ئەسىردىن ئىلگىرى، گرېك يېزىقى يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان، مىلادى II ئەسىرگە كەلگەندىلا، ئۇ تەدرىجىي قوللىنىشتىن قالغان. لېكىن بۇ چاغدا، ئارامىيە يېزىقى ئاساسىدا سوغدى يېزىقى (سوغدىيانا يېزىقى) ئىجاد قىلىندى. قارۇشتى يېزىقى بولسا پەنجاپ ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى، شۇنىڭدەك باشقا جايلاردا قوللىنىلدى. سودا قىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يېزىقلارمۇ شەرققە تارقالدى. مەسىلەن، سوغدى يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىغا، قارۇشتى يېزىقى بولسا تارىم ئويمانلىقىغا تارالدى. بۇ مەزگىل، قارىشىمچە، مىلادى II ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە، بۇ يېزىقلار شەرققە تارقالغاندىن كېيىن، يا سودا ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان يېزىق، يا دىنىي ئىشلاردا قوللىنىلىدىغان يېزىق، ياكى شۇ يېزىق ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇنداق چەتتىن كىرگەن تىل ۋە يېزىقلار ئەسلى پېتىچە قوللىنىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىدە يەنە گرېك ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدىغان بىر خىل يېزىقمۇ بولغان. مەسىلەن، ئافغانىستاندىكى سۇرخ كوتال (Surkh Kotal) دېگەن جايدىن 25 قۇر خەت بار ئابىدە تېپىلدى، ئۇنىڭدا شەرقىي ئىران تىلىدىكى سۆزلەر گرېكچە ھەرپلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى خانلىرىنىڭ پۇللىرىدىمۇ بۇ خىل يېزىق

چېلىقتى. ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر بۇ خىل يېزىقتا باك-
تىرىيىلىكلەرنىڭ يەرلىك شىۋىسى خاتىرىلەنگەن دەپ قارايدۇ. ئۇكۇ-
شان يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى دائىرىسىدە تۈرلۈك يېزىقلار، مەسى-
لەن، گرېك يېزىقى، ئارامىيە يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، سوغدى يېزىقى،
كۇشان يېزىقى، شۇنداقلا خارەزىم يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇت
بولغانلىقى ئۇنىڭدا تۈرلۈك مىللەت ۋە تىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى،
ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىدىكىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ خىلمۇ
خىل بولغان. مەسىلەن، زورو ئاستېر دىنى، يۇناننىڭ ئىلاھ-
لىرىغا ئېتىقاد قىلىش، يەرلىك ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ
مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئالدىنقى بابلاردا كۆپ قېتىم
توختالغانىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز. ئەمدى ئا-
ساسلىقى بۇددا دىنى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز. ھالبۇكى،
بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان چاغدا، ئىلگىرىكى ھېلىقى دىنلار تېخى سىقىپ
چىقىرىلمىغانىدى. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان بۇ
دەۋرگە ئائىت بېغىرەڭلىك لاي ھەيكەلدە ئاناخىد ئىلاھىنىڭ
ئوبرازى ئىپادىلەنگەن، لېكىن بۇنداق ئىلاھقا كۇشانلىقلارنىڭ
ئۇسلۇبىدىكى كىيىم كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، لايدىن
ياسالغان چەۋەنداز ھەيكىلىمۇ تېپىلدى. سەمەرقەنت ئەتراپى
ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان بېغىرەڭلىك لاي ھەيكەل يېڭى
يىل بايرىمىغا ئاتالغان، بۇنداق ھەيكەللەر ھەر يىلى بىر
قېتىم يەڭگۈشلەنگەن بولسا كېرەك. خارەزىمدىكى تۇپراق
قارا شەھىرىدىن ئاتەش دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ تېپىلىشى
ئوتقا چوقۇنۇشتەك بۇنداق قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتنىڭ يەنىلا
خارەزىمدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇددا دىنىغا كەلسەك، ئۇنى ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان دېيىش كېرەك. ئۇلۇغ توخرىلار بۇددا دىنىغا ناھايىتى بۇرۇنلا ئېتىقاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن. تاڭ يۈكتۈك توخرىلار غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى، يەنى مىلادىيدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىلەن مىلادى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسا كېرەك دەيدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بۇددا دىنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى ۋە باكتىرىيىگە تارقالغان بولۇپ، «پادىشاھ ئاسوكانىڭ بۇددا تەلىماتى (تارما) نى تارقاتقانلىقىنى مەڭگۈ تاشلاردىن، مىناندىرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى پۇل - تەڭگىلەردىن بىلگىلى بولىدۇ.» توخرىلار باكتىرىيىنى مۇنقەرز قىلىپ ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ توخرىلار خانى كۇجولانىڭ پۇللىرىغا دائىم بۇددانىڭ رەسىمىنىڭ قويۇلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، «توغرا تەلىماتنىڭ قوغدىغۇچىسى» دېگەن خەتلەرمۇ قويۇلغان. بۇنىڭدىن كۇجۇلانىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ شۈبھىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن كۇجۇلانىڭ تەخت ۋارىسى ۋىما كادپىسىنىڭ بۇددا دىنىغا ئىشەنگەنلىك ئېھتىمالى ئاز دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇللىرىغا ھىندىستاننىڭ شىۋو ئىلاھىنىڭ رەسىمى قويۇلغان. ۋىما كادپىسىس ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇلۇغ توخرىلار ئارىسىدا بۇددا دىنى بىر مەھەل ئانچە بەك ئەۋج ئالمىغان بولسا كېرەك.

كانىشكا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل ئۇلۇغ توخرىلار ئارىسىدا بۇددا دىنى ئەڭ ئەۋج ئالغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

كانىشكا بۇددا دىنىنى زور كۈچ بىلەن قوغدىغان ۋە تەرغىب قىلغاچقا، قەندىھار بىلەن كەشمىر بىر مەھەل بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. كانىشكا بۇددا دىنىنى ئەۋج ئالدۇ-رۇشقا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، بىرمۇنچە بۇددا نوملىرى ۋە راھىبلارنىڭ بايانلىرىدا، ئۇ ئاسوكا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇ-لۇپ تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە كۈچەپ مەدھىيىلىنىدۇ. كىشىلەر بۇددا دىنى تارىخىدا كانىشكانى ئاسوكادىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ زات دەپ قارايدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 3 - جىلدىدا، بۇددا دىنى تارىخىدىكى 4 - قېتىملىق يىغىلىش (كەشمىر يىغىلىشى) ئۈستىدە توختىلىپ، كانىشكا ئەينى چاغدا بۇددا دىنى «ئەقىدىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا ھەر خىل بولۇۋاتقان» لىقىنى ھېس قىلىپ، «يىراق - يېقىندىكىلەرگە يىغىلىپ مۇقەددەس قەسەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇيرۇقتا بىنائەن كاتتا ئۆلىمالار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، 10 مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ مۇقەددەس يىغىلىشقا كەلگەن.»، «يىغىلىشقا 499 كىشى قات-ناشقان.»، «500 دانىشمەن ئۆلىما (ئارخات) ئالدى بىلەن ۋۇ پودىلى سۇترا» سىدىن 10 مىڭ مىسرا مۇناجات ئوقۇغان. «سۇتالان سۇترا» سىغا تەبىر بەرگەن. ئاندىن «ۋنايۋىۋا سۇترا» سىدىن 10 مىڭ مىسرا مۇناجات ئوقۇغان، «ۋىنايى سۇترا» سىغا تەبىر بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئابىدارما ۋىۋاسا سۇترا» سىدىن 10 مىڭ مىسرا مۇناجات ئوقۇغان، «ئابىدارما سۇترا» سىغا تەبىر بەرگەن. جەمئىي «30 مىڭ مىسرا مۇناجات ئوقۇغان، 9 مىليون 630 مىڭ سۆزگە تەبىر بەرگەن»، «پادىشاھ كانىشكا قىزىل مىس تەخسىگە بېغىشلىما خەت ئويۇپ، ئۇنى تاش ساندۇققا سالغان ۋە مىڭئۆي ياسىتىپ شۇنىڭ ئىچىدە ساقلىغان» لىقى ئېيتىلغان. يۇقىرىقىلار

سانسكرىت يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ پەقەت خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىلا بار. كانىشكا چاقىرغان 4 - قېتىملىق بۇ يىغىلىش بۇددا دىنى تارىخىدىكى زور ۋەقە، شۇنداقلا كانىشكانىڭ بۇددا دىنىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا قوشقان زور تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

كانىشكانىڭ بۇددا دىنىغا يار - يۆلەك بولۇشتىكى يەنە باشقا چارە - تەدبىرلىرى — ھەممە جايدا مۇنار، ساڭرام (ئىبادەتخانا) ۋە بۇددانىڭ ھەيكەللىرىنى ياسىتىشتىن ئىبارەت. ھەقىقەتەن، ئۇ سانسىز ساڭراملارنى سالدۇردى. مەسىلەن، قەندىھارنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەن پۇرۇشاپۇر (purushapur) شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز مۇنارنى كانىشكا ياساتقانىدى. «ئېگىز مۇنارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاش سۇپىنىڭ جەنۇبىدا ئىككى مۇنار قوپۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز، يەنە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى بەش گەز ئىدى، كۆلىمى ۋە شەكلى ئېگىز مۇنارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە يەنە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر غۇلاچ ئالتە گەز، يەنە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە گەز كېلىدىغان بۇددا رەسىمى بولۇپ، كۆك، بېغىررەڭ سىزىقچىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇددا دەرىخى ئاستىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، قۇياش ئۇلارغا ئالتۇن نۇرىنى چاچقان، ئۇلارنىڭ سايىسى تەدرىجىي يۆتكىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن»، يەنە «ئېگىز مۇنارنىڭ تاش سۇپىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئېگىزلىكى بىر گەز ئالتە چى كېلىدىغان بۇددانىڭ رەسىمى بولۇپ، ئۇ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ سىزىلىپ، ئاندىن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن»، ئۇنى مەخسۇس رەسساملار سىزغان. يەنە «ئېگىز مۇنارنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن يۈز نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى جايدا ئاق تاشتا ئېگىزلىكى بىر گەز سەك-

كىمىز چى كېلىدىغان، شىمال تەرەپكە قاراپ تۇرغان بۇددانىڭ رەسىمى سىزىلغان.»، «ئېگىز مۇنارنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك مۇنارغا يۈز نەچچە بېلىقنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇددانىڭ رەسىمى سۈرلۈك بولۇپ، تەڭداشسىز ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.»، ئېگىز مۇنارنىڭ غەربىدىكى ساگرامىنىمۇ كانىشكا ياساتقان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قوش پېشايۋان، سالاسۇنلۇق، پەلەمپەيلىك، تۈگۈنۈكلۈك قىلىپ ياسالغان... ھازىر ئۇ خانىۋەيران بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كارامەت قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى ھېلىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.»① كانىشكا يەنە تۆت تەرەپكە تۆت چوڭ ساگرام سالدۇرۇپ، ھىنايانا مەزھىپىدىكى 30 مىڭ راھىبنى باققان. شۈەنزاڭ كەشمىر دۆلىتىدە يۈز نەچچە ساگرامنى كۆرگەن. ئۇ دۆلەتنىڭ چوڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا چوڭ بىر ساگرام بولۇپ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، كانىشكا بۇ ساگرامنى تۇرغاقلارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن سالدۇرغان. بۇ تۇرغاقلار «قىشتا ھىندىستاندىكى ئەللەردە تۇرغان، يازدا كەشمىر دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن، ئەتىياز، كۈزدە قەندىھار دۆلىتىدە تۇرغان.» كانىشكا باكترىيىدىمۇ چوڭ ئىبادەتخانىلارنى سالدۇرغان.

دەسلەپكى مەزگىلدە بۇددا تەلىماتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، بۇددىغا چوقۇنۇشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، بۇددا ھەيكەللىرى ئانچە كۆپ ياسالمىغان. كانىشكا دەۋرىگە كەلگەندە ئورغۇن بۇددا ھەيكەللىرى ياسالغان. مەسىلەن، فەنيەننادىكى چوڭ بۇددا ھەيكىلى ئەڭ داڭلىق ھەيكەل ئىدى. فەنيەننا يەنى باميان (Bamyan) ھىندىقۇش تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۈگۈنكى كابۇلنىڭ

① يۇقىرىقى نەقىللەر «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 3 ـ جىلدىدىن ئېلىندى.

غەربىي شىمال قىسمىنىڭ سەل شىمالىغا (تەخمىنەن 97 كىلومېتىر) توغرا كېلىدۇ. پېشاۋەردىن بەلىخقە بارىدىغان چوڭ يول مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ. چوڭ بۇددا ھەيكىلى مۇشۇ يول بويىدا بولۇپ، ئۇ ھېلىمۇ بار. شۈەنزاڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «خان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چوڭ تاغنىڭ ئەگىمىسىدە ئېگىزلىكى 140—150 چى كېلىدىغان بۇددانىڭ تاش ھەيكىلى بار ئىكەن (يېقىنقى زاماندىكىلەر ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 53 مېتىر، يەنى تەخمىنەن 106 چى ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقتى). ئۇنىڭغا ھەل بېرىلگەن، گۆھەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، نۇر چاقناپ تۇرىدىكەن (بۇ چوڭ بۇددا ھەيكىلى قۇم جىنسلىق قىيا تاشنى ئويۇپ ياسالغان). ئۇنىڭ شەرقىدىكى ساڭرامنى بۇ دۆلەتنىڭ ئىلگىرىكى خانى سالدۇرغان. ئۇنىڭ شەرقىدە ئېگىزلىكى يۈز نەچچە چى كېلىدىغان (ھازىرقى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بويىچە 35 مېتىر)، تاشتىن ياسالغان ساكيامونىنىڭ ھەيكىلى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسمى ئايرىم - ئايرىم قويۇلۇپ، ئاندىن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. شەھەرنىڭ شەرقىگە ئىككى - ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان ساڭرامدا بۇددانىڭ نىرۋاناغا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن ھالەتتىكى ھەيكىلى بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 نەچچە گەز ئىكەن.»① ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىدە بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساش، ئادەتتە ماھايانا مەزھىپى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، يەنى مىلادى II ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە باشلانغان دەپ قارىلىدۇ.

بۇ يەردە، بۇددا دىنى سەنئىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆ-

---

① يۇقىرىقى نەقىللەر «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 3 - جىلدتىن ئېلىندى.

تۆشكە توغرا كېلىدۇ. بۇددا دىنى سەنئىتى دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ — بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلىدىغان سەنئەتتۇر. يەنى ئۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتىنى تەرغىب قىلىدۇ. پادىشاھ ئاسۇكانىڭ بۇددا نوملىرىنى تاش تۈۋرۈكلەرگە ئويدۇرۇشى بىر خىل تەرغىبات، ئالىي راھىبلارنىڭ ۋەز - نەسىھەتىمۇ بىر خىل تەرغىباتتۇر. لېكىن، قارىغاندا، يېزىق ئارقىلىق ۋە ئاغزاكى تەرغىبات قىلىش كەملىك قىلغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى قۇللۇق جەمئىيەتتە خەت تونۇيدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، يېزىق ئارقىلىق تەرغىب قىلىش ئانچە ئۈنۈم بەرمىگەن بولسا كېرەك. شۇڭا، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە دىنىي زاتلار سەنئەت شەكلى ئارقىلىق تەرغىبات ئېلىپ باردى. بۇ خىل سەنئەت، ئاساسەن ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇزىكىمۇ بار ئىدى. سەنئەتنىڭ سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى، جەلپ قىلىش كۈچى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ تەرغىبات ئۈنۈمىمۇ شۇنچە ياخشى بولغان.

ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددا دىنى نەققاشچىلىقى چوڭ بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساش بولماستىن، زىننەتلەنگەن مۇنارلارنى قوپۇرۇش بولدى. جۇڭگونىڭ مۇنارلىرىنىڭ شەكلى ھىندىستانىنىڭكىگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ. مۇنار ئەسلىدە بۇددا شارىرىنى ساقلاش ئۈچۈن قوپۇرۇلغانىدى، لېكىن كېيىنچە خاتىرە مۇنارىسى ۋە بۇدداغا تاۋاپ قىلىش سورۇنى بولۇپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاسۇكا 84 مىڭ مۇنار ياساتقان. مۇنار ئاساسەن تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇددا دىنىنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئائىت ھېكايىلەر نەقىشلەنگەن. مەسىلەن، بۈگۈنكى ھىندىستانىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سۋات (Swat) دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر مۇنارنى ئۇنىڭغا مىسال

قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ①. بۇنداق نەقىشلەردە كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك مەنزىرىلەر، ئوبرازلار بەئەينى راستتەك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى يۇقىرى سەنئەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

بۇددا دىنى نەققاشچىلىقىدا قەندىھار نەققاشچىلىقى ئەڭ مەشھۇر بولغاچقا، ئۇ قەندىھار مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان. قەندىھار — بۈگۈنكى پاكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتە قۇندۇز دەرياسى ۋادىسى، شەرقتە ھىندى دەرياسى بىلەن تۇتاش. ئالېكساندىر دەۋرى ۋە سېلېۋك ئىمپېرىيىسى دەۋرى، شۇنداقلا باكترىيە خاندانلىقى دەۋرلىرىدە، بۇ جايغا يۇنانلىقلار كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ھەمدە بۇ جايدىن يۇنانلاشقان مەدەنىيەت ھىندىستانغا تارقالغان. پادىشاھ ئاسوكا دەۋرىدە ھىندىستانلىق راھىبلار قەندىھاردىن تارقىتىشقا كەلگەن، يەرلىك ئاھالە ۋە يۇنانلىقلار ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. قەندىھاردىكى بۇددا ھەيكەللىرىنى ياسىغان نەققاشلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان يۇنانلىق سەنئەتكارلار ياكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى تەكلىپ قىلغان يۇنانلىق سەنئەتكارلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلۇغ توخرىلار باكترىيىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، قەندىھار ئۇلۇغ توخرىلار خانى ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەركىزىي رايون بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ خانلىرى بۇددا دىنىنى كۈچەپ تەرغىب قىلغاچقا، يۇنانلاشقان سەنئەت بۇددا دىنى بىلەن تېخىمۇ بىرلەشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ چاغدا يەنە باكترىيىدىكى نۇرغۇن يۇنانلىقلار قەندىھارغا كۆچۈپ كەلگەن. يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن،

---

① رىكى: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، 56 - بەت.

غەربنىڭ ئۇرغۇن نەققاشلىرى كۆپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، قاتناشنىڭ قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، داكچىن (رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەر) دىن شەرققە كېلىپ قەندىھارغا بارغان. شۇڭا، قەندىھار بۇددا سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى — يۇناننىڭ نەققاشچىلىقى ئارقىلىق بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساش ۋە بۇددا دىنىدىكى رىۋايەتلەرنى نەقىشلەشتىن ئىبارەت دەپ ھېسابلانماقتا. لېكىن ئوخشىمايدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت. رىكېپ مۇنداق دەيدۇ: «قەندىھار بۇددا دىنى نەققاشچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدا، شۇنداقلا كۆشان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ ئەڭ مۇھىم رول ئوينىدى. قەندىھار مەدەنىيىتى باكتىرىيىنە سەنئىتىدىكى مەزھەپلەردىن بۆلۈنۈپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئۆز جايىدا ئىجاد قىلىنغان، لېكىن ئۇ ئالېكساندىرنىڭ تەسىرىدە تەبىئىي ھالدا راۋاجلانغان، بۇنداق تەسىر سودا ئىشلىترىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي قىسمىدىكى بۇ رايونغا تارالغان.»

دەرۋەقە، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ پەن، مەدەنىيەت ئىجادىيىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئەسلىدە بار ئامىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا تەسىر بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ھەربىر مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ»① دەيدۇ. بۇنداق ئارتۇقچىلىق باشقا مىللەتكە تەسىر كۆرسەتكەن ياكى باشقا مىللەت ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇر-

① ماۋ زېدۇڭ: «10 چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 285 - بەت.

سىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ
بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش قىيىن. يۇنان-
نىڭ داڭلىق نەققاشچىلىق سەنئىتىنىڭ قەندىھارغا كۆرسەتكەن
تەسىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
قەندىھار سەنئىتىنى يۇناننىڭ سەنئىتى دېيىشكىمۇ بولمايدۇ.
قەندىھاردا. ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرى يەرلىك خەلق
ئىلگىرى ياسىغان يۇنان - باكترىيىلەرنىڭ ئايال ئىلاھلىرى-
نىڭ ھەيكەللىرى ۋە ھىندىستاننىڭ سىۋا ئىلاھىنىڭ ھەيكەل-
لىرىدىن سان جەھەتتە زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بۇ ھال قەن-
دىھارلىقلار ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ مۇتلەق
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ناۋادا،
ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىڭ شىمالىي قىسىم ئۆل-
كىسى قەندىھارنىڭ بۇددا دىنى نەققاشچىلىقىدا يۇناننىڭ
كۈچلۈك تەسىرى، مەسىلەن، بۇددانىڭ چېچى بۈدۈر بولۇش،
قاش - كىرپىكىنىڭ سىزىقچىلىرى بۇرنى بىلەن تۇتاشقان
بولۇش، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولۇشتەك
ھالىتى تەسۋىرلەنگەن دېيىلسە، ئۇنداقتا، جەنۇبىي قىسمىدىكى
ئۆلكە — ماتۇلادىكى بۇددا ھەيكەللىرىدە ھىندىستاننىڭ
ئالاھىدىلىكى، مەسىلەن، بۇددانىڭ چېچى بۈدۈر بولماسلىق،
قاش - كىرپىكلىرى ياي شەكلىدە بولۇش، يۈزىدە تەبەسسۇم
جىلۋە قىلغان بولۇشتەك ھالىتىنىڭ تەسۋىرلىنىشى ئاساسىي
ئورۇندا تۇرغان. بۇنداق پەرق ھەرقايسى جايلارنىڭ سەنئىتى-
نىڭ ھەم مىللىي ئالاھىدىلىككە، ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىككە
ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
قەندىھار مەدەنىيىتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە
بارلىققا كېلىپ، مىلادىدىن كېيىنكى V—VI ئەسىرگىچە داۋام-
لاشقان. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادىدىن

كېيىنكى II ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ گۈللەنگەن. ئۇ بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ بۇددا دىنى نەققاشچىلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

نەققاشچىلىقتىن باشقا، يەنە تام رەسىملىرى ۋە لاي قورچاقلارمۇ بار. قەندىھارنىڭ ھاۋا كىلىماتى تۆپەيلىدىن، ئۇ يەردە تام رەسىملىرى ئانچە ئۇزۇن ساقلانمايدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ تاش ھەيكەللىرىلا كىشىلەرگە مەلۇملۇق. لېكىن كابۇل ۋە پەنجىكەنت (بۈگۈنكى تاجىكىستاندىكى لېنىنئاباد رايونى) قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى جايلاردا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ رەسىملەر ئاساسەن بۇددا غارلىرىدا بولۇپ، قارىغاندا، ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرى نەقىشلەردىن كېيىن، يەنى كۆپىنچىسى ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى زەئىپلەشكەن دەۋرگە تەئەللۇقتەك قىلىدۇ. «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» تىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا تاملارغا بۇددا دىنى رەسىملىرىنى سىزىدىغان مەخسۇس رەسساملار بولغان. تام رەسىملىرىدىكى بىرمۇنچە بۇددا ۋە بۇددساتۋالار گەرچە ئاپوللونىڭ ھەيكىلىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بەزى بۇددا ھەيكەللىرىدەك بەك يۇنانلاشقان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ يۇناننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. لاي قورچاقلارنىڭ ئىسكىلىتى ئوت - چۆپ، ياغاچتىن قۇراشتۇرۇلۇپ، ئاتىنىڭ يايلىسى، قوي يۇڭى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن ياسالغان، ئاندىن رەڭ بېرىپ بويالغان. بەزى بۇددا ھەيكەللىرى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆرە، بەزىلىرى ئولتۇرغان ھالەتتە بولۇپ، مۇخلىسلارنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا ماسلاشتۇرۇپ ياسالغان. بۇنداق ئەھۋالنى بىزنىڭ دۇنخۇاڭ بۇددا غارلىرىمىزدىنمۇ ئازراق كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ شەكلىدە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار. بىر قەدەر كېيىنرەك مەزگىلگە مەنسۇپ بولغان بۇددا دىنى تام رەسىملىرىدىن ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ توخرىلاردىن بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەندى خانىنىڭ يۈەنشۇ تۇنجى يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - يىلى)، ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ خانى ئەۋەتكەن ئىسۇنىنىڭ بوشىنىڭ مۇخلىسى جىڭ لۇغا «بۇددا نومى» نى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن①. يېقىنقى زاماندىكىلەرنىڭ شەرھلىشىچە، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىگە بارغان، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر (ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئەلچىلىرىمۇ خەن سۇلالىسىگە بارغان، ئىسۇن — ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى. ئۇ جۇڭ-گودا جۇڭگولۇق بوشىنىڭ مۇخلىسى جىڭ لۇغا بۇددا نوملىرىنى ئاغزاكى تارقاتقان②. بۇ شۇ دەۋردىن باشلاپ بۇددا دىنىنى ئېلىمىزگە تارالغانلىقى، دىن تارقاتقۇچىلار

① «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە» دىن فېي سۇڭنىڭ «ۋېي خانلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايانلار. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە كەلتۈرگەن نەقلى. «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»، 859 - بەت. «ۋېينامە، ئىزاھ ۋە تەپسىر» دە چىن جىڭشيەن دېيىلگەن.

② تاڭ يوڭتوڭ: «خەن، ۋېي، غەربىي جىن ۋە شەرقىي جىن، جەنۇ-بىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى بۇددا دىنى تارىخى»، 1 - قىسىم، 50 - بەت.

دەل ئۇلۇغ توخرىلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋاڭ ماڭ دەۋرى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، جۇڭگو قورۇقچىبەگ تۇرغۇزمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان، بەلكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ 60 — 70 يىللاردا ئۇلۇغ توخرىلار تازا قۇدرەت تاپقاچقا، ئۇلاردىكى بۇددا دىنى جەزمەن ئۈزۈلۈكسىز تۈردە شەرققە تارقالغان. شۇڭا، خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى خانىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرىغا كەلگەندە، خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچى غەربىي يۇرتقا بۇددا نومى ئەكىلىشكە بارغاندا، غەربىي يۇرتلۇق راھىبلاردىن كاسياپاماڭگا، خارماراتنا قاتارلىق-لارمۇ خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بىلەن بىللە لوياڭغا كەلگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سەي يىن بۇددا نوملىرىنى ئاق ئاتقا ئارتىپ قايتىپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى لوياڭدا ئاق ئات ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى راھىب شۇ ئىبادەتخانىدا تۇرغان ھەمدە ئۇ يەردە «42 بابلىق نوم» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى لوياڭدا ئۆتكۈزگەن①.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 12 - جىلدىدا، قۇستانا بەگلىكى (خوتەن) ئۈستىدە توختال-غاندا، بىلوجىناننىڭ كەشمىر دۆلىتىدىن ئۇ يەرگە كېلىپ دىن تارقاتقانلىقىغا دائىر ھېكايە سۆزلەنگەن. ياپونىيىلىك خورى

① «ۋېينامە. ئىزاھ ۋە تەپسىر»، «ئالىي راھىبلار تەرجىمىھالى» قاتارلىقلاردا كاسياپا تاماڭگا، دخارماراتنا ئىككىيلەن ئۈچۈن تەرجىمىھال يېزىلغان ۋە «فاگلۇ» 2 - جىلدە «يولۇ» 8 - جىلدىمۇ ئۇلار ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان، «يولۇ» دا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى جەمئىي 12 كىشى، ئۇلار ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىگە بارغان دېيىلگەن.

كېنتوكۇ ئۇ ۋاقىتنىڭ كانىشكا دەۋرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان①. بۇددا دىنى سۇلى (قەشقەر) غىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە تارقالغان بولسا كېرەك. بۇمۇ ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ بۇددا دىنىنى تارقاتقانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار خېلى كۆپەيدى. ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتىن كەلگەن راھىبلاردىن فامىلىسى جى دەپ ئاتالغانلىرى ئۇلۇغ توخرىلار، ئەن دەپ ئاتالغانلىرى پارفىيلىكلەر ئىدى. مەسىلەن، ئالدىنقىسىغا جىلۇگاچېن، جىياۋ ۋە جىلياڭ، كېيىنكىسىگە ئەنشىگاۋ، ئەنشۈەن قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقا كانكىيلىك كاڭجۇ. كاڭ مىڭشياڭ، ھىندىستانلىق دىخارماراتنا، شاسۇفو قاتارلىقلار ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق راھىبلىرى ئىدى. ئۇلار غەربىي يۇرتتىن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ نوملار ھىندىستاندا ئىللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى جۇڭگودىن تاپقىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ شۇ چاغدا غەربىي يۇرتلۇق راھىبلار ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە دىن تارقىتىشقا كەلگەنلەر ئىچىدە ئۇلۇغ توخرىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار كۆپرەك، ھىندىستانلىقلار ئازراق ئىدى. بۇ ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىڭ بۇددا دىنىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئۇنى شەرققە تارقىتىشتا ئاساسىي رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

① خورى كېنتوكۇ: «ئودۇن (خوتەن) بەگلىكى توغرىسىدا»، «دىيۇيگۇڭ» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىدىكى تەرجىمىگە قاراڭ، 4 - توم، 1 - سان 82 - بەت.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا دىنى سەنئىتى، مەسىلەن، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تام رەسىم سەنئىتى ۋە يېزىقى (مەسىلەن، قارۇشتى يېزىقى، سوغدى يېزىقى قاتارلىقلار) مۇ بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكى رايونلىرىغا تارقالغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ جۇڭگونىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، تامامەن جۇڭگونىڭ نەرسىسىگە ئايلانغان.

# ئالتىنچى باب

# ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

## 1 - بۆلۈم مىلادى III ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى

ئالدىنقى بابتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى مىلادى III ئەسىردىن كېيىن، ئاستا - ئاستا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. بۇ شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەيلى ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە، شىمال تەرىپىدە ياكى غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدە بولسۇن، يېڭىدىن گۈللەنگەن سىياسىي كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىگە بەرگەن زەربىسى ئۇنىڭ ئاجىزلىشىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

ئالدى بىلەن شەرق تەرىپىگە نەزەر سالايلى. شىمالىي هونلار شەرقىي خەن هۆكۈمىتىنىڭ هۇجۇم قىلىشى بىلەن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ كۆچىدۇ، ئۇلارنىڭ تاشقى موڭغۇلدىكى بازىسىنى سيانپىلار تەدرىجىي هالدا ئىگىلىۋالىدۇ. خۇددى خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئالىم سەي يۇڭ ئېيتقاندەك: «هونلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، سيانپىلار كۆچەيدى. ئۇلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالدى، يۈز مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي قوشۇنى ئىگە بولدى. ئۇلار قابىل - كۈچلۈك هەم ئەقىل - پاراسەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوۋۇق - ئۆتكەللەر قاتتىق كونترول قىلىنمىغاچقا، يوچۇق كۆپ بولۇپ ئېسىل ئالتۇن، ياخشى تۆمۈرلەر قاراقچىلار (سيانپىلارنى دېمەكچى — ئا) نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.... قورال - ياراقلىرى، ئات - ئۇلاغلىرى هونلارنىڭكىدىن خىل ئىدى». شۇڭا، سيانپىلار زور دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەن. شۇ چاغدا سيانپىلارنىڭ مەشهۇر سەردارى تانىسقاي (141 — 186) ئىدى. تارىخ كىتابلىرىدا: تانىسقاي «جاسارەتلىك هەم پاراسەتلىك بولۇپ، قەبىلىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ بويسۇناتتى»① دەپ خاتىرىلەنگەن. «شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا ئەل بولغان. قوشۇنى ناهايىتى كۈچلۈك بولۇپ، جەنۇب تەرەپتە خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىنى پاراكەندە قىلغان، شىمالدا چاڭلىڭلار بىلەن قارشىلاشقان، شەرقتە فۇيۇكلەرنى بۇلىغان، غەربتە ئۇسۇنلارغا هۇجۇم قىلغان، هونلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان، شەرقتىن غەربكىچە ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن، جەنۇبتىن شىمالغىچە يەتتە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق زېمىننى ئىشغال قىلغان، بۇ يەرلەردە

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (خەنزۇچە)، 1733 - بەت.

تاغ ـ دەريالار، كۆل ـ سازلىقلار، تۈزلۈق گۈللەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى»①. بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، شۇ زاماندا سىيانپىلارنىڭ ئىگىلىگەن رايونى جەنۇبىي سىبىرىيە، تىيانشاننىڭ شىمالىي يولى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇسۇنلارنىڭ زېمىنىگىچە يېتىپ بارغان. چى سىخې ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، دەل سىيانپىلاردىن ئىبارەت «يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن مۇشۇنداق قۇدرەتلىك كۆچنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، شىمالىي هون تەڭرىقۇتى ئۇسۇنلارغا يېقىن جايدا تۇرالماي، قوۋملىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ سوغدىياناغا كەتكەن»②. فرانسىيىلىك ئالىم گرۇسسې: جۇڭگو مەنبەلىرىدە تانىسقاينىڭ كۈچ تەسىرى توغرىسىدىكى تەسۋىر بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەن، مېنىڭ قارىشىمچە، سىيانپىلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى تاشقى موڭغۇلنىڭ ئەسلى زېمىنى بولغان تۈشېتۇخان ۋە سەيىن نويانخانلارنىڭ يېرىدىن ئاشمايدۇ③ دەيدۇ. بۇ قاراش توغرا ئەمەس، بۇ، ئۇنىڭ خەنزۇچە يېزىقنى بىلمىگەنلىكى، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرمىگەنلىكىدىن بولغان. ۋاڭ گوۋېينىڭ قارىشىچە، سىيانپىلار غەربتە ئۇسۇنلارنىڭ زېمىنىغىچە يېتىپ بارغانىكەن. ئۇ هالدا ئاز دېگەندە، تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى قەبىلىلىرى تۇرغان زېمىنىمۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان بولىدۇ④. تارىخ كىتابلىرىدا يەنە جىن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ شيەنىڭ تۇنجى

① «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە. ئۇۋان، سىيانپى، شەرقىي يىلار ھەققىدە قىسسە» دە پېي سۇڭجىنىڭ «ۋېينامە» دىن كەلتۈرگەن نەقلى، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، 837 - بەت.

② «تارىخ تەتقىقاتى»، 1977 - يىل 3 - سان، 131 - بەت.

③ گرۇسسې: «يايلاق ئىمپېرىيىسى»، 53 - بەت.

④ «گۆەنتاڭ جىلىن»، 17 - جىلد، «نىيە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەردىن تېپىلغان جىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت پۈتۈكلەر».

يىلى ۋە 2 - يىلى (275 — 276) سىيانپىلار غەربىي رايونغا ھۇجۇم قىلغاندا، تىركەك ۋە ئۇتتۇرانچى چېرىكچى تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلغانلىقى① خاتىرىلەنگەن. تىركەك ۋە ئۇتتۇرانچى چېرىكچى ماشۇن سىيانپىلارنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن، 9000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى تىرىك ئەسىر ئالغان، بۇ، غەربىي رايوندا سىيانپىلارنىڭ ئادەم سانى ئاز ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

غەربكە كۆچكەن شىمالىي ھونلارغا كەلسەك، تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر مۇجمەلرەك. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: دۇشيەن شىمالىي ھونلارغا يۇرۇش قىلغاندا، شىمالىي ھون تەڭرىقۇتى غەربكە كۆچۈپ سوغدىياناغا كەتكەن دېيىلگەن. بۇ بىر قىسىم ھونلار تارىخ كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياپبان قەبىلىسى بولسا كېرەك. ياپبان قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئۇسۇننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، تەخمىنەن چۇ دەرياسى ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئۈرۈمچىنىڭ غەربى ۋە ئىلى ئويمانلىقىغىچە يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. مىڭشىقا مادارى قالمىغان يەنە بىر قىسىم ھونلار كۇچانىڭ شىمالىدا قېپقالغان. سوغدىيانلار ئەسلىدە سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار «ھەر دائىم كۆچۈپ يۈرىدۇ، تۇراقلىق ماكانى يوق» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئېھتىمال، سوغدىيانلار شىمالىي ھونلارنىڭ غەربكە كۆچۈش دولقۇنىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سوغدىيانا رايونىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر

① «جىننامە. پادىشاھ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرىلەر»، «جىننامە» 65 - 66 - بەتلەرگە قارالسۇن.

بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كېيىنكى تارىخ مەنبەلىرىدە سوغدىيانىلار بىلەن سوغدا (سوغدىيانا) ھەمىشە تەڭ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان ھەمدە كانكىيە (ماراكاندا يەنى سەمەرقەند) نى «سوغدىيانادىن كېيىن» قۇرۇلغان دېيىلگەن. بىر يەر نامى بىلەن قەبىلە نامىنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، قەبىلەرنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقالىدىلا، تارىخىي خاتىرىلەردىكى زىددىيەتنى ئاندىن ھەل قىلالايمىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوغدىيانىلار جەنۇبقا كۆچكەندە، بىر قىسىم ھونلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ جەنۇبقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە سوغدىيانا توغرىسىدا توختالغاندا، «ھونلار ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، دۆلىتىگە ئىگە بولۇۋالغان» دېيىلگەن. بۇ سۆز ئاشۇ جەنۇبقا كەلگەن ھونلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. غەرب مەنبەلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ھونلار كېيىنكى چاغلاردا ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىگىمۇ تەھدىت سالغان. جەنۇبقا كۆچۈپ كەلمەگەن ھونلار كېيىنكى چاغلاردا، ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ياۋرو-ئاسىيا ئوتلاقلىرىنى بويلاپ (سوغدىيانادىن ئۆتمەي) غەربكە كۆچۈپ ياۋروپاغا يېتىپ بارغان.

سىيانپىلارنىڭ سەردارى تانىسقاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشقان. تاكى بۇ قەبىلەر ئىتتىپاقىدىكى تۇغبات ئۇرۇقى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن قايتىدىن كۈچىيىپ، بىر قانچە قەبىلىنى ئۆزىگە قوشۇپ، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا دەي (代) دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇنىڭ سەردارى تۇغبات ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارنى بۆلۈۋېلىش بىلەن، يايلاققا قاراپ كېڭەيگەن. تارىختا ئۇلار: «غەربتە ئۇسۇنلارنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋالغان، شەرقتە ئۆگە

نىڭ غەربىي قىسمىنى يۇتۇۋالغان، ئۇقياپچى چەۋەندازلىرى مىليونغا يېتىدۇ»① دېيىلگەن. تۇغبات گۈي دەۋرىگە كەلگەندە، مىلادى 386 - يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقىنى رەسمىي قۇرغان ھەمدە تەدرىجىي يوسۇندا جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە جۇجانلار (ئاۋارلار) بولۇپ، بۇلارمۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە دۆلىتى ئىدى، ئۇلار «قىش كۈنلىرى پىيادە يۈرۈپ موڭغۇل قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ قىشلايتتى، ياز كۈنلىرى يەنە قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتىپ كېتەتتى»، ئۇلار ھەمىشە شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا تەھدىت سالاتتى. شىمالىي ۋېي خانلىقى كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ باققان بولسىمۇ، مەسىلىنى ھەل قىلالمىغانىدى. جۇجانلار ئۆزىنىڭ سەردارى سەللان دەۋرىدە، «موڭغۇل قۇملۇقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ شۇنچە يىراقتىن قاڭقىلىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىگە ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرگەن ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان»، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن. بۇ چاغدا، جۇجانلارنىڭ كۈچى غەربىي شىمال تەرەپتە «ھونلارنىڭ قالدۇق قىسمى» تۇرغان جايلارغا يېتىپ بارغان. دېمەك، جۇجانلار ھازىرقى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا يېقىنلىشىپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدىكى قالدۇق ھونلارنىڭ سەردارىنىڭ ئىسمى بايىرقى بولۇپ، ئۇ ھەربىي قوشۇنىنى باشلاپ سەللانغا ھۇجۇم قىلغان. سەللان ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن جۇجان-

① «شىمالىي سۇلالە تارىخى» 1 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 - يىل نەشرى، 6 - بەت.

لارنىڭ زېمىنى غەربتە قارا شەھەرگىچە، شەرقتە چاۋشيەنگىچە يەتكەن، شىمالدا موڭغۇل قۇملۇقىدىكى چۆل - جەزىرىلەردىن ھالقىپ كەتكەن، جەنۇبتا چوڭ قۇملۇققا تۇتاشقان. ئۇلارنىڭ چوڭ بارگاھى دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا)، جاڭيېنىڭ شىمالىدا بولغان. ئەمما باشقا خاتىرىلەردىن قارىغاندا، جۇجانلارنىڭ كۆچى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىماللىغىچە يېتىپ بارغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇلۇغ توخرىلار «شىمالدا جۇجانلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، كۆپ قېتىم جۇجانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان» دېيىلگەن. ئۇسۇن-لارمۇ «كۆپ قېتىم جۇجانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان». ياپى-بانلار «جۇجانلار بىلەن دوست بولۇشقان». ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچى قە-بىلىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئارقىمۇ ئارقا باش كۆتۈ-رۈپ چىقىپ كۆچەيگەن. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ توخرىلارغا بەرگەن زەربىسى، روشەنكى، ئۇلۇغ توخرىلار تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەمدى غەرب تەرىپىگە نەزەر سالايلى. بۇ چاغدا، ئىران-نىڭ پارفىيە خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى يېڭىدىن راۋاج تاپقان ساسانىي خاندانلىقى ئالدى. ساسان بىر شەخس بولۇپ، ئۇ مەزكۇر خاندانلىقتىكى خان جەمەتىنىڭ بوۋىسى دەپ قارالغان. ئەمما يەنە ساسانى ئاخمىنىدلار سۇلالىسىدىكى خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى، دەپ تەشۋىق قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن، ساسانىيلار سۇلالىسى ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى دېيىلگەن. ساسان پېرسېپولىستىكى بىر ئاناخت مازىرىنىڭ مۇتەۋەللىسى، يەنى ئاخمېنىدلار سۇلالىسى بەرپا بولغان جاينىڭ ئادىمى بولسا كېرەك. ساساننىڭ ئوغلى پاپاق (papak) خىر (khir)

شەھىرىنىڭ بېگى بولغان①. پاپاقنىڭ ئوغلى ئارداشىر داراب شەھىرى② نىڭ قەلئە قوماندانى بولغان. ئۇ چاغدا پارفىيە خانلىقى رۇم (رىم) بىلەن بولغان ئۇرۇشتا زور دەرىجىدە ئاجىز-لاشقان بولۇپ، ئىچكى قىسمىدىن پارچىلىنىپ، ھەرقايسى رايونلىرى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرگەن. «كارنامە» ۋە فىردەۋسى يازغان «شاھنامە» دېگەن كىتابلاردا، ئىران 240 كىچىك بەگ-لىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن، دەپ بايان قىلىنىدۇ. پاپاق ئىگ-لىگەن رايون پەقەت شۇلارنىڭ بىرىدىنلا ئىبارەت. پارفىيە شاھى ئاردابان قۇرۇق نامدىكىلا شاھ ئىدى، خالاس.

گەرچە پارفىيە خانلىقىنىڭ سەردارى ئىران تىلىدىكى مىللەتتىن بولغان ھەمدە ئۆزىنى ئاخمېندلار خاندانلىقىدىن كېلىپ چىققان دەۋالغان بولسىمۇ، لېكىن پارسلار (ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ساسانىيلار جەمەتلىرى) ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان، پارس تارىخچىلىرىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا پارفىيە خانىنى چەتتىن كەلگەن ھۆكۈم-ران دېيىشكەن. پارسلار ئىزچىل تۈردە پارفىيە خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ۋە ئاخمېندلار خاندانلىقىنى قايتىدىن تىكلەپ، پۈتۈن ئىراننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تەييارلىق قىل-غان. شۇڭا، ئارداشىر دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ بەگلىككە خان بولغاندىن كېيىن، دەرھال سىرتقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئالدى بىلەن شەرقتىكى كېرمانىنى بوي-سۇندۇرغان ۋە يۇتۇۋالغان، ئۇنىڭ خانى ۋولوگېسىسنى ئۆلتۈ-رۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى خان قىلغان. كېرمان-

① خىر — ھازىرقى شىراز شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر كىچىك بازار. سىرۋىستاندىن ئارىزغا بارىدىغان يول ئۈستىدە.

② داراب — ھازىرقى شىراز شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 209 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جاي.

ىنىڭ پايتەختىنى ئارداشىر شەھىرى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ كەي-
نىدىنلا سوشىيانا (ھازىرقى كۇجىستان)، ئىسپاھان قاتارلىق
جايلارنىڭ خان - بەگلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ
زېمىنلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارفىيە شاھى
ئاردابان چوڭ قوشۇن باشلاپ ئارداشىرنىڭ كونا ئۇۋىسى
پارسقا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەغلۇپ بولۇپ، ئېغىر
چىقىم تارتقان. مىلادى 224 - يىلى، ئەھۋازنىڭ شەرقىدىكى
ھورمۇز تۈزلەڭلىكىدە بولغان ئۇرۇشتا، پارفىيە شاھىنىڭ قو-
شۇنى يېڭىلىپ ئۆزى قۇربان بولغان. ئىككى يىلدىن
كېيىن (مىلادى 226 - يىلى)، ئارداشىر يەنە پارفىيىنىڭ
پايتەختى كتېسىپخون (ctesiphon) نى تارتىۋېلىپ، ئىران
تارىخىدىكى يېڭى خاندانلىق - ساسانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان.
بۇ خاندانلىق تاكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈرۈپ چىقق-
انغا قەدەر، يەنى تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن.
ئىراننىڭ ساسانىيلار سۇلالىسى پارفىيە خاندانلىقىنىڭ
ئورنىنى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربتىكى رىم ئىمپېرىيە-
سىدە ئومۇميۈزلۈك بوھران يۈز بېرىپ، پەيدىنپەي يىمىرىلىش،
زاۋال تېپىش ۋە بۆلۈنۈشكە قاراپ يۈزلەنىدۇ. بۇ چاغدا رىم
قۇللۇق تۈزۈمى زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، ئىگىلىكتە كرىزىس يۈز
بېرىدۇ، سىياسىي جەھەتتە كونسايىن چىرىكلىشىپ، ئىچكى
مالىمانچىلىق ئەۋج ئالىدۇ. پادىشاھ كوممودوس مىلادى
192 - يىلى قەتلى قىلىنىدۇ. پادىشاھ سېۋوروس تەختكە
چىققاندىن كېيىن، ئەھۋالدا يەنىلا ياخشىلىنىش بولمايدۇ.
ئىچكى قىسىمدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپلا قالماستىن، يەنە
تاشقى تەرەپتىن بەدۋى گېرمانلار غەربكە كۆچۈپ بارغان
ھونلارنىڭ قوغلىشى بىلەن رىم چېگرىسى ئىچىگە كۆپلەپ
ئۆسسۇپ كىرىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئوت يېقىپ، كېچە - كۈندۈز

ئارام بەرمەيدۇ. ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىش ئۈزۈلمەي يۈز
بېرىپ، ئىمپېرىيە ھاكىمىيىتى يىمىرىلىش گىرداۋىغا بېرىپ
قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، يېڭىدىن گۈللەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن
ساسانىي خاندانلىقى ئۆزىنىڭ رىمغا قارىتا قىساس ئېلىش
ئورۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مىللىي مۇددىئاسىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ
رىمنى راستتىنلا كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغانىدى. بۇ ھەقتە بۇ
يەردە ئارتۇقچە توختالمايمىز. مىلادى 330 - يىلى، رىم پا-
دىشاھى كونىستانتىن بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىسمى
دىكى ۋىزانتىيىدە، پايتەخت قۇرۇپ، ئۇنى كونىستانتىنوپول دەپ
ئاتايدۇ. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، رىم ئىمپېرىيىسى ئاخىر
غەرب ۋە شەرق ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىرى غەربىي
ئىمپېرىيە، بىرى شەرقىي ئىمپېرىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەرقتىكى ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا،
ئاردەشىر خۇراساننى، مەرۋىنى، بەلخنى، كابۇل دەرياسى
ۋادىسىنى ۋە خارەزىمنى ئىستىلا قىلغان. لېكىن بۇنىڭدا بىر ئاز
مۇبالىغە بار. بىراق، شاپۇر مەڭگۈ تېشى (بۇ تاشقا ئۇنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان ئىشلىرى ئويۇپ يېزىلغان) نىڭ
تېپىلىشى① بىلەن، ئۇنىڭ ھازىرقى تاشكەنت رايونىغا كەل-

---

① شاپۇر I (240 — 272) نىڭ مەڭگۈ تېشى پېرسېپولىس
شەھرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ناخشىرۇستەمدە بولۇپ، مەڭگۈ تاشنىڭ
تېكىستى پەھلىۋى، پارفىيە ۋە گرېك يېزىقلىرىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە
مىلادى 260 - يىللار ئوتتۇرىسىدىكى ساسانىي ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى
ئۆلكىلىرىنىڭ نامى كۆرسىتىلگەن، بۇ ئىمپېرىيە «تاكى پېشاۋۇردىكى كۇشان
ئىمپېرىيىسىگە قەدەر» بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ مەڭگۈ تاش-
تىكى خاتىرە شاپۇر I دەۋرىدە، ئەسلىدىكى كۇشان دۆلىتىنىڭ قىسمەن را-
يونلىرىلا مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

گەنلىكى ئىسپاتلاندى. يەنە تەبەرىنىڭ خاتىرىسىدە، ئارداشىر
يۇقىرىقى رايونلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرى،
تۇران (هازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا)، ماكران (هازىرقى بىلۇجستان)
قاتارلىق ئەللەرنىڭ شاهلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى قوبۇل
قىلىپ كۆرۈشكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
كېيىنكى چاغلاردا پادىشاھ ساسان هىندىستانغا قاراپ يۈرۈش
قىلغانمىش (بۇ ئىش راست بولغانمۇ - يوق، ئىلىم ساھەسـ
دىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى ئوخشاشمايدۇ). ساسانىيلار
سۇلالىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى مەرۋە، هېرات ۋە ئافغانىستانـ
نىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يېتىپ كەلگەنلىكى شۈبھىسىز. ئارخېئو-
لوگلار يەنە بىر خىل مىس پۇل ئۇچراتقان. پۇلنىڭ ئالدى
يۈزى قەدىمكى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ پۇلىغا ئوخشايدىكەن،
ئارقا يۈزىگە ئوت خۇمرىسىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ،
ئارداشىر دەۋرىدىكى پۇلغا ئوخشايدىكەن. بۇ، ساسانىيلار سۇلا-
لىسىنىڭ پەنجاپ رايونىدىن ئۆلپان ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ①.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ چاغدا ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى ئاجىز-
لىشىپ، ئۆزىنىڭ كەڭ زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىقىنى
ساقلاپ قالالمايدىغان هالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، زېمىنى
بارغانسېرى تارىيىۋاتقاندا، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى هىندىسـ
تانىمۇ III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرمۇنچە كىچىك دۆلەت
بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بۇ كىچىك دۆلەتلەر ئۇلۇغ توخـ
رىلار دۆلىتىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە راۋاج تاپىدۇ، ئۇلۇغ
ياۋچىلار دۆلىتى بولسا بىر چەت جايغا سۈرۈلۈپ قالىدۇ.

① سىكېس: «پېرسىيە تارىخى»، 1951 - يىل 3 - نەشرى،
I توم، 394 - بەت.

مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ماگادخا (Magadha)
دا يەنە بىر يېڭى خاندانلىق — گۇپتاخاندانلىقى باش كۆتۈ-
رۈپ چىقىدۇ. بۇ خاندانلىق پېرسىيە (ئىران) ساسانىيلار سۇ-
لالىسىگە ئوخشاش، ئۆزىنى شۇ دۆلەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ
ۋەكىلى دەپ ھېسابلاپ، چەتتىن كەلگەن ئىستېلاچىلارنى قوغ-
لاپ چىقىرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلىدۇ. شۇڭا، گۇپتا خاندا-
نلىقى ئۇلۇغ توخرىلارغا قارشى تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي
كۈچى ساسانىيلار سۇلالىسىدەك قۇدرەتلىك بولمىغاچقا، ئۇلـۇغ
توخرىلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ھىندىس-
تاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى بەزى جايلارنى قولغا كىرگـۈزگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ توخرىلارنى تولـۇق قوغلاپ چىقىرىۋې-
تەلمەيدۇ. ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى ئافغـانىستـان، باكتىرىيـە ۋە
كەشمىرلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغاندىن باشقا، ھىندىستاننىڭ
غەربىي شىمالىدىكى بەزى جايلارنى يەنىلا ئىگىلـەپ تۇرغانىدى.
گۇپتا خاندانلىقى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە V ئەسىرنىڭ باش-
لىرىدا راسا كۈچەيگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك
راھىبى فاشيەن ئەنە شۇ چاغلاردا ھىندىستانغا سـاياھـەت
قىلىپ بارغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەلسەك، بۇ رايونمۇ بىرمـۇنچە
كىچىك دۆلەت بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىلادى 436 - يىلى،
شىمالىي ۋېي خاندانلىقى دۇڭ ۋەن، گاۋ مىڭ قاتـارلىق كىشى-
لەرنى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككـە ئەۋەتكـەن، ئۇلار ئۇسۇن،
پەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق جايلارغا بارغان. دۇڭ ۋەن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن بەرگەن مەلۇماتىدا، ئۇ، غەربىي رايـونـنى
تۆت رايونغا ئايرىغان، يەنى كۆكئارت (پـامىر) نىڭ شـەرقـى
ۋە ئاقار قۇم (تارىم ئويمانلىقى بـولۇشـى كېرەك — ت) نىڭ
غەربىي بىـر رايون؛ كۆكئارتنىڭ غەربىي ۋە تۇزلۇق كـۆل (ئارال

دېڭىز بولۇشى كېرەك ــ ئا) نىڭ شەرقى بىر رايون؛ چاش (تاشكەنت) نىڭ جەنۇبى ۋە توخرىلارنىڭ شىمالى بىر رايون؛ ئىككى دېڭىز ئارىلىقى (كاسپى دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزى ئارىلىقى بولۇشى كېرەك ــ ئا) ۋە دەريا (ئامۇ دەرياسى بولۇشى كېرەك ــ ئا) نىڭ جەنۇبى بىر رايون. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ رايونلاردا «كىچىك ئۆستەڭلەرنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يېتىدىكەن». بىزنىڭ بايان قىلماقچى بولغىنىمىز ئاساسەن كېيىنكى ئۈچ رايون. بۇ رايونلارنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن يەنىلا شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەردۇر. لېكىن ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ رايونلارغا يېڭى مىللەتلەر، مەسىلەن، توخرى، ئۇسۇن، هون قاتارلىق مىللەتلەر ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كىرگەن. يۇقىرىدا، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانانىڭ ئۇلۇغ توخرىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا، ئۇلۇغ توخرىلار ئامۇ دەرياسىدىن ئېشىپ بېرىپ جەنۇبىتىكى باكتىرىيىنى ئىستېلا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سوغدىيانادىكى يېرىنى قولدىن بەرمىگەن. دەريانىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇن جايلار يەنىلا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مەسىلەن، خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز جاۋۇپلار ئەمەلىيەتتە توخرىلارنى كۆرسىتىدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «كانكىيە، ... ئۇنىڭ خانى ئەسلى ۋېن فامىلىلىك بولۇپ، توخرىلاردىن ئىدى، بۇرۇن چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى جاۋۇپ شەهرىدە تۇراتتى، هونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقى (كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە» دە «تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان» دېيىلگەن، بۇ توغرا ئەمەس ــ ئا) ئۈچۈن، غەربكە كۆچۈپ، پامىردىن ئۆتۈپ دۆلەت قۇرغان. دۆلەتنى كىچىك خانلارغا ئايرىپ بېرىپ باشقۇرغان،

ئۇلار ئەسلىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كانىكىيە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى توققۇز جاۋۇپ قاتارىدا قوشۇۋالغان» دەپ ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. روشەنكى، بۇ يەردە توخرىلار-نىڭ خېشى كارىدورىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. كانىكىيە يەنە سەمەرقەند (ياكى سېمىسكەنت) دەپمۇ ئاتىلاتتى، بۇ دۆلەت سوغدىيانانىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىدى. بۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان توخرىلار تارىخى بىلەن تامامەن بىردەك.

ئەمدى ھۆججەتلەر (كىتابلار) دىكى خاتىرىلەر ۋە ئار-خېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايو-نىدىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن، سوغدىيانا ئۈستىدە توختىلىمىز. سوغدىيانا شىمالدا قىزىل قۇملۇق بىلەن، جەنۇبتا ھىسسار تېغى ۋە زەرەپشان تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقتە پەرغانە بىلەن قوشنا، غەربتە چېگرىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرى — سەمەرقەند بىلەن بۇ-خارا. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، V، VI ئەسىرلەردە مايمارغ (Maimargh) مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركەز بولغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇ «米国» (مىگو) دەپ ئاتالغان، ئۇ ناساب (ناخشاب) تىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئۇنىڭ پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي، قاشقا دەرياسىنىڭ شىمالىدا (سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سەمەرقەندكە يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ). ئۇنىڭ خانىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ بولۇپ، كانىكىيە خانى بىلەن مىللەتداش. مايمارغ دۆلى-تىدە سۇنئىي سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەر سۇغى-

ۋىلغان. ناساب (ناخشاب) دۆلىتى ھازىر قارشى دەپ ئاتىلىدۇ [شۇ زاماندىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «小史» (ناخشاب) دەپ ئاتالغان]. كىش دۆلىتى بولسا قاشقا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى توخارىستان (باكترىيە) گە 500 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى بۈگۈنكى شەھرى سەبىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ خانىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ بولۇپ، كانكىيە خانى بىلەن مىللەتداش. كوشانىيە (كۇشانىكا) يەنى بۈگۈنكى كاتتا قورغان، ئۇنىڭ ئورنى زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. كوشانىيە «شەرقتىكى كېبوت دۆلىتىگە 150 چاقىرىم، غەربتىكى مارۇغا 300 چاقىرىم كېلىدۇ». ئۇنىڭ خانىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ بولۇپ، كانكىيە خانى بىلەن مىللەتداش. بۇخارا دۆلىتى بىر مەزگىل پارفىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، «شەھەر بەش قەۋەت سېپىل بىلەن ئورالغان، ئەتراپىدىن سۇ ئايلىنىپ ئاقىدۇ، ئوردا بىنالىرىنىڭ ئۈستى تۈز». ئۇنىڭ خانىمۇ جاۋۇپ فامىلىلىك بولۇپ، كانكىيە خانى بىلەن مىللەتداش.

چاش دۆلىتى① (ھازىرقى تاشكەنت رايونى). «پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدا.» «سىر دەرياسى بويىغا جايلاشقان». ئۇنىڭ مەركىزى بىنكات شەھرى بولۇپ، جەنۇب تەرىپى

---

① خەنزۇچە مەنبەلەردە، ئەينى بىر جاينىڭ نامى ئوخشاش بولمىغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغانلىقتىن، ئۇنى ئىككى جاي دەپ بىلىپ، ئايرىم - ئايرىم تەزكىرە تۈرغۈزۈش ئەھۋالى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «شىمالىي سۇلالە تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە چاش (تاشكەنت) نى 石国 ۋە 者舍 دەپ، كانكىيە بىلەن سەمەرقەندنى ئىككى دۆلەت دەپ يازغان، بۇ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە قۇمۇل بىلەن قامۇلنى ئىككى جاي دەپ قاراپ، ئايرىم - ئايرىم تەزكىرە تۇرغۇزغانغا ئوخشاش خاتالىق.

ئاھانگەرەن دەرياسى ۋادىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى پەرغانە دۆلىتى بىلەن تۇتاش. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادى 285-يىلى جىن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى (سى مايەن) ياڭ خاۋنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇ، پامىردىن ئۆتۈپ، پەرغانە سەردارى رامچۇرنى پەرغانە شاھى سۈپىتىدە زىيارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتى «غەربكە ماڭغاندا سۇترۇشنا دۆلىتىگە 500 چاقىرىم، غەربىي شىمالغا ماڭغاندا چاش دۆلىتىگە 500 چاقىرىم كېلىدۇ.» بۇ دۆلەت شاھىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ ئىدى. سۇترۇشنا دۆلىتى ھازىرقى ئۆرە – تۆپە (گىزاق بىلەن لېنىنئاباد ئارىلىقىدىكى جىلغىلار) غا توغرا كېلىدۇ. ساغانىيە دۆلىتى بولسا كانكىيىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، «شەرقىي جەنۇبقا ماڭغاندا كانگىيىگە 100 چاقىرىم، غەربكە ماڭغاندا كۇشانىيە دۆلىتىگە 150 چاقىرىم كېلىدۇ.» پايتەختى زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بىرنەچچە چاقىرىم كېلىدۇ.

خارەزىم دۆلىتى. مېنىڭ گۇمانىمچە، بۇ، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان ئاۋرىسى بولۇشى مۇمكىن. «شىمالىي سۇلالە تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سوغدىيانا دۆلىتى... يەنە بىر ئاتىلىشى ئاۋرىسى، ئورنى چوڭ كۆلدە» دېيىلگەن. بۇنىڭدا سوغدىيانا (سوغد، سوغدىيانا) نىڭ دائىرىسى بەك كېڭەيتىۋېتىلگەن. خارەزىم — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي چوڭ دۆلەت بولۇپ، بۇ يەردە مىلادى 3 - ئەسىردىلا ئافرىغ خاندانلىقى بولغان، ئۇنىڭ مەركىزى كېيىنكى چاغلاردىكى كات ئىدى. لېكىن خارەزىم شۇ چاغدىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئاۋرىسى — خارەزىمنىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى بولسا كېرەك، «ئورنى چوڭ كۆلدە» دېگىنى خارەزىمگە يېقىن بولغان

ئارال دېڭىزى بولسا كېرەك. بۇ جاي خارەزىم تەۋەسىدە ئەمەس. شۇڭا، «سۇينامە» دە سوغدىيانا دۆلىتى يېزىلمىغان. دۇڭ ۋەن قاتارلىق كىشىلەر ئۇ يەرلەرگە بارغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئۇ جاينى سوغدىيانا دېيىشى توغرا بولمىغان.

ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا يەنە ئۇناغ (乌那遏国) دۆلىتى بار، پايتەختى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە، ئىلگىرى پارفىيە (ئارساك) دۆلىتىگە تەۋە جاي ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ بولۇپ، كانگىيە خانى بىلەن مىللەتداش ئىدى. يەنە مائۇرا يەنى مارۇ دۆلىتى بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى مەرۋى دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ. پايتەختى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە، ئۇمۇ ئىلگىرىكى پارفىيىنىڭ زېمىنى بولۇپ، ئۇناغ دۆلىتى بىلەن قوشنا ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ بولۇپ، كانگىيە خانى بىلەن مىللەتداش ئىدى. بۇ ھال جاۋۇپ قوۋمىنىڭ تارقالغان جايلىرىنىڭ ماۋارائۇننەھر (ترانسوكسيانىيە) بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىكېس: خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسىنى «پارفىيىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى» دەپ ئاتىغان، بۇ، تاكى VI ئەسىردىمۇ جۇڭگونىڭ پېرسىيىدە خاندانلىق ئالماشتۇرغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ① دەيدۇ. لېكىن «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، «ۋېينامە» نىڭ غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرى ئاساسەن، دۇۋەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن يېزىلغان، بۇنىڭلىق بىلەن، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ پېرسىيە ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى «شىمالىي

① سىكېس: «پېرسىيە تارىخى» I توم، 447 - بەت.

سۇلالە تارىخى» داپىرسىيە توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى توغرا بولۇپ، پىرسىيىنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. بۇ نۇقتىنى سىكىپسمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

تۇخارىستان، يەنى بۇرۇنقى باكتىرىيىنىڭ «پايتەختى پامىرنىڭ غەربىگە 500 چاقىرىم كېلىدۇ.» زېمىنى جەنۇبتا ھىندىقۇش تېغىغا، شىمالدا ھىسسار تېغىغا، شەرقتە پامىر تېغىغا، غەربتە مۇرغاب دەرياسىغا تۇتىشىدۇ.

غەزنى دۆلىتى. ئۇ كابۇلنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، بەزىلەر ئۇنى جاگۇدا دۆلىتى① دەيدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بولسا جاگۇدا دۆلىتىنىڭ خانىنىڭ فامىلىسىمۇ جاۋۇپ بولۇپ، كانىكىيە خانى بىلەن ئۇرۇقداش دېيىلگەن.

قەندىھار دۆلىتى، پايتەختى پۇرۇشاكەنت (ھازىرقى پېشاۋەر). ئۇنىڭ خانى ئۇلۇغ توخرى خانى كىتارانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە شىپىك (شىنىڭ) بىلەن چاگېيىنىڭ ئارىلىقىدا تۇراتتى، «كىيىم - كېچەكلىرى چاگىلارنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى.» كىتارا ھونلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، غەربكە كۆچۈپ بېرىپ، ئوغلىنى پۇرۇشاكەنت شەھىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان، شۇڭا، ئۇ «كىچىك توخرى دۆلىتى» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىقىلار ئاساسلىق بىرقانچە دۆلەت ياكى رايونلاردۇر. مەشھۇر بولمىغان ياكى ئورنى ئېنىق بولمىغانلىرى يېزىلمىدى. ئومۇمەن قارىغاندا، بۇ رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆپچى-

---

① لېۋي، چاۋاننېس: «كەشمىر ھەققىدىكى تەكشۈرۈش»، «غەربىي يۇرتتىكى تارىم دەرياسىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش - دەلىللەش ماتېرىياللىرىدىن تەرجىمىلەر»، 7 - قىسىم، 59 - بەت.

لىگى يەنىلا جاۋۇپلارنىڭ ئۇلۇغ توخرى قىسمىدىن ئىدى، ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىنىڭ سىياسىي مەركىزى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلگەنلىكى ھەمدە مىلادى 3 - ئەسىردىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئاجىزلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ توخرىلار ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالالماي، ھەر قايسى رايونلار ئۆز ئالدىغا بىرمۇنچە كىچىك دۆلەت بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئوخشاشلىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا بىرلىك بولمىغانلىقتىن، سىرتقى كۈچلۈك رەقىبلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئاجىز ئىدى. ئېفتالىتلار بېسىپ كەلگەندە، بۇ رايونلار يەنە بۇ كۈچلۈك دۆلەتكە بېقىندى بولۇپ قالدى.

## 2 - بۆلۈم ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

ئېفتالىتلار پېرسىيە، ھىندىستان بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان چاغلىرىدا، ئۇلار خاتا ھالدا ھون دەپ قارالغان. گرېتسىيە ۋە ئەرمىنىيە يازغۇچىلىرى ئۇلارنى ئاپتولىتىس (Aptoits) ياكى ئېفتالاس (Ephtalas) دەپ ئاتىغان. پارس ۋە ئەرەب يازغۇچىلىرى ئابدال دەپ ئاتىغان. بەزى غەرب يازغۇچىلىرى بولسا ئۇلارنى ئاق ھونلار دەپ ئاتىغان. قارىغاندا، ئېفتالىت دېگەن سۆز Ephthalites دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولسا كېرەك. لېكىن ئېفتالىتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، پەقەت خەنزۇچە مەنبەلەردىلا خاتىرە قالدۇرۇلغان.

ھەنزۇچە مەنبەلەردە، ئېفتالىتلارنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكى توغرىسىدا ئىككى خىل ئېيتىلىش بار: بىر خىلى، ئۇلارنى قاڭقىللارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى دەپ قارايدۇ («لىياڭنامە»)؛ يەنە بىر خىلى، ئۇلارنى «ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ بىر تۈرى» دەپ قارايدۇ («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»)①. ئالدىنقى قاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغاندەك قىلىدۇ. يەنە ئېفتالىتلارنى ھونلار بىلەن توخرىلارنىڭ ئارىلاشما نەسلى دەيدىغان قاراشمۇ بار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆڭى ئاق بولغانلىقتىن، ئۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېفتالىتلار ئەڭ دەسلەپتە خۇا (滑) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە بولغان رايونلارغا جايلاشقان. مىلادى 126 - يىلى، ئۇلارنىڭ سەردارى باخۇا بەن يۇڭ قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان شىمالىي ھونلارنىڭ قۇيان خانىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئارقا قاڭقىلنىڭ خەن خاندانلىقىغا دوست بېگى دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. تاكى مىلادى IV ئەسىرگىچە، ئېفتالىتلار تېخى كىچىك بىر قەبىلە بولۇپ، جۇجانلارغا تەۋە ئىدى.

جۇجانلارنىڭ زۇلمى ۋە غەرب تەرەپتىكى قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمى ئېفتالىتلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار تەخمىنەن مىلادى V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سوغدىياناغا يېتىپ كەلگەن.

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى تورستوۋ ئۇلۇغ توخرىلارنى ماساگېتلار دېيىش بىلەنلا قالماي، ئېفتالىتلارنىمۇ شۇنداق دېگەن. ئۇنىڭ ئاساس قىلغىنى ئېفتالىت دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى getae ئىكەنلىكى ئىمىش، بۇ يەنە بىر غەلىتە گەپ. گويا ئوتتۇرا ئاسىيادا ماساگېتلاردىن باشقا مىللەت يوقتەك.

گېئولوگلار بۇخارانىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېفتالىتلارنىڭ قەدىمكى پايتەختىنىڭ خارابىسىنى تاپقان، بۇ ئۇلارنىڭ ماۋارائۇننەھر دەۋرىدىكى ئاساسلىق مەركىزىنىڭ ۋاخش (يەنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) جىلغىسى بولماستىن، بەلكى سوغدىيانا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ①. ئۇنىڭدىن باشقا، مېناندېر يازغان «يۇنان تارىخى» نىڭ فراگمېنتلىرىدە، سوغدىلار تۈركلەرگە بويسۇنۇشتىن ئىلگىرى ئېفتالىتلارغا تەۋە ئىدى دېيىلگىنىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ②. گىرۇسسېنىڭ قارىشىچە، ئېفتالىتلارنىڭ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى سەل كېيىنرەك، يەنى مىلادى V ئەسىرنىڭ 30 — 50 - يىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قاراشەھەر (چالىش) نىڭ غەربىي شىمالىدىن بالقاش كۆلى، چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىسىغىچە ھەمدە سىر دەرياسىدىن ئارال دېڭىزىغىچە يېتىپ بارغان③. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىياغا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا قاراپ چۈشكەن.

ئېفتالىتلارنىڭ ماۋارا ئۇننەھر (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلار) نى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا باكترىيىدىكى ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلغان. تەخمىنەن مىلادى V ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان. نېمىس شەرقشۇناسى نوئېلدېك ئېفتالىتلار پارس شاھى بەھرام دەۋرىدە (420 — 438) باكترىيىدە ماكانلاشقان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن،

① S. راخۇلا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 114 - بەت.
② چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 196 - بەت.
③ گىرۇسې: «يايلاق ئىمپېرىيىسى» 67 - بەت.

ئېفتالىتلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ توخارىستان، بەدەخشان، كەشمىر، كابۇل، قەندىھار ۋە پەنجاپلارنى بويسۇندۇرغان. شەرق تەرەپتە جۇجانلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان. خۇددى «لياڭنامە»دا ئېيتىلغاندەك، ئېفتالىتلار «كېيىن ئازراق كۈچىيىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى پېرسىيە، پارۋان، كەشمىر، قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇدۇن①، كۇپان قاتارلىق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرغان، مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق زېمىن ئاچقان.» شۇندىن ئېتىبارەن، ئېفتالىت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالغان. بۇ دۆلەت جۇڭگو بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ پېرسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا، غەرب ئەللىرى، مەسىلەن، رىم، ۋىزانتىيە، سۈرىيە ۋە ئەرمىنىيە تارىخچىلىرى ئېفتالىت دۆلىتى بىلەن پېرسىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنى ساقلاپ كەلگەن.

ئېفتالىتلار بىلەن ئەڭ بۇرۇن مۇناسىۋەت ئورناتقان كىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پېرسىيە شاھى بەھرام ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېفتالىتلار پېرسىيە شاھىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوردا تۇرمۇشىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك ھەم ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقتىن، ئۇ يەرگە بېرىپ، مال - مۈلۈك بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن،

① تىبەت مەنبەلىرىدە يېزىلىشىچە، ئۇدۇننىڭ XIV پادىشاھى ۋىجايا كىرتى دەۋرىدە، ئۇنىڭ زېمىنى چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، خەلقى ئېغىر زۇلۇم - كۈلپەتكە ئۇچرىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، دىرۇگ - گۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئانۇشو يەنە قوشۇن باشلاپ خوتەنگە بېسىپ كىرگەن. (W.W. روكخىلل يازغان «ساكيامونىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 240-بېتىگە قارالسۇن). (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دىرۇگ - گۇ ئېفتالىت قوۋمىدىن دەيدۇ، بەزىلەر تۈيغۇن قوۋمىدىن دەيدۇ. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ تۈرك ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسان رايونىغا يۈرۈش قىلدۇ. بەھرام شاھ تەدبىرلىك ئادەم بولۇپ، ئادەتتە دالىغا چىقىپ قۇلان ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى بەھرامگۇر يەنى (ياۋا ئېشەك) دەپمۇ ئاتىغانىكەن. ئۇ، ئېفتالىتلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، ئۆزىنى گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە تۇتۇپ، ئوۋغا چىقىمەن دەپ، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يىغىپ، ئۇلارنى ئۆزى باشلاپ، ئەزەربەيجان تەرەپكە ئوۋ قىلىشقا يۈرۈپ كېتىدۇ. بەھرام ۋە ئۇنىڭ زور قوشۇنى ئېلبۇرس تېغىنىڭ ئىچىدە غايىب بولۇپ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن شەرەققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىنتايىن مەخپىي ھالدا شەرقىي چېگرىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، مەرۋى رايونىنىڭ كۇشمىخان دېگەن يېرىدىكى جەڭدە ئېفتالىتلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە خانىنىڭ خوتۇنى ۋە سانسىز ئولجىلارنى ئېلىپ، ئېفتالىتلارنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئېفتالىتلار سۈلھ قىلىشقا تەكلىپ بېرىدۇ، ئىككى تەرەپ تۈزۈشكەن تىنچلىق بىتىمدە چېگرىنى تالىكانغا بېكىتكەن①، بۇ جايدا تاش مۇنار قوپۇرۇلۇپ چېگرا بەلگىسى قىلىنغان. بەھرام يەنە ھىندىستانغىمۇ يۈرۈش قىلىپ، سىند، ماكران رايونلىرىنى تارتىۋالغان. ئۇ تەختتىكى دەۋر پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى.

① تالىكان دېگەن بۇ جاي بەلخنىڭ غەربىدە بولۇپ، بەلخكە 400 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. نوئېلدېكنىڭ تەبەرىنىڭ كىتابىدىن كەلتۈرگەن نەقىلگە قارالسۇن. بۇ چاغدا ئېفتالىتلار بەلخنى مەركەز قىلغان بولسا كېرەك.

بەھرام مىلادى 438 - يىلى ۋاپات بولىدۇ①، ئۇنىڭ ئوغلى يازداگىرد تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، تارىختا ئۇ يېزداگىرد II (438 — 457) دەپ ئاتالغان. يازداگىردنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى پىرئۇز، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ھورمۇز ئىدى (تارىختا ئۇ ھورمۇز III دەپ ئاتالغان). پېرسىيە شاھى ئىككىنچى ئوغلىغا ئامراق بولغانلىقتىن، ئۇنى تەختكە ۋارىس قىلىش مەقسىتىدە، چوڭ ئوغلى پىرئۇزنى سىبىستاننى باشقۇرىدۇ، دېگەن نام بىلەن سىرتقا ئەۋەتىۋېتىدۇ. يازداگىرد II مىلادى 457 - يىلى ۋاپات بولىدۇ، ھورمۇز خانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. پىرئۇز بۇنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۆز ئەمىلىنى تاشلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئېفتالىتلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە ئېفتالىت خانى ئاخشۇنۋاردىن ياردەم سورايدۇ، ئاخشۇنۋار 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، پىرئۇزنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپ خانلىق تەختنى تارتىۋېلىشىغا ياردەملىشىدۇ. لېكىن پىرئۇز كېيىنكى چاغلاردا، ئېفتالىتلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا تۇرۇشقا نومۇس قىلغانلىقى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، مىلادى 480 - يىلى قوشۇن باشلاپ باكترىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ (ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئېفتالىت خانى ئاخشۇنۋارنىڭ ئوغلى ئىدى). لېكىن ئۇ، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشىدۇ، ئاخىر تۆلەم تۆلەپ ئاندىن قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ چېگرىدىكى تالىكان شەھىرىنى ئېفتالىتلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بەھرام زامانىدا بەلگىلەنگەن چېگرىدىن ئۆتمەسلىككە ۋەدە بېرىدۇ.

① سىكېسنىڭ «پېرسىيە تارىخى» دا 440 - يىلى دەپ يېزىلغان.

پىرئۇز ئېفتالىتلارنى يېڭىشكە ئاجىز كەلگەنلىكتىن غەربتىكى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىن ياردەم سورايدۇ. ئۇمۇ خۇددى ئىلگىرىكى باكتىرىيىنىڭ گرېك شاھى ئېتىدېموسنىڭ سېلېۋك خاندانلىقىنى سۆزگە كىرگۈزگىنىگە ئوخشاش، ۋىزانتىيە پادىشاھىغا: ئېفتالىتلارنىڭ پېرسىيىگە بولغان تەھدىتى شەرقىي رىمغا بولغان تەھدىتىدۇر دەيدۇ. شۇڭا، ۋىزانتىيە پىرئۇزغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ، ئۇنىڭ ئېفتالىتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا مەدەت بېرىدۇ. پىرئۇز ئېفتالىتلارغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، ۋىزانتىيە ئەلچىسىمۇ بىللە باردۇ. شۇ چاغدا، ئەل ئىچىدە: پىرئۇز ئېفتالىتلارنىڭ ئۆزىنى چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتتۈك دەپ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوڭ پىللار بىلەن تالىكان شەھىرىنى ئالغا يۆتكىگەنىكەن دېگەن ئەپسانىمۇ توقۇپ چىقىلغانىكەن. بىراق بۇ قېتىمقى جەڭدە پېرسىيە يەنە مەغلۇپ بولۇپ، پىرئۇز يەنە ئەسىرگە چۈشكەن. بەزى مەنبەلەردە: پىرئۇز ئېفتالىتلارغا 30 قېچىرغا لىقمۇلدىق ئاق كۈمۈش قاچىلانغان تاغار ئارتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان، بىراق ئۇ 30 قېچىرغا ئارتقۇدەك ئاق كۈمۈشنى يىغىپ بولالمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ نارەسىدە ئوغلى كاۋاد (Kavadh) نى بارىمتاي قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېفتالىتلارغا زور مىقداردا باج - ئولپان تاپشۇرغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ پېرسىيە ئاھالىسىگە كۆپلەپ ئالۋان - ياساق سېلىپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى ئىنتايىن ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن دېيىلىدۇ.

مىلادى 484 - يىلى، ئېفتالىتلارغا قارشى ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان. ئۇ قورغان شەھىرىنى بارگاھ

قىلىپ①، ئېفتالىتلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن شەھەر ئەتىراپىغا قورۇق تام ياساتقان (ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان). پارسلار مۇشۇ قورغاننى بازا قىلىپ ئېفتالىتلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، تاكى مەرۋىگىچە بېسىپ كىرگەن. ئېفتالىتلار يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ، پىرئۇزنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئالداپ، بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان قاپقانغا چۈشۈرگەن، نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلغان، پىرئۇزنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە جېنىدىن جۇدا بولغان.

پىرئۇز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋولوگاس (Vologases) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان (484 — 488)، ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى ئۇنى بالاس (Balas) دەپ ئاتىغان. ۋولوگاس سىستاننىڭ باش ۋالىيسىنى ئېفتالىتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەسئۇل بولۇشقا بۇيرۇغان، نەتىجىدە، پېرسىيە ئېفتالىتلارغا ئىككى يىل ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئېفتالىتلارغا بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالغان. ئېفتالىتلار مەخسۇس ئولپان سۈيلەپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پېرسىيىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ تۇرغۇزغان. بۇ چاغدا، پېرسىيىنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەزىرى زارمىھر (Zarmihr — بۇ كىشى ۋولوگاسنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان) ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى باشلاپ، ئېفتالىت خانى ئاخشۇنۋارنى شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلاشنى پىلانلاپ، ئېفتالىتلارنى بۇنىڭدىن كېيىن باج - ئولپان ئالماسلىققا ۋە ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇل قىلغان. شۇنىڭ

---

① قورغان شەھىرى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدە بولۇپ، ئېفتالىتلار بىلەن چېگرىداش بولغان پېرسىيىنىڭ مۇھىم قورغىنى. كوننىڭھام ئۇنى خاتا ھالدا ئېفتالىتلارنىڭ پايتەختى دەپ قارىغان (چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ 197 - بېتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھ).

بىلەن پىرئۇزنىڭ ئوغلى كاۋادمۇ ئازاد قىلىنىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن. زارمىھر مىلادى 488 - يىلى ۋولوگاسىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كاۋادنى پېرسىيە خانى قىلىپ تىكلىگەن، ئۇ 43 يىل (488 — 531) ھۆكۈم سۈرگەن.

كاۋاد ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، پېرسېپولىس شەھىرىدە مازداق ئىسىملىك بىر ئادەم① بولۇپ، ئۇ بىر خىل دىنىي ئەقىدىنى، يەنى ھەممە ئادەم تۇغۇلۇشتا باراۋەر ئىدى، شۇڭا، جەمئىيەتتىكى ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىپ، خوتۇننى ئومۇمنىڭ قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشنى مەنئىي قىلىش لازىم، دېگەن ئەقىدىنى تەشۋىق قىلغان. كاۋاد مازداقنىڭ بۇ دىنىي ئەقىدىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، خاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق قورال ئىكەن دەپ قاراپ، ئۇنى پائال قوللىغان ۋە ئۆزىمۇ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاقسۆڭەكلەر كاۋادنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى زاماسپۇنى پېرسىيە خانى قىلىپ تىكلىگەن. كاۋادنى نەزەربەند قىلىپ قويغان، كېيىن ئۇ خوتۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن پۇرسەت تېپىپ ئېفتالىتلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئۇ يەنە ئېفتالىت خانىنىڭ مەلىكىسىنى نىكاھىغا ئالغان. بۇ مەلىكە كاۋادنىڭ ئۆزىنىڭ جىيەنى، يەنى پىرئۇزنىڭ نەۋرە قىزى ئىدى. پىرئۇز ئېفتالىتلارغا بارىمتاي بولۇپ تۇرغاندا، قىزىنى ئېفتالىت خانىغا ياتلىق قىلغان بولۇپ، بۇ مەلىكە شۇنىڭدىن تۇغۇلغان. زاماسپۇ ئېفتالىتلار قوللايدىغان كاۋاد بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغانلىقتىن،

① تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئادەم نىشاپۇرلۇق دېيىلگەن.

تانلىق تەختنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن كاۋاد قايتا تەختكە چىققان.

كاۋاد تەختتىكى مەزگىلدە، پېرسىيە ئېفتالىتلارغا داۋاملىق ئولپان تۆلەپ تۇرغان. مىلادى 502 - يىلى، كاۋاد ئېفتالىتلار بىلەن بىرلىشىپ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان. ئېفتالىتلار قوشۇنى خارران (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۇفا رايونى)غا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. لېكىن مىلادى 503 - يىلدىن 513 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە، پېرسىيە بىلەن ئېفتالىتلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئېفتالىتلارغا تەھدىت سېلىشى نەتىجىسىدە، ئېفتالىتلار ئاستا - ئاستا ئاجىزلىشىپ، پېرسىيىگە كۈشەندە بولۇش ئىقتىدارىدىن قالغان.

ئېفتالىتلار مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشكە باشلىغان. ئۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ گۇپتا خاندانلىقى بۇ كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز ئىدى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئېفتالىتلار ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى كىچىك توخرى بەگلىكلىرىنى يوقىتىپ بولۇپ، غەربىي شىمالىي ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىدى. ھىندىستاننىڭ بۇ چاغدىكى ئەھۋالى جۇڭگو راھىبى سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسىدە بايان قىلىنغان. سۇڭ يۈن مىلادى 518 - يىلى① لوياڭدىن

---

① «ۋېينامە. راھىبلار تەرجىمىھالى» دە شېيگىنىڭ تۇنجى يىلى (515 - يىلى) خۇي شېڭ قاتارلىق كىشىلەر غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. بۇ «ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»دىكىگە ئوخشاش». يۇقىرىدىكى كەلتۈرۈلگەن نەقىل «لوياڭدىكى ئىبادەتخانىلار خاتىرىسى»، «راھىبلار تەرجىمىھالى» ۋە «ئۆرنەكلەر» دىن ئېلىنغان.

ھۇيشىپ غەربىي يۇرتقا بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارغان، ياندۇرقى يىلى (519 - يىلى) ئېفتالىت دۆلىتىدىن ئۆتكەن. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ دۆلەتكە «بىر قانچە دۆلەت سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇرىدىكەن، جەنۇبتا دارىلغىچە، شىمالدا تۆلۈسكىچە، شەرقتە ئۇدۇنغىچە، غەربتە پېرسىيىگىچە، 40 نەچچە دۆلەت سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇرىدىكەن. خان ئوردىسى كىگىز ئۆيدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 40 قەدەم كېلىدىكەن، ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا گىلەم تارتىلغان. خان كىمخاب تون كىيىدىكەن، ئالتۇن كارىۋاتتا ئولتۇرىدىكەن، كارىۋاتنىڭ تۆت پۇتى ئالتۇن سۇمۇرغتىن ياسالغانىكەن. ئەلچىلەر خان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىرگەندە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يارلىق تاپشۇرۇۋالىدىكەن... ئەتراپتىكى ئەللەر ئىچىدە، ئەڭ كۈچلۈكى مۇشۇ دۆلەت ئىكەن»① دېيىلگەن. لېكىن ئېفتالىت دۆلىتى خانىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. ھىندىستاندىن تېپىلغان مىس پۇلغا ئاساسەن، بىزگە مەلۇم بولغان بىر ئېفتالىت خانىنىڭ ئىسمى تورمان ئىكەن، ئېفتالىتلارنىڭ يەنە بىر خانى تورماننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مىھراقۇلا ئىكەن. تورماننىڭ تەختتىكى ۋاقتى پېرسىيە خانى كاۋادنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئۇلار قۇيدۇرغان مىس پۇل پۈتۈنلەي گۇپتا خانلىقىنىڭ پۇلىغا تەقلىد قىلىپ قۇيدۇرۇلغان بولۇپ، بىر يۈزىگە خاننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىسمى گۇپتا يېزىقى بىلەن يېزىلغان، يەنە بىر يۈزىگە ئۆزىنىڭ

① ياڭ شۇەنجى: «لوياڭدىكى ئىبادەتخانىلار خاتىرىسى» 5 - جىلدىدىن ئېلىندى، ھەممە چاۋاننىڭ ئىزاھاتلىرىدىن پايدىلىنىلدى، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرجىمە توپلىمى 6 - قىسمى» غا قاراسۇن.

سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. خاننىڭ باش سۈرىتى قويۇق ساقاللىق، تورمان گۋالىئوردا قۇياش ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان، بۇ ئۇنىڭ بۇددا مۇخلىسى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تەكشۈرۈپ دەلىل- لەشلەرگە قارىغاندا، تورماننىڭ ئوغلى مىھىراقۇلا ــ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» تە تىلغا ئېلىنغان ماھىراقۇلا دەپ قارالماقتا.

مىھىراقۇلا ساڭگابىلارنى پايتەخت قىلىپ ھىندىستانىغا قاراشلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك بولۇپ، قوشنا ئەللەردىن ئۇنىڭغا بويسۇنمىغىنى يوق» ئىكەن. ئۇ بۇددا دىنىنى يوقىتىپ، راھىبلارنى قوغلاپ، ئەسلىگە كەلمەس قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مىلادى 350 - يىلى ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى دېڭىز ياقىسىغا بارغان مىسىرلىق ساياھەتچى كوسماس ئىندىكوبىرۇس- تىسمۇ ئېفتالىت خانىنىڭ 2000 پىل ۋە سانسىز ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۇرۇش قىلغانلىق ئەھۋالىنى بايان قىلغان. سىكېس ئۆزىنىڭ «ئافغانىستان تارىخى» دېگەن كىتابىدا، شۇنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مىھىراقۇلانىڭ سۆڭ يۈن كۆرگەن ھېلىقى ئېفتالىت خانى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

بۇ چاغدا ماگادا دۆلىتىنىڭ خانى بالادىتيا (Baladitya) «بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان» بولغاچقا، ئېفتالىت خانىغا قارشى تۇرغان. ئېفتالىت خانى ئەسكەر باشلاپ ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئۆزى ئەسىرگە چۈشكەن. لېكىن دەرھال قويۇپ بېرىلگەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە ئۆزىنىڭ ئىنىسى چىقىۋالغان بولغاچقا، ئۇ شىمال تەرەپتىكى كەشمىر دۆلىتىگە بېرىپ، ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۇ دۆلەتنىڭ

خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۆزى خان بولۇۋالغان. ئۇ «ئۆزىنىڭ غەلىبە ھەيۋىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربتىكى قەندىھار دۆلىتىگە يۈرۈش قىلغان، ئەسكەر ۋە قوراللىرىنى يوشۇرۇن جايلاشتۇرۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ خاننى، دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىر-لىرىنى ئۆلتۈرۈپ، دىنىغا ياقمىغانلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقاتقان. بۇتلىرىنى چېقىپ كېرەكسىز قىلىۋەتكەن ئىبادەتخا-نىلار 1600 گە يېتىدۇ»①. راھىبلارنى ئۆلتۈرۈشتە قىلچە رەھىم قىلمىغان. بىر يىلغا يەتمەيلا، مېھراقۇلا ئۇشتۇمتۇت ئۆلگەن (مىلادى 542 - يىلى). ئېفتالىت دۆلىتىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي زەئىپلەشكەن.

شەرقتە، ئېفتالىتلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋى-تىمۇ ناھايىتى قويۇق بولغان. ئىلگىرى جۇجانلارنىڭ قارمىقىدا بولغاچقا، ئېفتالىتلارنىڭ باشلىقى جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۆزئارا نىكاھلاشقان. مەسىلەن، ئېفتالىت خانىنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، ھەممىسىلا جۇجانلارنىڭ باشلىقى براخماننىڭ سىڭىل-لىرى ئىدى، شۇڭا، براخمان ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىدا شىمالىي ۋېي خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ ئېفتالىتلارغا پاناھ ئىزدەپ بارماقچى بولغان②. شۇ زاماندا، جۇجانلارنىڭ قارمىقىدا يەنە قاڭقىللار (تۆلۆسلەر) مۇ بار ئىدى. مىلادى 487 - يىلى، جۇجانلار قاڭقىل بېكقۇلۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋرۇزنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن، شىمالىي ۋېي خاندانلى-قىنىڭ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئاۋرۇز ئۆزىنىڭ ئىنىسى كۈنچى (穷奇) بىلەن بىللە ئۆز قوۋمىنى باشلاپ

① «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» 4 - جىلد.

② «شىمالىي سۇلالە تارىخى. جۇجانلار»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» غا قارالسۇن.

جۇجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ، غەرب تەرەپكە كۆچۈپ ئورۇمچى ئەتراپىغا كېلىپ، ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەيدۇ. ئاۋرۇز خانلىقىنىڭ شىمالىدا، كۇنچى جەنۇبىدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرىدۇ. بۇ چاغدىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنى فېڭ چېڭجۈننىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزى بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: «ئۇ چاغدا ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى راسا كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىدىكى ئەللەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا بېقىنغانىدى. تىيانشاننىڭ شىمالىي يولى كۇچانىڭ شىمالىدىن غەربتىكى ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە بولغان جايلار ياپپان دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى تۇرىدىغان جايلار بولسا كېرەك... ياپپانلار جۇجانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغاچقا، قاڭقىللار قوۋمى كۆچۈپ شۇ تەرەپكە كەتكەن... قاڭقىللار غەربكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭى ماكانىنىڭ شەرق تەرىپىدە جۇجانلار، غەرب تەرىپىدە ياپپانلار بار ئىدى؛ ياپپانلارنىڭ غەربى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي ئېفتالىتلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى①». بۇنىڭدىن، شۇ چاغدا ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتتە، ئېفتالىتلار بىلەن قاڭقىللار ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بېرىشكە باشلايدۇ. جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش، بولۇپمۇ بۇ سودا يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان قۇچۇنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن، ئېفتالىتلار قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا

① فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە دائىر تەكشۈرۈش ماقالىلىرى توپلىمى» 1957-يىل 1-نەشرى، 40 — 41-بەتلەر.

قاڭقىللارنىڭ باشلىقى كۇنچىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ
ئوغلى مىئوتونى ئەسىرگە ئېلىپ كېتىدۇ. قاڭقىللارنىڭ يەنە
بىر باشلىقى ئاۋرۇز ناھايىتى زالىم بولغاچقا، ئۇنى ئۆز قول
ئاستىدىكىلەر ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۆز ئىچىدىن بالىيانىنى خان
قىلىپ تىكلەيدۇ. ئېفتالىتلار قاڭقىللارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن،
مىئوتونى ھەربىي قوشۇنغا قوشۇپ ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ
دىن مەقسەت، بىر تەرەپتىن، مىئوتونى قاڭقىل خانلىقىغا تىكلەش
بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىئوتوغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغانلار
ياكى ئېفتالىتلارغا قارشى چىققۇچىلارنى باستۇرۇش ئىدى. ئېف-
تالىتلارنىڭ زور قوشۇنى ئارقا تىرەك بولغان بۇ تەھدىت ئاستىدا،
قاڭقىللار بالىيانىنى ئۆلتۈرۈپ، مىئوتونى تەختكە چىقىرىدۇ. مى-
ئوتو ئەمەلىيەتتە ئېفتالىتلارنىڭ قورچىقى ئىدى، خالاس. ئۇ
چاغلاردا قۇچۇ خانى چۈيجىيا قاڭقىللارنىڭ تەسىرى ئاستىدا
بولغاچقا، ئېفتالىتلارنىڭ قاڭقىللارنى كونترول قىلغانلىقى
قۇجۇنىمۇ كونترول قىلغانلىق ئىدى. چالىش (قارا شەھەر) بول-
سا بۇرۇنلا ئېفتالىتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى.

ئېفتالىتلارنىڭ شەرقتىكى قەبىلىلەرگە قوللانغان تاك-
تىكىسى — قاڭقىلدىن پايدىلىنىپ، جۇجانلارنىڭ راۋاج
تېپىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت بولدى. مىلادى 516 - يىلى،
قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ.
قاڭقىللارنىڭ باشلىقى مىئوتو جۇجانلارنىڭ سەركەردىسى چۇ-
نۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئەسىرگە ئېلىنىدۇ، چۇنۇ
ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئاتقا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ
باش سۆڭىكىنى سىرلاپ، شاراب ئىچىدىغان جام قىلىدۇ.
مىئوتونىڭ قوۋمى پۇتۇنلەي ئېفتالىتلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلى-
نىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى ئۇلغىيىدۇ. بىر نەچچە
يىلدىن كېيىن، ئېفتالىتلار مىئوتونىڭ ئىنىسى ئېلبەكنى ئۆز

ئىلىگە قايتۇرۇپ، قاڭقىل خانى قىلىپ تىكلەيدۇ. ئىلىبەك زور قوشۇننى باشلاپ جۇجانلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ. جۇجانلارنىڭ قاغانى براخمان لياڭجۇغا قېچىپ بېرىپ، شىمالىي ۋېي خاندانلىقىغا تەسلىم بولىدۇ.

ئېفتالىتلار ھەم غەربىي يۇرتتا زومىگەر بولۇۋالغان، ھەم سودا يولىنى كونترول قىلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ، ئىچكىرىدىكى خاندانلىققا سوۋغات تەقدىم قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ سودا يولى تامامەن قوچۇ ئارقىلىق ئۆتەتتى. خۇددى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شۇەنۋۇخانى يۈەنلۇ قاڭقىللارغا ئەۋەتكەن يارلىقىدا ئېيتقانىدەك: «جۇجانلار، ئېفتالىتلار، تۇيغۇنلارنىڭ قاتناش يولى تامامەن قوچۇ ئارقىلىق ئۆتىدۇ.» ھازىر قولىمىزدا بار بولغان جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، ئېفتالىتلارنىڭ جۇڭگو خاندانلىقىغا سوۋغات يوللىغان پاكىتلارنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

تيەنجيەن 15 - يىلى (مىلادى 516 - يىلى)، ئېفتالىت خانى يەندەيىلىتو① ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى («لياڭنامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»).

غەربىي يۇرتتىكى ئېفتالىت، پېرسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەلچى ئەۋەتتى ھەمدە يۈەندىك ئارغىمىقىدىن بىرنى قالدۇرۇپ كەتتى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. يۈەن دىڭ تەرجىمىھالى»).

---

① «لياڭنامە» دە، ئېفتالىتلارنىڭ دۆلەت نامى 滑国(خۇاگو) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئېفتالىت دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى يەزرەت(厌带夷栗陀)نى خان ئىسمى دەپ خاتا چۈشەنگەن («غەربىي يۇرت جايلار نامى» دا بېرىلگەن تۈزىتىش — ت).

شېنگۇي 1 - يىلى (مىلادى 518 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئېفتالىت دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلدى («ۋېيىنامە. شياۋ زۇڭ خاتىرىسى»).

شېنگۇي 2 - يىلى (مىلادى 519 - يىلى)، ئېفتالىت دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلدى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» IV).

پۇتۇڭ 1 - يىلى (مىلادى 520 - يىلى)، (ئېفتالىت دۆلىتى) يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، سېرىق شىر، ئاق بۇلغۇن تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جۇۋا، پېرسىيە كىمخابى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى («لياڭنامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»).

جېڭگۇاڭ 5 - يىلى (مىلادى 524 - يىلى)، ئېفتالىتلار ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلدى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» IV).

لياڭ سۇلالىسىنىڭ پۇتۇڭ 7 - يىلى (مىلادى 526 - يىلى)، (ئېفتالىت دۆلىتى) يەنە مەكتۇپ يوللاپ، پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلدى («لياڭنامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»).

يۇڭئەن 3 - يىلى (مىلادى 530 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئېفتالىت دۆلىتى بىر دانە شىر تەقدىم قىلدى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» V).

يۇڭشى 1 - يىلى (مىلادى 532 - يىلى)، ئېفتالىت دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلدى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» V).

داتۇڭ 12 - يىلى (مىلادى 546 - يىلى)، (ئېفتالىت دۆلىتى) ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم

قىلدى («جۇنامە»، 50 -).

ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 2 - يىلى (مىلادى 553 - يىلى)، مىڭدى 2 - يىلى (مىلادى 558 - يىلى) مۇ (ئېفتالىت دۆلىتى) ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇرغانىدى. كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، سوۋغات ئەۋەتىش ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى («جۇنامە»، 50 -، «جۇنامە» نىڭ 4 - جىلدى ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 9 - جىلدىغا ئاساسلانغاندا، مىڭدى 2 - يىلى پادىشاھقا قىلىنغان سوۋغات 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بولغان).

تارىخ كىتابلىرىدا يەنە غەربىي يۇرت ۋە شەرقىي يې ئەللىرىنىڭ پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغانلىقىغا دائىر بەزى قالدۇق-پۇتۇق خاتىرىلەر بار، بۇمۇ ئېفتالىت دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. لېكىن ئېفتالىتلار-نىڭ پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغان ئاساسلىق پاكىتلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يىللاردا بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، جۇجانلارنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئېفتالىتلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلىش ئىشلىرى ئاساسەن VI ئەسىر-نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەنى جۇجانلار زاۋال تېپىشقا باشلىغاندىن كېيىن بولغان. قاڭقىللارنىڭ جۇجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىپ كەتكەنلىكى، جۇجانلارنىڭ كۈچ تەسىرى تارىم ئويمانلىقى ۋە تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدىن چېكىنىپ چىققانلىقى، ئېفتالىتلارنىڭ كۈچ تەسىرى قاڭقىللارنى تىزگىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېفتالىتلار جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا

ئېرىشكەن، بۇ ھال ئېفتالىتلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى خاندانلىقلىرى بىلەن بىرقەدەر قويۇق ئالاقە ئورنىتىشىغا ۋە شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. پەقەت VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېفتالىتلار زاۋالغا يۈز تۇتقان چاغدىلا، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار توغرىسىدىكى خاتىرە كۆرۈلمەيدىغان بولغان.

مىلادى V ئەسىردىن VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بولغان بۇ مەزگىل ئىچىدە، ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ئىدى. ئۇ پېرسىيىنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ھىندىستانغا ھۆكۈم سۈرۈپلا قالماي، جۇجانلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنىمۇ توسقان. لېكىن ئۇمۇ تارىختىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچىلار قۇرغان قۇدرەتلىك دۆلەتلەرگە ئوخشاش، تېزلا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەنە تېزلا يوقالدى.

## 3 - بۆلۈم مىلادى III ئەسىردىن VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى

ئۇلۇغ توخرىلار دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى راۋاجلىنىپ، گۈللەنگەن باسقۇچقا يەتكەن قۇللۇق تۈزۈمگە يېتىپ كەلگەندى. مىلادى III ئەسىردىن كېيىن، ئۇ زاۋالغا يۈز تۇتۇش باسقۇچىغا قاراپ ماڭدى ھەمدە تەدرىجىي يوسۇندا فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ جەمئىيەت

ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى توغرىسىدا بىزنىڭ كۆرگىنىمىز — ئاساسەن بەزى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلاردىن تېپىلغان ماتېرىياللاردۇر. يېقىنقى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيە خىزمىتى خارەزىم رايونىدا كۆپرەك ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىياللار شۇ جەمئىيەتتە فېئوداللىق مۇناسىۋەتنىڭ تەدرىجىي يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، شەھەرلەر نىسپىي ھالدا خارابىلاشقان. ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ كۈچەيگەنلىكى قورۇق (جۋاڭيۈەن) لەرنىڭ بىر - بىرلەپ مەيدانغا كەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قورۇقلارنىڭ ئەتراپىغا قورۇق تام قوپۇرۇلغان ھەمدە بۇ قورۇقلار تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ قەلئەگە ئايلانغان، ئېكىنچىلەر ئاستا - ئاستا ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ، يەر ئۈستىگە باغلىنىپ، قورۇق ئىگىلىرى (فېئوداللار) نىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ قورۇق ئىگىلىرى، يەنى زور مىقداردىكى يەر - زېمىننى ئىگىلىۋالغان ئاقسۆڭەكلەر شۇ زاماندا «دېھقان» دەپ ئاتالغان («دېھ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەنت دېگەن بولىدۇ، قان ياكى قاھان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى سەردار دېگەن بولىدۇ، «دېھقان» دېگەن سۆز كەنتنىڭ سەردارى، يەنى باشلىقى دېگەن بولىدۇ). «دېھقانلار» (ھازىرقى مەنىدىكى دېھقانلار ئەمەس، شۇ زامانىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ت) قەلئە ئىچىدە تۇرۇپ، بارلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى، ئۇلار گويا بىر بەگلىكنىڭ بېگىگە ئوخشايتتى. ھەربىر قورۇقنىڭ مەركىزىدە ناھايىتى ئېگىز راۋاق بولۇپ، ئۇنى ئەسكەرلەر ساقلايتتى. قورۇق تامىنىڭ سىرتى تېرىلغۇ يەر، مېۋىلىك باغلار بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى

20 — 30 كىلومېتىر كېلەتتى. قەلئە سىرتىدا يەنە بازارلار ھەمدە كەڭ كۆلەملىك سۇنئىي سۇغىرىش تورلىرى بولۇپ، بۇلار قورۇق ئىگىلىرىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بازار ئاساسىدا شەھەرلەر بارلىققا كەلگەنىدى، ھەربىر قورۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەكىللەنگەن شەھەرلەر بىر مۇستەقىل دۆلەتكە باراۋەر ئىدى. ناتۇرال ئىگىلىك شارائىتىدا، ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىشى بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقاقلىقنى ۋە نۇرغۇن ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەيلى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ياكى ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولسۇن، ھەممىسى يۇقىرىدىلا تۇرۇپ، باج - پاراق ئېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى بىلەن كارى بولمىغانىدى.

ئاھالىنىڭ ئاساسىي ئاممىسى يەنىلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دېھقانلار (ھازىرقى مەنىدىكى دېھقانلار — ت) شال، بۇغداي، قوناق، ئارپا، ماش - پۇرچاق، بېدە قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى ۋە ئۈزۈم، قوغۇن - قاپاق قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرەتتى، ئېھتىمال كېۋەزمۇ تېرىغان بولۇشى مۇمكىن. جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا، نىشاپۇر ۋە كېبۇت (كېشبۇر، كېبۇدانا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەللىرىنىڭ «يېرى تۈزلەڭ، شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا باب، ھەر خىل مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ.» تاشكەنت (چاج، چاش، شاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ت) ئېلىدە «تېرىق، بۇغداي تېرىلىدۇ، ئېسىل ئاتلار كۆپ چىقىدۇ.» سەمەرقەند (ماركاندا، سېمىسكەنت دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ت) ئېلىدە «تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلىدۇ، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق راۋاج تاپقان، دەل - دەرەخلىرى بۈك - باراقسان.»

ئۇددىيانا ئېلىدە «دەل - دەرەخ، باغ - باراڭ كۆپ، ئېتىزلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئارقىلىق سۇغىرىلىدۇ، شال، بۇغداي كۆپ تېرىلىدۇ.» جاگۇدا (جاگۇدا ۋاردانا دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ت) ئېلىدە «شال، تېرىق، پۇرچاق تۈرلىرى كۆپ تېرىلىدۇ.» كەشمىر ئېلىدە «ھەرخىل زىرائەتلەر تېرىلىدۇ، باغلار ئوغۇتلىنىدۇ. ئېتىزلىرى زەيلىك، شال تېرىشقا باب كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن چارۋىچىلىق يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئېفتالىتلارنىڭ بەزىلىرى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق يەنىلا ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. مەسىلەن، سۇڭ يۈن ئۇچراتقان ئەھۋالدەك: «تۇرغان ماكانىدا شەھەر يوق، ئەلنى كۆچمەن ھەربىيلەر ئارقىلىق ئىدارە قىلىدۇ، ئولتۇرىدىغىنى كىگىز ئۆي، ئوتلاق ۋە سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ، يازلىقى سالقىن جايغا، قىشلىقى ئىللىق جايغا بېرىۋالىدۇ». ئېفتالىتلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ پاكىتى مۇنداق: «شىمالىي سۇلالە تارىخى. ئېفتالىتلار تەزكىرىسى»دە ئۇلارنىڭ خانى تىلغا ئېلىنىپ: «توخباتىنىڭ يەنچېڭ شەھىرى خان تۇرىدىغان شەھەردۇر. بۇ شەھەر ئون كۋادرات چاقىرىم (بەش كۋادرات كىلومېتىر — ت) دىن ئارتۇق» دەپ ئېنىق ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مىلادى 588 - يىلى تۈركلەر تۇنجى قېتىم شەرقىي رىمغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، پادىشاھ جۇستىنىئان II ئۆزى مەغلۇپ قىلغان ئېفتالىتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، «ئۇلار شەھەردە تۇرامدۇ يا يېزىدا تۇرامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، تۈرك ئەلچىسى: «ئۇلار شەھەر قەبىلىلىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا

ئاسىيا رايونلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت يالغۇز ئېفتالىتلارلا ئەمەس، بۇنى ھەرقايسى جايلاردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلاردىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، پەرغانىدىن چىقىدىغان مەشھۇر ئات (چىلانتوروق) دەپ ئاتىلىدۇ. توخارىستاننىڭ «تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە دۈلدۈللار بار، ھەر يىلى ئاتلارنى ئۆڭكۈرگە ئاپىرىپ باقسا، چوقۇم ئېسىل تاي تۇغۇلىدۇ.» شۇڭا، ئۇ جايدىن «ئېسىل ئات، تۆگە، قېچىر» چىقىدۇ. سەمەرقەند ئېلىدىن «ئات، تۆگە، ئېشەك، كالا چىقىدۇ.» بۇخارا ئېلىدە «تېرىق، بۇغداي تېرىلىدۇ، ئېسىل ئات چىقىدۇ.» مانا بۇلار شۇ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىمۇ ناھايىتى مول. بۇنىڭدىن مەشھۇرلىرىدىن، مەسىلەن، چاش (تاشكەنت) ئېلىدىن «ئېسىل تۆمۈر» چىقىدۇ. مايمارغ (مىماھا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېلىدىن «ئالتۇن، قاشتېشى چىقىدۇ، تۆمۈرمۇ كۆپ چىقىدۇ». غەزنى ئېلىدىن «قىزىل تۇز» چىقىدۇ. خارەزىمدىن «كۈمۈش چىقىدۇ». كەشمىردىن «ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي» چىقىدۇ. سوغدىيانادىن «ئالتۇن، نۈشۈدۈل» چىقىدۇ. پەرغانىدىن «گېل، ئالتۇن، تۆمۈر» چىقىدۇ. كېبۇت ئېلىدىن «ئالتۇن، كۈمۈش، قۇيزەم» چىقىدۇ. گېئولوگىيىلىك قىدىرىشلارغا ئاساسەن، بىز يەنە خوجەندنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تاغدىن مىس بىلەن كۈمۈش چىقىدىغانلىقىنى، بەدەخشاندىن كۆك ئالتۇن تېشى بىلەن لەئىل (قىزىل ياقۇت) چىقىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭا، ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈر تاۋلاش، مىس تاۋلاش، تۈرلۈك مېتال سايمان ۋە ھەربىي قورال - ياراقلارنى ياساش ھەمدە توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، نەققاشلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك

ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان. تارىخ كىتابلىرىدا
كەشمىرنىڭ «ئادەملىرى ئۇستا ھۈنەرۋەن، خەت ئويۇپ
نەقىش سالىدۇ، گىلەم توقۇيدۇ، ئۇ يەردىن ئالتۇن، كۈمۈش،
مىس، قەلەي چىقىدۇ، بۇلاردىن جابدۇقلارنى ياسايدۇ» دەپ
خاتىرىلەنگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار خوجەند ئېلىدە
ئالتۇن جابدۇق ۋە ئۈنچە - مەرۋايىت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان
قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بارلىقىنى، بولۇپمۇ شۇ چاغلاردا
ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن مىسىرلىقلار ئىجاد
قىلغان ئەينەك ياساش ئۇسۇلى ۋە سىرلىق ساپال (كاھىش)
ياساش ئۇسۇلىنىمۇ ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.
جۇڭگولۇقلارنىڭ سىرلىق ساپال ياساشنى ئۆگىنىشى ئوتتۇرا ئا-
سىيالىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن.
مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
تەيۋۇدى خانى توكباتو دەۋرىدە (424 — 439)، ئۇلۇغ
توخرىلارنىڭ «سودىگەرلىرى پايتەختكە كەلگەن. ئۆزلىرىنىڭ
تاشتىن رەڭگارەڭ سىرلىق ساپال قۇيۇپ چىقىرالايدىغانلىقىنى
ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن تاغدىن مەدەن قېزىپ كېلىپ، ئۇنى
پايتەختتە قۇيۇپ چىققان، ساپاللارنىڭ پارقىراقلىقى ھەم
رەڭگىنىڭ گۈزەللىكى غەربتىن كەلگەنلەرنىڭكىدىن ئېشىپ
چۈشكەن. شۇڭا، خان، يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى ئوردىغا
كەلتۈرگەن، ئوردىغا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم كىرگەن، سىرلىق
ساپاللاردىن چاقناپ چىققان رەڭگارەڭ نۇرلارنى كۆرگەن بۇ
كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، بۇنى ئەۋلىيا ياسىغان بولسا
كېرەك دەپ ئويلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دۆلەت ئىچىدىكى
سىرلىق ساپاللارنىڭ قىممىتى چۈشۈپ، كىشىلەر ئۇنى قەدىر-
لىمەيدىغان بولغان».

ئوتتۇرا ئاسىيالىق سوغدلار ئىلگىرىدىنلا سودىگەرچىلىك بىلەن مەشھۇر ئىدى. تارىختا ئۇلار «سودىغا ماھىر، باشقا تائىپىلەر سودا قىلىشتا، كۆپىنچە شۇلارنىڭ ئېلىگە بارىدۇ» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسىي رولى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىدا بولىدىغان يىپەك سودىسىنىڭ ۋاستىچىلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار يىپەك ماللارنى ئېلىپ تەرەپ - تەرەپكە ئاپىرىپ ساتاتتى، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم ئويمانلىقى، خېشى كارىدورىدىن تاكى چاڭئەن، لوياڭغىچە بولغان يىپەك يولى بويىدىكى جايلاردا ئۇلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىغانىدى. بىر قىسىم سوغدىلار بۇ جايلاردا ماكانلىشىپ، ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىلەر رايونىنى قۇرغان ئىدى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ خاندانلىقىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى يېزىلغان «شاجۇ - ئېۋىرغۇل ئايمىقى تەزكىرىسى» نىڭ فراگمېنتلىرىدا كىرورەن، پىشامشان يېڭى شەھرى، قويمال شەھرى، سابى قاتارلىق جايلاردىكى سوغدىلارنىڭ ئائىلىلەر رايونى تىلغا ئېلىنغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا، سوغدى سودىگەرلىرى دەسلەپتە كۆپرەك لياڭجۇ دىيارىغا بېرىپ مال ساتاتتى. ۋېي خانلىقى گۇزاڭ ناھىيەسىنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى كۆرگەن» دېيىلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان رەڭلىك ساپال ياساش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن ئۇلۇغ توخرىلارمۇ سودىگەرلەر ئىدى. جۇڭگو ۋە غەرب مەنبەلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغلاردا يىپەك يولىدا توشۇپ سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدە، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى بولغانىدىن باشقا، رەڭلىك ساپال، پۇراقلىق ماتېرىياللار، گۆھەر، بوياق ماتېرىياللىرى (رەڭ)، تارىخ كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىمنىڭ مەرۋايىتى،

كېچىدە نۇر چاچىدىغان زۇمرەت تېشى، ئېسىل قاشتېشى، مارجان تېشى؛ ئىراننىڭ ئامۇت، ساپال سىرى، خىرۇستال، شايى، كىمخاب، كۆركۆم، سۆخې، قارىمۇچ، موم، مەرۋايىت، ھېقىق، كەھرىۋا، مارجان، سۈرمەل قاتارلىق ماللىرى؛ بابىلوننىڭ گىلىمى؛ مىسىرنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى؛ ھىندىستاننىڭ سەندىلى، ھاتى مەرۋايىتى قاتارلىقلار بار ئىدى.

مەيلى ئۇلۇغ توخرىلار دەۋرىدە بولسۇن ياكى ئېفتالىتلار دەۋرىدە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مۇشۇ سودا يولىنى كونترول قىلىش بىلەن غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشكەن. كاسپىي دېڭىزى ياقىسىدىكى سودا پورتلىرىنىڭ ھەممىسى ئېفتالىتلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار ئىران، ۋىزانتىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگو بىلەن بولىدىغان سودىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى. ئوخشاشلا ساسانىيلار سۇلالىسىمۇ سودىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان، يىپەك يولىنىڭ ئىراندىن ئۆتىدىغان قىسمىنى ساسانىيلار كونترول قىلىۋالغانىدى. ئېفتالىت ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئىلگىرىكى باكترىيە ۋە ئۇلۇغ توخرىلارغا ئوخشاش مېتال پۇل چىقىرىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئوبوروت ۋە خەلقئارا سودا ئېھتىياجىنى قامدىغان. ئارخېئولوگلار ئېفتالىتلارنىڭ كۈمۈش پۇلىنى تېپىپ چىقتى. بۇ كۈمۈش پۇلنىڭ ئۈستىگە تېخى تونۇلمىغان بىر خىل يېزىق بېسىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئېفتالىت يېزىقى ئىكەن. بەزى تەتقىقاتچىلار: بۇ خىل پۇل ئىراندا قويۇلغان، چۈنكى ئۇ چاغدا پېرسىيە خانى ئېفتالىتلارغا ئولپان تۆلەيتتى، شۇڭا، بۇ پۇلنى ئېفتالىتلار ئۇچۇن ئالاھىدە قويۇپ بەرگەن دەپ قارىماقتا. يەنە باشقا بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، بۇ پۇلنى ئېفتالىتلار ئۆزى قويغان دەپ قارايدۇ. ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ

كۈمۈش پۇلى ئېفتالىتلارغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا كەڭ تۈردە كىرىپلا قالماي، جۇڭگوغىمۇ كىرگەن. بۇ خىل كۈمۈش پۇل ھازىرمۇ زور مىقداردا تېپىلدى. شىيانەينىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودىن تېپىلغان پېرسىيە كۈمۈش پۇلى 1174 دانىگە يەتكەن. چۈنكى، شۇ زاماندا جۇڭگو ئافغانىستان ئارقىلىق پېرسىيە بىلەن قاتناش - سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. جۇڭگودىن تېپىلغان ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ كۈمۈش پۇلى ئىچىدە شاپۇر II (310 — 379) ۋە ئۇنىڭ ئىككى ۋارىسىنىڭ پۇلى ئەڭ بۇرۇن. كېيىن پېرسىيە خانى پىرئۇز ئېفتالىتلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ئولپان تاپشۇرىدىغان، زېمىنىنى بۆلۈپ بېرىپ پۇل تۆلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، ئېفتالىتلار پېرسىيىدىن ئالغان تۆلەم پۇلىنى جۇڭگو بىلەن سودا قىلىشقا ئىشلەتكەن، شۇڭا پىرئۇز دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پېرسىيە كۈمۈش پۇللىرى جۇڭگوغا كۆپلەپ كىرگەن. شىيانەي يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، جۇڭگو بىلەن پېرسىيىنىڭ ئالاقىسى قويۇق بولغان، پەقەت مىلادى 455 - يىلىدىن 521 - يىلىغىچە بولغان 66 يىل ئىچىدىلا، پېرسىيە جۇڭگوغا 10 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، بىرنەچچە قېتىمدا ئېفتالىتلارنىڭ ئەلچىلىرى بىلەنمۇ بىللە كەلگەن. دىققەتنى ناھايىتى تارتىدىغىنى شۇكى، بىر راۋاقنىڭ ئۇلىدىن تېپىلغان كۈمۈش پۇللار ئىچىدە يېزداگىرد II (438 — 457) زامانىدىكى بىر دانە كۈمۈش پۇل بولۇپ، پۇلنىڭ گىرۋىكىگە بىر قۇر ئېفتالىت يېزىقى بېسىلغان، بۇ، پېرسىيە، ئېفتالىت ۋە جۇڭگو ئۈچ ئەلنىڭ

مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ①. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ مېتال پۇل چىقارغان، مەسىلەن، بۇخارانىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى پېرسىيىنىڭ بەھرام V (421 — 438) نىڭ پۇلىغا تەقلىد قىلىپ مېتال پۇل چىقىرىپ، بۇ پۇلنى «بۇخارا. خۇدات» دەپ ئاتىغان. تەتقىقاتچىلار بۇ خىل مېتال پۇل V ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 40-يىللىرىغىچە بۇخارادا قۇيۇلغان، دەپ قارىماقتا. يەنە خارەزىممۇ ئۆز ئالدىغا پۇل چىقارغان. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى تاۋار سودىسى ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسېرى قويۇقلىشىش، يىپەك ماللار سودىسى تېخىمۇ جانلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە راۋاجلانغان. بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىنى مىسالغا ئالساق، بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداق بولغانكى، جۇڭگودىن غەربىي رايونغا بۇددا دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغان راھىبلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، ئوخشاشلا غەربىي يۇرتتىن جۇڭگوغا كېلىپ دىن تارقاتقۇچى راھىبلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇ چاغدا جۇڭگو ۋېي، جىن، شىمالىي، جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى ئاستىدا، مىلتارىستلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئېغىر زۇلۇم — كۈلپەت، قاتتىق ئازاب — ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى. بىپايان ئالەمدە جانغا ئارام بەخش ئېتىدىغان جەننەت قەيەردە؟

---

① شيانەي: «جۇڭگودىن تېپىلغان پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش پۇلى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1974 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان.

كىشىلەر ئۆز ئۆمىدىنى ئۇ ئالەمدىكى جەننەتتىن كۈتۈشكىلا مەجبۇر بولغان. بۇ هال بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زېمىن هازىرلاپ بەرگەن. جۇڭگودا بۇددا دىنى مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە راۋاجلانغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا بۇددا دىنىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارغان راهىبلاردىن ئەڭ بۇرۇن بارغىنى يىڭچۈەندىن جۇشىشىڭ بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۇدۇنغىلا بارالىغان. كېيىن، جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، غەربكە بېرىپ بۇددا دىنىنى تەھسىل قىلىش پائالىيەتلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. تاڭ يۈكتۈڭنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، جەمئىي ئون نەچچە تۈركۈمگە يەتكەن① بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى فاشيەن ئىدى. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىمالىي ۋېي خانلىقىدىن بارغانلاردىن ئەڭ مەشھۇر بولغىنى سۇڭ يۈن، خۇيشېڭ قاتارلىقلار ئىدى. فاشيەن مىلادى 399 - يىلى ساۋاقداشلىرى خۇيجىڭ، داۋ جېڭ، خۇيىيىڭ، خۇيزەي قاتارلىقلار بىلەن بىللە چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، 402 - يىلى پامىردىن ئۆتۈپ شىمالىي هىندىستانغا بارغان، ئۇ يەردىن يەنە دارېل (Dârl) ئارقىلىق هىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇددىيانادۆلتىسىنى كېزىپ، سۋات (Swat)، قاندەهار، پېشاۋەر ئەللىرىگە يېتىپ بارغان. ئاندىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ ئوتتۇرا هىندىستانغا بېرىپ، گانگ دەرياسىنى بويلاپ دېڭىز ئېغىزىغا يېتىپ بارغان، ئۇ يەردىن كېمىگە ئولتۇرۇپ

① تاڭ يۈكتۈڭ: «خەن، ۋېي، شەرقىي ۋە غەربىي جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ بۇددا دىنى تارىخى»، 1 - قىسىم، 378 — 380 - بەتلەر.

سىبىلانىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەن. سۇڭ يۈن مىلادى 518 -
يىلى لوياڭدىن چىقىپ، 519 - يىلى قىشتا غەربتىكى ئېفتا-
لىتلار دۆلىتىگە يېتىپ بارغان، يەنە داۋاملىق يۈرۈپ ھىندىس-
تانغا بېرىپ، 521 - يىلى قايتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ غەربكە
قىلغان سەپىرى بۇددا دىنى تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سەپەر خاتىرىلىرى ئوتتۇرا
ئاسىيا تارىخى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان.
مەسىلەن، «ۋېينامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە» پۈتۈنلەي
سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسىگە ئاساسەن يېزىپ چىقىلغان.
فاشيەننىڭ خاتىرىسىدە: دارىل دۆلىتىدە «نۇرغۇن راھىبلار
بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھىنايانا تەلىماتىغا ئەمەل
قىلىدىكەن»، ياغاچتىن ياسالغان چوڭ بۇت ھەيكەل بار
ئىكەن؛ ئۇددىيانا دۆلىتىدە «بۇددا دىنى ناھايىتى ئەۋج ئالغان،
مەشھۇر راھىبلار تۇرغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتخانا
ئىكەن، جەمئىي 500 ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ھىنايانا تەلىماتىغا ئەمەل قىلىدىكەن»؛ قەندەھار دۆلىتىدە «چوڭ
راۋاقلار سېلىنغان، راۋاقلار ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن بېزەل-
گەن، بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ھىنايانا تەلىمىگە
ئەمەل قىلىدىكەن»؛ پىشاۋەر دۆلىتىدە «بىز كۆرگەن جايلار-
دىكى راۋاق - ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسىلا ناھايىتى
كۆركەم - گۈزەل بولۇپ، تەڭداشسىز ھەيۋەتلىك ئىكەن» دەپ
يېزىلغان. سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسىدىكى بايانلاردىن،
ئېفتالىتلارنىڭ بۇتقا چوقۇنمايدىغانلىقى ۋە بۇددا دىنىغا قار-
شى تۇرىدىغانلىقىمۇ بىزگە مەلۇم بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن:
«تۆت تائىپە ئىچىدە (ئېفتالىتلار) ئەڭ كۈچلۈك ئىكەن، ئۇلار
بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىكەن، ھەممە ئىشتا ئىلاھقا
سېغىنىپ، مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر - نۇسرەت ئۆتكۈزىدىكەن».

ئۇ بىسىپ ئۆتكەن ئۇددىيانا دۆلىتى يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. قەندىھار ئېلىدىكى خەلقلەر «بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن»، «لىچىن خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىككى ئەۋلاد داۋام قىلغان. ئۇنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى ياۋۇز بولۇپ، دەمشە قىرغىنچىلىق قىلىدىكەن، بۇددا دىنىغا ئىشەنمەيدىكەن، روھ - ئەرۋاھلارغا نەزىر چىراغ قىلىدىكەن». قارىغاندا، ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىغا ناھايىتى ئېغىر زەربە بەرگەن.

مائۇريا (Maurya) سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ھىندىستاندا بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى رايونى گانگ دەرياسى ۋادىسىدىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا يۆتكەلگەن ھەمدە تېزلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان. مەسىلەن، كانىكىيە دۆلىتى «بۇددا نوملىرىنى غوز كىتابى دەپ ھۆرمەتلىگەن». توخارىستان دۆلىتى «بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان». شۇڭا، بۇ مەزگىللەردە جۇڭگوغا كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچى راھىبلار ئىچىدە، بۇرۇنقىنىڭ ئەكسىچە، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھىندىستانلىقلاردىن كۆپ بولغان. مېنىڭچە، ئېفتالىتلارنىڭ بۇددا دىنىغا زەربە بەرگەنلىكى زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا راھىبلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولۇپ، نوملارنىڭ بىرمۇنچىسى سانسكرىت يېزىقىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان بولماستىن، غەربىي رايوندىكى غوزلارنىڭ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

بۇددا دىنىدىن باشقا، زوروئاستېر (ئاتەشپەرەستلىك) دىنىمۇ قايتا گۈللىنىپ، راۋاجلانغان ۋە تارقالغان. مىلادى VII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بۇ دىن ئارساك خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىر مەزگىل سۇسلىشىپ قالغان. ئارساك خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئاندىن ئاستا - ئاستا جانلانغان. ساسانىيلار سۇلالىسى ئارساك خاندانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەندىن كېيىن، بۇ سۇلالە ئىراننىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش، زوروئاستېر دىنىنى جانلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ دىققەت مەركىزى قىلغان. زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا» بولۇپ، بۇ كىتاب ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى ئارداشىر دەۋرىدە، بۇيرۇق بويىچە توپلاپ - رەتلەپ تۈزۈپ چىقىلغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان «ئاۋىستا» زوروئاستېردىن تارقاتقان مەزگىللەردە ئاغزاكى ئېيتقان دىنىي تەلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى چاغلاردا تۈزۈپ چىقىلغان مەدھىيە ۋە چۇۋالچاق قائىدە - يوسۇن، نىزام - تەرتىپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زوروئاستېر دىنى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەسىرىنىڭ بېتىپ بېرىشى بىلەن، زوروئاستېر دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان. تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، كانكىيىدە «غوز قانۇنلىرى بار، زوروئاستېر دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىمۇ سېلىنغان، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار جازالانغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇ دۆلەتتە زوروئاستېر دىنى بۇددا دىنى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. «لياڭنامە» دە، ئېفتالىتلار دۆلىتىدە كىشىلەر «ئاسمان ئىلاھى ۋە ئوت ئىلاھىغا چوقۇنىدىكەن» دېيىلگەن،

بۇ، ئېفتالىتلارنىڭمۇ زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. زوروئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشىمۇ شىمالىي ۋېي دەۋرىدە بولغان①.

يەنە باشقا بىر مۇھىم دىن — مانى دىنى، بۇمۇ پېرسىيىدە مەيدانغا كەلگەن. مانى — بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئەل بىرۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئادەم مىلادى 215-يىلى ياكى 216-يىلى تۇغۇلغانمىش. مانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بابىلوننىڭ نەھر-قۇتھا رايونىنىڭ ماردىنۇ كەنتىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ پۇتى توكۇر ئىكەن، ئۇ بىر دىننى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن 25 ياش ۋاقتىدا، يەنى مىلادى 241 - يىلى، پېرسىيە خانى شاپۇر I (241 — 272) گە تاج كىيدۈرۈش مەرىكىسىدە، شاپۇر I ئۇنىڭ ئۆز دىنىنى جاكارلىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئۇنىڭ تەرغىب قىلغان دىنىي ئەقىدىسى بىر خىل زاھىدلىق (تەركىدۇنياچىلىق) بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان ماددىي دۇنيا، ماھىيەتتە جىنايى دۇنيامىش. شۇڭا، بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن بۇ جىنايى دۇنيادىن خالىي بولۇش لازىممىش. جۈملىدىن نىكاھلىنىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇق - نەسلىنى كۆپەيتىشىمۇ جىنايەت ھېسابلىنارمىش. ئۇ گۆشسىز تاماق يېيىشنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. مانى دىنى بىلەن زوروئاستېر دىنىنىڭ ھەر ئىككىسى دۇئالىزمنى تەرغىب قىلىدۇ. بىروۋن (Brown) بۇ ئىككى دىننى خرىستىيانلاشقان زوروئاستېر دىنى دېگەن. مانى تەرغىب قىلغان بۇ دىن دەسلەپكى چاغلاردا پېرسىيە خانىغا ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا مانى نەزەردىن چۈشۈپ،

① جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 3 - قىسىم، 141 - بەت.

سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ تەرەپ - تەرەپتە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستان، كەشمىرلەرگە ۋە جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونىغىمۇ بارغانىكەن. مىلادى 272 - يىلى شاپور I ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن پېرسىيىگە قايتىپ بارغان. شاپۇر I نىڭ ۋارىسى ھورمۇز I مانىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ ئەركىن ھالدا ئۆز دىنىنى تەرغىب قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى نۇرغۇن مۇرىتقا ئىگە بولغان. لېكىن ھورمۇز تەختتە ئاران بىر يىللا ئولتۇرالىغان، ئۇنىڭ ۋارىسى بەھرام I مانى دىنىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مانىنى قاماققا ئالغان. بەھرام مۇنداق دېگەن: «بۇ ئادەم كىشىلەرنى بۇ دۇنيانى گۇمران قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىشتىن بۇرۇن ئۇنى يوقىتىش كېرەك». بىرۇنى مۇنداق دەيدۇ: «بەھرام مانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىپ تولدۇرۇپ، گونديساپۇر شەھىرى-نىڭ قوۋۇق بېشىغا ئېسىپ قويغان، بۇ قوۋۇق ھازىرمۇ مانى قوۋۇقى دەپ ئاتىلىدۇ».

گەرچە مانى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان دىنى يوقىلىپ كەتمىگەن، ئەكسىچە، مانى دىنى بابىلوندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند رايونىدا كەڭ تارقالغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق رايونلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. غەرب تەرەپتە بولسا، ياۋروپادىكى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر، كارفاگىنغا تارقالغان.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، مانى نۇرغۇن كىتاب يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ بۇرۇن يازغان كىتابىنى شاپۇر I گە تەقدىم

قىلىش ئۈچۈن، ئۇ كىتابنى پەھلىۋى يېزىقىدا يازغان. قالغان ئەسەرلىرىنى سۈرىيە يېزىقىدا يازغانىكەن. ئۇ ئارامىيە يېزىقىغا ئاساسەن بىر خىل يېزىق ئىجاد قىلغان. ئۇ يەنە رەسسام بولغاچقا، ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرى ھەم تېكىستلىك، ھەم رەسىملىك كىتابلار ئىكەن. ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۈرگۈندىكى مەزگىلىدە، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىنمۇ نۇرغۇن مۇرىتلارغا ئىگە بولغان. ئۇ چاغدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بولغان. كېيىنكى چاغلاردا، تۈركچە ۋە سوغدىچە يېزىقتا يېزىلغان مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب تېپىلدى.

يەنە نېستورىيان مەزھىبىدىكى خىرىستىئان دىنى. بۇ دىنىي مەزھەب مىلادى V ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن①. بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى نېستورىئۇس (؟ — 451) بولۇپ، سۈرىيىلىك كىشى. ئۇ مىلادى 428 — 431 - يىللىرى ئارىلىقىدا كونستانتىنوپولدا دىنىي ئىشلار بويىچە ئەڭ چوڭ مۇتەۋەللى بولۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى 435 - يىلى بىدئەت دەپ ئەيىبلىنىپ، ئۆزى سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ چاغلاردا، پېرسىيىنىڭ ساسانىي خاندانلىقى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە بولغاچقا، شەرقىي رىمدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قوغلانغانلىقى كىشىلەر پېرسىيىگە كەلسە قوغدالغان ۋە كەچۈرۈلىككە ئېرىشكەن. شۇڭا، نېستورىئۇس ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پېرسىيىگە قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە باش دىنىي جەمئىيەت قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن

① گىببوننىڭ «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىش تارىخى»غا قاراڭ.

نېستورىيان دىنى پېرسىيىدە بىر مەزگىل خېلى راۋاج تاپقان، ھەتتا پېرسىيىنىڭ بىرمۇنچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. پېرسىيە خانى ئۇنى بىرقەدەر چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن 567 - يىلىغا كەلگەندە، خۇسرۇۋ I شەرقىي رىم ئىمپېراتورى جۇستىنىئانۇس بىلەن 50 يىللىق سۈلھ شەرتنامىسى تۈزگەن، شەرتنامىدە پېرسىيىنىڭ ئۆز زېمىنىدا خرىستىئان دىنىغا كەمچىلىك قىلىشى بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، نېستورىيان دىنى ئاستا - ئاستا خۇراسانغا، باكترىيىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقىلىپ بارغان. نېستورىيان مۇرىتلىرى قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە پەننىي ئەسەرلەرنى پارس يېزىقىغا ياكى سۇرىيە يېزىقىغا تەرجىمە قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسى ئاساسەن شۇلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان. فرانسۇز ئالىمى كلېمېنت خۇئارت مۇنداق دەيدۇ: نېستورىيان مۇرىتلىرىنىڭ پېرسىيىدە ماكانلىشىپ تۇرۇپ قېلىشى ئۇ دىنىنىڭ ئاسىياغا تارقىلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى، ئۇلار بۇ دىننىڭ تەسىرىنى ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرتىدىكى ناھايىتى يىراق يەرلەرگە، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە جۇڭگو زېمىنىغىچە ئېلىپ باردى. سۇرىيە يېزىقىمۇ ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىشىغا ئەگىشىپ تارقالدى. مەسىلەن، كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلارمۇ بۇ خىل يېزىقنى قوللانغانىدى①. نېستورىيان دىنى كېيىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا يېتىپ كىرگەن.

---

① خۇئارت: «قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئىران مەدەنىيىتى»، 1927 - يىل نەشرى. ئىلاۋە: مىڭ سۇلالىسى تيەنچى خانىنىڭ 5 - يىلى شىئەندە تېپىلغان «رىم نېستورىيان دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىغا ئائىت ئابىدە» خەنزۇچە ۋە سۇرىيىچە يېزىقتا ئويۇلغان.

قەدىمكى زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، تۇرلۇك مەدەنىيەتلەر دىن بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ھەمدە دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ مۇناسىپ ھالدا راۋاجلانغان. يېزىقنى ئالساق، يېقىنقى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىپەك يولى بويلىرىدىكى جايلاردىن سوغد يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن پۈتۈكلەر تېپىلدى، بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردا سوغد يېزىقىنىڭ قانچىلىك كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، سوغدىلارنىڭ سودىگەرلىك ۋە دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، خارەزىمنىڭمۇ ئۆز يېزىقى بولغانلىقى بىزگە مەلۇم. ئېفتالىت يېزىقى مېتال پۇللاردا ئۇچرايدۇ. قاروشتى يېزىقى پەنجاپ ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلاردا يەنىلا قوللىنىلماقتا. گۇپتا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ھىندى يېزىقىمۇ توخارىستاندا ئۇچرىغان. شۇڭا، فاشيەن: غەربىي يۇرتتىكى «ھەرقايسى ئەلنىڭ تىلى ئوخشىمايدىكەن، ئەمما راھىبلارنىڭ ھەممىسى ھىندى كىتابلىرىنى ۋە ھىندى تىلىنى ئۆگىنىدىكەن» دېگەن. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەب تىلىنىڭمۇ تارقالغانلىقى بىلەن ئوخشاشلا ئىش.

نەرشاخى① بۇخارانىڭ ۋاراخشاھ دېگەن يېرىدە ناھايىتى ئوبدان سېلىنغان سارايي بار دېگەن. 1947 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىدا 35 كىلومېتر

① نەرشاخى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ئادەم، ئۇ مىلادى 943 - يىلى ئەرەبچە يېزىقتا «بۇخارا تارىخى» دېگەن كىتابنى يازغان.

يىراقلىقتىكى ۋاراخشاھ قەدىمىي شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان
بىر قاتار گېئولوگىيىلىك قېزىشلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى.
ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ شەھەر شۇ چاغدىكى يەرلىك
ھۆكۈمران «بۇخارا خۇدات» نىڭ تۇرغان جايى بولسا كې-
رەك، شەھەر قەلئەسى بىلەن ئوردا دۆڭلۈكنىڭ جەنۇبىي
بېشىدا ئىكەن. شەھەر سېپىلى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان
بولۇپ، راۋاق بار ئىكەن. ئوردا سارىيى شەھەرنىڭ مەر-
كىزىگە سېلىنغان بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى زور، ئۆيلىرى
ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بۇلاردىن ئەڭ بۇرۇنقىلىرى مىلادى III
ئەسىردە، ئەڭ كېيىنكىلىرى VI ئەسىردىن كېيىن سېلىنغان.
كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى تام-
لارغا ناھايىتى نەپىس رەسىملەر سىزىلغان.
مەسىلەن، خان سارىيىنىڭ مەركىزىي زالىنىڭ غەربىي تېمىغا
پىلغا مىنگەن بىر ئادەمنىڭ ئەپسانىۋى ئوبرازلىق بىر يىرتقۇچ
ھايۋان بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر رەسىم
سىزىلغان، يەنە بىر كۆرۈنۈشتىمۇ پىلغا مىنگەن بىر ئادەمنىڭ
يىلپىز بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇ تام رەسىملىرى
پەنجىكەنتتىن تېپىلغان تام رەسىملىرىگە ناھايىتى ئوخشاپ
كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تام رەسىملىرىدە يەنە بىرمۇنچە
ئادەم، ئات، بېلىق، ئۇچار قۇشلار، چەۋەندازلار، ئۆسۈملۈكلەر
ۋە بېشى ئادەم، تېنى قۇشقا ئوخشايدىغان ئاجايىپ مەخلۇق-
لار سىزىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردا سارىيىنى بېزەش
ئۈچۈن قىلىنغان. بەزى تاملارنىڭ گىرۋىكىگە پىلغا مىنگەن
پالۋانلارنىڭ قاناتلىق يىرتقۇچلارنى ئوقيا بىلەن ئېتىۋاتقان-
لىقى سىزىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ تام رەسىملىرىنى مىلادى
IV — VII ئەسىر ئارىلىقىدا سىزىلغان دەپ قاراشماقتا.
ۋاراخشاھ ئوردىسى سوغدىلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ

ياخشى ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامۇ
دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بالالىق تۆپە دېگەن يەردىن
مىلادى III — IV ئەسىرلەرگە ئائىت مۇداپىئە ئىستېھكامى
قېزىلغان، ئۇنىڭدىمۇ تام سۈرەتلىرى بار ئىكەن.

پەنجىكەنتتىكى تام رەسىملىرى سوغدىيانا رايونىدا ئەڭ
ئوبدان ساقلىنىپ قالغان ئەڭ مۇھىم تام رەسىملىرىدۇر. بۇ
شەھەر خارابىسىنىڭ ئورنى سەمەرقەندنىڭ غەربىي جەنۇبىدا
يەنى سەمەرقەندكە 65 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا بولۇپ،
بۇخارا بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر كېلىدۇ.
پەنجىكەنت مىلادى IV، V ئەسىردە بىنا قىلىنغان بولۇپ،
ئەينى چاغدا ئېفتالىتلارنىڭ پايتەختى بولغان. كېيىن، بۇخارا
بىلەن سەمەرقەند باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن،
پەنجىكەنت شەھىرى خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ
شەھەردە ئىلگىرى چوڭ ئىبادەتخانىلار بولۇپ، ئىبادەتخانى-
لارنىڭ تاملىرىدا ناھايىتى كۆپ رەسىملەر بولغانىكەن.
بەزى تام رەسىملىرىدە فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى
سيۇژېتلار تەسۋىرلەنگەن. لېكىن VII ئەسىردىكى ئەسەرلەر كۆپرەك ئىكەن.

خارەزىم ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مىلادى III ئەسىردە
زورو ئاستىر دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئۇلار بىر مۇنچە تېخىمۇ قەدىمكى دىنىي ئۆرۈپ - ئادەتلەرنى
ساقلاپ قالغان. 1938-يىلى قارا قالپاق چېگرىسى ئىچىدىكى
توپلوق - قارا قەلئەسىنى قېزىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان.
بۇ شەھەر مىلادى I ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە خارەزىمنىڭ
پايتەختى بولغان. قېزىلمىلار ئىچىدە بىر ئوردا سارىيىدىن باشقا،
كەم دېگەندە يەنە غايەت زور ئۈچ ئوت ئىلاھى بۇتخانىسى
تېپىلغان. ئۇ يەردە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن
سۈنئىي سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ۋە چوڭ بازار بولغان. ئوردا

ساربيى ئېگىز يەرگە سېلىنغان بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇردا ئىچىدە نەچچە يۈز ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنگەن، يۇقىرى قەۋىتى بۇزۇلغان. قالغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغىمۇ رەسىم سىزىلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى گۈزەل بېزەلگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەرقايسى جايلاردىكى قېزىلمىلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مىمارچىلىق، رەسساملىق، نەپىس سەنئەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇزىكا سەنئىتىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان ھەمدە پېرسىيە ۋە ھىندىستاننىڭ تەسىرىگىمۇ خېلى ئۇچرىغان. تارىخ كىتابلىرىدا، كانكىيىدە «چوڭ - كىچىك داپ، بەرباب، بەش تارلىق غوڭقا بار» دېيىلگەن. سۇڭ يۇنىنىڭ سەپەر خاتىرىسىدە، ئۇددىيانا دۆلىتىدە «داپ، سۇناي، بەرباب، غوڭقا، بالمان، نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بار ئىكەن» دېيىلگەن. بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغىمۇ تارقىلىپ، سۈي، تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

# يەتتىنچى باب
# تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى

## 1 - بۆلۈم تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتى

ئېفتالىتلار تەدرىجىي ئاجىزلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا يەنە بىر كىچىك قەبىلە باش كۆتۈرۈپ چىقتى، بۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان تۈركلەر ئىدى. تۈركلەر ئەسلىدە ئېفتالىتلارغا ئوخشاشلا جۇجانلارنىڭ قارىمىقىدا ئىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، تۈركلەرنىڭ ماكانى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار بولۇپ، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن، شۇڭا، تارىختا ئۇلار «تۆمۈرچى ھۈنەرۋەنلەر»، «جۇجانلارنىڭ تۆمۈرچىلىرى» دەپ ئاتالغان. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك (سۇك) دۆلىتىدىن ئىدى. ئۇلار ھونلارنىڭ شىمالىدا ياشايتتى» دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. بىرونزا قوراللار دەۋرىدىن بۇيان، ئالتاي تاغ

لىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن تاكى سىبىرىيىگىچە بولغان جايلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، خېلى بۇرۇنلا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان، مېتاللىچىلىق سانائىتىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىي قىلغانىدى. بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مىلادى III ئەسىردىن كېيىن، بۇ رايونلار ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. ئارىلىقتا ئۈچ-تۆت يۈز يىل ئۆتۈپ، تاكى سىيانپىلار، جۇرجانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرگە قەدەر، جۇڭگونىڭ «ئېسىل ئالتۇن، ياخشى تۆمۈرلىرى» ئۈزۈلمەي كىرىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قول-ئۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. تۈركلەر جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان مەزگىللەردە، ئۆزلىرى ياسىغان تۆمۈر سايمان ۋە قوراللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئولپان تۆلىگەن بولۇشلىرى مۇمكىن، ئەمما جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نەزەرىدە پۈتكۈل تۈرك مىللىتى ئۇلارنىڭ قۇلى دەپ ھېساب-لانغان. مىللىي زۇلۇم ھۆكۈم سۈرگەن ئۇ دەۋرلەردە، بۇنداق بولۇشى تەبىئىي.

زۇلۇم بولىدىكەن، قارشىلىق بولىدۇ. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى تۈركىي مىللەتلەر، روشەنكى، جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن قاڭقىللار تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەردىن بىرى ئىدى. مىلادى 487 - يىلى قاڭقىللار جۇرجانلارغا قارشى قوزغالغاندا، تۈركلەرمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تۈركلەرنىڭ مۇستەقىل ھالدا تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلۈشى مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باشلانغان. مەسىلەن، قوجۇ خانى چۈيباۋماۋ، چۈيبويالار تۈرك قاغانىنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەنلىكى تۈركلەر بىلەن

قۇجۇ خانلىقىنىڭ چېگرىداش ئېكەنلىكى ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تۈركلەر تەخمىنەن مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆچىيىشكە باشلىغان. VI ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا، تۈركلەر ھەر يىلى قىش پەسلى دەريا مۇز تۇتقاندا سۇيجۇ (ھازىرقى سۇيدىڭ) غا بېرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان①. مىلادى 545 - يىلى، غەربىي ۋېي خانى يۈيۋېنتەي جيۇچۈەنلىك غۇزلاردىن ئاننو پانتونى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. دېمەك، بۇ چاغدا تۈركلەر سەلتەنەتلىك بىر دۆلەت ئىدى.

تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەرگە پۈتۈلگەن ئۆز مىللىتىنىڭ رىۋايەتلىرىدە، تۇمەن قاغان بىلەن ئىستەمى قاغاننى تۈرك مىللىتىنىڭ قەھرىمان ئەجدادلىرى دەپ تەسۋىرلىگەن. جۇڭگو مەنبەلىرىدە: بۇ ئىككىسى ئاكا - ئۇكا، چوڭ يابغۇنىڭ ئوغۇللىرى، تۈركلەر «چوڭ يابغۇ دەۋرىگە كەلگەندە، قوۋمى ئۇلغىيىپ، ئاستا - ئاستا كۆچەيگەن»② دېيىلىدۇ. مىلادى 546 - يىلى تېلى (تۆلۈش) قەبىلىلىرى (ئۇيغۇرلار مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە) جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغاندا، تۈرك قاغانى تۇمەن ئۆز قوۋمىنى باشلاپ توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە تېلىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈنى (ئاھالىسى) نى ئۆزىگە

---

① «جۇ نامە. يۈيۋېن تەرجىمىھالى» گە قارالسۇن، «جۇنامە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1971 - يىل نەشرى (تۆۋەندىكىلىرىمۇ ئوخشاش)، 454 - بەت.

«سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «سۇينامە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1973 - يىل نەشرى (تۆۋەندىكىلىرىمۇ ئوخشاش) 1864 - بەت.

قوشۇۋالىدۇ①. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ. تۇمەن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈككە تايىنىپ، جۇجان خانىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇجانلارنىڭ سەردارى ئانايخان قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەلچى ئەۋەتىش ئارقىلىق تۇمەننى: «سەن مېنىڭ بازغانچى قۇلۇم، ھالىڭغا باقماي مۇنداق جۈيلۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟» دەپ تىللايدۇ. تۇمەن خۇرسىنغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، جۇجان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. مىلادى 552 - يىلى، تۇمەن قوشۇن ئەۋەتىپ جۇجانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، جۇجانلار قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. ئانايخان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇجان خانلىقى يىمىرىلىدۇ ۋە تۇمەن ئۆزىنى ئىلكخان دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ.

تۈركلەر كۈچەيگەندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھونلار ۋە ئېفتالىتلارغا ئوخشاش جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش ئىدى. شۇڭا، تۈركلەر ھەممىدىن ئاۋۋال جۇجانلارنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلارغا بىۋاستە قوشنا بولۇپ قالىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت — ئېفتالىتلارنى يوقىتىش — يۇقىرىقى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر بىر قەدىمى ئىدى.

بۇ چاغدا، ئېفتالىتلار ئاجىزلىشىپ قالغانىدى. ھىندىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى ئېفتالىت خانى ماھىرا كۇلا جەمەتىنىڭ كۈچ تەسىرىنى پەنجاپتىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەن. غەربتە، ئېفتالىتلار ئەمدى پېرسىيىگە تەھدىت سالالمايدىغان بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە، ھەمىشە پېرسىيە خانى كۆپتا

① «جۇنامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «جۇنامە»، 908 - بەتكە قارالسۇن.

تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ تۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى پېرسىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالغان. مىلادى 554 - يىلى، تۈرك قاغانى مۇغان قاغان پېرسىيە شاھى خۇسراۋ I (يەنى بىر ئىسمى نۈشىرۋان، 531 — 579) بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئىككى تەرەپ ماسلىشىپ، 563 — 568 - يىللار ئارىلىقىدا ئېفتالىتلارغا قارشى زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغايدۇ. ئېفتالىتلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرىدۇ، زېمىنىنى تۈركلەر بىلەن پېرسىيە بۆلۈشۈۋالىدۇ. ئىككى تەرەپ كېلىشىپ، ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلىدۇ. ئەرەب مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، پېرسىيە بەلخ، جاغۇدا (يەنى ئاراخوسىيە)، كابۇل، ساغانىيان، توخارىستانلارغا ئىگە بولغان. تۈركلەر تاشكەنت، پەرغانە، سەمەرقەند، بۇخارا، كېش، ناخشابقا ئىگە بولغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر قوۋۇق ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى قىلىنغان ①. ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تۈرك قاغانى موغان قاغان قىزىنى خۇسراۋ I گە بەرگەن، ئۇنىڭدىن ھورمۇز IV

① چاۋانېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 202 - بەت. كېيىنكى ئېيتىشىچە: ئېفتالىتلارمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ، كۇشانلىقلارغا ئوخشاش، پارسلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان. لېكىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە ئاستىراق بولغان. مەسىلەن، تۆۋەنكى توخارىستان، بادغىس (Badghis) ۋە ھېرات قاتارلىق جايلاردا، تۈركلەر قوللايدىغان بەزى كىچىك - كىچىك ئېفتالىت دۆلەتلىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ كىچىك دۆلەتلەر پېرسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېگرىسىغا داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. (گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشى» 3 - بەتكە قاراڭ). يەنە «سوينامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»دە: «تۈركلەر شات (ھەربىي ئەمەلدار) ئەۋەتىپ ئۇنىڭ دۆلىتىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان» («سوينامە» 1854 - بەتكە قاراڭ).

تۇغۇلغان. ئېفتالىتلارنى يوقىتىش ئىشىنى كونكرېت ئورۇندىغىنى ئېھتىمال تۈركلەرنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ يابغۇسى ئىستەمى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ چاغدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر تېخى تولۇق بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولغاچقا، ئېفتالىتلارنى يوقىتىشتىكى تۆھپىنى ئادەتتە مۇغان قاغاننىڭ تۆھپىسى دەپ قارالغان. شۇڭا «سۈي سۇلالىسى تارىخى» دا: «مۇغان ھەم جاسارەتلىك، ھەم پاراسەتلىك بولغانلىقتىن، جۇجانلارنى يوقىتىپ، غەربتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغان» دەپ يېزىلغان. تەبەرىنىڭ «يىلنامە» سىدە، ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ خانىنى ئۆلتۈرگىنى تۈرك قاغانى سىندىبۇ (Sindjibu) دېيىلگەن، مېناندېرنىڭ «يۇنان تارىخى» (فراگمېنت) دا بولسا سىلزىبۇل (Silzibul) ياكى دىزابۇلۇس (Dizabulus) دېيىلگەن. فرانسىيىلىك ئالىم چاۋاننېس تەكشۈرۈپ دەلىللەپ: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستەمىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىسىمنىڭ كېيىنكى يېرىمى يابغۇ (تۈرك سەردارلىرىنىڭ ئۇنۋانى)، ئالدىنقى يېرىمى ئۇنىڭ ئىسمى، شۇڭا ئۇنى سىن يابغۇ (Sinjabgu) دەپ ئاتاش كېرەك① دېگەن. «كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە بولسا: «ئىستەمى تەگرىقۇت قارىمىقىدىكى ئون چوڭ سەردارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلاتتى، 100 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى، غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەردىكى بىرقانچە ئەللەرنى تىنچىتىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون قەبىلە بولۇپ، ئۇ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى» دېيىلگەن. بۇ ئەھۋالمۇ يەنە شۇ ئېفتالىتلارنىڭ يوقىتىلغانلىقىغا قارىتىلغان.

---

① چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 201-بەت.

تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى موڭغۇل يايلىقىدىن تاكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان. خۇددى «جۇنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئېيتىلغىنىدەك: «(مۇغان قاغان تېكىن) غەربتە ئېفتالىتلارنى يوقاتتى، شەرقتە، قىتانلارغا يۈرۈش قىلدى، شىمالدا قىرغىزلارنى قوشۇۋالدى، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى بىرقانچە ئەلنى بويسۇندۇردى، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىنىڭ غەربىدىن، غەربتە غەربىي دېڭىزغىچە بولغان تۈمەن چاقىرىملىق جايلارنى، جەنۇبتا موڭغۇل قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىن، شىمالدا شىمالىي دېڭىزگىچە بولغان بەش ـ ئالتە مىڭ چاقىرىملىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېيىلگەن. تۈركلەر بۇ كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، ئىلگىرىكى ھونلارغا ئوخشاش، شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىمغا ئايرىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر قاغان ئالىي سەردار بولۇپ، نامدىكى بىرلىكنى ساقلاپ تۇرغاپ. ئەمەلىيەتتە، شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىم خېلى چوڭ مۇستەقىللىككە ئىگە ئىدى. خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك: «تۈرك دۆلىتى باشتىن تارتىپ پەقەت بىرلا خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ئەمەس. غەربىي قىسىمدىكى خانلار دەسلەپىدىن تارتىپلا تامامەن مۇستەقىل ئىدى، ئۇلار چەت دۆلەت ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن شەرتنامىلەر تۈزۈشەتتى، ئۇلار ئۈچۈن، كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئالتۇن ئوردىنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى بىرقانچە خانلىرىغا ئوخشاش، چەت دۆلەت ئەلچىلىرىنى شەرقىي

قىسمىغا يوللاپ بېرىش ھاجەت ئەمەس ئىدى»①. كۆچمەن چارۋىچىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، بىز غەربىي تۈركنىڭ ۋىزانتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاسانراق چۈشىنەلەيمىز.

تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ سودا يولى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان بۇ رايوننىمۇ كونترول قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور مەنپەئەتكە ئېرىشكەن. ئۇ چاغلاردا يىپەك سودىسى ۋە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مال ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاساسەن سوغدىيلار ئىدى. ئۇلار تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا ھەدەپ خۇشامەت قىلىپ، ئۆز مەنپەئىتىنى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن. لېكىن، بۇ سودا يولىنىڭ ئەڭ غەربتىكى قىسمى، يەنى ئىران پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ قولىدا بولغاچقا، سوغدىي سودىگەرلىرى پېرسىيىگە بېرىپ سودا قىلماقچى ياكى ئۇ يەردىن ئۆتمەكچى بولسا، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىسا بولمايتتى. شۇڭا سوغدىيلار تۈرك قاغانىنىڭ ساسانىيلار سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، سوغدىي سودىگەرلىرىنىڭ پېرسىيىگە بېرىپ يىپەك سېتىشىغا ۋە چېگرىدىن ئۆتۈشىگە ئىجازەت ئېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. تۈرك قاغانى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، سوغدىي سودىگىرى مانىياخ (Maniach) باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى پېرسىيىگە ئەۋەتىدۇ.

① «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر تارىخىغا دائىر 21 لېكسىيە»، «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» (روسچە نەشرى)، تۆۋەندىكىلىرى ھەم شۇنداق)، 5 - توم 20 - بەت.

بۇ چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ كۈچ تەسىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كېڭىيىشى پېرسىيە ئۈچۈن كۈندىن - كۈنگە تەھدىت بولۇپ، تۈركلەر بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەدرىجىي گەۋدىلىنىشكە باشلايدۇ. ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساسانىيلار خاندانلىقىمۇ جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىدىن بولىدىغان مەنپەئەتنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلەشنى ئويلايدىغان بولغاچقا، سوغدىي سودىگەرلىرىنىڭ پېرسىيە چېگرىسىدىن ئەركىن ئۆتۈشىگە يول بېرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تۈركلەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، سودىگەرلەردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى يېتىپ كېلىپ، چېگرىدىن ئەركىن ئۆتۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پېرسىيە خانى ھەدەپ ئارقىغا سۆرەپ جاۋاب بەرمەيدۇ. سوغدىيلارمۇ تەكرار ئىلتىجا قىلىپ، چىرمىشىپ تۇرىۋالىدۇ. پېرسىيە خانى نائىلاجلىقتىن، ئوردا مەجلىسىنى ئېچىپ بۇنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. بۇ چاغدا، پېرسىيە خانلىق ئوردىسىغا تەسلىم بولۇپ كەلگەن كاتۇلفۇس (KatulPhus) ئىسىملىك بىر ئېفتالىت: سوغدىي سودىگەرلىرىنىڭ سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن يىپەك ماللىرىنى سېتىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۈركلەر بىلەن مادارا قىلمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرسەك بولارمىكىن دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. پېرسىيە خانى ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن يىپەك ماللارنى بىراقلا كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەلچىلەر ئۆمىكى قايتىپ بېرىپ تۈرك خانىغا مەلۇم قىلىدۇ. تۈركلەر بۇ چاغدا تېخى پېرسىيە بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، يەنە ئىككىنچى قېتىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىدۇ.

بۇ قېتىمدا، پېرسىيە خانى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى (ئۈچ - تۆت كىشىلا ئامان قالدى)، بۇ ئىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن: «تۈرك ئەلچىلىرى پېرسىيىنىڭ قۇرۇق ئىسسىق ھاۋاسىغا چىدىيالماي دىمىقتا بولۇپ ئۆلۈپ قالدى. چۈنكى تۈركلەرنىڭ يۇرتىدا دائىم قار يېغىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھاۋاسى بەك ئىسسىق جايدا ئۇلار ھايات ياشىيالمايدۇ» دېگەن ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۈركلەر پېرسىيە بىلەن ئۆچمەنلىشىدۇ.

ئىران بىلەن يىپەك سودىسى قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، مانىياخ يەنە تۈرك قاغانى ئىستەمىگە بىۋاسىتە رىم بىلەن ئالاقە باغلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈرك قاغانى يەنە مانىياخ باشچىلىقىدا بىر ئۆمەك تەشكىللەپ رىمغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تۈرك قاغانىنىڭ مەكتۇپىنى ۋە نۇرغۇن يىپەك ماللارنى سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ، مىلادى 568 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋىزانتىيىگە بېرىپ، رىم ئىمپېراتورى يۇستىنىئان (Justinianus) بىلەن كۆرۈشىدۇ، رىم ئىمپېراتورى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئىمپېراتور ئۇلاردىن تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئۇلار تۈركلەرنىڭ تۆت سەردارى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالىي سەردارى ئىستەمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ھەمدە تۈركلەرنىڭ ئېفتالىتلارنى بويسۇندۇرغانلىقى، ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بەيئەت قىلدۇرغان ۋە ئولپان تاپشۇرغۇزغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. رىم ئىمپېراتورى: «ئېفتالىتلار شەھەردە ياشامدۇ ياكى يېزىدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئەلچى: «ئۇلار شەھەردە ياشايدىغان مىللەت» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەمدە تۈركلەرگە

ئەل بولغان ئەللەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، تۈركلەر بىلەن رىم ئوتتۇرىسىدا دوستانە ئىتتىپاق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. رىم تەرەپ ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە سىسىلىيىلىك زېماركۇس (Zemarchus) باشچىلىقىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى مىلادى 569 - يىلى مانىياخ قاتارلىق كىشىلەرگە قوشۇپ تۈركلەرگە ئەۋەتىپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەلچىلەر تېكەس جىلغىسىدا غەربىي تۈرك قاغانى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئىككى تەرەپ ئىتتىپاق تۈزىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا تۈركلەر قوشۇن تارتىپ پېرسىيەگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى، تۈرك قاغانى زېماركۇسنى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ①. لېكىن بۇ قېتىم تۈركلەر پېرسىيەدىن مەغلۇپ بولىدۇ. تۈركلەر پېرسىيىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرالمىغانلىقتىن، 571 - يىلى شەرقىي رىمغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىمپېراتور جۇستىنىئان شەرقىي رىم بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا توققۇز يىل ئىلگىرى تۈزۈشكەن سۈلھ شەرتنامىسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇستىنىئان تۈركلەرنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، سودىدىكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى كونكرېت ئېيتقاندا، يىپەك سودىسىدىكى مەنپەئەتتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ چاغدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەن. غەرب ئەللىرىنىڭ يىپەكماللارغا شۇ قەدەر ئېھتىياجلىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگودىن ئېلىپ ئاپىرىشتا يول يىراق ۋە خەتىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر بىر

---

① يۇقىرىقىلار ھ. يۇلېنىڭ «قەدىمكى جۇڭگودا ئاڭلىغان - كۆرگەنلەردىن خاتىرە» دېگەن كىتابىنىڭ 1 - تومى (205 — 207 - بەتلىرى) دىن ۋە ئۇ تەھرىرلىگەن مېناندېرنىڭ «يۇنان تارىخى» فراگمېنتى (ئىنگلىزچە تەرجىمىسى) دىن ئېلىندى.

ئىلاجى قىلىپ يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كىرىشنى ئويلىغان. بۇ مەقسەت ئاخىر مۇشۇ مەزگىلدە ئەمەلگە ئاشقان. ۋىزانتىيە تارىخچىسى تېئوفانېس (Theophanes) مۇنداق دېگەن: «ئىمپېراتور يۇستىنىئان تەختتىكى چاغدا، پېرسىيىلىك بىر ئادەم ۋىزانتىيىگە كېلىپ، پىلە بېقىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن، بۇنى ئىلگىرى ۋىزانتىيىلىكلەر بىلمەيتتى. پېرسىيىلىك بۇ ئادەم ئىلگىرى سېرىس ئېلىدە (جۇڭگونى دېمەكچى) تۇرغان ئىكەن، قايتىشىدا پىلە ئۇرۇقى-نى هاسىسىنىڭ ئىچىگە (يوشۇرۇپ) تىقىپ، ۋىزانتىيىگە ئېلىپ كەپتۇ. باش باهاردا پىلە ئۇرۇقىنى ئۈجمە يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپتىكەن، ئۇنىڭدىن پىلە قۇرتى چىقىپتۇ، بۇ قۇرت ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېيىشكە ئامراق ئىكەن، كېيىن بۇ قۇرتتىن پىلە كېپىنىكى چىقىپتۇ، ئۇنىڭ قانىتى بار ئىكەن. كېيىن بۇ كېپىنەك يەنە ئۆزگىرىپتۇ، ئىمپېراتور يۇستىنىئان پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلىنى كېيىنكى كۈنلەردە تۈركلەرگە ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن، تۈركلەر هەيران قاپتۇ» بۇنىڭدىن باشقا، پروكوپىئۇس (Procopius) نىڭ «گوت ئۇرۇشى خاتىرىسى» دىمۇ بىر پىلە ئۇرۇقىنىڭ ۋىزانتىيىگە يېتىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى هېكايە تىلغا ئېلىنغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ۋاقتى تۈركلەر ئېفتالىتلار-نى يوقىتىشتىن ئىلگىرى (مىلادى 552 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە) بولغان. لېكىن ئۇ چاغدا ۋىزانتىيىدە پىلە بېقىش، يىپەك چىقىرىش، ئىگىرىش - توقۇش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى-دىن تېخى ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ چاغدا يىپەك سودىسى يەنىلا خەلقئارا مەسىلە ئىدى. چى سىخې ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «پىلە بېقىش، يىپەك چىقىرىش مۇرەككەپ تېخنىكا ۋە خېلى ئۇزاق مەزگىللىك تەجرىبە تەلەپ قىلىدىغان

بىر ئىش. ۋىزانتىيىنىڭ پىلىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولغان. لېكىن خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە، ۋىزانتىيە ياۋروپا تەرەپتە يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى جەھەتتىكى تېخنىكىنى مونوپول قىلىپ كەلگەن. XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەھلىسەلىب ئىككىنچى قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، جەنۇبىي ئىتالىيىدىكى سىتسىلىيە دۆلىتىنىڭ كىنەزى روگېرII (1127 — 1154) ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىن ئىككى مىڭ نەپەر يىپەكچى ئىشچى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى جەنۇبىي ئىتالىيىگە ئەكەتكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىتالىيە ئاستا - ئاستا يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولغان. ئىسپانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردا بۇنداق سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش تېخى XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئىش①».

زېماركۇس قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي رىم يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېيۇتىكىئوس، ۋالېنتىن، ھېرودئېن، پائۇل دېتسىلىتسىيە قاتارلىق كىشىلەرنى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. تۈركلەر شەرقىي رىمنى پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلغان، نەتىجىدە شەرقىي رىم بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا ئون يىللاپ ئۇرۇش داۋام قىلغان (571 — 599).

ھون، سىيانپى، جۇرجانلاردىن كېيىن باش كۆتۈرگەن تۈركلەرمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش، ياۋرو - ئاسىيا ئوتلاقلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. غەربكە كۆچكەن ھونلار ياۋروپانى تىترەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۇرجانلار ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئاۋارلار دەپ

① چى سىخې: «جۇڭگو نىڭ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، («بېيجىڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1955 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان).

ئاتالغان، ئاۋار دېگەن بۇ نام ياۋروپالىقلارنى قورقىتىشتا هونلاردىن قېلىشمىغان. تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان مىللەتلەر غەرب مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يۇنان تارىخچىسى پرىسكۇس (Priscus) نىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، ساراگۇرى (Saraguri)، ئۇروگى (Urogi)، ئونوگۇرى (Onoguri) بۇ ئۈچ مىللەت تەخمىنەن مىلادى 461 — 465 - يىللىرى ئارىلىقىدا ساۋىرس (Savirs) لار تەرىپىدىن ئۆز ماكانلىرىدىن هەيدىۋېتىلگەن، كېيىن يەنە ئاۋارلار (جۇرجانلار) تەرىپىدىن مەجبۇرىي قاچۇرۇۋېتىلگەن. ئاۋارلار كېيىن يەنە باشقا ئىرقلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ساراگۇرى ئۇروگى، ئونوگۇرى بۇ ئۈچ مىللەت غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەرياسى ۋادىسى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىسمىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە شەرقىي رىمغا ئەلچى ئەۋەتكەن①. بۇ قەبىلىلەر غەربكە كۆچۈش داۋامىدا كاۋكازدىن ئۆتكەن. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى خاتا هالدا دەهشەتلىك ئاۋارلار (جۇرجانلار) دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىغان. ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزلىرىنى ئاۋارلاردىن بولمىسىز دەۋالغان. ئەمما VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ۋىزانتىيىلىك تارىخچى سىئوفىلاكتۇس سىموكاتتېس ئۇلارنىڭ يالغان ئاۋارلار ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئېنىق كۆرسىتىپ

① پرىسدۇسنىڭ بايانىدا، ساراگۇرى، ئۇروگى، ئونوگۇرى بۇ ئۈچ مىللەت مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربكە كۆچۈرۈۋېتىلگەن دېيىلگەن. چاۋاننېس بولسا ئۇلارنى بۇرۇنلا «شەرقىي رىمغا يېقىن يەردىكى باشقا مىللەتلەر» دەيدۇ («غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 204 - بەت). سېن جۇڭمىيەن: چاۋاننېسنىڭ ئۇدېگىنى توغرا ئەمەس دەيدۇ («تۈرك تارىخى مەجمۇئەسى» 2 - قىسىم، 944 - بەت).

ئۆتكەن. ئۇ، ئۇلارنى يالغاندىن ئاۋار بولۇۋالغان ساراگۇرى، ئۇروگى، ئونوگۇرىلاردۇر دەپ قارىغان. يېقىنقى زاماندىكى نېمىس ئالىمى ئالبېرت ھېرمان (Albert Herrmann) بولسا ئۇلارنى ئېفتالىتلار دەپ قارىغان.

VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن تارىخچى مېناندېر «يۇنان تارىخى» (فراگمېنت) دېگەن ئەسىرىدە ئېيتىشىچە، مىلادى 557 - يىلى ئاۋارلار ئالانلارنىڭ زېمىنىغا بارغان. ئالانلارنىڭ خانى ساروسىئوس (Sarosios) ئۇلار بىلەن ئىمكانىقەدەر ياخشى مۇناسىۋەت قىلغان. ئۇلار كاندىخ (Kandikh) ئىسىملىك بىر ئەلچىنى كونستانتىنوپولغا ئەۋەتىپ، شەرقىي رىمنىڭ يەر ۋە ئولپان بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. كونستانتىنوپول پادىشاھى ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەن ھەمدە ۋالېنتىن (ئىلگىرى تۈركلەرگە ئەلچى بولۇپ بارغان كىشى) نى ئۇلارنىڭ قاغانى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھونلارغا ۋە ساۋىرسلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. بۇ يالغان ئاۋارلار ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان، شۇنداقلا ئازوۋ دېڭىزىنىڭ غەربى ۋە دون دەرياسى ئېغىزىغا يېقىن جايلارغا جايلاشقان ئاتىللا ھونلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. بۇ يالغان ئاۋارلار ۋىزانتىيىنىڭ ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە ۋىزانتىيىگە ياردەملىشىپ بۇ قالدۇق ھونلارنى يوقىتىپ بەرگەن. شىمال تەرەپتە، ئۇلار يەنە سلاۋىيان قەبىلىلىرىنى يىمىرىپ، غەربتە گېرمانىيىگە بېسىپ كىرگەن. مىلادى 565 - يىلى ئەتراپىدا ئۇلارنىڭ خانى بايان (Bayan) تەختكە چىققان. ئىككى يىلدىن كېيىن ۋېنگرىيىنى ئىشغال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يالغان ئاۋارلار ۋولگا دەرياسىدىن تارتىپ تاكى ئاۋستىرىيىگىچە بولغان بۇ كەڭ رايوندا ھۆكۈم سۈرگەن.

شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يالغان ئاۋارلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ۋە ئۇنىڭ بۇ يالغان ئاۋارلارنىڭ ياۋروپاغا كېڭىيىشىنى قوللىغانلىقى تۈركلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. دىئوفانىسنىڭ ئېيتىشىچە، ھېرمىكىئونىس (Hermichiones) ناملىق بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇنىڭ خانى ئاسكېل (Askel) كونستانتىنوپولغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىمپېراتور يۇستىنىئاندىن ئۇلارغا يەر بەرمەسلىكنى ئۆتۈنگەن. سىن جۇڭمىيەننىڭ ئېيتىشىچە، ئاسكېل ــ غەربىي تۈركنىڭ ئوڭ قانات بەش ساداقلارنىڭ بىرى، يەنى ئاسكېللار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى① ئىكەن. مىلادى 576 - يىلى، ۋالېنتىن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى تىبېرىيۇس II تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. ئۇ غەربىي تۈرككە يېتىپ بارغاندا، ئىستەمى قاغان يېڭىلا ۋاپات بولغان②. بۇ قېتىم ۋالېنتىننىڭ ئەلچىلىككە بېرىشىدىكى مەقسىتى تىبېرىيۇس II نىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تۈركلەرگە ئۇقتۇرۇش، ئەلچىلىككە كېلىپ ۋىزانتىيىدە تۇرۇپ قالغان 106 نەپەر تۈركنى قايتۇرۇش، ئىلگىرى زېماركۇس بىلەن ئىستەمىنىڭ تۈزۈشكەن ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى قايتىدىن تۈزۈش ھەمدە تۈركلەرنىڭ شەرق تەرەپتىن پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلىش ئىدى. بىراق، تۈركلەر ۋىزانتىيىنىڭ يالغان ئاۋارلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىگە

---

① چېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى مەجمۇئەسى» 2 - قىسىم، 945 - بەتتىكى ئىزاھات.

② چاۋاننىسنىڭ ئېيتىشىچە: «ۋالېنتىننىڭ سەپىرىنى ئىستەمى قاغاننىڭ ئۆلگەن يىلى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ، يەنى ئۇ 575 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بولمىغان تەقدىردىمۇ، 576 - يىلىنىڭ بېشىدا بولغان. بۇ يىل دەۋرى جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇشنىڭ نامى 582 - يىلىدىن باشلاپ ئۇچرايدۇ». («غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 216 - بەت).

نارازى بولغانلىقتىن، ۋالېنتىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. ۋالېنتىننىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال كۆرۈشكىنى تۈركلەرنىڭ سەردارى تۇرخان (Turxanth) بولۇپ، تۇرخان ئۇنىڭغا ناھايىتى بىھۆرمەتلىك قىلىپ، رىملىقلارنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى، تۈركلەرنىڭ قۇلى بولغان ئۇرروگى، ئونوگۇرىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى ئەيىبلىگەن ھەمدە تۈركلەرنىڭ ئۇلارنى پات ئارىدا يوقىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ۋالېنتىننى تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزىنى تىلىپ ئىستەمى (تۇرخان-نىڭ ئاتىسى) نىڭ ۋاپاتىغا ماتەم بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىغان، ۋالېنتىن نائىلاج شۇنداق قىلغان. كېيىن، ۋالېنتىن كۇچانىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغقا بېرىپ تۇرخاننىڭ ئاكىسى — يېڭى قاغان تاردۇش بىلەن كۆرۈشكەن. تاردۇش شەرقىي رىمنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. مېناندېرنىڭ بايان قىلىشىچە، تاردۇش ۋالېنتىنغا: «ئۇرروگى، ئونوگۇرىلار مېنىڭ چەۋەندازلىرىم-نىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرسۇن، بىز قامچىلىرىمىزنى ئوينىتىپ قويساقلا ئۇلار بەدەر تىكىۋېتىدۇ. بىز قىلىچىمىزنى غىلىپىدىن سۇغۇرماي تۇرۇپلا ئۇ قۇللارنىڭ ئۇرۇقىنى تۈگىتىمىز؛ بىز ئۇلارنى ئاتلىرىمىزنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چۈمۈلىدەك يانجىپ تاشلايمىز» دېگەن. شۇڭا، ۋالېنتىن خورلۇققا ئۇچراپ قايتقان.

شەرقىي رىم بىلەن يالغان ئاۋارلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزگەن-لىكىنى جازالاش ئۈچۈن، تۈرك قاغانى تاردۇش بوخان باشچىلىقىدىكى بىر تۈرك چەۋەندازلار قوشۇنىنى جەنۇبىي روسىيە يايلىقىغا ئەۋەتىپ، قىرىمدىكى ۋىزانتىيە كۆچمەنلىرى رايونىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ھونلارنىڭ سەردارى ئاناغاينىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بوسپىرۇستىكى ۋىزانتىيە شەھىرى پانتىكاپائېئۇمغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان (بۇ جاي ھازىرقى

قىرىمنىڭ كېرچ ئەتراپىدىكى ئازوۋ دېڭىزىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا)، كېيىن، 581 - يىلى، تۈركلەر يەنە قىرىم يېرىم ئارىلىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، تاكى 590 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن ئاخىرقى قېتىم چېكىنىپ چىققان.

ئىستەمى قاغان ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، پېرسىيە خاندانلىقىنىڭ خانى خۇسراۋ I مۇ 579 - يىلى ۋاپات بولدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ھورمۇز IV تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇ. بۇ خان تۈرك مەلىكىسى (مۇغان قاغانىنىڭ قىزى) دىن تۇغۇلغان بولغاچقا، «تۈرك قىزىنىڭ ئوغلى (تۈرك - زادە)» دەپ ئاتالغان. گەرچە ئۇ تۈرك خان جەمەتى بىلەن تۇغقان بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن. بۇنداق بولۇشى تۈركلەر بىلەن پېرسىيىنىڭ سودا جەھەتتىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن، پېرسىيە بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇرۇش ئۈزۈلمىگەن. قاسارلارمۇ پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلغان. بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن، ساسانىيلار سۇلالىسى ئانچە ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي ئۇلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. تۈركلەرمۇ پارچىلىنىپ، ئاجىزلاپ، ئاخىر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

## 2 - بۆلۈم تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسمى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى چوڭ مۇستەقىللىك خاراكتېرىگە

ئىگە بولسىمۇ، لېكىن نام جەھەتتە بىرلىكنى ساقلىغان. شەرق ۋە غەرب ئىككى رايون سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مىللەت، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقى ۋە مۇستەقىل راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر نام جەھەتتىكى بۇ خىل بىرلىكنىمۇ ساقلاپ قالالماي، بىر - بىرىگە قارشى ئىككى خانلىق بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇنداق بۆلۈنۈش زادى قاچان يۈز بەرگەن ۋە قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇ ھەقتە ئىلىم ئەھلىدە ئوخشاشمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە، بۇ ۋەقەنى 585 - يىلى بولغان دەپ يازىدۇ. فرانسىيىلىك چاۋاننېس 582 - يىلى ئەتراپىدا بولغان① دەيدۇ. سېن جۈگمىيەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ، ئۇ بۇ ۋەقەنى 611 — 612 - يىللىرى ئارىلىقىدا بولغان② دەپ قارايدۇ. ئەنگلىيىلىك گىب مۇنداق دەيدۇ: «بۈيۈك تۈرك خانلىقى 582 - يىلى بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇستەقىل بولغان غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش ساداق قەبىلىسى سوغدىيانا بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئويمانلىق رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان③». مەن ئۆز بايانىمدا يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىمكانىقەدەر نەزەرگە ئېلىپ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلارغا دىققەت قىلىپ، مەلۇم بىر يىلنى ئۇلارنىڭ بۆلۈنگەن ئېنىق يىلى قىلىۋالمىدىم. چۈنكى، پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ بىرلىكى ھامان نام جەھەتتىكى بىرلىكتىنلا ئىبارەت ئىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ

---

① چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 193 - بەت.

② سېن جۈگمىيەن: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە تەكشۈرۈلگەن دەلىللەر»، 108 - بەت.

③ گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشى»، 1923 - يىل. لوندون ئىنگلىزچە نەشرى، 3 - بەت.

بايان قىلماقچى بولغىنىمىزنىڭ ئاساسىي تەرىپى غەربىي تۈركتۇر.

تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ئىچىدە، ئاساسلىقى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى ماجىراسى بولسىمۇ، لېكىن تاشقى ئامىللارمۇ مەلۇم رول ئوينىغان. ئۇ چاغدا، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلىرىنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتى ئاخىرلىشىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ياڭ جەمەتى ھاكىمىيىتى پۈتۈن جۇڭگونى (جۇملىدىن ئاز سانلىق مىللەت بولغان تۈركلەرنى) بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوللانغان پارچىلاش تاكتىكىسى، روشەنكى، ئۇنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھىم ئامىلدۇر، تۈركلەرنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋال تېپىشى، بۆلۈنۈشى ياكى بىرلىشىشى ھامان پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى.

تۈركلەر تەرەپتىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ھەر قېتىم بۆلۈنۈش، ئاجىزلىشىش يۈز بەرگەندە، ئۇلار راۋاج تېپىپ كۈچەيگەن. شۇڭا، تارىخ مەنبەلىرىدە تۈركلەر «يەنى مۇغان قاغاندىن بۇيان، دۆلىتى بېيىپ ۋە كۈچىيىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيالارنى بوزەك قىلىش نىيىتىگە كەلدى. خاندانلىق ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش مەقسىتىدە، يىلىغا تاۋار - دۇردۇن ۋە رەڭلىك كىمخابتىن 100 مىڭ توپ بېرىپ تۇردى①» دېيىلگەن. مۇغان قاغان بىلەن زاماندىش بولغان غەربىي تۈرك قاغانى ئىستەمىمۇ غەربىي يۇرتتا دەۋران سۈرۈپ، پېرسىيە، شەرقىي رىم بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشقان. سۈي ۋېيندى (ياڭ جيەن)

① «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» «جۇنامە»، 911 - بەت.

تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى (مىلادى 572 - يىلى)، مۇغان قاغان ئۆلدۇ، ئۇنىڭ ئوغلى تارابان تەختكە چىقىرىلماي، ئۇنىڭ ئىنىسى تابار قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلدۇ. تابار قاغان تەختتە ئون يىل ئولتۇرۇپ ئۆلدۇ (581 - يىلى)، تارابان ئانىسىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن بولغانلىقى سەۋەبلىك تەختكە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن، تابارنىڭ ۋەلى ئەھدى ياللۇچىن بىلەن چىقىشالمايدۇ. ياللۇچىن تارابانىنى بويسۇندۇرالمىغانلىقتىن، خانلىق ئورنىنى تاغىسى شاتۇغا ئۆتۈنىدۇ (شاتۇ — تۇمەن قاغاننىڭ نەۋرىسى، تابارنىڭ ئاكىسى قۇرار ئىشكىنىنىڭ ئوغلى)، ئۇ، ئىشپارا قاغان دەپ ئاتىلىدۇ. شاتۇ تارابانىنى ئاپا قاغان دەپ ئاتايدۇ.

شەرقىي تۈركتە قاغانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن پەيتتە، غەربىي تۈرك قاغانى دۇش ئىستەمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز قوۋمىگە باشچىلىق قىلىپ ناھايىتى كۈچىيىپ كېتىدۇ. تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشپارا قاغاننىڭ زالىملىقىدىن بىزار بولىدۇ. شۇڭا «شەرقتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆچمەن ئىدى، غەربىي رۇڭلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئاداۋەتمەن ئىدى. تۈركلەرنىڭ شىمالىدىكى قىدانلار (قىرغىزلار بولۇشى كېرەك) مۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى①». سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى مانا مۇشۇ ئاجىزلىقلاردىن پايدىلىنىپ، بىر پۈتۈن تۈرك خانلىقىنى پارچىلاپ تاشلىغان.

سۈي سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنى پارچىلاشتىكى تاكتىكىسى بۇ تاكتىكىنى لايىھىلىگۈچى جاڭ سۈنشېڭنىڭ تۆۋەندىكى

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «سۈينامە» 1866 - بەت.

سۆزلىرىدە كونكرېت بايان قىلىنغان: «تۈركلەر (يەنى غەرب تەرەپتىكى تاردۇش قاغان) شاتۇغا قارىغاندا، ئەسكىرىي كۈچى كۈچلۈك، ئەمما ئۇنىڭ ئورنى تۆۋەن، تاشقى جەھەتتىن ئۇ شاتۇغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنۈش ئاشكارىلانغان، ئۇ قوتۇرتىلسىلا، ئۇلار چوقۇم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. يەنە كۆلۈگۈ دېگەن بىرى بولۇپ، ئۇ شاتۇنىڭ ئىنىسى، ئۇنىڭ ھىيلىسى كۆپ، ئەمما كۈچى ئاجىز، ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغانلىقتىن، خەلق ئۇنى ياقتۇرىدۇ، شاتۇ ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان بولغاچقا، كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام. كۆرۈنۈشتە چاندۇرمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ ھەم قورقىدۇ. يەنە ئاپا (تارابان) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىپ، شاتۇنى تېخىمۇ قورقىتىپ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن يېتىلىمەكچى بولىدۇ، كىمنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقى نامەلۇم بولغاچقا، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىدە قالغان. بۈگۈنكى كۈندە يىراقتىكىسى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلساق، كۈچلۈكلىرىنى چەتتە قالدۇرۇپ، ئاجىزلىرى بىلەن بىرلەشسەك مۇۋاپىق. غەربىي تۈرككە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاپا بىلەن ياراشتۇرساق، شاتۇ ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئوڭ قانات زېمىنىنى ئۆزى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاندىن كۆلۈگۈنى ئۆزىمىزگە تارتىپ، قۇمۇق ۋە ئەقشىد قەبىلىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە قىلساق، شاتۇ ئەسكەرلىرىنى ئايرىپ سول قانات زېمىنىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە تەرەپتىن گۇمانلىنىپ، ئىچكى تەرەپتىمۇ بۆلگۈنچىلىككە گىرىپتار بولىدۇ. يىللار ئۆتۈپ، بىرەر پەيتى كەلگەندە ئۇنىڭغا يۈرۈش قىلساق، ئۇنىڭ دۆلىتىنى بىر يوللا تىزگىنلىۋالالايمىز». سۈي ۋېندى (ياڭ

جيەن) جاڭ سۈنشېڭنىڭ پىكىرىنى تامامەن قوبۇل قىلىپ،
581 - يىلى، مىراخور يۈەن خۇيىنى غەربىي تۈرك قاغانى
تاردۇش قاغاننىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بۆرە تۇغ
تەقدىم قىلغان. تاردۇشنىڭ ئەلچىلىرى سۈي سۇلالىسىگە
كەلگەندە، ئۇلارنى شىپارانىڭ ئەلچىلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا
ئولتۇرغۇزغان. يەنە جاڭ سۈنشېڭنىڭ ئىشپارانىڭ ئىنىسى
كۆلۈگۈنىڭ قېشىغا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. بۇنىڭدىن
مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا گۇمان پەيدا قىلىپ،
ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئىدى.

ئىشپارانىڭ خوتۇنى شىمالىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھى
يۈيۋېننىڭ قىزى ئالتۇن بىكە بولۇپ، ئۇ ئېرىنى سۈي سۇلالى-
سىگە ئەسكەر تارتىپ ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسى
ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشكە كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك
قۇتراتقاچقا، تۈركلەر ھەر يىلى چېگراغا ھۇجۇم قىلىپ
پاراكەندىچىلىك سالدى، سۈي سۇلالىسى ئۇلارنى كۆپ قېتىم
مەغلۇپ قىلدى. 582 - يىلى تۈرك قاغانى ئىشپارا بىلەن
تاردۇش بىرلىشىپ، شىمېن بىلەن مۇشا (ھازىرقى گۇيۈەن
ناھىيىسى تەۋەسى) دىن ئىبارەت ئىككى قەلئەگە ھۇجۇم
قىلىپ كىرىپ، ۋۇۋېي، تيەنشۈي، جىنچېڭ، شاڭجۈن، خۇاڭخۇا،
يەنئەنلەرگىچە يېتىپ كېلىدۇ. ئىشپارا يەنە جەنۇبقا يۈرۈش
قىلماقچى بولغاندا، تاردۇش ئۇنىماي، ئۆز ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ چېكىنىدۇ. ئىشپارا نائىلاج «ئەسكەرلىرىنى سەددىچىنتىن
قايتۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ». 583 - يىلى، سۈي
قوشۇنلىرى سەككىز يولغا بۆلۈنۈپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دۇرۇگۇدىڭ باشچىلىقىدىكى بىر يول قوشۇن
لياڭجۇدىن چىقىپ، تارابانىڭ قوشۇنى بىلەن گاۋيۈيۈەن
(ھازىرقى ۋۇۋېينىڭ شىمالىدىكى ئاراشان ئوڭ قوشۇن

تەۋەسى) دە ئۇچرىشىدۇ، تارابان ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ بولىدۇ. دۇرۇگدىگىنىڭ قول - ئاستىدىكى يان تەرەپ قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاڭ سۈنشېڭ ئەلچى ئەۋەتىپ تارابانغا ئىشپارادىن ئايرىلىپ سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى دەۋەت قىلىدۇ، تارابان بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، جاڭ سۈنشېڭغا قوشۇپ ئوردىغا ئەلچى ماڭغۇزىدۇ. ئىشپارا بەيداۋ دېگەن يەردە سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لى چۆڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، تارابانىنىڭ سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ - دە، شۇئان تارابانىنىڭ بازىسى — شىمالىي ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىنى قاتتىق ۋەيران قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. تارابان قايتىدىغان ماكانى بولمىغانلىقتىن، غەربتىكى تاردۇش قاغانغا پاناھ ئىزدەپ بارىدۇ. تاردۇش قاتتىق غەزەپلىنىپ، تارابانى قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئەسلى تارابانغا تەۋە قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىپ ئەل بولىدۇ، بۇلار 100 مىڭغا يېقىن ئاتلىقلار ئىدى. تارابان ئۆز قەبىلىرىدىكى نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئىشپاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تارابانىنىڭ كۈچى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاج تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئىشپارا بىلەن بولغان قارىمۇ قارشىلىقى، ئاخىر تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىخچىلار تارابانى غەربىي تۈرك①

① «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە «كونا تاڭنامە» گە قارالسۇن؛ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىمۇ: «ئاپا قاغان ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، شەرقتە پايتەختكە يېقىن ئىدى، غەربتە ئالتۇن تاغدىن ھالقىغان، كۇسەن، تېلى)، ئېۋىرغول ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىناتتى، ئۇ غەربىي تۈرك دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 5482-بەت.

دەپ قارىغان، لېكىن تارابان (ئاپا قاغان) غەربىي تۈركنىڭ قاغانى ئەمەس. غەربىي تۈركنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىستەمى ئىستېمىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن چىقاتتى. بۇنى چاۋاننېس ۋە سېن جۇڭمىيەن ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن①.

ئىشپارا قاغان سۈي خاندانلىقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي تۈرك قاغانى تاردۇش ۋە تارابانىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، يەنە شەرق تەرەپتە قىتانلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئىلاجىسىز سۈي سۇلالىسىگە تەسلىم بولىدۇ. 586 - يىلى سۈي سۇلالىسى تۈركلەرگە كالېندار تارقىتىدۇ②. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىشپارا قاغان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى يابغۇ كۆلۈگۈباغا قاغان بولىدۇ. سۈي سۇلالىسى جاڭ سۇنشېڭنى ئەۋەتىپ مۇبارەكلەيدۇ ۋە تۇغ تەقدىم قىلىدۇ. 587 - يىلى، كۆلۈگۈ سۈي سۇلالىسى تەقدىم قىلغان تۇغنى كۆتۈرۈپ، غەربتىكى تارابانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ. 588 - يىلى، كۆلۈگۈ يەنە 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ پاكىت ھەققىدە ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرمۇنچە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇ چاغدا پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىدە ھورمۇز IV خانلىق تەختىدە ئىدى. تۈركلەر پېرسىيىنىڭ رىم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ھەرىكەتنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. ھورمۇز IV قول ئاستىدىكى مەشھۇر سەركەردە بەھرام چوبىننى قوشۇن باشلاپ تۈركلەرگە قارشى ئاتلىنىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ ھېرات ئەتراپىدا تۈركلەرنى تارمار

---

① چاۋاننېسنىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1—2 - بەتلىرىگە: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە تەكشۈرۈلگەن دەلىللەر» نىڭ 120 - بېتىگە قارالسۇن.

② «سۈينامە. گاۋزۇ خاتىرىسى»، «سۈينامە» 23 - بەتكە قارالسۇن.

قىلىدۇ. تەبەرىنىڭ «يىلنامە» سىدە يېزىلىشىچە، تۈركلەرنىڭ جەڭگە قاتناشقان پىل ۋە شىرلىرى پېرسىيە قوشۇنىنىڭ ئوقياسى بىلەن ئېتىلغاندىن كېيىن، ئوق تەگكەن باشلىرىنى ئارقىسىغا بۇراپ بەدەر قاچقان. تۈرك قاغانى ئىشپارا (دەلىللىنىشىچە، بۇ كۈلۈگ ئىكەن)① غا ئوقيا ئوقى تېگىپ ئۆلگەن. پېرسىيە قوشۇنلىرى بۇخاراغا يېقىن بايكەند② دېگەن يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، قاغاننىڭ ئوغلى ئېل تېكىننى (ئۇ يەنە بارمۇدا دەپ ئاتالغان) تۇتۇۋالىدۇ. «بەھرام قەلئەگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ خەزىنىسىنى ئاچقاندا، قىممەتلىك نەرسىلەر، قورال - ياراق ۋە ئېسىل جابدۇقلارنى كۆرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئافراسىياپ ۋە ئەل كاسپلارنىڭ ئېسىل نەرسىلىرى، سىياۋۇش كىيگەن تاج ۋە ئالتۇن سىرغىلار بار ئىكەن. بەھرام ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى بۇيرۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى نەچچە مىڭ تۆگىگە ئارتىپ پېرسىيە خانىغا ئەۋەتكەن③». تەبەرىنىڭ يېزىشىچە، 256 تۆگىگە ئالتۇن ۋە گۆھەر ئارتىپ ماڭدۇرغان دەيدۇ. XV ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى مىرخوند 250 مىڭ تۆگىگە ئولجا ئارتىپ ماڭدۇرغان دەپ يازىدۇ، روشەنكى، بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن. كېيىن بەھرام ئاسىيلىق قىلىپ خانىنى ئۆلتۈرگەن. ھورمۇز IV نىڭ ئوغلى كۇساھ پەرۋىز (590 — 628) مىلادى 590 - يىلى پېرسىيە خانى بولغان. سېن جۇڭمىيەن: بۇ پاكىت تۈركلەرنىڭ تېخى تولۇق بۆلۈنۈپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ

---

① سېن جۇڭمىيەن: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە تەكشۈرۈلگەن دەلىللەر» 130 - بەت.

② بارتولد: «موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن چاغدىكى تۈركىستان»، 1928 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 117 - بەت.

③ چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار».

قارىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كۆلۈگۈ كەيخۇۋاڭنىڭ 8 - يىلى
(مىلادى 588 - يىلى) غەربتە پېرسىيىگە يۈرۈش قىلغان
مۇشۇ ئەھۋالدىن، شەرقىي تۈرك بىلەن غەربىي تۈركنىڭ شۇ
چاغدىكى مۇناسىۋىتى موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان
دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى
كۆرگىلى بولىدۇ».

مىلادى 590 - يىلى يېڭىلا تەختكە چىققان پېرسىيە
خانى كۇساھ دادىسى ھورمۇز IV نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە
غەزەپلىنىپ، رىم قوشۇنىدىن ئەسكەر ياردەم ئېلىپ بەھرام
بىلەن جەڭ قىلىدۇ. بەھرام مەغلۇپ بولۇپ تۈركلەر تەرەپكە
قېچىپ كېتىدۇ، كېيىن ئۆلتۈرۈلىدۇ①. پېرسىيىنىڭ ئىچكى
ئۇرۇشىدىن تۈركلەر پايدىلىنىدۇ. تۈركلەر پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدىكى توخارىستاننى ئىشغال
قىلىۋالىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن، بۇ جاي پېرسىيە قارىمىقىدا
بولماي، غەربىي تۈركلەرنىڭ قارىمىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا،
شۆەنزاڭ توخارىستاننىڭ جايلىرى «ئومۇمىي جەھەتتىن
تۈركلەرگە مەنسۇپ ئىدى②» دەپ يازغان.

T. سىمكاتېسنىڭ ئەسىرىدە تۈرك قاغانىنىڭ مىلادى
598 - يىلى شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ماۋرىس (Mauriee)
قا ئەۋەتكەن بىر پارچە مەكتۇپى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ مەكتۇپتا
تۈرك قاغانى ئۆزىنى «يەتتە قوۋمنىڭ ئۇلۇغ سەردارى، دۇن-
يادىكى يەتتە دۆلەتنىڭ خوجىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغانلىقىنى ۋە ئىچكى
توپىلاڭنى تىنچىتقانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە «ئىچكى توپ-

---

① سىكېس: «پېرسىيە تارىخى» I توم، 480 - بەت.

② «بۈيۈك دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» I جىلد؛ گرۇسسې: «يايلاق ئىمپېرىيىسى» 85 - بەت.

لاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، دۆلەت ئەمدى تاپتى. ئاندىن تابغاچ دۆلىتى بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، تىنچلىقنى ساقلاپ قالدىم» دېگەن. چاۋاننېس بۇ مەكتۇپنى يازغان تۈرك قاغانى تاردۇش قاغان بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. لېكىن ئۇ بايان قىلغان بۇ تۆھپە يالغۇز ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ ئەمەس. دەل ئاشۇ چاغدا، پېرسىيە خانى كۇساھ ئەسكەر چىقىرىپ توخارىستان قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان، توخارىستان تۈركلەرنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدا توخارىستان، بەلخ، ھېرات قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، پېرسىيىنىڭ چېگرىسى پەقەت مۇئورۇ ۋە مېرۋىلۇد ئەترابلىرىغىلا بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ①.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاپا قاغان تارابان كۆلۈگۈ تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. غەربىي تۈرك قاغانى تاردۇش ئۆز ئېلىگە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، كۈچىنى ئۇلغايتىپ، ئىشپارانىڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى تۇران قاغاننى قوللاپ، ئۇلارنى سۈي سۇلالىسىگە بېقىنغان شەرقىي تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدۇرىدۇ. مىلادى 599 - يىلى، تۇران ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، تاردۇش شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالايمىقانلاشقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل قۇملۇقىنىڭ شىمالىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈرك بىلەن غەربىي تۈركنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرەي دەپ قالىدۇ. 600 - يىلى تاردۇش قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، داچىڭشەن تېغىغا يېتىپ كەلگەندە، سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن

① چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 220 — 226 - بەتلەر.

ئۇچرىشىپ، جەڭ قىلمايلا چېكىنىپ قايتىدۇ①. جاڭ سۇنشىڭنىڭ پىلان كۆرسىتىشى بىلەن، تۈركلەر ئىچىدىغان سۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا زەھەر تاشلىنىدۇ، نەتىجىدە، «تاردۇشنىڭ ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرى ئۇ سۇنى ئىچىپ، كۆپلەپ ئۆلىدۇ①». تاردۇش كېچىسى قېچىپ كېتىدۇ. مىلادى 603 - يىلى تۇرالار (ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى)، ئىزگىل، بۇلغۇ، غۇن قۇسا، ئابا، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە بىرلىكتە تاردۇش قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. تاردۇشنىڭ ئادەملىرى تىرىپىرەن بولۇپ، تۇيغۇنلارنىڭ يېرىگە قېچىپ كېتىدۇ، ئاخىر نېمە بولغانلىقى نامەلۇم.

ئاپا قاغان يەنى تارابان تۇتۇلغان، تاردۇش موڭغۇل قۇملۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن مەزگىلدە، غەربىي تۈركتە تاردۇش قاغانىنىڭ نەۋرىسى نىلى قاغان بولغانىدى. مىلادى 601 - يىلى، نىلى ۋە يابغۇلار تېلىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي (603 - يىلى بولۇشى مۇمكىن) نىلى ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى تامان (达漫) تەختكە چىقىپ، نىزۇك كۈلۈگ قاغان دەپ ئاتىلىدۇ. كۈلۈگ دەۋرى (603 — 611) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ قالايمىقانلاشقان دەۋرى بولدى. پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدى (ياڭ گۇاڭ) 605 - يىلى دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ پادىشاھ بولىدۇ، ئۇ چوڭ ئىش قىلىپ شۆھرەت قازىنىشقا ھېرىس بولغاچقا،

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «سۈينامە» 1873 - بەتكە قارالسۇن.

② «سۈينامە. جاڭ سۇنشىڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 1335 - بەت.

زېمىن ئېچىش ئىشىغا تېخىمۇ ئاكتىپ كىرىشىدۇ①. ئۇ ئوردا ھەرەمبېگى پېي جۈيىنى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، غەربىي يۇرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنى كۈتۈۋېلىش، غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتنى تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي تۈركلەرنى پارچىلاشنى پىلانلايدۇ. غەربىي تۈركنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا، كۈلۈگ قاغاننىڭ «ھاكىمىيىتى زالىم، ئۆزى گۇمانخور»، «ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا تەدبىرسىز، ئەل ئىچىدە ئىسيان كۆپ①» ئىدى. مىلادى 605 - يىلى، كۈلۈگ قاغان تېلى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ قەبىلە خەلقلىرىگە ئېغىر باج - سېلىق سالغان ھەم مال - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالغان. كۈلۈگ سىر تاردۇشلار-

---

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سۈي ياڭدىنىڭ پىلانى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چىن، خەن سۇلالىرىنى بېسىپ چۈشكەن، پېي جۈي ئۇنىڭ ئالدىغا ‹غەربىي يۇرت خەرىتىسى› نى ئېلىپ كىرگەندە، ئۇ كۆڭلىگە بىر مەقسەتنى پۈكۈپ قويغان بولغاچقا، نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يۈمېنگۈەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، قۇمۇل بىلەن چەرچەندە ھەربىي كەنت تەسىس قىلغان. قوۋۇقنىڭ ئوڭ تەرىپى كۆچمە قۇم بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ، شىمالىي دىلاردىن مۇداپىئەلىنىش. شەرقىي يەللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، بوگۇردە مۇداپىئە پونكىتى قۇرۇپ، ئوردا شەھەر بىنا قىلىش كېرەك. رىمدىن ئىبارەت مەرۋايىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۇرىيەدىن ئىبارەت بىز قۇشقاچ تۇخۇمىنى چېقىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك ئايلىنىپ ئەجىر قىلساق، ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار! دېگەن». بۇنىڭدىن، سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «شىمالىي سۇلالە تارىخى». 3239 - بەتكە قارالسۇن.

① «سۈينامە. غەربىي تۈرك تەزكىرىسى»، «سۈينامە» 1877 - بەت.

نىڭمۇ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقىغاچقا، ئۇلارنىڭ سەردار ۋە ئاقساقاللىرىدىن نەچچە 100 كىشىنى بىر يەرگە يىغىپ، بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر-قايسى قەبىلىلەر بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسىتىپ، كۇلۇگ قاغانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇلار تېلىلارنىڭ چۇبە قەبىلىسى سەردارى گېلىننى باغا قاغان قىلىپ تىكلىگەن. كۇلۇگ مەغلۇپ قىلىنىپ، باغا قاغان كۇچېيىشكە باشلىغان①.

بۇ چاغدا، سۇي سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى پېيى جۇي تۆلۆسلەرنىڭ كۇلۇگنى مەغلۇپ قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان، ئۇ يەنە كۇلۇگنىڭ ئانىسى شياڭ خېنىمنىڭ سۇي خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن②دىن كېيىن، سۇي خاندانلىقى پادىشاھى ياڭدىغا كۇلۇگنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن سۇي جۇنشياۋنى ئەۋەتىشكە تەكلىپ بېرىدۇ. سۇي جۇنشياۋ غەربىي تۈرككە دەسلەپ يېتىپ بارغاندا، كۇلۇگ تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنى مەنسىتمەيدۇ. سۇي جۇنشياۋ: «شەرقىي تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى سۇي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ قوشۇن تارتىپ كۇلۇگنى يوقىتىشنى ئىلتىجا قىلغانىدى، سۇي سۇلالىسى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ماقۇل كۆردى، پات ئارىدا قوشۇن يولغا چىقىدۇ. شياڭ خېنىم

---

① «سۇينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە»، «سۇينامە». 1880 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 180-جىلدتا: «ئىلى ئۆلگەندىن كېيىن. ئۇنىڭ ئوغلى تامان تەختكە چىقىپ كۇلۇگ قاغان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى شياڭ خېنىم ئەسلى جۇڭگولۇق بولۇپ. ئىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى باش تېكىنگە ئىنكاھلىنىدۇ. كەيخۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى. باش تېكىن ئانىسى بىلەن پايتەختكە (ئوردىغا) كىرىدۇ. بۇ چاغدا تاردۇشنىڭ نۇپۇزلىقى بولۇۋاتقانلىقتىن. چاڭئەندە تۇرۇپ قېلىپ. خۇڭلۇ ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇراقلىشىدۇ» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»، 5622 - بەت.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سۈي سۇلالىسىدىن ئەپۇ سوراپ، سىرنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئەگەر سىز بۇنىڭغا ماقۇل دېمىسىڭىز، شىياڭ خېنىم گۇناھكار بولۇپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ، سىزمۇ ھالاك قىلىنىسىز. ئۆلۈمىڭىز ئانچە يىراق ئەمەس» دەيدۇ. كۈلۈگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ بۇيرۇققا بوي سۇنىدۇ. ئۇ سۈي جۇنشياۋغا ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى قوشۇپ، سۈي سۇلالىسىگە غەربىي يۇرتنىڭ چىلان تورۇق ئاتلىرىنى تارتۇق قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

مىلادى 609 - يىلى، سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدى خېشى رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، كۈلۈگكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى دادۇباگۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنلې ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى گەنسۇ - چىڭخەي چېگرىسى) غا چاقىرىدۇ، ئۇ «پۇقرالىرىم ئۇنىمىدى» دەپ كەلمەيدۇ. پادىشاھ ياڭدى قاتتىق غەزەپلىنىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، پېي جۈي: غەربىي تۈرك ئاقساقىلى شېكەر (يابغۇ)نى قاغانلىققا تەيىنلەپ، ئۇنى كۈلۈگكە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇساق، دېگەن پىلاننى كۆرسىتىدۇ. كۈلۈگ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، خوتۇنىنى تاشلاپ، ئۆزى قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ شلومان تېغى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمى) غا قېچىپ كېتىدۇ. سۈييياڭدى پېي جۈي بىلەن شىياڭ خېنىمنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىن ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، 611 - يىلىنىڭ ئاخىرى كۈلۈگنى لوياڭغا ئالدۇرۇپ كېلىپ، خاندانلىق تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق بىر ئوردا ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا قوشنا قاغان دېگەن ئۇنۋاننى ئىلتىپات قىلىدۇ، ئۇ ئىككىنچىلەپ غەربىي تۈرككە قايتمايدۇ.

كۈلۈگ قاغان سۈي سۇلالىسىگە بارغاندىن كېيىن، غەربىي

تۈركگە پۈتۈنلەي شىگۇي قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇ تەختكە چىققان 611 - يىلىدىن 630 - يىلىغىچە، غەربىي تۈركلەر قايتىلاتىن گۈللىنىدۇ. «كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: شىكەر ... تەختكە چىققاندىن كېيىن، زېمىنىنى كېڭەيتىشكە كىرىشكەن، شەرقتە ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى)، غەربتە دېڭىزغىچە يېتىپ بارغان، يۇمېنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قاراتقان. ئاندىن شىمالىي تۈركلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ، كۇسەننىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغدا ئوردا قۇرغان» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابنىڭ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «غەربىي تۈرك قاغانى شىكەر كۆچىيىپ، سىر تاردۇش، جۇبە ئىككى قەبىلىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ئۇلار قاغانغا ئىتائەت قىلغان» دېيىلگەن. سېن جۇڭمىيەن: بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئاندىن شىمالىي تۈركلەر بىلەن دۈشمەنلەشتى» دېگەن سۆز «شەرقىي تۈرك بىلەن غەربىي تۈرك بۆلۈنگەندىن كېيىن قايتا بىرلەشمىگەن» دېگەن سۆزدۇر دەپ قارىغان. غەربىي تۈركنىڭ پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ چىققان ۋاقتى شىكەر قاغاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى (611 — 612) بولۇشى كېرەك. چاۋاننېس 611 - يىلىدىن 630 - يىلىغىچە بولغان بۇ مەزگىل تۈركلەرنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى دەيدۇ. 615 - يىلىنىڭ ئاخىرى 616 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىكەر قاغان ئۆزىنىڭ جيەنىنى غەربتىكى قارام ئەللەرنىڭ باشلىقلىرىنى باشلاپ سۇي سۇلالىسىگە سوۋغات ئاپىرىشقا ئەۋەتكەن①.

شىكەر قاغاننىڭ تەختتە تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇنغا بارمىغان، تەخمىنەن مىلادى 618 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن.

① «سوينامە. پېي جۈينىڭ تەرجىمھالى «سوينامە»، 1582 - بەتكە قارالسۇن.

ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى تونيابغۇ ۋارىسلىق قىلىپ، تونيابغۇ قا-
غان دەپ ئاتالغان. تارىختا ئۇ «جاسارەتلىك ھەم پاراسەتلىك،
ھۇجۇم جېڭىدە ماھىر، شۇڭا ئۇ شىمالدا تۇرالارنى ئۆزىگە
قوشۇۋېلىپ، غەربتە پېرسىيەنى توسۇپ، جەنۇبتا كەشمىرگە
قوتىشىپ، ھەممىسىنى ئۆزىگە قاراتقان، بىرنەچچە يۈز مىڭ
ئەسكىرى بولۇپ، غەربىي رايوندا دەۋران سۈرگەن، ئۇسۇنلارنىڭ
كونا زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان. كېيىن ئوردىسىنى تاشكەنتنىڭ
شىمالىدىكى مىڭ بۇلاققا يۆتكىگەن... غەربىي رۇڭلارنىڭ
گۈللىنىشىمۇ ئۇنداق بولغان ئەمەس»① دەپ تەسۋىرلەنگەن.

تونيابغۇ قاغان تەختكە چىققان مەزگىل جۇڭگونىڭ ئىچكى
رايونىدا تاڭ سۇلالىسى سۇي سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى باسقان
مەزگىل ئىدى. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا
سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى ئالمىشىۋاتقان مەزگىلدە، زور كۆ-
لەمدە دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن ۋە باتۇرلار ئۆز ئالدىغا
بۆلۈنۈۋالغان قالايمىقان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ،
شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن چوڭ
پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. خۇددى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە
ئوخشاش، ئىچكى رايونلاردىكى نۇرغۇن خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ تۈرك-
لەرگە ئەل بولۇشى تۈركلەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولدى.
سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەرقىي تۈركلەرنىڭ
قاغانى شىبى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلار شەرقتەقىتانغىچە، تۇيۇ-
غۇن، قۇجۇ زېمىنلىرىغىچە يېتىپ بارغان. غەربتەتاڭ سۇلالىسىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، كۆلۈگ قاغان (619 — 620) بىلەن ئىلتار
بىر قاغان (620 — 630)نىڭ كۈچ تەسىرى تېخىمۇ زور بولۇپ،

① «كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە». كونا تاڭ-
نامە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 - يىل نەشرى (تۆۋەندىكىلەرمۇ
ئوخشاش)، 5181 - بەت.

تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالغان. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈركلەرنى چەكلەشنى ئويلىغان. تاڭ گاۋزۇ (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى) لى يۈەن تەختكە چىقىشتىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، غەربىي تۈركنىڭ تۇنيابغۇ قاغانى «ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىچكى جەھەتتىن بېقىنغان» (618 – يىلى) ھەمدە قوجۇ بىلەن قوشۇلۇپ «ئەلچى ئەۋەتىپ پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغان» (619 – يىلى)، «سۇرىيىنىڭ چوڭ قۇشىنى تەقدىم قىلغان» (620 – يىلى)①. تارىخ كىتابلىرىدا: «شۇ چاغدا شىمالىي تۈركلەر پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى، گاۋزۇ غەربىي تۈركلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شىمالدىن كېلىدىغان بۇ خەۋپنى توسماقچى بولىدۇ. تۇنيابغۇ 5 – يىلى (622 – يىلى) قىشتا زور قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئىلتارىبىر بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ، يابغۇ بىلەن يارىشىپ، ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلماسلىققا ۋەدە بېرىدۇ»② دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك ھەر يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇرغان. مەسىلەن، ۋۇدې 4 – يىلى (621 – يىل) 3 – ئايدا، تۇنيابغۇ قاغان تاڭ خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەن، تاڭ گاۋزۇ «غەربىي تۈرك ئەلچىسىگە زىياپەت بېرىپ، ئوردىدا توققۇز خىل مۇزىكا چالدۇرۇپ، ئەلچى بىلەن كەلگەن خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسىگە يىپەك توقۇلمىلارنى ئىنئام قىلغان»③. «ۋۇدې 5 – يىلى (622 – يىلى)، غەربىي تۈرك يابغۇ قاغانى قۇدا – باجا بو-

① «كونا تاڭ نامە. گاۋزۇ خاتىرىسى»، «كوناتاڭنامە» 7 – 10 – بەتلەر.

② «قانۇنلار قامۇسى»، 199 – جىلد.

③ «كىتابلار جەۋھىرى»، 109 – جىلد.

لۇش ئۇچۇن ئەلچى ئەۋەتكەن.»① 4 - ئايدا، ئەلچى «ئەۋەتىپ
شىر تېرىسى تەقدىم قىلغان، 8 - ئايدا ئەلچى ئەۋەتىپ داڭ-
لىق ئات تەقدىم قىلغان②». غەربىي تۈركنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە
بىلدۈرگەن بۇ ئىپادىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەرنى
چەكلەش زۆرۈرىيىتىگە ئاساسەن قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىنى قوغداشتۇرسا، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ۋە
شەرقىي تۈركلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشىمۇ
ناھايىتى زور رول ئوينايتتى.
تاڭ سۇلالىسى يىراقتىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، يېقىندى-
كىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تۇنيابغۇنىڭ
تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدا - باجا بولۇش تەلىپىگە ماقۇل
بولغان. تۇنيابغۇ جىنجۇ تون ئېركىننى ئون مىڭ دانە گۆھەر
مىخلانغان ئالتۇن كەمەر ۋە بەش مىڭ ئات بىلەن ئەۋەتىشنى
توختام قىلىشقان. لېكىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول شەر-
قىي تۈركلەر تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغانلىقتىن، تويلىشىش ئىشى
ۋاقتىنچە ئەمەلگە ئاشمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇنيابغۇ ئۆز
قول ئاستىدىكى خەلققە يەك زالىملىق قىلغانلىقتىن، خەلق
ئۇنىڭدىن بىزار بولغان، قارلۇق قەبىلىسىمۇ ئۇنىڭغا قارشى
چىققان، ئۇ ئاخىر 628 - يىلى ئۆزىنىڭ تاغىسى باغادۇر
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن③. باغادۇر تەختكە چىقىپ، باغا قۇت-

① «كىتابلار جەۋھىرى» 978 - جىلد.
② «كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد.
③ «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» «كونا تاڭنامە»، 5182 - بەتكە قارالسۇن. چاۋاننىس «مېھر - شەپقەت ئىبادەتخانا تەزكىرى-سىگە ئاساسەن، تۇنيابغۇنى 630 - يىلى ئۆلگەن دەپ قارىغان، بۇ توغرا ئەمەس.

لۇق ئىلتەبىر قاغان دەپ ئاتالغان.

تونيابغۇ قاغان ئۆلتۈرۈلۈشتىن بىر يىل ئىلگىرى (جېنگۇەن تۇنجى يىلى، يەنى مىلادى 627 - يىلى) جۇڭگونىڭ ئالىي راھىبى شۈەنزاڭ ھىندىستانغا بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا ①، غەربىي تۈركلەر رايونىدىن ئۆتكەن. ئۇ شۇ يىلى 9 - ئايدا چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، شەنشى، گەنسۇنى بېسىپ، يۈيمېن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ، باغايان قۇملۇقىنى كېزىپ، يەنە قۇمۇل، قۇجۇ، قارا شەھەر، كۇچا، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ، بېدېل تېغى ئېغىزىدىن (مۇزات جىلغىسىدىن ئەمەس ②) ئۆتۈپ، ئىسسىقكۆلگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كۆلنىڭ «كۆلىمى 1400 — 1500 چاقىرىمغىچە بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇن سوزۇلغان، جەنۇبتىن شىمالغىچە تار، قارىسا كۆز يەتمەيدۇ. قاتتىق بوران چىقمىغاندىمۇ نەچچە ئون گەز ئېگىز دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ»، «تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان، نۇرغۇن ئېقىنلار كېلىپ قۇيۇلىدۇ، سۈيىنىڭ رەڭگى قارامتۇل كۆك، تەمى تۇزلۇق، دولقۇنى ناھايىتى دەھشەتلىك بولۇپ، گۈركىرىگەن ئاۋازى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. لەھەڭ بىلەن بېلىق ئارىلاش ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر بار. شۇڭا بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار دۇئا قىلىپ ئەمىنلىك تىلەيدۇ، سۇ ھايۋانلىرى كۆپ بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ كۆلدىن بېلىق تۇتۇشقا جۈرئەت قىلال-

① شۈەنزاڭنىڭ يولغا چىققان ۋاقتى توغرىسىدا، لياڭ چىچاۋ، فېڭ چېڭجۈنلەر 627 - يىلى دەپ قارىغان. «غەربىي تۈرۈك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 95 - بەت. ئىزاھقا قارالسۇن.

② سىممىسنىڭ سۆزى. ۋاتتېرسنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» گە بەرگەن تەرجىمە ئىزاھىغا قارالسۇن، 1 - توم، 67 - بەت؛ 2 - توم، 332 - بەت (ئىنگلىزچە خەتتى قىسقارتىلدى - ت).

مايدۇ». شۈەنزاڭ ئىسسىقكۆلنى بويلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ
500 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، سۇيئاپ شەھىرىگە
(سۇيئاپ، هازىرقى چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق دېگەن
يەرگە يېقىن) يېتىپ باردۇ. ئۇ بۇ يەردە غەربىي تۈركلەرنىڭ
قاغانى تۇنيابغۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، قاغان شىكارغا چى-
قىپ ئۇۋ قىلىۋاتقانىكەن، «غەربىي ئاتلىرى ناھايىتى خىل
ئىكەن، خان ئۇچىسىغا يېشىل شايى تون كىيگەن، يالاڭباشتاق،
بويىنىغا ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ كېلىدىغان شايىنى ئوراپ، ئۇ-
چىنى ئارقىسىغا تاشلاپ ساڭگىلىتىپ قويىغان كىمخاب تون
كىيگەن، چاچلىرى ئۆرۈكلۈك 200 دىن ئارتۇق ئەمەلدار قاغا-
نىڭ ئەتراپىدا ئۇلىشىپ تۇرغانىكەن. ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن
لەشكەرلەر بولۇپ، ھەممىسى تېرە جۇۋا ۋە يۇڭ توقۇلمىلاردىن
كىيىم كىيگەن. نەيزىلىك تۇغلار ۋە ئوقيالارنى تىك تۇتۇپ،
تۆگە، ئاتلارغا مىنىۋالغان، ھەر قانچە قارساقمۇ، ئۇلارنىڭ
رەڭگىرەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدۇق.» تۇنيابغۇ شۈەنزاڭنى قىزغىن
كۈتۈۋالغان ھەمدە خەنزۇچە تىلنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈر-
لۈك تىللارنى بىلىدىغان بىر ياش يىگىتنى قوشۇپ، شۈەنزاڭنى
كاپىسا دۆلىتىگىچە ئاپىرىپ قويىغان. ئۇلار سۇيئاپ شەھىرىدىن
غەربكە قاراپ 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ بىڭيۇل
(مىڭبۇلاق توقماقنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 130 كىلومېتىر كېلى-
دىغان هازىرقى قىرغىز تېغىنىڭ شىمالىدا) دېگەن يەرگە يې-
تىپ كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ دائىرىسى 200 چاقىرىمدىن كۆپرەك
بولۇپ، كۆل ـ سازلىقلار كۆپ، غەلىتە دەل ـ دەرەخلەر جىق
ئىكەن»، جەنۇب تەرىپىدە قارلىق تاغ بار، قالغان ئۈچ تەرىپى
تۈزلەڭ قۇرغاقلۇق. سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، دەل ـ دە-
رەخلىرى كۆپ ئىكەن. باھارنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا تۈرلۈك
گۈللەر ئېچىلىپ لالە زارلىققا ئايلىنىدىكەن.

بۇلاق - كۆللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن «مىڭبۇلاق» دەپ ئاتالغانـ
كەن». بۇ جاي غەربىي تۈرك قاغانىنىڭ ياز پەسلىدە سالقىنـ
دايدىغان جايى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئىچىدە توپ - توپ بۇغىلار
بار ئىكەن، بويۇنلىرىغا قوڭغۇراقلىق ھالقىلار ئېسىلغان بولۇپ،
ئادەمگە كۆنۈك ئىكەن، ئادەمدىن ئۈركمەيدىكەن. قاغان بۇغىـ
لارغا ئامراق بولغانلىقتىن، قول ئاستىدىكىلەرگە: كىمكى بۇغىـ
لارنى ئۆلتۈرۈپ زىيان - زەخمەت يەتكۈزسە، گۇناھى كەچۈـ
رۈلمەيدۇ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن شۇڭا، بۇغىلار ئاخىرقى ئۆمـ
رىگىچە ياشايدىكەن».
شۇەنزاڭ قاتارلىق كىشىلەر مىڭبۇلاقتىن غەربكە قاراپ
يەنە 150 چاقىرىم يول يۈرۈپ، تالاس شەھىرى (ھازىرقى
جامبۇل شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا) گە يېتىپ باردى. بۇ شەـ
ھەرنىڭ دائىرىسى سەككىز - توققۇز چاقىرىمغىچە بولۇپ، ھەر
قايسى ئەل سودىگەرلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. يەر شاـ
رائىتى، مەھسۇلاتلىرى، ھاۋاكلىماتى سۇيئاپ بىلەن ئاساسەن
ئوخشاش ئىكەن. تالاستىن جەنۇبقا قاراپ 10 نەچچە چاقىرىم
ماڭغاندا، يەككە - يېگانە بىر كىچىك شەھەرگە يېتىپ بارـ
غان، بۇ شەھەردە 300 نەچچە ئۆيلۈك خەنزۇ ئاھالىسى
بار ئىكەن. ئۇلار ئىلگىرى تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىپ كېـ
لىنگەن بولۇپ، كېيىن ئۇلار مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ، ئۆزى سېـ
لىپ شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. كۆنلەرنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، ئۆرپ - ئادەتلىرى
تۈركلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تىلى،
تەقى - تۇرقى جەھەتتە ئەسلى قىياپىتىنى داۋاملىق ساقلاپ
قالغان. بۇ كىچىك شەھەردىن يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ
200 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، ئىسىنجاب (ھازىرـ
قى چىمكەنتنىڭ شەرقىدە، ئۇ يەرگە تەخمىنەن 15 كىلومېتر

يىراقلىقتا) قايتىپ بارغان. بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى ئالتە ـ يەتتە چاقىرىم بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى، ھاۋا كىلىماتى تالاسنىڭكىدىن تېخىمۇ ياخشىراق ئىكەن. ئىسپىجابتىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يەنە 200 نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ كۇيۇ شەھىرى ① گە يېتىپ بارغان، بۇ شەھەرنىڭ «دائىرىسى بەش ـ ئالتە چاقىرىم بولۇپ، يېرى ئويمان ھەم مۇنبەت، دەرەخلىرى بۈك ـ باراقسان ئىكەن». بۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ 40 — 50 چاقىرىم يول يۈرۈپ، نىجكەنت ② شەھىرىگە يېتىپ بارغان. بۇ، ئېھتىمال، پۈتكۈل مۇشۇ رايوننىڭ ئومۇمىي نامى بولسا كېرەك، شۇڭا، «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» دە، بۇ يەرنىڭ «دائىرىسى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلىدىكەن، ئوت ـ چۆپلىرى مول، دەل ـ دەرەخلىرى بۈك ـ باراقسان ئىكەن، مېۋە ـ چېۋە باياشاتچىلىق، ئۈزۈم كۆپ ئىكەن»، «يۈزلىگەن شەھەر ـ كەنتلەر بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانى بار ئىكەن، بىر ـ بىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرىش ـ چىقىش مەنئى قىلىنىپ، بىر ـ بىرىگە بويرۇقمۇ چۈشۈرەلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ زېمىن دائىرىسى ئايرىم ـ

---

① ۋاتتېرسنىڭ ئېيتىشىچە، «كۇيۇ» دېگەن سۆز تۈركى تىلىدا «بۇلاقنىڭ كۆزى» دېگەن بولىدىكەن، شۇڭا، ئۇ «كۇيۇ شەھەر» دەپ ئاتالغان. «ساكا تەزكىرىسى» دە ئىسپىجان شەھىرى تىلغا ئېلىنماي، كۇيۇ شەھىرى تالاسنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تەخمىنەن 200 چاقىرىم كېلىدۇ دېيىلگەن («بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ تەرجىمىسىگە بېرىلگەن ئىزاھ، 1 ـ جىلد، 84 ـ بەت).

② بۇ تۈرك تىلىدىكى «نۇ جاباھ كېند» يەنى «ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرى» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن («بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ تەرجىمىسىگە بېرىلگەن ئىزاھ، 1 ـ جىلد، 85 ـ بەت. بەزىلەر بۇنى تاشكەنت رايونىدىكى خانئاباد دېيىشىدۇ.

ئايرىم بولسىمۇ، ئۇمۇمىي نامى ئىنجىكەنت دەپ ئاتالدىغان» دېيىلگەن.

شۇەنزاڭ ئىنجىكەنت دۆلىتىدىن غەربكە قاراپ 200 نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ، چاش دۆلىتى (تاشكەنت رايونى) گە يېتىپ بارغان. ئاندىن كېيىن توپ-توغرا سەمەرقەندكە بارغان. بۇ جەرياندا، يەرلىك ئادەملەردىن پەرغانە بىلەن سۇترۇشانا (هازىرقى ئۇرا تۆپە) نىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، خاتىرىلىۋالغان. سەمەرقەندتىن چىقىپ يەنە كۇشان بەگلىكى (هازىرقى شەھرى سەبىز) غا يېتىپ بارغان، يول بويى يەنە مىماكان، كېبۇت، كوشانىيە، قوقەن، بۇخارا، بېتىك، خارەزىم قاتارلىق يەتتە دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئاڭلىغان. كوشانىيەدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ 200 چاقىرىم يول يۈرۈپ تاغ ئىچىگە كىرىپ، تۆمۈر قوۋۇققا يېتىپ بارغان (شىمالىي كەڭلىك 380°11′ بىلەن شەرقىي مېرىدىئان 66°54′ ئارىلىقىدا بولۇپ، سوغدىيانا بىلەن توخارستاننىڭ چېگرىسى). تۆمۈر قوۋۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، شۇەنزاڭ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قۇندۇز (ۋارۋالىز) غا يېتىپ بارغان. قۇندۇزدا بىر ئايدىن ئوشۇق تۇرۇپ، بۇ ئارىلىقتا بەلخ دۆلىتىگە بېرىپ ساياھەت قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈپ كەتكەن①.

شۇەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرتنى ئايلىنىپ چىقىش داۋامىدا

① يۇقىرىقىلار شۇەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ۋاتتېرس تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى ۋە خۇي لىنىڭ «ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ نوم ئۆلىماسىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن ئېلىندى.

قالدۇرغان بۇ خاتىرىسى — شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، ئەينى زاماندا غەربىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى تەسىر كۈچىنى توخارىستان بىلەن ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىغىمۇ يەتكۈزگەن. چاۋانىس: ئۇنىڭ چېگرىسى ھىندى دەرياسىغىچە يېتىپ بارغان دەيدۇ ①.

## 3 - بۆلۈم غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

ئېفتالىتلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىن شەرقىي تۈرك بىلەن غەربىي تۈرك بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، غەربىي تۈركنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ، غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە يېتىپ بارىدۇ، شەرقتە شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئالتاي تېغىنى چېگرا قىلىدۇ. تارىخ كىتابلىرىدا بۇ يىغىنچاقلىنىپ، «ئۇنىڭ دۆلىتى ئۇسۇنلارنىڭ قەدىمكى زېمىنى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئوتلاق يەرلىرىدىكە قارىتا ئېيتىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا كەلسەك، بۇ جايلار «غەربىي يۇرتتىكى غۇز (胡) بەگلىكلىرى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ

① چاۋانىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 231 - بەت.

ھەممىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ «قارىمىقىد» ئىدى①.

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆزى 10 قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تۈزۈمى شەرقىي تۈركلەرنىڭ تۈزۈمى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. تارىخ مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئالىي سەردارى قاغان دەپ ئاتالغان، قاغاننىڭ خوتۇنى «خاتۇن» دەپ ئاتالغان، چوڭ ئەمەلدارلار يابغۇ دەپ ئاتالغان. غەربىي تۈركلەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى يابغۇ ئىدى، كېيىن ئۇلارمۇ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى، مەسىلەن، تۇنيابغۇ قاغان شۇنداق قىلغان. يابغۇدىن باشقا يەنە شاد، تېكىن، ئىلتەبىر، تۇدۇنبار قاتارلىق 28 دەرىجە بار ئىدى. يابغۇ، تېكىن دېگەن ئەمەللەرگە قاغاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە جەمەتىدىكىلەر قويۇلاتتى. غەربىي تۈركلەردە يەنە ئېكىن كۆلچور، يانغۇندا، ئىلتەبىر، تۇدۇن. ئېركىن دېگەنگە ئوخشاش ئەمەللەر بار ئىدى. غەربىي تۈركلەر تەسىس قىلغان ئەمەللەردىن «ئىلتەبىر. يابغۇندا دېگەن ئەمەلدىكىلەر دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشقاندىن باشقا، قالغانلىرى شەرقىي تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى»②.

تۈركلەرنىڭ ئەمەل تۈزۈمىنىڭ بۇنداق راۋاجلانغانلىقى ئۇلاردىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ نىكاھ تۈزۈمىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يەنىلا ساقلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تارىخ مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، «دادىسى، ئاكىسى، چوڭ ـ كىچىك تاغىلىرى ئۆلسە، ئوغۇللىرى،

---

① كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە، 2 - قىسىم، «كونا تاڭنامە» 5179 - بەت.

② «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «سۈينامە» 1876 - بەت.

ئىنىلىرى، جيەنلىرى ئۆگەي ئانىسى، ھامما ئاچىلىرىنى، يەڭگىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ». بۇ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى تىپىك نىكاھ شەكلى. غەربىي تۈركلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى قىلغان. «ئۇلار تېرىدىن كىيىم كىيىدۇ، ئۈستى يۇمىلاق كىگىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، سۇ، ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.» «ھەممىسى كۆچۈپ يۈرىدىغان بولسىمۇ، ھەرقايسىنىڭ ئايرىم يېرى بار»، يەنى ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە تەۋە چارۋا باقىدىغان لىنىيىسى ۋە قىشلاق - يايلاقلىرى بار. بۇ خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، «كۆچمەن چارۋىچىلىق ھەمدە ئادەتتە بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كۆچۈش — بۇ، قەبىلىلەر تېخى مەلۇم بىر جايدا مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان، ئەمما ئۇچرىغان ئوتلاقلاردا چارۋا بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بىرىنچى شەكلى، شۇڭا، قەبىلە ئومۇملۇقى، يەنى تەبىئىي كوللېكتىپ سۈپىتىدە يەر ئىگىلەش (ۋاقىتىنچە) ۋە يەردىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن» ①. بىر تەرەپتىن، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ئۇرۇق ئىچىدىكى تەرەققىياتى — مانا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشىشى ئەينى زاماندىكى تۈركلەرنىڭ پاترىئارخال فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

قاغان، يابغۇ، تېكىن، شاد دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى فېئو-

---

① ماركس: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى فورماتسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - بەت.

داللار بولۇپ، ئۇلار قەبىلە خەلقىنى ئېغىر دەرىجىدە ئېكسپېد-
لاتاتسىيە قىلىدۇ، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى ئىنتايىن زور،
ئەزىز ـ خارلىق ئايرىمىسى ناھايىتى قاتتىق. شەرقىي رىم
ئەلچىسى زېماركۇس ۋە شۈەنزاڭلار كۆرگەن غەربىي تۈرك
قاغانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. شەرقىي رىم تارىخچىسى مېناندېرنىڭ يېزىشىچە، زېمار-
كۇس قاتارلىقلار قاغاننىڭ تۇرۇشلۇق جايى (بۇ جاي ئاقتاغدا
بولۇپ، يېزىلىقلار ئۇنى ئالتۇنتاغ دەپ ئاتىغان) ①
غا بارغاندا، ئۇلار ئىستەمىنىڭ ئوردىسىنى كۆرگەن. بۇ ئوردا
بىر جىلغىدا ئورۇنلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى ئالتۇنتاغ ئوراپ
تۇرىدىكەن. زېماركۇس ئۇ يەرگە بېرىش بىلەنلا قاغان ئۇنى
قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەن. ئۇلار قاغاننىڭ كىگىز ئۆيىدىن يا-
سالغان ئوردا ئىچىدىكى بىر ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى
كۆرگەن، ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا ئىككى چاق ئورنىتىلغان بولۇپ،
ئۇنى قوزغاش توغرا كەلسە، بىر ئات تارتىدىكەن. بۇ كىگىز
ئۆي رەڭگارەڭ يىپەك توقۇلمىلاردىن ياسالغان چىملىدىقلار
بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ناھايىتى نەپىس توقۇلغانىكەن.
ئىككىنچى كۈنى، باشقا بىر كىگىز ئۆيدە قوبۇل قىلغان، بۇ
ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگىمۇ تۈرلۈك گۈزەل يىپەك توقۇلمىلار
ئېسىلغان بولۇپ، بۇ توقۇلمىلارنىڭ ئۈستىگە خىلمۇ خىل ئادەم

---

① جاڭ شىڭلاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئاقتاغ تورۇكچە سۆز. بۇ يەردە ئال-
تۇنتاغ دېيىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئاقتاغ ― تەڭرىتاغدۇر («جۇڭگو-غەرب
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 4 - قىسىم،
287 - بەتكە قارالسۇن). چاۋانىنسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاقتاغ كۇچانىڭ شىمال-
دىكى تاغدۇر. ئەڭ دەسلەپتە تۈرك قاغانلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى كۇچانىڭ
شىمالىدىكى تاغنىڭ سىرتىدىكى تېكەس ۋادىسىدا بولغان («غەربىي تۈرك
تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 212 - بەت).

ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن. ئىستەمسى ئولتۇرغان
كارىۋات تامامەن ئالتۇندىن ياسالغان، كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇر-
سىغا قويۇلغان جام، مەي چەينىكى ۋە مەي قاچىلانغان كۈپ-
لەرمۇ ئالتۇندىن ياسالغانىكەن. ئۈچىنچى كۈنى، يەنە بىر-
كىگىز ئۆيدە زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ كىگىز ئۆينىڭ تۈۋ-
رۈكى ئالتۇن پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۆينىڭ
ئىچىدىكى قاغان ئولتۇرىدىغان تەخت ئالتۇندىن ياسالغان
تۆت توزنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان. يىغىن بولىدىغان بۇ جاي-
نىڭ ئالدىدا نۇرغۇنلىغان هارۋىلار توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ،
هارۋىلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كۈمۈش بۇيۇملار، جۈملىدىن
لېگەن، تەخسە ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان سانسىز قۇش - جانى-
ۋارلار، هەر خىل هايۋانلار قاچىلانغان. نەققاش - ئويمىچىلىق
هۈنەر سەنئىتى شەرقىي رىمدىن هەرگىز قېلىشمايدىكەن.
دېمەك، تۈرك قاغانلىرىنىڭ هەشەمەتلىك تۇرمۇشى ئەنە شۇن-
داق دەرىجىگە يەتكەن ①. شۈەنزاڭ كۆرگەن ئەھۋاللار 60
يىلدىن كېيىنكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن زېماركۇسنىڭ كۆرگەن-
لىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇلارنى ئۆزئارا دەلىللەش ۋە
ئۆزئارا تولۇقلاشقا بولىدۇ. ئېيتىلىشىچە، غەربىي تۈرك قاغانى
«بىر چوڭ چېدىردا تۇرىدىكەن، چېدىر ئالتۇن گۈللەر بىلەن
بېزەلگەن بولۇپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىكەن. چوڭ
ئەمەلدارلار قاغاننىڭ ئالدىدا ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇرىدىكەن،
هەممىسى كىمخاپ تون كىيگەن. ياساۋۇللار ئۇلارنىڭ ئارقىسى-
دا تىك تۇرىدىكەن، قارىماققا، ئۇ ئۈستى يۇمىلاق كىگىز
ئۆيدە تۇرىدىغان قاغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن سەلتە-

① هېنرى يۇلېنىڭ «قەدىمكى جۇڭگودا ئاڭلىغان - كۆرگەنلەردىن خاتىرە» دېگەن كىتابىنىڭ 1 - توم، 209 — 210 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

نەتىلىك ئىكەن» ①. بۇنىڭدىن، غەربىي تۈرك ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تۈركلەر جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر تەرەپ — قانۇن. بۇ قانۇندا: ئىسيان كۆتۈرگەنلەر، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تەگكەنلەر، ئات ئوغرىلىغانلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ، قىزلارنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تەگكەنلەر نۇرغۇن مال - مۈلۈك تۆلەيدۇ ھەم ئۇ قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ يارىدار قىلغانلار ئېغىر - يەڭگىللىكىگە قاراپ نەرسە تۆلەيدۇ، ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلىغانلار ئەسلى قىممىتىدىن ئون ھەسسە كۆپ نەرسە تۆلەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ پۈتۈنلەي خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداش، فېئودال چارۋىدارلارنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە فېئوداللاشقان ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلگەن قانۇندۇر.

غەربىي تۈركلەر دەسلەپتە شەرقىي تۈرك قاغانىغا تەۋە بولۇپ، ئۇمۇ شەرقىي تۈركلەرگە ئوخشاش، ئۆزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان خەنزۇلار رايونىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن غەربىي تۈركلەر شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا، پېرسىيە ۋە شەرقىي رىمنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. بۇ تەسىر ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە دۆلەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئىپادىلەنگەندىن سىرت، يەنە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئىپادىلەنگەن. ئورخۇن دەرياسى ۋە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تېپىلغان ئابىدىلەر تۈركلەرنىڭ يېزىقى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە

① خۇي لى: «ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ نوم ئۆلىماسىنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 - جىلد.

يېنىسەي دەرياسىدىكى ئابىدە تېخىمۇ بۇرۇن (VII ئەسىرگە تەۋە)
بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقى قەدىمكى سوغدى
هەرپلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان دەپ قارالماقتا. تۈركلەر مەۋجۇت
هەرپنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى بەزى تاۋۇش بەلگىلى-
رىنى يېڭى قوشقان هەمدە ئۇنىڭغا تۈركىي تىلىنىڭ فونېتىك-
لىق خۇسۇسىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنى
سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭ ئىملا قائىدىسى ناهايىتى قاتتىق بولۇپ،
بۇ، بۇ خىل يېزىقنىڭ خېلى بىر مەزگىللىك تەرەققىياتىنى
بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
تۈرك يېزىقىدىكى هەممە ئابىدىلەردىكى يىل - دەۋرلەر 12
مۇچەل بويىچە ئىپادىلەنگەن. بۇ، تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا
بايان قىلىنغان قىرغىزلارنىڭ يىللارنى مۇچەل بويىچە هېساب-
لىغانلىقى بىلەن بىردەك.

تۈركلەرمۇ تارىختىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەت-
لەرگە ئوخشاش، ئەڭ دەسلەپتە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.
بىراق كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار ئارىسىغا ئاتەشپەرەسلىك (زورو
ئاستېر) دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنىمۇ
تارقىلىپ كىرگەن. زېماركۇس ۋە شۈەنزاڭلارنىڭ مەلۇماتىدىن،
بىز تۈركلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىدىنمۇ بىرئاز خەۋەردار
بولالايمىز. دەسلەپ، زېماركۇس قاغان ئوردىسىغا يېتىپ
بېرىشتىن ئىلگىرى، بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ جىن - شەيتانلارنى قوغلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى
ئېيتقان هەمدە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئۇلاغ-
لىرىدىن چۈشۈرۈپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن يۈك - تاقلارنىڭ
ئۈستىدە قوڭغۇراق، دۇمباق چالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
يەنە بەزى ئادەملەر قولىدا ئىسرىقدان تۇتۇپ، يۈك - تاق-

لارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگۈرۈپ، بولۇشچە سۆرەن سېلىپ، خۇددى جىن - شەيتانلارنى قوغلاپ بولدۇق دەپ قارىغاندىن كېيىن، زېماركۇسنىڭ ئۆزىنىمۇ ئوت ئۈستىدىن ئاتلاتقان①. شۇەنزاڭ ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن مۇنداق دەپ يازغان: «تۈركلەر ئۆيىگە ئوت قالايدىكەن، كارىۋات ئىشلەتمەيدىكەن. ئوتۇن قالىسىمۇ، ئوتنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. ئەمما يەرگە قېلىن سېلىنچى سالىدىكەن». شۇەنزاڭ سەمەرقەندتە مۇنۇلارنى كۆرگەن، ئۇنىڭ «خانى ۋە پۇقرالىرى بۇددا تەلىماتلىرىغا ئىشەنمەيدىكەن، ھەممە ئىشتا ئوتقا سېغىنىدىكەن. ئىككى جايدا ئىبادەتخانا بار ئىكەن، ئەمما راھىبلىرى يوق ئىكەن، سىرتتىن راھىبلار كېلىپ قالسا، غۇزلار قولىغا ئوت ئېلىپ قوغلاپ، ئۇلارنى تۇرغۇزمايدىكەن»②. بۇ ئەھۋال تۈركلەرنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكىلەرگە ئوخشاش، ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، لېكىن ئۇلاردا شامان دىنىنىڭ قالدۇقىمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، تۈركلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، خاتىرىلەردىن قارىغاندا، «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى چېدىر ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى، ئۇرۇق تۇغقانلىرى، ئەر - ئايال ھەممىسى قوي، ئات ئۆلتۈرۈپ، چېدىر ئالدىغا قويۇپ نەزىر قىلىدىكەن. چېدىرنى ئاتلىق يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، چېدىر ئىشىكىگە كەلگەندە، پىچاق بىلەن يۈزىنى تىلىپ يىغلايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش، يۈزىدىن قان بىللە ئاقىدىكەن، يەتتە

---

① ھېنرى يۇلېنىڭ: «قەدىمكى جۇڭگودا ئاڭلىغان - كۆرگەنلەردىن خاتىرە» دېگەن كىتابىنىڭ 203 - بېتىگە قارالسۇن.

② خۇي لى: «ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ نوم ئۆلىماسىنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 - جىلد.

قىيتىم شۇنداق قىلىپ ئاندىن توختايدىكەن. بىر كۈننى
تاللاپ، ئۆلگۈچىنىڭ مىنگەن ئېتى ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنى
ئېلىپ، جەسەت بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى يىغى-
ۋېلىپ، پەيتى كەلگەندە دەپنە قىلىدىكەن. باھار ۋە ياز پەس-
لىدە ئۆلگەنلەرنى ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ دەل - دەرەخلەر
يوپۇرماق تاشلىغاندا، كۈز ۋە قىش پەسلىدە ئۆلگەنلەرنى
دەرەخلەريوپۇرماق چىقىرىپ، گۈللەر ئېچىلغاندا ئاندىن دەپنە
قىلىدىكەن. دەپنە قىلىدىغان كۈندە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئاتلىق يۈرۈپ يۈزىنى تىلىپ، دەسلەپ
ئۆلگەن چاغدىكىدەك ماتەم تۇتىدىكەن. دەپنە قىلىپ بولغان-
دىن كېيىن، قەبرىسىگە تاش قويۇپ بەلگە ئورنىتىدىكەن.
قويۇلغان تاشنىڭ سانى ئۇنىڭ ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەن
ئادىمىنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىكەن» ①. ئورخۇن دەرياسى
بويىدىن تېپىلغان تۈركچە يېزىقتىكى ئابىدە يۇقىرىدىكى
خاتىرىلەرنى تولۇق ئىسپاتلىغان. ئۇ يەردە بۇ خىل تاش
بەلگىلەرنى بالبال (Balbal) دەپ ئاتايدىكەن. ئەمما ۋىزانتىيە
مەنبەلىرىدە، تۈرك قاغانى ئۆلگەندە، ئەسىرگە چۈشكەن دۈش-
مەن قەبىلە باشلىقلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلغان دېيىل-
گەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇن-
لىرى ئىدى.

مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى خرىستىئان
دىنىدىن بۇرۇن بولغان، ئەمما، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نېستورى-
يان مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنى مىلادى 561 - يىلى
سوغدىيانادىكى تۈركلەر ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن② ئىكەن.

① «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «جۇنامە»، 910 - بەت.
② جاۋانىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار». 219 -
بەت.

سۈرىيىلىكلەرنىڭ خاتىرىلىشىچە، تەخمىنەن 411 — 415-
يىللىرى سەمەرقەندتە خرىستىئان ئېپىسكوپى قويۇلغان، ھېنرى
يولې 503 — 520 - يىللار ئارىلىقىدا قويۇلغان دەيدۇ.
كوسماس بولسا VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ
بويىدا خرىستىئان مۇرتلىرى بار ئىدى ① دەيدۇ. مانى دىنى
بىلەن نېستورىيان دىنىنىڭ ئۆز يېزىقلىرى، يەنى سوغدى
يېزىقى بىلەن سۇرىيە يېزىقى بولغان. مانى دىنى بىلەن
نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان پارسلار بىلەن تۈركلەرنىڭ
ھەممىسى مۇشۇ ئىككى خىل يېزىقنى ئىشلەتكەن، بۇ، ئۇلارنىڭ
ئۆز يېزىقلىرىنى ئىجاد قىلىشتا ناھايىتى زور رول ئويىنىغان.

شۇنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىشتىن ئىلگىرى، غەربىي تۈرك-
لەردە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاز بولغان. جۇڭگونىڭ
خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، شىمالىي چى دەۋرىدە
شەرقىي تۈرك قاغانى تاپارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى
تىلغا ئېلىنغان (VI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى)② بولسىمۇ،
لېكىن غەربىي تۈرك قاغانى يەنىلا ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتى-
قاد قىلىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما ئۇ
بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلىشقىمۇ قارشى تۇرمىغان. بارتولد
مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىمۇ (ئوتتۇرا ئاسىيانى دېمەكچى)
پېرسىيىگە ئوخشاشلا، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ھۆكۈمران تەبىقى-
لەرنىڭ دىنى ئىدى. پېرسىيىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان
دۇئالىزم دىنىي مەزھىپى ماۋارا ئۇننەھردە ئۆزىنىڭ بىخەتەر
پاناھلىنىش ماكانىنى تاپقان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇددا
مۇرتلىرى بىلەن نېستورىيان مۇرتلىرى ئەركىنلىكتىن ئوخشاش

① ۋامبېرى: «بۇخارا تارىخى»، 16 - بەت.
② «سوينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «سوينامە» 1865 - بەتكە قارالسۇن.

بەھرىمەن بولغان بولسا كېرەك. پەقەت شۈەنزاڭنىڭ سەمەرقەند توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىدىلا نېستورىيان دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا كۆرەش بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن①. ۋەھالەنكى شۈەنزاڭنىڭ بۇددا دىنى ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىمۇ بۇنداق كۆرەشنىڭ ئانچە كەسكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ»②. بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچىلار پارسلار بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا ھىندى يېزىقىنىمۇ تارقاتقان. تۈركلەرنىڭ ھىندى يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇددا دىنىي كىتابلىرى يېقىنقى زاماندىمۇ تېپىلغان③.

---

① خۇي لى: «ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ نوم ئۆلىماسىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىنىڭ 2 - جىلدىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىما دەسلەپ (سەمەرقەندكە) بارغاندا، خان ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەرگە ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ، بۇددانىڭ خاسىيەتلىرىنى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلسا بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. خان بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى بۇ ھەقتە تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن. ئۆلىمانىڭ ئىككى شاگىرتى ئىبادەتخانىغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بارسا، بىرنەچچە غوزلار كېلىپ ئوت يېقىپ ئۇلارنى قوغلىغان. ئۇ راھىبلار قايتىپ بېرىپ خانغا مەلۇم قىلغان. خان بۇنى ئاڭلاپ، ئوت يېقىپ قوغلىغۇچىلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرگەن. ئۇلار تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، پۇقرالارنى يىغىپ كېلىپ، ئوت ياققۇچىنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلاشقا پەرمان بەرگەن. ئۆلىما ئۇلارنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ خانغا نەسىھەت بېرىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزماقچى بولغان. خان ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىپ، شەھەردىن قوغلاندى قىلغان. بۇنىڭدىن ھەممە ئاۋام ئىبرەت ئېلىپ، بۇدداغا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، كىشىلەر ئىبادەتخانىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن. بارغانلا يېرىدە شۇنداق بولغان».

② بارتولد: «مۇڭغۇللار ئىستېلاسىدىكى تۈركىستان»، 1928 - يىل، لوندون نەشرى، 180 - بەت.

③ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 5 - توم، 27 - بەت.

ئاسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ، سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تۈركلەر بۇرۇن جۇجانلارنىڭ تۆمۈرچىلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇرۇنلا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەرقىي رىم ئەلچىسى سوغدىيانىغا يېتىپ بارغاندا، تۈركلەردىن تۆمۈر ئەكىلىپ سېتىشنى تەلەپ قىلغانلىرىمۇ بولغان ھەمدە ئۆز دۆلىتىدە تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تۈركلەرنىڭ پېرسىيە، شەرقىي رىم بىلەن بولغان دىپلوماتىيىسى ئۇنىڭ يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىقتىسادىي مەنپەئىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. تۈرك قاغانلىرىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ شۇنچە ھەشەمەتلىك بولۇشىدىن ئۇلارنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ قانچە كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، سەرەمجانلىرى ۋە تاۋار - دۇردۇن، شايى - كىمخابلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگودىن ياكى غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى بەلگىلىگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىق جەمئىيىتىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىران تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىدى، ئەلۋەتتە. يېزىلاردىكى پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەر «دېھقان» دەپ ئاتىلاتتى. بارتولد مۇنداق دېگەن: ئەرەبلەر بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك يەر ئاقسۆڭەكلىرى (ئاتالمىش دېھقان) لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبا-

ۋەت ئىدى. ئادەتتىكى يەر ئىگىلىرىنىمۇ دېھقان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، بىر رايوننىڭ ھۆكۈمرانىنىمۇ دېھقان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بەزى كىچىك دۆلەتلەر (مەسىلەن، بۇخارا) نىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۆزىنى پېرسىيچە «خۇدات» دېگەن نام بىلەن «بۇخارا خۇدات» دەپ ئاتىغان. ئان. نايسابۇرى تۈركلەرنىڭ بۇخارانى بويسۇندۇرغانلىقى توغرىسىدا توختالغىنىدا، بۇخارا خۇداتىنىمۇ تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى بىر مۇھىم دېھقان دەپ يازغان. دېھقان دېگەنلەر زور مىقداردا يەر ئىگىلىگەن بولۇپ، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار قورۇقلار ۋە قەلئەلەر ئىچىدە ئولتۇراتتى، ئۇلار ئۆزىگە بېقىندا قىلىنغان دېھقانلار (ھازىرقى مەنىدىكى دېھقانلار — ت)ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

ھەرقايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلار چاكار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ياش ئاقسۆڭەك ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نۆۋەت بىلەن ئوردىغا كىرىپ قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. بۇ، ياۋروپانىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىكى سۇۋارىلار (چەۋەندازلار)غا ئوخشايتتى. ئۇلاردا بىر خىل پالۋانلىق روھ ئەۋج ئالغان. مەسىلەن، سەمەرقەنددە ھەرىيلى زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېلىشىش سورۇنى ھازىرلاپ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇسابىقىگە چۈشكەنلەر ئۆز رەقىبىنى ئۆلتۈرىۋېتەلىسە، ئۇ ئەل ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر ئەزىمەت ھېسابلىنىپ، كېلەر يىلى يەنە باشقىلارنىڭ مۇسابىقىسىنى قوبۇل قىلاتتى.

ھەرقايسى كىچىك دۆلەتلەر ھامان بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىدى. دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان چاكارلار تەبىقىسى باتۇر ھەم سوقۇشقاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي تەشكىلسىز ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇششاق دۆلەتلەر ئارـ

سىدا ھەمىشە ئىقتىساقسىزلىق يۈز بېرىپ تۇراتتى، بۇ ھال تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە پايدىلىنىق شارائىت يارىتىپ بېرەتتى.

سودىگەرلەر. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇ رايون شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولى ئۈستىدە بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى سودىگەرچىلىككە ئادەتلەنگەن. جۇڭگو مەنبەلىرىدە، كانگكىيلىكلەر سودىغا ماھىر، ئوغۇللىرى بەش ياشقا كىرگەندە ئوقۇتىدۇ، ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىرىپ سودىگەرچىلىكنى ئۆگىتىدۇ، كۆپرەك پايدا ئالالىسا، ئۇنى سودىغا ماھىر بولۇپتۇ دەپ ھېسابلايدۇ»① غانلىقى بايان قىلىنغان. سوغدى سودىگەرلىرى ئاساسلىقى يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى، يىپەك ماللارنى ئېلىپ ھەرتەرەپلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى، باشقا ئەللەرگىمۇ بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار يىپەك يولى بويلىرىدا ئاھالە پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، بازار ـ شەھەرلەرنىمۇ بىنا قىلغانىدى. شۆەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، ئەسلى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى بولغان چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى، سو دەرياسى قاتارلىق ۋادىلاردا سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان شەھەر ـ بازارلار، مەسىلەن، سۈيئاپ شەھىرى ۋە تالاس شەھىرى بىنا بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «نەچچە ئەل سودىگەرلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان» لىقى تىلغا ئېلىنغان. سوغدى سودىگەرلىرى جۇڭگو بىلەن بولغان يىپەك سودىسىنى مونوپول قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن

① «قانۇنلار قامۇسى» دا «غەربىي ئەللەر توغرىسىدىكى خاتىرە» دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىمۇ چاڭگىلىغا
ئېلىۋالغان. ئۇلار سودىگەرچىلىك قىلىش بىلەن پۇل تېپىپ
بېيىپ كەتكەن. بارتولد نەرشاخىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈ-
رۈپ: بۇخارا سودىگەرلىرى زور مىقداردا كۆچمەس مۈلۈككە
ئىگە بولغان، ئۇلار قەلئە ئىچىدە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنى
دېھقانلارنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ دەپ بايان قىلىدۇ. تە-
بەرى بولسا ھەممىشە سودىگەرلەرنى بىر رايوننىڭ ھۆكۈمرانى
(ئۇلار «مۈلۈك» دەپ ئاتىلىدۇ) بىلەن تەڭ قاتاردا قويىدۇ.
يىپەك سودىسى سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن تۈرك ھۆكۈمران-
لىرىنىڭ مەپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن، تۈركلەر ھەتتا سوغدى
سودىگەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ، شەرقىي
رىمغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. سوغدى سودىگەرلىرىمۇ تۈرك
ھۆكۈمرانلىرىغا تايىنىپ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا موھتاج
بولغاچقا، ئۇلار بىر - بىرىنى قوللىغان. سودا ئىشلىرىمۇ ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى ئۇششاق دۆلەتلەرنى بىر - بىرى بىلەن باغ-
لاپ تۇرىدىغان ۋاستە بولۇپ قالغان.
سوغدى سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا
بېرىپ سودا قىلىشتا، ھەممىشە پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلىش
دېگەن نام بىلەن كېلەتتى، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ سودا
كارۋىنىنىڭ يول ئۈستىدىكى بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن
پايدىلىق ئىدى. دەرۋەقە، بەزىلىرى دۆلەت ئەلچىسى بولۇپمۇ
كېلەتتى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 564 -
يىلى، سوغدىيانا قاتارلىق دۆلەت ئەلچىلىرى شىمالىي جۇ
خاندانلىقىغا كېلىپ پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغان①. ئۇ-

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 351 - بەتكە قارالسۇن.

لار ئادەتتە قۇجۇ ياكى قۇمۇلدىن ئۆتەتتى①. ئۇ چاغلاردا قۇجۇنىڭ شىمالىدىكى خانتەڭرى تېغىنىڭ شىمالى تېلىلار (تۆلۆسلەر) نىڭ چېگرىسى ئىدى. تېلىلار ھەمىشە چوڭ ئەمەلدار ئەۋەتىپ قۇجۇدا تۇرغۇزاتتى، غەربىي رايون سودىگەرلىرى ئۇ يەردىن ئۆتسە، ئۇلاردىن باج ئالاتتى②. غەربىي تۈركلەر باش

① «سۈينامە. قۇجۇ تەزكىرىسى» گە قارالسۇن. يەنە «سۈينامە. پېي جۈينىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «شۇ زاماندا غەربىي يۇرتتىكى بىر قانچە ئەللەر كۆپىنچە جاڭيېگە كېلىپ جۇڭگو بىلەن سودا قىلىشاتتى. پادىشاھ پېي جۈينى مۇشۇ ئىشلارغا مەسئۇل قىلغان... پېي جۈي ئۇلاردىن گەپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، تاغ - دەريالىرى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتلىرىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك بايانى» نى ئۈچ جىلد قىلىپ يېزىپ چىقىپ خانغا مەلۇم قىلغان. ئۇنىڭدا... ‹دۇنخۇاڭدىن چىقىپ غەربىي دېڭىزغا بارىدىغان ئۈچ يول بار، ھەرقايسىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان جايلىرى ئوخشىمايدۇ. شىمالىي يول بىلەن ماڭغاندا، قۇمۇلدىن چىقىپ، باركۆلدىكى تۇرا يۇرتىدىن، تۈرك قاغانىنىڭ پايتەختىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ، فەرەڭ (كونستانتىنوپول) دۆلىتى ئارقىلىق غەربىي دېڭىزغا بارغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا يول بىلەن ماڭغاندا، قۇجۇدىن چىقىپ كىنگىت، كۇسەن، سۇلى ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە پەرغانە، سۇترىشانا، كانكىيە، كېبۇت، كوشانىيە بۇخارا، مارۇ، ماۋرا ئارقىلىق پېرسىيىگە بېرىپ، ئاندىن غەربىي دېڭىزغا يەتكىلى بولىدۇ. جەنۇبىي يول بىلەن ماڭغاندا، پىشامشاندىن چىقىپ، ئۇدۇن، جوجۇق (قارغىلىق — ت) (تاشقۇرغان) كاۋانتا ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ، ئاندىن ۋاھان، توخارىستان، ئېفتالىت، بامىيان، جاگۇدا قاتارلىق ئەللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي ھىندىستانغا بېرىپ، ئاندىن غەربىي دېڭىزغا يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭمۇ ئۆزى ماڭىدىغان يوللىرى بار، جەنۇب - شىماللارغا قاتنىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ شەرقىدە سۇۋارنا گۇترا. جەنۇبىدا براھمان ئەللىرى (ھىندىستان ئەللىرى) بار. ئۇ يەرلەردىن ماڭسىمۇ يۇقىرىدىكى ئەللەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇڭا، قۇمۇل، قۇجۇ، پىشامشانلار غەربىي يۇرتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، دۇنخۇاڭ بولسا شۇ ئەللەرگە بارىدىغان باش ئېغىز ئىكەن» دېيىلگەن («سۈينامە»، 1578 — 1580 - بەتلەر).

② «سۈينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى». «سۈينامە» 1847 — 1848 - بەتلەرگە قارالسۇن.

كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ھوقۇق شۇلارغا ئۆتۈپ كەتكەن.
سۇي سۇلالىسى ياڭدى پادىشاھىنىڭ دايې يىللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، مەسىلەن، كانگنىيە، بۇخارا، تاشكەنت، پەرغانە، توخارىستان، ئېفتالىت، مايمارغ، كېش، كېبۇت، كوشانىيە، ئۇناغ، مەرۋى. جاگۇدا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغان ①. سۇي سۇلالىسىدىن كېيىن تاڭ دەۋرىدىمۇ ئۇلار ۋۇدې يىللىرى مەزگىلىدە پادىشاھقا سوغات ئەقدىم قىلىپ تۇرغان. ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تەرەپكە قاتنىغىلى بولىدىغان جاي بولغاچقا، ئۇنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال تەرەپلەردىكى ئەللەر بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئالاقىسى بار ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، كوشانىيە شەھىرى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شەھەرنىڭ سول تەرىپىدە كاتتا بىر بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جۇڭگو قەدىمكى پادىشاھلىرىنىڭ، شەرقىي تەرىپىگە تۈرك، ھىندىستان شاھلىرىنىڭ، غەربىي تەرىپىگە پېرسىيە، كونستانتىنوپول شاھلىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، ئۇنىڭ خانى ئۇ سۈرەتلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرغان.» مانا بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ھەر تەرەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقىسى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقى مەلۇم. ئەنگلىيە ئالىمى گىب مۇنداق بىر ئوبدان پىكىرنى بايان قىلغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: «شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، سوغدىلارنىڭ شەرق بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى غەرب بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدىن كۈچلۈك بولغان، بۇ ھال ئۇلارنى قايسى تەرەپنى

① «سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «سۇينامە»، 1847 - بەت.

تاللاش پەيتى كەلگەندە، ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئەمەس، بەلكى تۈركلەر ۋە جۇڭگولۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىش قارارىغا كەلتۈرگەن»①. بۇ قاراشتا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتە جۇڭگو بىلەن ئەزەلدىنلا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى،بۇ مۇناسىۋەتنىڭ يەنە كېلىپ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىشىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئاساس ۋە مەنپەئەت زۆرۈرىيىتىدىن بولغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇڭا، مىنىڭچە، كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى شەھەر - بازارلاردا تۇراتتى. بۇ شەھەر - بازارلار ئومۇمەن قەلئە، ئىچكى شەھەر (شەھرىستان) ۋە تاشقى شەھەر (رابات) دىن تەركىب تاپقان. ئىچكى شەھەردە مۇداپىئە ئىستىھكامى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەرلىك ھۆكۈمرانلار ۋە «دېھقانلار» ئولتۇراتتى. راباتلار بولسا سودا كارۋانلىرىنىڭ سارايلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھاسىل بولغان، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغىمۇ ئىستىھكاملار سېلىنغان. 1933 - يىلى تاجىكىستاندىن تېپىلغان گىنۋاشچىكا قەلئەسىنىڭ ئىچكى شەھىرىدە تەرەققىي تاپقان قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بولغانلىقىنى، قول ھۈنەرۋەنلەر توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق، كۆنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئىچكى شەھەرنىڭ سىپىل سىرتىدا نۇرغۇن ئاددىي ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئاشۇ ھۈنەرۋەنلەر ۋە قۇللارنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرى ئىكەن. پەنجىكەنت شەھرىنىڭ

① گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستىلاسى» 11 - بەت،

كۆلىمى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، چوڭ - چوڭ شەھەر - بازارلار شۇ رايونلارنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىچكى شەھەردە ئولتۇرۇپ، بىر كىچىك دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئاتاقلىق شەھەر سەمەرقەند بولۇپ، شۇ زاماندا كانگىيە دۆلىتى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ خانى جاۋۇپ ئۇرۇقىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ خانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى جاۋۇپ ئۇرۇقىدىن ئىدى. مەسىلەن، بۇخارا، كېبۇت، تاشكەنت، مايمارغ، كوشانىيە، خارەزىم، بېتىك، كېش دۆلەتلىرى كانگىيە بىلەن قوشۇلۇپ توققۇز جاۋۇپ دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، «شىمالىي سۇلالە تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن قارىغاندا، جاۋۇپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلىرى بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. غەربىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇششاق دۆلەت خانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىنغان. تارىخ مەنبەلىرىدە، غەربىي تۈركنىڭ قاغانى كۆلۈگ «ئىككى كىچىك قاغان تىكلەپ، ئۆز تەۋەسىنى ئايرىپ باشقۇرغان، بىرى، تاشكەنتنىڭ شىمالىدا بولۇپ، غۇز ئەللىرىنى ئىدارە قىلغان. يەنە بىرى، كۇچانىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى يېگىسا دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ئومۇمىي باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىرى تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى جايدا تۇرغان، كۇسەن (كۇچا) نىڭ شىمالىدا تۇرىدىغان ئەمەلدارلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى رايونلارنى ئومۇمىي باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان بولۇشى كېرەك.

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى شە-

هەر ۋە بوستانلىق رايونلىرىغا بولغان خوجىلىق هوقۇقى ئول-
پان ۋە باج ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. غەربىي تۈر-
ك هۆكۈمرانلىرى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە سەردارلىرى بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش
ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى ناتايىن. يەرلىك ئەمگەكچى خەلققە
بىۋاستە هۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلار يەنىلا شۇ جايدىكى «دېھ-
قانلار» دۇر. بۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تۈرك خان جەمەتلىرى
بىلەن قۇدا - باجا بولۇشۇپ، بىر - بىرىنى ئۆزىگە تارتى-
شىپ، ئۆزئارا قۇدىلاشقان. مەسىلەن، كانكىيە خانى دەشىبىنىڭ خو-
تۇنى تۈرك قاغانى تاردۇشنىڭ قىزى ئىدى. سۈي ياكدى
دەۋرىدە، كانكىيە خانى كۆشچى يەنە غەربىي تۈرك خانىنىڭ
قىزىنى ئالغان①. كانكىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇهىم بىر دۆلەت
بولغاچقا، ئۇنىڭ خانىنىڭ تۈركلەر بىلەن قۇدىلىشىشى زور
ئەهمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ شىمالىدا غەربىي
تۈركنىڭ كىچىك قاغانى تۇرىدىغان تاشكەنت دۆلىتى بار ئى-
دى، «سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، غەربىي
تۈركلەر كانكىيىنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، تېكىن بەگ ئەۋەتىپ
ئۇ دۆلەتكە هۆكۈمرانلىق قىلغان»②. پەرغانە رايونىنىڭ هۆ-
كۈمرانى چۈبەمۇ جېنگۇەن يىللىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى
باغادۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن③. قۇدىلىشىش ئارقىلىق ئۆ-
زىگە تارتىش، باستۇرۇش ئارقىلىق تەهدىت سېلىپ بويسۇن-
دۇرۇش، ئاخىر ئۇنىڭ زېمىنىغا هۆكۈمرانلىق قىلىپ، خەلقى

① «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر هەققىدە قىسسە»، «سۈينامە»
1848 - بەت.

② «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر هەققىدە قىسسە»، 2 - قىسىم،
«يېڭى تاڭنامە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 - يىل نەشرى (تۆۋەن-
دىكىلىرىمۇ ئوخشاش)، 6246 - بەت.

③ «يېڭى تاڭنامە» 6250 - بەتكە قاراڭ.

دىن باج - خىراج ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش، مانا بۇ — غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىچىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى.

جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شۇ زاماندا غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولغان ئاساسلىق رايون ئۈچ بولۇپ، بىرى، سوغدىيانا، بۇنىڭدا كانكىيە ئاساس قىلىنىپ، توققۇز جاۋۇپ ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بىرى، خارەزىم، ئۇ بىرقەدەر چوڭراق مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالغان، ئۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئافرىغ خاندانلىقى غەربىي تۈركلەر دەۋرىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەت بۇ يەردە يەنىلا راۋاجلانغان. يەنە بىرى، توخارىستان. شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئەل 27 كىچىك بەگلىككە بۆلۈنگەن بولۇپ، «ھەرقايسىنىڭ ئايرىۋالغان دائىرىسى بولسىمۇ، ھەممىسى تۈركلەرگە تەۋە ئىدى». سىر دەرياسىنىڭ شىمالى ھەمدە چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرى بولسا، ئاساسەن غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرى ئىدى. كونكرېت ئېيتقاندا، بەش سادىق قەبىلىسىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئېركىن ئۇنۋانلىق باشلىق قويۇلغان بولغاچقا، بەش ئېركىن دەپ ئاتالغان، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاسىغ كۆل ئېركىن، قوشو كۆل ئېركىن، بارسقان تون ئىشپارا ئېركىن، ئاسىغ نىزۇك ئېركىن، قوشۇ چوبان ئېركىن دېگەنلەر بولغان. «ھەرقايسى قەبىلىنىڭ ئۆز قوشۇنى بولۇپ، قابىل لەشكەرلىرى نەچچە يۈزمىڭغا يېتەتتى... غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر شۇلارنىڭ قارىمىقىدا ئىدى»①.

① «كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «كونا تاڭنامە»، 5186 - بەت.

مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، غەربىي تۈرك-
لەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقانچىلىق، قول
ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋەشەھەر- با-
زارلارنىڭ بىنا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تۈركلەرنىڭ كۆچمەن چار-
ۋىچى قەبىلىلىرى ئىچىدىكى نامرات چارۋىچىلارمۇ پەيدىنپەي
ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ ئول-
تۇراقلىشىشى مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلارنى ئاستا - ئاستا شۇ
يەردىكى دېھقان ئاھالىلەر بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىشكە ئېلىپ
بارغان. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىق ئائىلىسىدىكى
مىللەتلەر ئىچىگە تۈركىي مىللەت تەركىبىنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ
باشلىنىشى ئىدى. مەيلى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يانچىلار،
قۇللار، جامائە دېھقانلىرى (ئەمگەكچى دېھقانلار كۆزدە تۇتۇ-
لىدۇ — ت) بولسۇن ياكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قەبىلە
ئەزالىرى، نامرات چارۋىچىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ، «دېھقانلار»
(شۇ زاماندىكى پومېشچىكلار — ت) ۋە جايلاردىكى ھۆكۈمران-
لارنىڭ ئېغىر زۇلمىغا ئۇچرىغان. بۇ ھال خەلقنىڭ ئۇلارغا
قارشى كۈرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نار شاخى ئۆزىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە،
XI ئەسىردە ئۆتكەن ئەدىب ئەبۇلھەسەن ئابدۇراخمان مۇھەممەد
نىشبۇرىنىڭ «ئىلىم خەزىنىسى» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىن-
غان بىر ئادەمنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى
توغرىسىدىكى ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ ھېكايە گېرمان.
ۋامبېرى يازغان «بۇخارا تارىخى» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا، شۇ زاماندا تۈرك زېمىنى (تۈركلەرنىڭ كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق رايونى) دىن نۇرغۇن ئادەملەر بۇخاراغا كەل-
گەن، ئۇلار بۇ يەردە بىر قاتار كەنتلەرنى بىنا قىلىپ، ئۆز

ئۇچىدىن ئابېرزى ①(Aberzl) ئىسىملىك بىر ئادەمنى باشلىق
قىلىپ سايلىۋالغان، ئۇ بۇخارا شەھىرىدە تۇرغان (سوۋېت ئىت-
تىپاقى تارىخچىسى تورستوۋ بۇ ئادەمنى خەنزۇچە مەنبەلەردە
تىلغا ئېلىنغان ئاپا قاغان دەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر
ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» نىڭ III تومىدا
ئۇنىڭ مۇشۇ پىكرىنى تولۇق قوبۇل قىلغان. لېكىن مېنىڭ
قارىشىمچە، بۇنى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن). ئابېرزىنىڭ ھوقۇقى
كۈنسايىن چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بارغانچە زالىملىشىپ
كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، بۇخارادىكى بايلار سىنىپى تۈرك دۆ-
لىتىنىڭ شىمالىي قىسمى (تۈركىستان ۋە تالاس) غا قېچىپ
بېرىپ پاناھلانغان، ئۇ يەردە چىمكەنت شەھىرىنى بىنا قىلغان،
بۇ سۆزنىڭ شۇ زاماندىكى مەنىسى «گۈزەل شەھەر» دېگەن
بولىدىكەن. بىر قەدەر نامرات سىنىپلار ئۇنىڭغا قارشىلىق
كۆرسىتىشكە ماجالى يەتمىگەنلىكتىن، يېقىن ئەت-
راپتىكى تۈرك خانى قاراد جۇرىن (Kardjurin) دىن
مەدەت تىلىگەن. بۇ تۈرك خانى ئۆزىنىڭ ئوغلى شىركىشۋېر
(Shirkishver) نى بىر ھەربىي قوشۇنغا باشچى قىلىپ،
ئېزىلگۈچىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئۇ ئابېرزىنى تۇتۇپ،
لىق مىخ قاقىلانغان تاغارغا سولاپ، ئاندىن ئۇنى يەرگە
تاشلاپ ئېغىنتىپ ئۆلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ زالىم ھۆكۈم-
رانىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شىركىشۋېر سۈرگۈن قىلىنغان
بايلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا «خۇدات» دەپ ئاتىلىدىغان
ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئىمتىيازىنى بەرگەن، ئۆز يېرىدە
قالغان نامراتلار پۇقرا بولغان. شىركىشۋېر 30 يىلچە

① ئاپتور بۇ يەردە «(رۇسچە AEPYIV دەپ يېزىلغان») دەپ ئىزاھلاپ قويغان، مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇ ئادەم ئىسمى ئەمەس، بەلكى «ئابە-رويلۇق بىر ئادەم» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن —— ت.

ئەخشتە ئىۇرغان. ئۇنىڭ ۋارىسى سىكېدجكېت (Sekedjket) بولۇپ، ئۇ رامېتىن شەھىرى بىلەن فېراخشا (Ferakhsha) شەھىرىنى بىنا قىلغان دەپ قارالماقتا. كېيىن ئۇ يەنە جۇڭگو مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن. يۇقىرىقىلار گېرمانىيىلىك ۋامبېرىنىڭ ھېلىقى ھېكايە توغرىسىدىكى ۋاستىلىك بايانلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى①. لېكىن سوۋېت ئېتتىپاقىنىڭ ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇن بۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. ئاساسىي پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا ئابېرزى نامرات سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلغان، شۇڭا، بايلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشقان، دەپ تەكىتلەنگەن. ھالبۇكى، تۈركلەردىن مەدەت تىلىگەنلەر نامراتلار ئەمەس، بايلار ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تۈرك شاھزادىسى قوشۇن باشلاپ بۇخاراغا كەلگەندىن كېيىن، بايلارنى، «دېھقانلار» نى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بولغان خۇداتلارنى يۆلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلارنىمۇ باستۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ۋەقە مىلادى 581 — 586 - يىللىرى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن. بۇ ئەھۋال غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر، خۇداتلار، «دېھقانلار» نىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ بىرلىشىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئىلىم خەزىنىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئۈزۈك پارچىلىرىلا قېپقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانلار چۈشىنىكسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نارشاخى، ۋامبېرى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ۋاستىلىك بايانلىرى بىر - بىرىگە زىت بولغانلىقتىن، تارىختىكى بۇ ۋەقەنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر دېيىلىۋاتقان گەپلەر كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

① ۋامبېرى: «بۇخارا تارىخى»، 1873 - يىل لوندون نەشرى، 1 — 2 - بەتلەر.

# سەككىزىنچى باب

# ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشى

## 1 - بۆلۈم مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ۋەزىيەت

مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنى ئىككى تەرەپتىن بايان قىلىشقا بولىدۇ، بىرى، ئۇنىڭ شۇ چاغدا تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتى؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالى. ئالدىنقىسىنى يەنە ئىككى تەرەپتىن، يەنى بىرى پېرسىيە تەرەپتىن؛ يەنە بىرى جۇڭگو تەرەپتىن قاراشقا بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربىي تۈرك قاغانى شىكەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تازا كۈچىيىۋاتقان مەزگىلدە، پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەندى. شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ماۋرىسى تەختتىكى چاغدا، ۋىزانتىيىنىڭ پېرسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرقەدەر ياخشى ئىدى. مىلادى 602 - يىلى ئىمپېراتور ئۆلتۈرۈلدۇ، پېرسىيە خانى

كۇساخ بۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن شەرقىي
رىم ئىمپېرىيىسى قارىمىقىدىكى مېسوپوتامىيە بىلەن ئەرمىنىيىگە
ھۇجۇم قىلدۇ، بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا يەنە ئېدېسسا (ھازىر-
قى تۈركىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا)، ئانتىيوك ۋە دەمەشقنى
ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋالدۇ. ئاخىرى، 614 - يىلى 6 -
ئايدا ئىرۇسالىمنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئاندىن يەنە مىسىرنى
ئىشغال قىلىۋالدۇ. بۇ چاغدا شەرقىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ
ۋارىسى ھېراكلىئۇس (Heraelius) بولۇپ، ئۇ پېرسىيىگە
قايتۇرما زەربە بېرىپ غەلىبە قىلدۇ، 624 - يىلى ئاناتولىيە
بىلەن ئەرمېنىيىنى قايتۇرۇۋالدۇ، كۇساخ كېسەل بولۇپ، خان-
لىق ئورنىنى ئوغلى مېردان شاھ (Merdan — shah) قا ئۆت-
كۈزۈپ بەرمەكچى بولدۇ. بۇ ئوغلى سۇرىيىلىك شىرىن
(surian shirin) دىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنى پېرسىيە ئاق-
سۆڭەكلىرى قوللىمايدۇ. كۇساخنىڭ يەنە بىر ئوغلى سىرو ئېس
(Siroes) مېردان شاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتىسىنى قىستاپ تۇرۇپ
خانلىق تەختىنى تارتىۋالدۇ. كۇساخ ئاخىر 628 - يىلى
تەقىپ ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدۇ. سىرو ئېس يەنە ئۆزىنى كاۋاد II
دەپ ئاتىۋالدۇ. بۇ چاغدا تىگرىس دەرياسى بىلەن ئېفرات
دەرياسىدا تاشقىن يۈز بېرىپ، ۋابا تارقىلىدۇ. ۋابا كېسىلى
سىرو ئېسنى جېنىدىن جۇدا قىلدۇ، ئۇ تەختكە چىقىپ ئالتە
ئايدىن كېيىنلا ئۆلدۇ.

«يېڭى تاڭنامە. پېرسىيە تەزكىرىسى» دە: «شەرق تەرى-
پى توخارىستان ۋە كانكىيە بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى
تۈركلەرنىڭ خازار قەبىلىسى بىلەن قوشنا، غەربىي جەنۇب
تەرىپى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالىدا 4000 چاقىرىم
يىراقلىقتا فەرەڭ (ۋىزانتىيە) بار» دېيىلگەن. سىرو ئېس ئۆلۈش-
تىن ئىلگىرى ۋىزانتىيە بىلەن سۈلھ تۈزۈشكەن. ئۇ ئۆلگەندىن

كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ئارداشىر III (628 — 629) تېخى كىچىك بالا ئىدى، ئۇ تەختكە چىقىش بىلەنلا قاسارلار گرۇزىيە بىلەن ئەرمېنىيىگە ھۇجۇم قىلدۇ. يەنە ئەرەبلەر ھۇجۇم قىلىپ ئىئوردان دەرياسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئارداشىر III نى قول ئاستىدىكى سەركەردە شەھر باراز (Shahz.Baraz) تەختتىن چۈشۈرۈپ، خانلىق ئورنىنى تارتىۋالىدۇ. ئەمما بىر يېرىم ئايدىن كېيىنلا ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. كۇساخىنىڭ سىڭلىسى پۇران (Puran)① پېرسىيە خانى بولۇپ قىلىپ تاج كىيىدۇ. پۇران تەختتە بىر يىل بەش ئاي ئولتۇرۇپ، ئورنىنى سىڭلىسى ئازارمى - دۇخت (Azarmi-dukht) قا بېرىدۇ، بىراق ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىمۇ ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە پېرسىيە پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ، ھەتتا ھۆكۈمەتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. فرانسىيە ئالىمى خۇئارت: «كۇساخ 628 - يىلى ۋاپات بولۇپ 632 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزداگىرد تەختكە چىققانغا قەدەر بولغان تۆت يىل ئىچىدە، پېرسىيىنىڭ خانلىق تاجى كىيگۈزۈلگەنلەر 20 دىن كەم ئەمەس»② دەيدۇ. سىيكېس: «بۇ ئىككى ئاچا - سىڭىل تەختكە يۆلەپ چىقىرىلغان، لېكىن يەنە تېزلا غايىپ بولغان، شۇندىن كېيىن پېرسىيە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. تەخت تەمەچىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەيدانغا چىققان، لېكىن يەنە دەرھال غايىب بولۇشقان» دەيدۇ. ئۇ بۇ ئادەملەرنى ئەل ئىچىدە نامى چىقمىغان، تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىس-

① «يېڭى تاڭنامە. پېرسىيە تەزكىرىسى» ۋە سىيكېسنىڭ «پېرسىيە تارىخى»دا ئۇ كۇساخىنىڭ قىزى دېيىلگەن. خۇئارت ئۇنى كۇساخىنىڭ سىڭلىسى دەپ يازغان.

② خۇئارت: «قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئىران مەدەنىيىتى»، 135 - بەت.

نىنى بەت ئاستى ئىزاھىغا يېزىپ قويغان①. بۇ چاغدا كۇساخ-
نىنىڭ نەۋرىسى ھورمۇز V نىسىبىس (Nisibis يەنى نۇسايبىن
Nusaybin، تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا، سۈرىيە
بىلەن چېگرىداش يەر) دە ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ، 632-
يىلىغا قەدەر پېرسىيە خانى بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ يىلى ئۇ ئۆزى-
نىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا يېز-
دا گىرد III (632 — 651) تەختكە چىقىدۇ، بۇ پېرسىيە ساسا-
نىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ئىدى②.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى پېرسىيە ساسانىي خان-
لىقى شۇنداق بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانكى، ئۇ بىر تەرەپتىن
شەرقىي رىم بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا
ھالىدىن كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قاسار تۈركلىرى شىمال-
دىن ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمىدى. جەنۇبتا بولسا ئەرەبلەر
باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ساسانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمى
پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كەتتى، قوشۇن قوماندانلىرى قالايمى-
قانچىلىق ئىچىدە قالدى، خانلار ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن
بۇ دۆلەت دۆلەت بولماي قالدى. مۇھەممەت پەيغەمبەر
(570 — 632) ئىسلام دىنىنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئەرەب-
لەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى گۈللىنىۋاتقان قۇدرەتلىك بىر كۈچكە
ئايلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇزۇل - كېسىل چىرىپ،
داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بۇ قەد-
ىمىي خاندانلىق — ساسانىيلار سۇلالىسىنى مەڭگۈگە دەپنە

① سىيكىس: «پېرسىيە تارىخى»، 1 - توم، 489 - بەت.

② بۇ مەزگىلدىكى پېرسىيە تارىخىغا ئائىت يۇقىرىقى بايانلار ئاساسەن خۇئارتنىڭ «قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئىران مەدەنىيىتى» (ئىنگلىزچە تەرجىمىسى) ۋە سىيكىسنىڭ «پېرسىيە تارىخى» غا ئاساسەن بېرىلدى. بۇنىڭدىكى ئەھۋال «يېڭى تاڭنامە. پېرسىيە تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

قىلىۋەتتى.

ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ھالاكەتكە قاراپ مېڭىشى غەربىي تۈركلەرنىڭ راۋاج تېپىپ كۈچىيىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈرك خانلى-قىنىڭ ھالاك بولۇشى غەربىي تۈرك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قوشۇلۇشىغا يول ئېچىپ بەردى.

خۇددى ھونلارنىڭ چىن - خەن سۇلالىلىرى ئالمىشىش مەزگىلىدە باش كۆتۈرۈپ چىققىنىغا ئوخشاش، شەرقىي تۈرك-لەرمۇ سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى ئالمىشىش مەزگىلىدە كۈچىيىپ روناق تاپقان. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قالايمىقانچىلىق، بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، سانسىزلىغان جۇڭگولۇقلار ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچىيىپ، تەسىر دائىرىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيالار (خەنزۇلار) رايونىغا يېتىپ كەلدى... شۆجۇ، دۇجيەندي، ۋاڭ شىچۇڭ، ليۇۋۇجۇ، لياڭ شىدۇ، لى گۈي، گاۋكەيداۋغا ئوخشاش بىر نېمىلەر كۆرۈنۈشتە خاندانلىقنىڭ نامىغا ھۆرمەت قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى شىمال تەرەپكە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ قاغانىنىڭ ئۇنۋانىنى قو-بۇل قىلدى» دېيىلگەن. ھەتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى ئاسا-چىسى لى يۈەنمۇ تۈركلەرگە ئەل بولغانىدى. شۇڭا، تۈركلەرنىڭ سەردارى ھەمىشە ئەسكەر چىقىرىپ خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق، مال - مۈلۈك، يىپەك رەخت، ئالتۇن - كۈمۈش، ئادەم بۇلاش ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ھەق-لىق دەپ ھېسابلىدى. تاڭ گاۋزۇڭ لى يۈەن ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ھېچ چارە قىلالماي، ئۇنىڭغا تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. تاڭ تەيزۇڭ - لى شىمىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى باش-

قىچە بولدى. تارىختا قولىدىن ئىش كېلىدىغان پادىشاھ دەپ ئاتالغان تاڭ تەيزۇڭ ــ لى شىمىن پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك جەسۇر ئىرادىگە كەلگەن بولغاچقا، ئۇ مەملىكەت ئىچىدە ئۆز ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان تۈرك خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇ تەختكە چىقىش بىلەنلا، تۈركلەرنى تىنچىتىش ئىشىنى پىلانلاشقا كىرىشكەندى. غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىش لى يۈەن دەۋرىدىن تارتىپلا قوللىنىپ كەلگەن تاكتىكا بولۇپ، لى شىمىن ئۇنى داۋاملاشتۇرغان. مىلادى 627 ـ يىلى (جېنگۇەن ئۇنجى يىلى)، سىرتاردۇش، ئۇيغۇر، بايئېرقۇ قاتارلىق قەبىلەر بىرلىشىپ تۈركلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ. ئېلتەبىر قاغان قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇردۇ، لېكىن مەغلۇپ بولدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى قىشتا قاتتىق قار يېغىپ «قوي، ئاتلار توڭلاپ ئۆلۈپ، ئادەملەر ئاچ قالدۇ». بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈرككە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت يارىتىلدۇ.

مىلادى 629 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى زاپاس سانغۇن چياۋ شىۋاڭنى ئارا يول بىلەن سىرتاردۇشلارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قاغانى ئىركىن ئىنانچىغا مەرۋايىت بىلگە قاغان دېگەن ئۇنۋاننى تەقدىم قىلدۇ ۋە تۇغ ـ دۇمباق ئىنئام قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈركلەرگە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇ. شۇ يىلى، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى لى جىڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتە يولغا بۆلۈنۈپ تەڭ يولغا چىقىپ، شەرقىي تۈرككە ھۇجۇم قىلدۇ. ئېلتەبىر قاغان زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، موڭغۇل قۇملۇقىغىچە قېچىپ باردۇ. 630 ـ يىلى ئېلتەبىر قاغان تىرىك تۇتۇلۇپ، چاڭئەنگە

ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى شى ۋەننيەن يەتتە شەھەر بىلەن قوشۇلۇپ ئىچكىرىگە ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زېمىنىدە غەربىي ئۇيغۇر ئايمىقى تەسىس قىلىندى①. شەرقىي تۈرك خانلىقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھالاكەتكە يۈزلەندى.

ئۇيغۇر شەھىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ تۈگۈنى بولغانلىقتىن، ھەرقايسى مىللەت سودىگەرلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇر ھۆكۈمرانىنىڭ تاڭ خاندانلىقىغا ئەل بولۇشى «ئۇيغۇردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە» سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرنى كونترول قىلغانلىقى يىپەك يولى ئوتتۇرىسىدىكى بىر مۇھىم بېكەتنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر غەربىي تۈرك ۋە ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئەللەر بىلەن يېقىن تۇتاشتى. ئەمدى غەربىي تۈركنى ۋە قوچۇنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ئاساسىي نىشانى بولۇپ قالغانىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېزلىكتە قوشۇن ئەۋەتىپ قوچۇنى تىنچلاندۇرۇشتىكى سەۋەبمۇ يىپەك سودىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تارىخ كىتابلىرىدا: سۈي سۇلالىسى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېلىپ، قوملۇقتىكى يول ئېتىلىپ قالغانلىقتىن، غەربىي يۇرتتىن پايتەختكە سوۋغا - سالام ئەكېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قوچۇدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان.② » قوچۇ خانى «چۈي

---

① «شاجۇ ئايمىقىنىڭ خەرىتىلىك تەپسىلاتى»؛ يەنە «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسى» 40 - جىلد.

② «يېڭى تاڭنامە. قارا شەھەر تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە»، 6229 - بەت.

ۋېنتەي غەربىي تۈرك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىن
پايتەختكە سوۋغا - سالام ئېلىپ ماڭغۇچىلار ئۇنىڭ دۆلىتىدىن
ئۆتكەندە، ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان①». «ئۇ يەنە
غەربىي تۈرك يابغۇسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇۋسۇرغۇلغا ھۇجۇم
قىلماقچى بولغان»② دېيىلگەن. شۇڭا، قۇجۇنىڭ ئەتراپىدىكى
مىللەتلەر ئۇنىڭغا ئىنتايىن نارازى بولغان. مەسىلەن، قۇجۇ-
نىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان قارا شەھەر خانى
ئارجونا تۈركەش تاڭ سۇلالىسىگە مايىل بولغان، شىمالدىكى
سىرتاردۇشلارمۇ ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ، تاڭ سۇلالى-
سىگە ياردەم بېرىپ قۇجۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىل-
غان③. شۇڭا، تاڭ تەيزۇڭ شۇ يىل (639 - يىلى) نىڭ
ئاخىرى مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى خۇ جۈنجىنى
يارغول يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى قىلىپ تەيىن-
لىگەن، ئۇ قوشۇن باشلاپ قۇجۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان. قۇجۇ
خانى چۈي ۋېنتەي نۇرغۇن پۇل بېرىپ غەربىي تۈركلەر بىلەن
ئالاقىلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى كېلىشكەن. غەربىي تۈرك
يابغۇسى ئاشنا قۇلى قاغان بۇت شەھىرى (بېشبالىق يەنى
ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى) دە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئەھۋال كۆ-
زەتكەن. لېكىن خۇ جۈنجىنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە،
قۇجۇ خانى چۈي ۋېنتەينىڭ ۋارىسى چۈي جىشېڭ ۋە ئاشنا
قۇلى ھەر ئىككىسى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. تاڭ
سۇلالىسى قۇجۇدا غەربىي ئايماق (جۇ) تەسىس قىلىپ،
ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى يارغول شەھىرىدە قۇرغان

---

① «يېڭى تاڭنامە. قۇجۇ تەزكىرىسى». «يېڭى تاڭنامە» 6221 - بەت.
② «كونا تاڭنامە. قۇجۇ تەزكىرىسى». «كونا تاڭنامە» 5294 - بەت.
③ «كىتابلار جەۋھىرى» 973 - جىلد.

ۋە ئۇ يەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزغان①. يەنە قاغان بۇت شەھىرى (بېشبالىق) نى ئايماق قىلىپ، بارسكۆل (باركۆل) ناھىيىسىنى تەسىس قىلغان، ھەر يىلى ئىچكىرىدىن 1000 ئادەم يۆتكەپ كېلىپ، بۇ يەرنى نۆۋەت بىلەن ساقلىغان②.

يۇقىرىدىقىلار غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە قاراپ كېڭىيىشىنىڭ دەرىجىسى. تۆۋەندە غەربىي تۈركنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ تونيابغۇ قاغانى مىلادى 628 - يىلى ئۆزىنىڭ تاغىسى باغادۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، باغادۇر ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلەيدۇ. ئۇ ئەسلى غەربىي تۈركلەرنىڭ تەۋەلىكىدىكى بىر قەبىلىنىڭ كىچىك قاغانى بولۇپ، ئەمدى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان بولغاچقا، غەربىي تۈركنىڭ باشقا قەبىلىلىرىنىڭ ھېچقايسى ئۇنى ھىمايە قىلمىغان. مەسىلەن، ساداق قەبىلىسى نىزۇك باغاشاتنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن، ئەمما نىزۇك تەختكە چىقىشقا ئۇنىمىغان. بۇ چاغدا تونيابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى كۆل تېكىن باغادۇرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ سوغدىياناغا قېچىپ كەتكەن. نىزۇك ئۇنى تەكلىپ قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىپ قاغانلىققا ئولتۇرغۇزغان، ئېل بىلگە ئىشپارا ئېل يابغۇ قاغان ئەنە شۇ ئىدى. شۇنداق قىلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، باغادۇر شەرقىي قىسمىدىكى تۇغلۇق بەش قەبىلىگە، ئېل يابغۇ قاغان غەربىي

① «كونا تاڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى» «كونا تاڭنامە» 5295-5296-بەتلىرىگە قارالسۇن.

② «قانۇنلار قامۇسى» 191 - جىلد: «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات»

قىسمىدىكى بەش ساداق قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا كېرەك. ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغا - سالام يوللاپ تۇرغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدا - باجا بولۇشنى تەلەپ قىلغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مېتروپولىيىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تىنىم تاپمىغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ قۇدا - باجا بولۇش تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. ئىلگىرى غەربىي تۈركنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە تېلى قەبىلىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك ئاجىزلاشقان.

ئېل يابغۇ قاغان تونيابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى بىرقەدەر قانۇنلۇق دەپ قارالغانلىقتىن، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ قوشۇن چىقىرىپ باغادۇر قاغاننى تارمار قىلىپ، پۈتكۈل غەربىي تۈركنىڭ چوڭ قاغانى بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى «گۇمانخور ۋە چېقىمچىلارغا ئىشىنىدىغان، ئەلنى باشقۇرۇشتا تەدبىرسىز» بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئېل يابغۇ قاغان شات بېي تارخان ۋە ئىككى ساداق قەبىلە سەردارلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئۇ قايتىلاتىن چوڭ قاغان بولۇپ تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، سوغدىياناغا قېچىپ كەتكەن، كېيىن غەم - قايغۇ ئىچىدە پىغان چېكىپ، بەلختە ئۆلگەن. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت» تا، ئۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە يېزىلغان: «يېقىندا تۈرك قاغانى يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى ئېل يابغۇ قاغان ئۆز قەبىلىسىنى ئەگەشتۈرۈپ،

قورالىق قوشۇننى باشلاپ، ساگرام (بۇددا ئىبادەتخانىسى — ت) غا باستۇرۇپ كىرىپ، ئېسىل نەرسىلەرنى بۇلىماقچى بولىدۇ. ئۇ يەرگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ، قوشۇننى شۇ يەردە توختىتىپ قويىدۇ. كېچىسى ئۇ چۈشىدە بۇددا ئىلاھى ۋەسنونى كۆرىدۇ، ئۇ: «سېنىڭ ساگرامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا پېتىنىدەك قانچىلىك كۈچۈڭ بار؟» دەپ، يالمانلىق نەيزە بىلەن كۆكرىكىگە سانجىپ دۈمبىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. قاغان چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ — دە، يۈرىكى ئېچىشىپ قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ چۈشىدە بولغان بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ، دەرھال راھىبلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرۈپ، تۆۋا — ئىستىغپار ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمەي ئۆلۈپ قالىدۇ». بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى شۈەنزاڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلغان ۋاقتى بىلەن يېقىن كېلىدۇ، يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە بايان قىلىنغان پاكىتقا ئاساسىي جەھەتتىن ئىشىنىشكە بولىدۇ.

ئىل يابغۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى نىزۇكنى ھىمايە قىلىپ تەختكە چىقىرىدۇ، ئۇ تۇغلۇق قاغان دەپ ئاتىلىدۇ. نىزۇك تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ۋۇدې يىللىرىدا (618 — 626) چاڭئەنگە كېلىپ، ئۇ چاغدا تېخى پادىشاھ بولمىغان لى شىمىن بىلەن ئاكا — ئۇكا بولۇشقانىدى، شۇڭا، ئۇ خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ تەيزۇڭ 633 — يىلى ھۇدەيچى بەگ ليۇ شەنيىننى ئەۋەتىپ، ئۇنى قاغانلىققا تەيىنلىگەن، ئۇنىڭغا «دۇمباق — تۇغ ۋە ئونمىڭ توپ رەڭلىك شايى ئىلتىپات قىلغان①». لېكىن بىر يىلغا قالماي نىزۇك ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىنىسى توڭشات تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ

① «كىتابلار جەۋھىرى» 964 — جىلد.

شىپارا ئېلتېرىش قاغان دەپ ئاتالغان.
توڭا شات نىزۇك بىلەن ئەلنى تالاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا قاغانبوت شەھىرى (بېشبالىق) ئەتراپىنى بېسىپ ياتقان ئاشناشىر قوۋمى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركنىڭ زېمىن ۋە قەبىلىلىرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تارتىۋالغان. نىزۇك ئۆلۈپ، توڭاشات تەختكە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن، تاڭ سۇلالىسى يەنە ليۇشەنيىنى ئەۋەتىپ ئۇنى ئېلتېرىش قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن①. ليۇشەنيىن بىلەن يەنە زوچيەنيۇ، جۇساۋ، ۋېي خۇڭجىلار غەربىي تۈرككە بىللە بارغان. ئۇلار يول ئۈستىدە ئاشناشىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار غەربىي تۈرككە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تاشكەنت دۆلىتى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن يول توسۇلۇپ قېلىپ، ئۇلار ئۈچ يىلغىچە تاڭ سۇلالىسىگە قايتىپ كېلەلمىگەن. ۋېي خۇڭجى «چاپىنىنى يىرتىپ، يول بويى بېسىپ ئۆتكەن دۆلەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆي يەردىن چىقىدىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرىنى خاتىرىلىۋالغان، ئۇنى (غەربكە قىلىنغان سەپەر خاتىرىسى) دەپ ئاتىغان①. مىلادى 635 - يىلى، ئېلتېرىش قاغان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا مەكتۇپ يېزىپ، قودا بولۇشنى تەلەپ قىلغان ۋە 500 تۇياق ئات تەقدىم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمىگەن.
بۇچاغدا غەربىي تۈركلەر قارىمىقىدىكى ساداق قەبىلىلىرى-

---

① «كونا تاڭنامە. ئاشناشىرنىڭ تەرجىمىھالى»، «كونا تاڭنامە»، 3289 - بەتكە قارالسۇن.

② «كونا تاڭنامە. ۋېي جى تەرجىمىھالى»، «كونا تارىخنامە» 4795 - بەتكە قارالسۇن. ۋېي جىنىڭ ئىسمى ۋېي خۇڭجى. «كونا تاڭنامە» دە ئۇنى يوشۇرۇنراق ئاتاش ئۈچۈن، قىسقارتىلىپ ۋېي جى دەپ يېزىلغان.

نىڭ يۇگۇشات ئىسمىلىك بىر باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاسكىل كۆل ئېركىن قاتارلىقلار ئۇنى ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قىلىپ تىكلەيدۇ. ئېلتېرىش قاغاننىڭ «پۇقرالىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي، ئەلنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.» يۇگۇشات ئۇنىڭ بىلەن ئەلنى تالىشىپ، ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ چىقىم تارتىدۇ. 638 - يىلى، ئىككىسى غەربىي تۈركنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىي يۇگۇشاتقا تەۋە بولىدۇ، شەرقىي ئېلتېرىش قاغانغا تەۋە بولىدۇ. يۇگۇشات ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان خانلىق ئوردىسىنى زۇخىي تېغى (ھازىرقى قىرغىز تېغى) نىڭ غەربىگە قۇرۇپ، ئۇنى شىمالىي ئوردا دەپ ئاتايدۇ. كۈيۈش، باسمىل، بوما، خاككاس، خارەزىم، چۇمكۇن قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولىدۇ.

مىلادى 639 - يىلى، ئېلتېرىش قاغان ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى تۇدۇن ئىلتەبىر بىلەن يۇگۇشاتنىڭ بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ، پەرغانىگە قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە ئۆلىدۇ. ساداق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ ئىنىسى گىنانىڭ ئوغلى بوبۇ تېكىننى تەختكە چىقىرىپ، ئېل بىلگە ئىشپارا قاغان دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ ئوردىسىنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا قۇرۇپ، ئۇنى جەنۇبىي ئوردا دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى ئىلى دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، كۇسەن، پىشامشان، چەرچەن، توخارىستان، قارا شەھەر، تاشكەنت، كېش، كوشانىيە، مەرۋى، كانكىيە قاتارلىق رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. تاڭ تەيزۇڭمۇ 641 - يىلى جاڭ داشىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىپ، دۇمباق ۋە تۇغ تەقدىم قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان بىلەن ئېل بىلگە ئىشپارا ئېل يابغۇ قاغان بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ،

ھەمىشە بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقانىدى. ئالدىنقىسىنىڭ
ئەسكىرىي كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرگەن،
يېرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانىدى. لېكىن ساداق قەبىلىلىرى ئېل
بىلگە تۇغلۇق قاغانغا بويسۇنماي، ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى
ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. تۇغلۇق قاغان يەنە قوشۇن باشلاپ
توخارىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يوقاتقان. ئۆزىنىڭ كۈچلۈك-
لۈكىگە تايىنىپ، غەربىي يۇرتتا زوراۋانلىق يۈرگۈزگەنىدى.

مىلادى 642 - يىلى، تۇغلۇق قاغان ئەسكەر ئەۋەتىپ
ئىۋىرغول ئايىمىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. لېكىن ئەنشى
قورۇقچىبېگى گو شياۋكې 2000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ ئۇگۇ
دېگەن يەردە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى.
تۇغلۇق قاغان يەنە چىگىل چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلەرنى
ئەۋەتىپ تەڭرىتاغ ناھىيىسى (توقسۇن) گە قورشاپ ھۇجۇم
قىلغان، گو شياۋكې بۇلارغىمۇ زەربە بېرىپ چېكىندۈرگەن.
شۇ يىلى، تۇغلۇق قاغاننىڭ قوشۇنى مايىمرغ دۆلىتىنى مەغلۇپ
قىلىپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈك ۋە ئادەملىرىنى بۇلاپ كەتكەن،
بىراق تۇغلۇق قول ئاستىدىكىلەرگە ھېچنېمە تەقسىم قىلىپ
بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن
نىزۇكچۇر ئۆز مەيلىچىلا بىر قىسىم ئولجىلارنى ئايرىۋالغان،
شۇڭا، تۇغلۇق ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەن، نىزۇكچۇرنىڭ قول
ئاستىدىكى سەركەردە قۇلۇۋ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇغلۇققا
قارشى قوزغىلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن،
ئۇنىڭ دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. تۇغلۇق مەغلۇپ
بولۇپ ئىسسىنجاب شەھىرى (ھازىرقى چىمكەنت) گە كەتكەن.
ساداق قاتارلىق قەبىلىلەر ۋە ئولچۇر قاتارلىقلار تاڭ سۇلا-
لىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تۇغلۇق قاغاننى قاغانلىقتىن قالدۇ-
رۇشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ تەيزۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، باغادۇر

ئېل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلىنى ئېل بىلگە شېكەر قاغان قىلىپ تىكلىگەن. ئېل بىلگە شېكەر قاغان چىمكەنت شەھىرىدە قوغدىنىپ ياتقان تۇغلۇق قاغاننى يوقىتىش ئۈچۈن، ساداق ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتكەن، بىراق ئۇلار مەغلۇپ بولغان. تۇغلۇق قاغان ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇلار قايتىپ كېلىشنى رەت قىلغان. تۇغلۇق قاغان ئاۋامنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئەمدى پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، توخارىستانغا قېچىپ كەتكەن، كېيىن 653 - يىلى ئۆلگەن.

مىلادى 644 - يىلى، غەربىي تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ھەم ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قارا شەھەر خانى ئارجونا تۈركەش تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىدۇ، تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبېگى گو شياۋكېنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ، تۈركەش تىرىك تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى سۇپوجۇنى قارا شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا تەيىنلەپ قويىدۇ. لېكىن گو شياۋكې قوشۇنلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر يەنە باشقىدىن شۈپو ئاناشىنى قاراشەھەر خانى قىلىپ تىكلەيدۇ. ئېل بىلگە شېكەر قاغان تۇغلۇق قاغاننى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنلا، ئۇقاماپ قويغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى چاڭئەنگە قايتۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ كۇسەن (كۇچا)، خوتەن، قەشقەر، قاغىلىق، پامىر قاتارلىق بەش بەگلىكنى تويلۇق سوۋغىسى قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. 647 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئاشىناشىر، چۈبەقالى، گوشياۋكې، ياڭ خۇڭلى، لى خەيئەن قاتارلىق بەش سەركەردىنى غەربىي تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ۋە

قاراشەھەرگە ياردەملىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چىققان كۇسەن خانىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇلار شۇنىڭغا قوشۇپ قارا شەھەرگىمۇ جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. ئاشىناشىر قاتارلىقلار ئاۋۋال قارا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، قارا شەھەر خانى ئاناشنى قولغا ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن خاننىڭ ئىنىسى ناجۇننى خان قىلىپ تىكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ زېمىنىدا قاراشەھەر تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا كۇسەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ خانى ئالپ ئىشپارانى ئىرىك تۇتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلگىرىكى خاننىڭ ئىنىسى يابغۇنى خان قىلىپ تىكلەيدۇ. ئاشىناشىر يەنە ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن سەركەردىسى شۆۋەنبىنى خوتەن خانىنى تەسلىم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. خوتەن خانى فۇدوسىن ئەلچى بىلەن بىللە كېلىپ، ئۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى قوچۇدىن كۇسەنگە كۆچۈرۈپ، خوتەن، سۇيئاپ، قەشقەر قاتارلىق ئەللەرنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، بۇ تۆت يۇرت ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي قورغان دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي قورغان دېگەن نام 647 - يىلىدىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن. لېكىن بۇ يەردە ئېيتىلغان سۇيئاپ قاراشەھەر بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ چاغدا سۇيئاپ تېخى غەربىي تۈركلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارىمايتتى. غەربىي تۈركلەر تىنچىتىلغاندىن كېيىن، سۇيئاپ ئاندىن قارا شەھەرنىڭ ئورنىغا ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي كەنت قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن غەربىي تۈرك يابغۇسى ئاشىناقۇلى ئەسلىدە قارا ئىرتىش شەھىرىدە تۇراتتى، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا چىگىل، چۇمۇل، قوغۇرسۇ، قارلۇق، ساداق قاتار-

لىق غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى بار ئىدى. تۇغلۇق قاغان توخا-
رىستانغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېل بىلگە شېكەر
قاغاننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ قەبىلىسى تەرەپ -
تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، مۇقىم تۇرىدىغان ماكانى
يوق ئىدى. كېيىن ئۇ جىشىدى، جۇمكۈن، بويى قەبىلىلىرى
بىلەن بىرگە ئەل بولغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەمخور-
لۇقىغا ئېرىشىپ، بېشبالىقتا ماكانلاشقان. تاڭ سۇلالىسى كۆسەنگە
جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە، ئاشىنا قۇلى
تاڭ قوشۇنلىرىغا يول باشلاپ مېڭىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ
بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئۇنى كۆنچۇ لىنيىسىدىكى يۈرۈش قىلغۇچى
قوشۇننىڭ باش سەردارى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭغا
غەربىي تۈركلەردىن تاڭ سۇلالىسىگە تېخىچە بويسۇنمىغانلارغا
جازا يۈرۈشى قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن. كۇچا تىنچى-
تىلغاندىن كېيىن (649 - يىل 2 - ئاي)، ئاشىنا قۇلى سول
قانات قەيسەرمۇھاپىزەتچى سانغۇن ۋە بېشبالىق تۇتۇقبېگى قىلىپ
تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ قەبىلىسى بۇغدانىڭ (بېشبالىقنىڭ) باغا
شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بېشبالىق تۇتۇق بېگى ئەنشى
قورۇقچىبېگىگە قارايتتى. ①. ئاشىنا قۇلى غەربىي تۈركلەرنىڭ
ئىچكى قىسمىدا ئېل بىلگە شېكەر قاغان بىلەن قارشىلىدىغان
كۈچ بولۇپ قالغان. ھەر ئىككى تەرەپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتى-
راپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئېل بىلگە شېكەر تاڭ سۇلالىسى تەرىپى-
دىن تەيىنلەنگەن، ئاشىنا قۇلى بولسا ھەتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ

---

①«تارىخنامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا:« جېنگۇەن 14 - يىلى قوچۇ
تىنچىتىلغاندىن كېيىن، بېشبالىق بۈيۈك قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەربىي تۈر-
كلەرنىڭ نىقۇ ئىشپارا يابغۇسى ئاشىنا قۇلى قەبىلىسى تەرىپىدىن تەسىس
قىلىنغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ بۇغداغا (بېشبا-
لىققا) يېقىن جايدا ئىكەنلىكى مەلۇم. «يېڭى تاڭنامە»، 1047 - بەت.

بىۋاسىتە ئەمەلدارى ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېخى تاڭ سۇلالىسىنى غەربىي تۈركلەر رايونىغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتكۈزمىگەن.

يۇقىرىقىلار مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، يەنى تاڭ تەيزۇڭ ۋاپات بولۇشتىن (649 - يىلىدىن) ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغانىدى. غەربىي تۈرك بولسا يەنىلا يېرىم مۇستەقىللىق ھالەتتە ئىدى. غەربىي تۈرك ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى تاڭ گاۋزۇڭ تەختكە چىقىپ، ئاشنا قۇلىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان.

## 2- بۆلۈم غەربىي تۈركلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلۇشى

تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۆزىنىڭ تەختتە تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئاخىرقى يىلى بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولغان ئاشنا قۇلىنى خىزمەتكە تەيىنلىگەن، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاشنا قۇلى ئارقىلىق، غەربىي تۈركلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە غەربىي تۈرك رايونىنى پەيدىنپەي تاڭ سۇلالىسىگە بىرلەشتۈرۈش ئىدى. ئاشنا قۇلى بولسا تاڭ سۇلالىسىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتمەكتە ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن، غەربىي تۈرك قالايمىقانلاشقان مەزگىلدە ئىلى بىلىگە شىبكەرنىڭ ھۇجۇم

قىلىشى بىلەن تارقىلىپ كەتكەن قەبىلىلەرنى يىغىپ، ئۆز قوۋمىنى كېڭەيتتى. ئۇ بېشبالىق تۇتۇق بېگى سالاھىيىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقتىن، ناھايىتى تېز روناق تاپتى. خۇددى تارىخ كىتابلىرىدا ئېيتىلغاندەك، «تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىپ كەلگەن، كىگىز ئۆيلەر بارا - بارا كۆپەيگەن①» . ئۇنىڭ كۈچى زورايغاندىن كېيىن، ئېل بىلگە شېكەر بىلەن پۈتكۈل غەربىي تۈركلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تالاشتى.

ئەينى چاغدا، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ۋە تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن قەبىلە باشلىقى ئاشنا قۇلى لى شىمىن ھايات ۋاقتىدا باشقىچە بىرەر ئىش قوزغاشقا پېتىنالمىغانىدى. لېكىن تاڭ تەيزۇڭ مىلادى 649 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىجۇ ئايمىقى بىلەن بېشبالىق ئايمىقىنى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولدى. بېشبالىقنىڭ ئايماق بېگى لوخۇگىيى بۇ ئەھۋالنى يېقىندىن تەختكە چىققان تاڭ گاۋزۇڭ لى جىغا مەلۇم قىلدى. تاڭ گاۋزۇڭ شى مىللىتىدىن بولغان تىلماچ چياۋباۋمىڭنى ئەۋەتىپ تېزدىن تىنچلاندۇردى ھەمدە ئاشنا قۇلىغا ئۆزىنىڭ ئوغلى جىيۇننى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا نۆكەرلىكىگە (ئەمەلىيەتتە گۆرۈھېسابىدا تۇرۇشقا) ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. جىيۇن ئىلاجىسىز باردى، ئەمما ئۇزۇنغا قالماي قايتۇرۇلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاشنا قۇلى ئۆز قوۋمىنى باشلاپ غەربكە كېتىپ، ئەسلى تۇغلۇق قاغانغا

① «كىتابلار جەۋھىرى» 998 - جىلد.

ئەۋە زېمىننى تارتىۋېلىپ، مىڭ بۇلاقتا بارگاھ قۇرۇپ① ئۆزىنى ئىشپارا قاغان دەپ جاكارلايدۇ. ئېل بىلگە شېكەر قاغاننىڭ قەبىلىلىرىنىمۇ ئاشنا قۇلى ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ②. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي تۈركلەرنىڭ تۇغلۇقار، ئون ساداق قەبىلىلىرى ھەممە غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. تۇغلۇقار قەبىلىسىدە بەش چور، ساداق قەبىلىسىدە بەش ئېركىن بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاسكېل كۈل ئېركىن ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى نەچچە يۈز مىڭغا يېتەتتى. ئاشنا قۇلى ئۆزىنىڭ ئوغلى جىيۈننى باغادۇر يابغۇلۇققا تەيىنلەپ، ئۇنى ئۆز قەبىلىسىگە ھۆكۈمران قىلىدۇ. ئۆزى بولسا پۈتۈن غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ.

ئاشنا قۇلىنىڭ كۈچى زورايغاندىن كېيىن، چۇمۇل، چىگىل، قوغۇرسۇ، قارلۇق، ساداق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىلادى 651 - يىلى قوشۇن تارتىپ، بېشبالىق ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. كۈز پەسلىدە بوغدا شەھىرى (جىمسار)، بارسكۆل (بارىكۆل) نى ئىشغال قىلىپ ③، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ ④. «ئاشنا قۇلى بىر شەھەرنى مۇستەقىل ئىگىلەپ، چوڭقۇر خەندەك، ئېگىز ئىستىكاملارنى ياساپ،

①«يېڭى تارىخنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن، «يېڭى تاڭنامە»، 6061 - بەت.

②«كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «كونا تاڭنامە» 5185 - بەت.

③ «كونا تاڭنامە. گاۋزۇڭ خاتىرىسى، بىرىنچى قىسىم»، «كونا تاڭنامە»، 69 - بەت.

④ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈرك تەزكىرىسى» گە قارالسۇن، «يېڭى تاڭنامە»، 6061 - بەت.

ئۆزىنى پۇختىلايدۇ ①، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تاڭ سۇلالىسى شۇ چاغدا غەربىي رايوندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇھىم ھەربىي قورغان — شىجۇ ئايمىقىدىكى قوچۇغا ۋە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئەمىنلىكىگە تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەتراپتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرمۇ ئاشىنا قولىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چىگىل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۆسەگۈچ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە ئەۋەتىلگەن سىلاۋچى ئەلچى شەن داۋخۇينى ئۆلتۈرۈپ، ئاشىنا قولىغا ئەل بولىدۇ ھەمدە لاۋسەن (ھازىرقى قاراشەھەر بىلەن توقسۇننىڭ چېگرىسىدىكى ئالغۇي تېغى)-غا كىرىپ بېكىنىۋالىدۇ ②. شۇڭا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى بايان ۋە باشقا قەبىلىلەرمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئاشىنا قولىغا جازا يۈرۈش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ③. تاڭ گاۋزۇڭ سول قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن لياڭ جيەنفاڭ بىلەن ئوڭ قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن چۆبە قالىنى كۆنەس لىنىيىسىدە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش سەردارلىقىغا، ئوڭ قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى سانغۇن گاۋدېيى بىلەن ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن ساگۇ ۋۇرېننى مۇئاۋىن باش سەردارلىققا تەيىنلەپ، چىن، چېك، چى، يۆك ئايماقلىرىدىن 30 مىڭ ئەسكەر، ئۇيغۇرلاردىن 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، جازا

① «كىتابلار جەۋھىرى» 366 - جىلد.

② «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە» 54 - بەت. سېپى جۈگمىيەننىڭ ئېيتىشىچە، چىگىل، چۇمۇل، قەبىلىلىرى تەڭرىتاغ ناھىيىسىگە بېسىپ كىرىشتە كۆنەس دەرياسىدىن ئۆتۈپ. ئالغۇي تېغىغا كىرگەن.

③ «كىتابلار جەۋھىرى»، 973 - جىلد.

يۇرۇشىگە ئاتلاندۇردى. بېشبالىق ئايمىقىنىڭ بېگى لو خۇگېي تاڭ گاۋزۇڭغا: ۋاقىت ئۇزىراپ، ئاشىنا قۇلىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە پۇرسەت بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قىش پەسلىدىكى قېلىن قاردىن پايدىلىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئاشىنا قۇلىنى يوقىتايلى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن چىگىل، چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى سۈرۈشتۈرمەيلى دېگەن تەكلىپنى بەردى. تاڭ گاۋزۇڭ ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا لياڭ جيەنفاڭ قاتارلىقلارغا بۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ، مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بىراق لياڭ جيەنفاڭ بۇ تەكلىپ بويىچە ئىش قىلماي، ئالدى بىلەن چۇمۇل، چىگىل قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

652 - يىلى باھاردا، لياڭ جيەنفاڭ، چۇبەقالى قاتارلىقلار چىگىل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۈسەگۈج بىلەن ئالغۇي تېغىدا قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ئۇ تاغ ھەم تىك، ھەم خەتەرلىك بولغاچقا، تاڭ قوشۇنلىرى بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، ھەممە يولدىن تەڭلا يۈرۈش قىلىپ، تاغلارغا يامىشىپ چىقىپ، جەڭ دۇمبىقى ۋە شاۋقۇن ساداسى ئىچىدە تۆت ئەتراپتىن جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. چىگىللار قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ، كۈسەگۈج ئۆز يېقىنلىرى ۋە بالا - چاقىسىنى ئېلىپ كېچىدە قېچىپ كېتىدۇ. لياڭ جيەنفاڭ مۇئاۋىن باش سەردار گاۋدېيىنى چەۋەندازلارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ، بۇلار 500 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ بارىدۇ. كۈسەگۈج خەتەرلىك بىر جايغا جايلىشىۋېلىپ، جەڭ قىلىشقا كىرىشىدۇ، تاڭ قوشۇنلىرى قاتتىق ئېلىشىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كاللىسىنى كېسىۋالىدۇ، يەنە چۇمۇل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شىكەت ئېركىن، قوشقو

قاتارلىقلارنى تىرىك تۇتۇۋالدۇ. جەڭنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى مۇنداق بولدۇ: «9000 ئادەمنىڭ كاللىسى كېسىلدۇ، سەركەردىلىرىدىن 60 نەپىرى ئەسىر ئېلىندۇ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسىرگە چۈشتى، كالا - ئات ۋە باشقا مال - چارۋا بولۇپ جەمئىي 70 مىڭ تۇياق چارۋا غەنىيمەت ئېلىندۇ»①.

چىگىل، چۇمۇللار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى كېيىنكى يىلى (653 - يىلى) بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇ. چىگىل، چۇمۇل قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنىدا ئالتۇنبالىق، چۆل تۈركلىرى ئايمىقى تەسىس قىلىپ، ھەر ئىككىسىگە تۇتۇق بەلگىلەپ، ئۆز قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلىشقا قويدۇ②. يەنە سول قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن چېلىك جىجيېنى كۆكئارت (پامىر) لىنىيىسىدە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغلىقىغا بەلگىلەپ، ئۇنى ئۆز سانغۇلىرىنى باشلاپ ئاشنا قۇلى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، لېكىن

---

① «كونا تاڭنامە» 4 - جىلد. چاۋانىبىنىڭ تېپىشىچە، بۇ چاغدا چىگىل قەبىلىسى بېشبالىققا، چۇمۇل قەبىلىسى ماناسقا جايلاشقان («غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 241 - بەت).

② «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى. كېيىنكى تاڭ تەزكىرە خاتىرىسى» («غەربىي قەبىلىلەر ھەققىدىكى تەكشۈرۈش» 12 - جىلدتىكى نەقىل) دە: «يۈگىخۇ يېجوگدا. بايىرقۇ تۇتۇق بولغان (چۆل تۈركلىرى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى)» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. چۆل تۈركلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دە: «قۇلى توپىلاڭ كۆتۈردى، شېبى ئېركىن چۆل تۈركلىرىنى ئاسۇ ئۇنىڭغا ئەگەشمىدى. گاۋزۇڭ شۇڭا قۇلىنىڭ ئورنىغا ئۇنى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلىدى» دېيىلگەن («يېڭى تاڭنامە»)، 6154 - بەت.

بۇلار ئۇنى «يېڭەلمەي قايتىپ كېلىدۇ» ①.

شۇ يىلى (653 - يىلى)، غەربىي تۈركنىڭ ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلتە بىر تاردۇش شاد (جېنجۇ يابغۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن ئاشنا قۇلى ئوتتۇرىسىدا نىزا تۇغۇلىدۇ. جېنجۇ يابغۇ ساداقلارنىڭ بەش قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئاشنا قۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يېڭىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، ئاشنا قۇلىنىڭ ئارقا سېپى تەۋرىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا جېنجۇ يابغۇ بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئاشنا قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىلادى 655 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى فېڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى يۈەن لىچېننى جېنجۇ يابغۇنى قاغانلىققا تەيىنلەپ ھال سوراشقا ئەۋەتىدۇ. يۈەن لىچېن سۈيئاپ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، ئاشنا قۇلى ئەسكەر چىقىرىپ توسۇۋالغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئالغا يۈرەلمەيدۇ ②. يۈەن لىچېن ئاخىر جېنجۇ يابغۇدىن ھال سوراش ۋە ئۇنى قاغانلىققا تەيىنلەش بۇرچىنى ئادا قىلالماي، يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. جېنجۇ يابغۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭمۇ كۆپچىلىكىنى ئاشنا قۇلى ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ، ئۇنىڭ قالغان قەبىلىلىرىنىڭ ئادەم سانى ئاز، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئاشنا قۇلىغا تاقابىل تۇرغۇدەك بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ.

① «كىتابلار جەۋھىرى» 973 - جىلدتا: «پادىشاھ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لياڭ جيەنفاڭ، چېۋبە قالى، چېڭ جېجې قاتارلىقلارنى قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭەلمەي قايتىپ كەلگەن» دېيىلگەن.

② بەزىلەر بۇ پاكىتقا ئاساسەن، بۇ مەزگىللەردە سۈيئاپ شەھىرى ئاشنا قۇلىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى دەپ قارايدۇ.

مىلادى 656 - يىلى كۈزدە، گۆكتارت لىنىيىسىدە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى چېڭ جىجې غەربىي تۈرككە ئىككىنچى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ، قارلۇق، چىگىل قەبىلىلىرى بىلەن يۇمۇگۇ جىلغىسىدا قاتتىق جەڭ قىلىپ، بۇ ئىككى قەبىلىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. تاڭ قوشۇنى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ياندىش سانغۇن جۇجىدۇ تۈركەش، چۇمكۇن قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، يىنچېڭ شەھىرى (ھازىرقى تارباغاتاي دائىرىسىدە) نى ئىشغال قىلىدۇ، 30 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇ يىلى قىشتا، چېڭ جىجې چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، يۇلدۇز دەرياسىغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان سانغۇنلاردىن يەنە تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ باش بۇغى سۇدىڭفاڭ، سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن شەلىچىلى، ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن ۋاڭ ۋېيدۇ، ئېۋدرغول ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى سۇخەيجېڭلار بار. تاڭ قوشۇنلىرى بۇ يەردە غەربىي تۈركلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، سۇخەيجېڭ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ. ئارقىدىنلا يەنە تۈركلەرنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن چۇنىش قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا سۇدىڭفاڭ كىچىككىنە بىر تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە دەم ئېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ يەر چېڭ جىجې تۇرغان يەرگە تەخمىنەن 10 چاقىرىمچە كېلەتتى. سۇ دىڭفاڭ چۇنىش قوشۇنى كېلىۋاتقان تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن توپا - تۇماننى كۆرۈپ، دەرھال 500 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ، 20 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ

بېرىپ، 1500 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ، 2000 تۇياق ئاتنى غەنىمەت ئالىدۇ. ئۆلگەن ئات ۋە ئەسكەرلەر تاشلاپ قاچقان نۇرغۇن ساۋۇت قورال - ياراقلار تاغ - دالىدا چېچىلىپ ياتىدۇ①.

بۇ چاغدا، تاڭ قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ۋاڭ ۋېيدۇ سۇ دىڭفاڭنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ، چېڭ جىجېگە: «بۇ جەڭدە دۈشمەن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزمۇ چىقىم تارتتۇق، بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە هاجىتى. هازىر بارگاھ قۇرۇپ، ھەربىي لازىمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەتىراپقا قوشۇنىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوغداپ، ئۆزىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالساقلا بولدى. دۈشمەننى سەل چاغلاپ قارامىلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىھۇدە چىقىم تارتساق بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە بۇنىڭدىن باشقا خاننىڭ ئايرىم يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ يارلىقتا چېڭ جىجى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشىنىپ دۈشمەننى سەل چاغلىغان، قوشۇنغا ۋاڭ ۋېيدۇ قوماندانلىق قىلسۇن دېيىلگەن دەپ يالغان ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماي، كۆنبويى ئاتقا مىنىۋېلىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئاتلار ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەسكەرلەر چارچاپ ھالسىزلىنىپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. سۇ دىڭفاڭ چېڭ جىجېگە ۋاڭ ۋېيدۇنى قولغا ئېلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ، چېڭ جىجى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار قوشۇننى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ۋېيدۇ يالغان يارلىق توقۇپ چىققانلىق، چېڭ جىجى بولسا «قاراقچىلارنى قوغلاپ

---

① «كونا تاڭنامە. سۇ دىڭفاڭنىڭ تەرجىمالى» غا قارالسۇن، «كونا تاڭنامە» 2777 - بەت.

يوقاتماي بىر يەردە توختاپ تۇرۇۋالغان» لىق سەۋەبىدىن، ھەر ئىككىسىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ: يەنى ۋاڭ ۋېندۇ خىزمەتتىن ھەيدىلىدۇ، چېڭ جىجې ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

مىلادى 657 - يىلى باھاردا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قارلۇق قەبىلىسى زېمىنىدا چوغاي تاغ، چوڭ قۇملۇق، ئىسسىق كۆلدىن ئىبارەت ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىدۇ. يەنە سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن سۇدىڭفاڭنى ئىلى لىنيىسىدە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ باش بۇغى قىلىپ ئۆستۈرىدۇ. سۇ دىڭفاڭ يەنىرەن تۇتۇق ھىراۋۇلى رېن ياشياڭ، يانداش تۇتۇق ھىراۋۇل شياۋ سىيې، سول قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن ھەم دەشتى ماكان ھىراۋۇلى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بايان قاتارلىقلارنى باشلاپ، ئاشنا قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇرۇنلا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ چاڭئەندە ئەمەلدار بولغان غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى ئاشنامىش بىلەن ئاشنا بۇكۇننى سىلاۋچى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كونا قەبىلىلىرىنى تەسلىم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتىش ئۇسۇلى بۇنىڭغا تامامەن ئوخشىشىپ كەتكەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇدىڭفاڭ باشچىلىقىدىكى بۇ زور قوشۇنى شىمالىي يول بىلەن ئالتاي تېغىدىن يولغا چىقىدۇ، ئاشنا مىش بىلەن ئاشنا بۇكۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، جەنۇبىي يول بىلەن شىجۇ ئايمىقىدىن يولغا چىقىدۇ، بۇ ئىككى يولدىكى قوشۇن بىرلىكتە ئاشنا قۇلىغا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ زەربە بېرىدۇ. غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاشنا قۇلىدىن ئايرىلىپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تاڭ گاۋزۇڭ يەنە شۆرىنگۈينىڭ تەكلى

پىنى قوبۇل قىلىپ، ئاشنا قۇلىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تاڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان غەربىي تۈرك سەردارى نىزۇكنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، نىزۇك قاتارلىقلار تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە بېرىپ، ئاشنا قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا قاتنىششىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ①.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي يولدىكى چوڭ قوشۇنى سۇدىڭفاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىغا يېتىپ بارغاندا، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئېركىن لەندۇلۇ قاتارلىقلار ئۆز قەبىلىسىنىڭ 10 مىڭ ئۆيلۈكتىن كۆپ ئادىمىنى باشلاپ تەسلىم بولغىلى كېلىدۇ، سۇدىڭفاڭ ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ قەبىلە ئىچىدىن 1000

① «كونا تاڭنامە. شۆرېنگۆينىڭ تەرجىمھالى» دا: «سۇدىڭفاڭ ئاشنا قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، شۆرېنگۆي پادىشاھقا بايانامە سۇنغان. بايانامىدە: (كەمىنە ۋەزىر نىڭىز قوشۇنىمىزنىڭ يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، يۈرۈش قىلىشتىكى مەقسەت ئېنىق بولمىسا، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. جازالىماقچى بولغان ئوبيېكتىمىزنىڭ ھەقىقەتەن قاراقچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەندىلا، ئاندىن ئۇ دۈشمەننى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. يېقىندا نىزۇك سۇغانغا تايىنىپ ئاشنا قۇلىغا بويسۇنمىغان ئىكەن، بىراق قاراقچى (ئاشنا قۇلىنى دېمەكچى —— ت) ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ خوتۇن بالىلىرىنى ئەسىر ئالغان. خەنزۇ ئەسكەرلەر ئاشنا قۇلىنىڭ قەبىلىلىرى بىلەن نىزۇكنىڭ بالا - چاقىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن، ئۇلارغا ئەسىرلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئۇلارنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇپ بەرسەك ھەمدە غەمخورلۇق قىلساق، ئۇلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرسەك. شۇ ئارقىلىق پۇقرالارغا ئاشنا قۇلىنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى، ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ ئادالەت ۋە مېھرى شەپقەتلىرىنى بىلدۈرسەك دېيىلگەن. گاۋزۇڭ بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ، نىزۇكنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى قايتۇرغان. شۇڭا، نىزۇك قاتارلىقلار قوشۇن بىلەن بىللە بېرىپ، جان تىكىپ خىزمەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تەپەر ئاتلىق ئەسكەر تاللاپ، ئۇلار بىلەن بىللە داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىگە يېتىپ بارغاندا، غەربىي تۈركنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن چۇمكۇن قەبىلىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، تاڭ قوشۇنى ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ①.

كېيىن، ئاشنا قۇلى ئون قەبىلىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا شەخسەن ئۆزى باشچىلىق قىلىپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىدىغان سۇدىڭفاڭ باشچىلىقىدىكى خەنزۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئاران ئون مىڭدىن ئارتۇقلا ئىدى. ئاشنا قۇلى تاڭ قوشۇنىنىڭ ئەسكىرى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆرەڭلىگەن هالدا، ئۆزىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، سۇدىڭفاڭنى قورشىۋالىدۇ. سۇدىڭفاڭ پىيادە ئەسكەرلىرىگە جەنۇب تەرەپنى قاتتىق ساقلاشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ هەممىسى نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ توپلىشىپ، سىرتقا قاراپ دۈشمەنگە هۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ، سۇدىڭفاڭنىڭ ئۆزى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ شىمال تەرەپكە سەپ تارتىدۇ. ئاشنا قۇلى ئالدى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى پىيادە ئەسكەرلەرگە هۇجۇم باشلايدۇ، ئۇ ئۈچ قېتىم هۇجۇمغا ئۆتىدۇ، پىيادە ئەسكەرلەر ئۆز سېپىدە زەربەردەس تۇرۇپ قىمىرلىمايدۇ. ئاشنا قۇلىنىڭ قوشۇنى پىيادە ئەسكەرلەرنى قىمىرلىتالماي تۇرۇۋاتقان پەيتتە، سۇدىڭفاڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ شىددەتلىك هۇجۇمغا ئۆتىدۇ،

---

① «غەربىي تۈركلەر هەققىدە قىسسە» ۋە «كىتابلار جەۋهىرى» نىڭ 983 -، 986 - جىلدلىرىغا ئاساسلىنىلدى. لېكىن كونا - يېڭى تاڭنامە «سۇدىڭفاڭ تەرجىمهالى» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە، چۇمكۇن قەبىلىسىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىق ۋەقەسىنى لەندۇلۇ تەسلىم بولۇشتىن ئىلگىرى بولغان دەپ يېزىلغان.

ئاشنا قۇلىنىڭ قوشۇنى بىتچىت بولۇپ قىچىپ كېتىدۇ. تاڭ قوشۇنى ئارقىدىن 30 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاشنا قۇلىنىڭ 30 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ ھەمدە غەربىي تۈرك كاتتىباشلىرىدىن دۇتاتارخان قاتارلىق 200 كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئەتىسى، ئاشنا قۇلىنىڭ قوشۇنىنى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىدۇ، نەتىجىدە قويلاۋ قاتارلىق بەش ساداق قەبىلىسى پۈتۈنلەي سۇدىڭفاڭغا تەسلىم بولىدۇ.

جەنۇبىي يولدىكى قوشۇن تەرەپتە، بەش تۇغلۇقار قەبىلىسى ئاشنا قۇلىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى كېلىپ ئاشنا بۇكۇنگە تەسلىم بولىدۇ.

سۇدىڭفاڭ شياۋسىيى بىلەن ئۇيغۇر بايانغا غوز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تالاس دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئاشنا قۇلىغا قوغلاپ زەربە بېرىشنى بۇيرۇيدۇ، رېن ياشياڭ يېڭى تەسلىم بولغان غەربىي تۈرك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ. بۇ چاغدا، قاتتىق قار يېغىپ كېتىدۇ، تۈز يەردىكى قارنىڭ قېلىنلىقى ئىككى گەز (70 سانتىمېتىرچە) غا يېتىدۇ، قىسىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئاندىن قوغلىساق، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. سۇدىڭفاڭ: «ھازىر قار قېلىن، بوران چىقىۋاتىدۇ، ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، ئاشنا قۇلى بىزنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، چوقۇم ئەسكەر ۋە ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. بىز ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۇنى چوقۇم يوقىتالايمىز. ئەگەر ئالغا ئىلگىرىلىمەي تۇرۇپ قالساق، ئۇلار قېچىپ بەك ئۇزاپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىز قوغلاپ يېتىشەلمەيمىز. ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي غەلىبە قازىنىش پەيتى دېگەن مانا مۇشۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن،

ئاق قوشۇنى قار كېچىپ كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈش قىلىدۇ، يول بويى ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى يىغىپ مېڭىپ، تاكى بورتالاغىچە قوغلاپ بېرىپ، جەنۇبىي يولدىكى ئاشنامىش، ئاشنا بۇكۇنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قوشۇلىدۇ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ جانلىنىپ كېتىدۇ. بۇ يەر ئاشنا قۇلى تۇرىدىغان يەرگە 200 چاقىرىملا كېلەتتى. ئۇ بۇ يەردىن سەپ تارتىپ جىددىي يۈرۈش قىلىپ، ئاشنا قۇلىنىڭ بارگاھى بار جاي ـ ئالتاي تېغىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا ئاشنا قۇلىنىڭ ئادەملىرى ئوۋ قىلىۋاتقان بولۇپ، سۇدىڭفاڭ ئۇلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ئاشنا قۇلىنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەسىر ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇمباق ـ تۇغلىرى ۋە قورال ـ ياراقلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئاشنا قۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جيۇڭ، كۈيئوغلى يانچور قاتارلىقلار ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاشكەنتكە قېچىپ كېتىدۇ. سۇدىڭفاڭ ئۇلارنى سۈيئاپ (توقماق) شەھىرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەل قىلىدۇ. ئاندىن شياۋسىيېگە ئاشنا قۇلىنى داۋاملىق قوغلاپ يوقىتىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ قايتىپ كېلىدۇ.

ئاشنا قۇلى تاشكەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۇترىشنا دېگەن يەرگە قېچىپ بارغاندا، ئات ۋە ئادەملىرى ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن، داۋاملىق يۈرۈشكە ماجالى قالمايدۇ. شۇڭا، ئاشنا قۇلى ئات سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىدۇ. سۇترىشنا شەھىرىنىڭ بېگى مەلۇم غەرەز بىلەن، ھاراق ـ شاراب، غىزا ـ مەئىشەت تەييارلاپ ئاشنا قۇلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى كۈتۈۋالىدۇ. ۋە ئۇنى ئالداپ شەھەرگە كىرگۈزىدۇ ۋە شەھەرگە ئەك

رۋېلىپلا شەھەر قوۋۇقلىرىنى تاقاپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ، تاشكەنتكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شىياۋسىيى بىلەن ئاشىنا مىشىنىڭ ئوغلى يۈەنشۇاڭ قوغلىغۇچى قوشۇننى باشلاپ تاشكەنتكە يېتىپ بارغاندا، تاشكەنتلىكلەر ئاشىنا قۇلىنى تاڭ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. غەربىي تۈركلەر مانا مۇشۇنداق ھالاك قىلىنىپ، ئۇنىڭ قەبىلىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنى تاڭ سۇلالىسىغا قوشۇۋېلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا قۇلىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، تۈرك قەبىلىلىرىدىن ھەربىي قوشۇنغا قاتناشقانلارنى دەرھال تارقىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئولتۇرغان ماكانلىرىغا قايتۇرىدۇ ھەمدە يول ئېچىپ، ئۆتەڭ قۇرۇپ، جەسەتلەرنى كۆمىدۇ. يەنە چېگرىلارنى ئايرىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاشىنا قۇلى تەرىپىدىن بۇلاپ كېلىنىپ قۇل قىلىنغان قەبىلە پۇقرالىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ھەممىسىنى ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قەبىلە خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۆز تىرىكچىلىكىگە كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئاشىنا قۇلى توپىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىللەردە، تاڭ گاۋزۇڭ 651 - يىلى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى بىر مەزگىل قۇچۇغا يۆتكىگەنىدى. ئەمدى ئاشىنا قۇلى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى 658 - يىلى يازدا، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قايتىدىن كۇچاغا يۆتكەپ، كونا ئەنشىنى شىجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئورنى قۇچۇنىڭ ئىلگىرىكى ئورنىدا بولىدۇ. تارىختا ئېيتىلغان ئەنشى تۆت ھەربىي قورغان مانا مۇشۇ چاغدىن باشلاپ كۇچا، سۇيئاپ، قەشقەر، خوتەننى كۆرسىتىدىغان بولىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە ئاشىنا قۇلى ئىشغال قىلىپ ياتقان سۇيئاپ شەھىرى

ئەمدى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى.

غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بالقاش، ئىسسىق كۆل ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندۇ. بالقاش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى چۇ دەرياسىنىڭ غەربى بولۇپ، بەش ساداق قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا تەڭ ئىدى. ئىسسىق كۆل قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇ- رۇش دائىرىسى چۇ دەرياسىنىڭ شەرقى بولۇپ، ئەسلىدىكى بەش تۇغلۇقار قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئاشنامىشنى سول قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن، ئىسسىق كۆل قورۇقچىبەگ، «ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىپ ئەلنى گۈللەندۈر- گۈچى قاغان» قىلىپ تەيىنلەيدۇ، بەش تۇغلۇ قار قەبىلىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ؛ ئاشنا بۇكۇننى ئوڭ قانات مۇھا- پىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن، بالقاش قورۇقچىبېگى، «ئۆتمۈشكە ۋا- رىسلىق قىلىپ كەلگۈسىگە يول ئاچقۇچى قاغان» قىلىپ تە- يىنلەيدۇ، بەش ساداق قەبىلىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. تاڭ گاۋزۇڭ كېڭەش بېگى لۇچېڭچىڭنى يۇقىرىقى ئىككىيلەننى مەنسەپكە تەيىنلەش ھەققىدىكى يارلىقنامىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاشنا قۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىرىك قولغا چۈشتى، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ئىچىدە بىر باشچى بولۇشى زۆرۈر. جانابىڭىزلار خانلىقىمىزغا بۇرۇنلا كېلىپ، ئوردىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا ئۇزۇندىن بۇ- يان قاتنىشىپ كەلدىڭلار، ھىممەت - شەپقىتىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدىڭلار، قانۇن - قائىدىلەرنى پىششىق بىلدىڭ- لار، شۇڭا، جانابىڭىزلارنى بىردىن قەبىلىگە قا- غان قىلىپ تەيىنلىدىم. باشقا قەبىلە - ئۇرۇقلارنىڭ ئاشنا قۇلىغا ئەگىشىشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئەمەس، جانابىڭىزلەرنىڭ تەسلىم بولۇپ كەلگەنلىكىڭىزلەرمۇ

قەلبىڭىزلەرنىڭ دۆلەتكە تەلپۈنگەنلىكىدۇر. جانابىڭىزلار
لۇچىكچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قەبىلە - ئۇرۇقلارنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى، قەبىلە - ئۇرۇق باشلىقلىرىنىڭ ئورۇن -
ئابرويىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، دەرىجە بويىچە ئۇ-
لارنى ئايماق - ۋىلايەت بەگلىكىدىن تۆۋەن ئەمەللەرگە تە-
يىنلىشىڭىزلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.» شۇنىڭدىن ئېتىبارەن،
غەربىي تۈركلەرنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ قالغان، غەربىي
تۈرك خەلقىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقراسى بولغان. 659 - يىلى
باھاردا، ئاشنامىش بورتالادا جېنجۇ يابغۇ بىلەن جەڭ قىلىپ
ئۇنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي
تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشى تولۇق
ئەمەلگە ئاشتى. غەربىي تۈركنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قوشۇلدى. تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بولغان مەمۇرىي باش-
قۇرۇشىنى تۆۋەندىكى بۆلۈمدە بايان قىلىمىز.

## 3 - بۆلۈم تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى

بارتولد مۇنداق دېگەنىدى: «تۈرك قەبىلىلىرى ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئۇرۇشلارغا ھەمدە كۆچمەن چارۋىچى ئەللەرنىڭ
گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى ۋە ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئالمى-
شىشىغا ئەرەبلەر ئانچە قىزىققان ئەمەس. ئەگەر جۇڭگو مەنبە-
لىرى (يەنە قىسمەن يۇنان تارىخ ماتېرىياللىرى) بولمىغان
بولسا، ئېھتىمال بىزدە بۇ ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى دائىر ھېچ-

قانداق ماتېرىيال بولمىغان بولاتتى. دەل يەنە شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر غەربىي ئاسىيا رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىغاندا بىز ئۈچۈن بىرقەدەر ئايدىڭراقتۇر①». يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تاڭ سۇلالىسى باشقۇرغان چاغدىكى ئەھۋالىنى ئىزاھلاشتا، ئاساسلىقى يەنىلا خەنزۇچە مەنبەلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا شەرقىي قىسمىنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە ئېنىق، غەربىي قىسمىنىڭ بىرقەدەر قىسقا ۋە تۇتۇقراق.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان. بەزى دەۋرلەردە سىياسىي جەھەتتىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىمۇ ئايرىلمىغان، تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە ئۆزئارا سىڭىپ كېتىشى تېخىمۇ كۆپ بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگودىن بارغان. شۇڭا، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى بايان قىلىنمىسا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى زادىلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ بۆلۈمدە شەرقتىن غەربكە ئۆتۈش تەرتىپى بويىچە ھەرقايسى مىللەت ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلماقچىمەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنى مۇمكىنقەدەر قىسقىراق، غەربىي قىسمىنى تەپسىلىيرەك بايان قىلىشقا تىرىشىمەن. بۇنىڭدىكى مەقسەتمۇ كېيىنكى بايانلار ئۈچۈن ئاساس سېلىش ئۈچۈندۇر.

شەرق تەرەپتىكى ئەڭ مۇھىم مىللەت، روشەنكى، ئۇيغۇر مىللىتىدۇر. جۇڭگو مەنبەلىرىدە يېزىلىشىچە، ئۇلار ئىلگىرى

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 5 - توم، 50 - بەسدۇ،

قىلىلار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا يەنە تۇ
رالارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا
بولغان. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ماكانى دەسلەپتە ئۆتۈكەن تېغىدا
بولۇپ، كېيىن سېلېنگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان.
تۈرك خانلىقى كۈچەيگەن دەۋردە، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا باج -
خىراج تۆلىگەن، ئۇلارنى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە ئەسكەر
مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا، قەدىمكى تارىخلاردا «تۈرك-
لەرنىڭ دۆلىتى بولغانىدىن تارتىپ، ئۇ، شەرق ۋە غەربكە
ئىستېلاچىلىق يۈرۈشى قىلغاندا، پۈتۈنلەي شۇلاردىن پايدىلان-
غان، شۇلارغا تايىنىپ شىمالدىن كېلىدىغان ئاپەتكە تاقابىل
تۇرغان» دەپ خاتىرىلەنگەن./ تۈرك خانلىقى شەرق ۋە غەرب
ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەندە، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركلەرگە تەۋە
بولغان. تاڭ تەيزۇڭ مىلادى 630 - يىلى ئېل قاغاننى تىرىك
تۇتۇپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، موڭغۇل
قۇملۇقىنىڭ شىمالىدا سىر - تاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلار باش
كۆتۈرۈپ چىققان. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر سەردارى
بۇسات ئىدى. مىلادى 646 - يىلى، سىر تاردۇشلار يوقىلىپ،
قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ زېمىنىغا كىرگۈزۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى ھەرقايسى قەبى-
لىلەردە ئايماق مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ باش-
لىقلىرىنى تۇتۇق، ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇ چاغدا
ئۇيغۇرلار زېمىنىدا دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان
بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ئىلتەبىر تۇمىتنى مەرىپەتلىك
ئۇلۇغ سانغۇن، قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇقى قىلىپ تەيىن-
لىگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ
قارىمىقىدا بولغان. خۇددى تاڭ تەيزۇڭ ئۆزىنىڭ يارلىقنا-
مىسىدە ئېيتقاندەك، شۇ زاماندا ھازىرقى موڭغۇللار رايونىدىكى

مىللەتلەر «يىراقتىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خانىدانلىقىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۆزلىرىنى خانىدانلىق تە-ۋەلىكىگە كىرگۈزۈپ، ئايماق، ۋىلايەتلەرگە ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان». ئۇلار يوللىغان مەكتۇپلىرىدا: بىز ۋە بىزنىڭ ئېلىمىز تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقراسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كەلسەك، خۇددى ئاتا - ئانىمىز-نىڭ قېشىغا بارغاندەك بولىمىز، شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبى، تۈركلەرنىڭ شىمالىدىن بىر يول ئېچىپ بېرىلسە، ئۇنى تەڭرى قاغان يولى دەپ ئاتىساق، 68 ئۆتەڭ قۇرۇپ، ھەر قايسى ئۆتەڭگە مەخسۇس ئات، گۆش ۋە ھاراق تەييارلاپ، ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلىسەك، ھەر يىلى ئىجارە - باج ھېسابىغا بۇلغۇن تېرىسى تەقدىم قىلساق» دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈ-زۈلگەنىكەن، ئۇنىڭدىن «پايدىلىنىدۇ» ئەلۋەتتە. مەسىلەن، غەربىي تۈرك قاغانى ئاشىنا قۇلى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بايان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، تاكى توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر جەڭگە قاتناشتۇرغان.

قىرغىزلار يەنى قەدىمكى خاككاسلار سايانىلا تېغىنىڭ شىمالىدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىدا ئىدى. بۇ رايوننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ھەققىدە يۇقىرىدا توختالدۇق. بۇ رايون ئالىبۇرۇنلا خەلقئارا سودا مۇناسىۋىتى دائىرىسىگە كىرىپ بولغان بولغاچقا، دەسلەپكى تۈرك يېزىقى مەيدانغا كەلگەن. قىرغىزلارمۇ تۈرك خانلىقىنىڭ پۇقرالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن «ئالتۇن، تۆمۈر، قەلەي چىقىدۇ،

يامغۇر پەسىللىرىدە، ئادەت بويىچە ئۇلار تۆمۈر تاۋلايدۇ، بۇ تۆمۈر كاسا دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر قورال ياسىلىدۇ، ئۇنى ھەممىشە تۈركلەرگە ئاپىرىدۇ» ①. ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى كىيىدىغان تاۋار - دۇردۇن، شايى - كىمخابلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگودىن سېتىۋېلىنىپ كېلىنەتتى. ئۇلار سودا ئالاقىسى ئارقىلىق، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ جۇڭگونىڭكىدەك: ۋەزىر، تۇتۇق، ئايماق بېگى، دورغاپ، سانغۇن قاتارلىق ئۇنۋانلارنى قوللانغان. شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، قىرغىزلار سىر - تاردۇشلارنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، ئۇ ئەۋەتكەن بىر نەپەر ئەلتەبىرنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلغان. 632 - يىلى، تاڭ تەيزۇڭ ۋاڭ يىخۇڭنى قىرغىزلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. 643 - يىلى، قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانىغا بۇلغۇن جۇۋا ۋە بۇلغۇن تېرىسى سوۋغات قىلغان. 648 - يىلى، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئەلتەبىر ئىشپارا ئاجان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا سالامغا بېرىپ، تاڭ تەيزۇڭدىن ئۆزىگە مەنسەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە تاڭ سۇلالىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا سول قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن، قىرغىز تۇتۇقى دېگەن مەنسەپنى بېرىپ، ئۇنىڭ زېمىنىدا قىرغىز تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، بۇ مەھكىمە يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئومۇمەن قىرغىزلار خەنزۇلار بىلەن قېنى ئارىلاشقان شالغۇت نەسىل

① «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە»، 6147 - بەت.

دەپ قارالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قارا چاچلىق ئادەملەرنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى لىڭنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق دەپ قارىغان، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇق بەگنىڭ ئەۋلادىمىز، دەپ ئاتاشقان. 653 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغا - سالامغا كەلگەن قىرغىز ئەلچىسى ئۇلارنىڭ يېرىدە خەنزۇلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلغان. بۇ، قەدىمدىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىگە قەدەر، خەنزۇلارنىڭ قىرغىزلار رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى، باردى - كەلدى ئىشلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇ رايونغا كۆچۈپ بارغان خەنزۇلار ناھايىتى كۆپ بولغان.

قارلۇقلار ئەسلى غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى قارا ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ئۇلارنىڭ يېرى قىرغىزلارنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، شەرق تەرىپى شەرقىي تۈركلەرنىڭ باشقا قەبىلىسى بولغان چەبىشلەر بىلەن چېگرىداش ئىدى. سىر - تاردۇشلار يوقالغاندىن كېيىن، قارلۇقلار چەبىشلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. جېنگۇەن ئاخىرقى يىلى (مىلادى 649 - يىلى)، چەبىشلەر تاڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر سەركەردىسى گاۋكەن بۇكە قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە بېرىپ، چەبىشلەرگە زەربە بېرىدۇ. قارلۇقلار چەبىشلەردىن يوشۇرۇن ھالدا تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم دولىدۇ، چەبىشلەر يوقالغاندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسى بولغان مورۇن، چىگىل، تاسىرسلارنىڭ ھەممىسى چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا سالام بېرىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم قارلۇقلار ئاشىنا قۇلىغا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. 656 - يىلى، چېبىك

جىنجى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇ. كېيىنكى يىلى، مورۇن قەبىلىسىدە چوغاي تاغ تۇتۇق مەھكىمىسى، چىگىل قەبىلىسىدە قۇملۇق تۇتۇق مەھكىمىسى، تاسىرلار قەبىلىسىدە ئىسسىق كۆل تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى تۇتۇقلۇققا تەيىنلەيدۇ. كېيىن چىگىللارنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ چىقىپ جىنخۇ ئايمىقى تەسىس قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

غەربىي تۈركنىڭ ئون قەبىلىسىگە كەلسەك، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىسسىق كۆل، بالقاش ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن باشقا، ھەر قايسى قەبىلىلەردىمۇ تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، چۇمكۇن قەبىلىسىدە قۇيەن تۇتۇق مەھكىمىسى، تۈركەش - سوغا باغا قەبىلىسىدە ئۇرلى تۇتۇق مەھكىمىسى، تۈركەش - ئالىش قەبىلىسىدە چىشەن تۇتۇق مەھكىمىسى (يېرى شىمىلىي چېگرىسى ئىچىدە)، قويلاۋ قەبىلىسىدە يەن بو (تۇز كۆل) تۇتۇق مەھكىمىسى، نېشېت دۇن قەبىلىسىدە بورتالا تۇتۇق مەھكىمىسى، چۇنىش قەبىلىسىدە يېگىسا تۇتۇق مۇھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. بەش ساداق قەبىلىسىنىڭ مەركىزى رايونى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ، بۇ قەبىلىلەردە تەسىس قىلىنغان تۇتۇق مەھكىمىلىرى توغرىسىدىكى مەلۇمات تەپسىلىي ئەمەس. ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسى ئىسسىق كۆل، بالقاش ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولغان. چۇ دەرياسىغا يېقىن جايدىكى سۇيئاب شەھىرى ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى چوڭ قوشۇنى تۇرىدىغان مۇھىم ھەربىي بازىسى ئىدى. قورۇقچىبەگ، تۇتۇقلارنىڭ ئاستىدا يەنە قەبىلىلەر بويىچە ئايماق، ناھىيىلەر قۇرۇلغان

بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرىمۇ ئېنىق ئەمەس.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسلى غەربىي تۈرك قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇشى توغرىسىدا، تارىخ مەنبەئەلىرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 - يىلى (659 - يىلى) «9 - ئايدا، يارلىق بويىچە تاشكەنت، مايمارغ، كېش، بۇخارا، مەرۋە، كېبۇت، پەرغانە، ئېفتالىت، قەشقەر، قاغىلىق ئەللىرىدە ئايماق، ناھىيىلەردىن 127 سى قۇرۇلدى.»

تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 1 - يىلى (661 - يىلى) «6 - ئاينىڭ كۈنى، توخارىستان، ئېفتالىت، كەشمىر، پېرسىيە قاتارلىق 16 ئەلدە سەككىز تۇتۇق مەھكىمىسى، 76 ئايماق، 110 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە قۇرۇلدى، بۇلار ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولدى.»

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 6317 — 6324 — 6325 - بەتلەر. يەنە «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا: «لۇڭسۇ 1 - يىلى، لۇڭجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خانلارغا بۇيرۇق بېرىلىپ، يىراقتىكى توخارىستاندا ئايماق - ناھىيە ئامباللىرى تەسىس قىلىندى. ئۇ دۆننىڭ غەربىي، پېرسىيىنىڭ شەرقىدىكى 16 دۆلەتنىڭ پايتەختىدە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلىلەردە ئايماق - ناھىيە تەسىس قىلىندى. جەمئىي 88 ئايماق، 110 ناھىيە، 126 مەھكىمە بار» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا: «لۇڭسۇ 1 - يىلى، غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ خاندانلىقىمىزغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ئۇلاردا جەمئىي 16 تۇتۇق مەھكىمىسى، 80 ئايماق، 110 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنشى تۇتۇق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدۇ. ئۇلار توخارىستاندا 828 ئابىدە تىكلەپ خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇلدى» دېيىلگەن.

بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. تۆۋەندە، ھازىر قولىمىزدا بار ئوردا تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، رايونلارغا بۆلۈپ ئىزھار قىلىپ ئۆتىمەن:

تاشكەنت رايونى. ئەينى ۋاقىتتا شاش (ShaSh) دۆلىتى دەپ ئاتالغان. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون قەبىلىسى ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، جەنۇب تەرىپى خوجەند (ھازىرقى لېنىنئابات) كە 200 چاقىرىم كېلەتتى، غەربىي جەنۇبىدا 500 چاقىرىم يىراقلىقتا سەمەرقەند بار ئىدى، غەربىي جەنۇبى سىر دەرياسى بىلەن تۇتىشاتتى، خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ دەريا ياشارتېس‌دەپ ئاتالغان. جۇڭگو تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن جېنجۇ دەرياسى سىر دەرياسى دەپمۇ ئاتالغان، ئەرەبلەر بۇنى سىخۇن ياكى سەيخۇن دەرياسى دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان جېنجۇ دەرياسى نارىن دەرياسىدۇر. ئۇ چاغدا تاشكەنتنىڭ يەرلىك خانى شاش فامىلىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى شاش شەھىرى دەپ ئاتالغان. ئىسلام جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، تاشكەنت رايونىدا شەھەر ـ بازارلار ناھايىتى كۆپ بولغانىكەن. مەسىلەن، ئىستاھىل 27 شەھەر بار دەپ يازغان، ماقدىسى 34 شەھەر بار دەپ يازغان. چىرچىق دەرياسى (سىر دەرياسىنىڭ تارمىقى) نىڭ بويىدا يابغۇ شەھىرى دەپ بىر شەھەر بولغان، بۇ، ئىلگىرى غەربىي تۈركنىڭ تاشكەنت رايونىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا قۇلىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، 658 ـ يىلى بىنكات شەھىرىدە پەرغانە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ خانى خانتۇدۇن ئۇكەجامنى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلىگەن.

پەرغانە رايونى. بۇ بىر ئويمانلىق بولۇپ، قەدىمدىنلا بىر مۇستەقىل خانلىق ئىدى، ئۇ ئىلگىرى خەن خاندانلىقىغا تەۋە بولغاندىن باشقا، مەيلى ئاخمېنىد، ئالېكساندېرىيە، پېرسىيىنىڭ پارفىيە (ئارشاك) ۋە ساسانىيلار سۇلالىلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەس. كېيىنكى چاغلاردا، غەربىي تۈركنىڭ كونتروللۇقىدا بولغانلىقى ئېنىق. پەرغانە رايونىدا ئالتە چوڭ شەھەر، 100چە كىچىك شەھەر بولغان. ئاقسىكېت (نەمەنگان) ۋە ئۇش شەھەرلىرى ئۇنىڭ تۈركلەر بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان چېگرىسى ئىدى. ئۇش شەھىرى سىر دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە، ئاقسىكېت شەھىرى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىدى. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، پەرغانە خانلىرى «ۋېسي - جىن خاندانلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەي كەلگەن». تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن يىللىرى (627 — 649) ئارىلىقىدا، ئۇنىڭ خانى چۇبە غەربىي تۈرك خانى باغادۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئاشنا چۇنى خان شەھىرىنى تارتىۋالغان. چۇنى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى گېبوج چۇبەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى روسېننى خان قىلىپ تىكلەپ، خۇمىن شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. گېبوج ئۆزى كاسان شەھىرىدە تۇرغان. كاسان شەھىرى ئاقسىكېت شەھىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئارىلىقى 50 كېلومېتر كېلەتتى. خوجەندتىمۇ بىر خان بولۇپ، پەرغانە خانىغا قارايتتى. 656 - يىلى، گېبوج تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خانىغا سوۋغا تەقدىم قىلغان. 658 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى كاسان شەھىرىدە ئىركەشتام ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئاروسېننى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. پەرغانە رايونىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ،

ئۇنىڭ خانى تاڭ سۇلالىسىگە بەك سادىق ئىدى.

سەمەرقەند رايونى. ئۇنىڭ ئومۇمىي نامى «كانگىيە» ئىدى. بۇ رايون زەرەفشان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پايتەختى دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، جەمئىي 30 چوڭ شەھەر، 300 قەلئە بار ئىدى. بارتولد مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭ يەر كۆلىمى ۋە ئاھالىسىنىڭ سانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەمەرقەند ئەزەلدىنلا ماۋارا ئۇننەھردىكى بىرىنچى شەھەر ئىدى ... بۇ شەھەر شۇنداق مۇھىم ئىدىكى، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئىزاھلاش مۇمكىن، ئۇ ھىندىستان، پېرسىيە ۋە تۈركلەردىن كېلىدىغان ئاساسىي سودا يوللىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا جايلاشقان؛ بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن ئىنتايىن مول مەھسۇلاتلار چىقىدۇ، شۇڭا ئۇ، بىر جايغا نۇرغۇن ئاھالىنى توپلاش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى.» كۇرتسىئۇس بۇ شەھەرنىڭ تاشقى سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 70 ستاد (تەخمىنەن 16 كىلومېتر) كېلىدۇ دەپ يازغان. شۈەنزاڭ بولسا پەقەت 20 نەچچە چاقىرىملا كېلىدۇ دەپ يازغان. سەمەرقەندنىڭ ئىچكى سېپىلىنىڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت قوۋۇقى بولۇپ، شەرقىي قوۋۇقى جۇڭگو قوۋۇقى دەپ ئاتالغان، بۇ قوۋۇق بىر دۆڭلۈككە سېلىنغان بولۇپ، بۇ دۆڭلۈكتىن نۇرغۇن پەلەمپەي ئارقىلىق زەرەپشان دەرياسىغا چۈشكىلى بولاتتى؛ غەربىي قوۋۇق نەۋ باھار قوۋۇقى ياكى تۆمۈر قوۋۇق دەپ ئاتىلاتتى؛ جەنۇبىي قوۋۇق كېش قوۋۇقى دەپ ئاتىلاتتى؛ غەربىي قوۋۇق بۇخارا قوۋۇقى ياكى ئۇسرۇشانا (سۇترىشنا) قوۋۇقى دەپ ئاتىلاتتى ①. سەمەرقەند

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 134 — 136 - بەتلەرگە قاراڭ.

رايونىنىڭ خانى جاۋۇپ مىللىتىنىڭ توخرى ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇششاق خانلىقلارنىڭ خانلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مىللەتداش بولۇپ، توققۇز جاۋۇپ دەپ ئاتىلاتتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلار تۈرك خانلىقىغا تەۋە ئىدى. 627 - يىلى، كانكىيە خانى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خانغا سوۋغات تەقدىم قىلغان. 631 - يىلى، يەنى شەرقىي تۈرك خانلىقى هالاك بولغاندىن كېيىن، كانكىيە تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشنى تەلەپ قىلغان. ئاشىنا قۇلى تىنىچتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى سەمەرقەند رايونىدا كانكىيە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ خانى فۇخمانىنى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلىگەن. كانكىيەدىن باشقا، يەنە بۇخارا، كېبۇت، تاشكەنت، مايمارغ، كوشانىيە، خارەزىم، بىتىك، كېش قاتارلىق سەككىز دۆلەتنىڭ خانلىرىمۇ جاۋۇپ مىللىتىدىن ئىدى.

مايمارغ، مىماكان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەمەرقەند رايونىدا 12 يۇرت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتىسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا، ئالتىسى شىمالىدا ئىدى، مايمارغ دۆلىتى دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە يۇرتنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، ئەرەبلەر بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى مۇستەقىل بىر كىچىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىدا قەدىمكى ئىستىهكاملار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مايمارغ دۆلىتى خانىنىڭ ئىسمى جاۋۇپ كەيجۇ بولۇپ، ئۇ بوشند شەھىرىدە تۇراتتى. مىلادى 658 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى مايمارغدا جەنۇبىي زەرەپشان ئايمىقى تەسىس قىلىپ، جاۋۇپ كەيجۇنى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مايمارغ تاڭ سۇلالىسىگە ئۈزۈلدۈرمەي سوۋغات يوللاپ تۇرغان.

كوشانىيە. ئۇ هازىرقى كاتتا قورغانغا باراۋەر بولۇپ، سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدا. كوشانىيە سوغدىيانا

بويىچە سەمەرقەندتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاۋات شەھەر بولۇپ، ئەرەبلەر بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇمۇ مۇستەقىل بىر كىچىك دۆلەت ئىدى. مەسىلەن، ئەرەب يازغۇچىسى تەبەرى ئۇنىڭ خانىنى كوشانشاھ دەپ ئاتىغان. كانكىيە كىچىك خانى تۇرغان كوشانىيە شەھىرى قوشانىيەدە بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ سول تەرىپىدە ئىككى قەۋەتلىك راۋاق بولغان، راۋاقنىڭ ئىچىگە تام رەسىملىرى سىزىلغان، راۋاقنىڭ شىمالىي تېمىغا جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، شەرقىي تېمىغا تۈرك، ھىندىستان شاھلىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، غەربىي تېمىغا پېرسىيە، فەرەڭ (شەرقىي رىم) شاھلىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، كوشانىيە خانى ھەر كۈنى سەھەردە ئۇ سۈرەتلەرگە تەزىم قىلارمىش. 641 - يىلى، يەنى تاڭ تەيزۇڭ قوجۇنى تىنچلاندۇرغاندىن بىر يىل كېيىن، كوشانىيە دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغات تەقدىم قىلغان. ئاشىنا قولى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا قارشى ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلغاندا، كوشانىيە تاڭ سۇلالىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، بىز قوشۇنىڭىزغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى خالايمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. كېيىن تاڭ سۇلالىسى كوشانىيەدە ئايىمىقى تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ خانى جاۋۇپ بودادىنى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. بودادى بودىشنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن.

سۇتىرىشنا (ئۇسرۇشنا، كېبۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ھازىرقى ئۇرا - تۆپىگە توغرا كېلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، سەمەرقەند بىلەن خوجەند ئارىلىقىدىكى رايونلارنى سۇتىرىشنا

زېمىنى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ياقۇتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سۇتروشنادا قۇرۇلغان مۇداپىئە ئىستىھكامى 400 دىن ئاشىدىكەن. ئېھتىمال بۇلار «دېھقانلار» تۇرىدىغان جاي بولسا كېرەك. بارتولدنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ رايون باشقا جايلارغا قارىغاندا كېيىنكى چاغلاردا ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغان، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئارىيان ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىرقەدەر ئۇزۇنراق ساقلىنىپ قالغان. ئۇۋۇياڭشيۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «يېڭى تاڭنامە» دا سۇتروشنانى «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېرشى (贰师) شەھىرى » دەپ قارىغان. بۇ سۆزگە ئىشىنىشكە بولىدىغان بولسا، خەن دەۋرىدە، سۇتروشنا بىرمەزگىل پەرغانە دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدە بولغان بولىدۇ. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ «شەرقىي شىمال تەرىپى خوجەندكە 200 چاقىرىم كېلىدۇ، شىمال تەرىپى تاشكەنت بىلەن، غەرب تەرىپى كانكىيە بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى پەرغانە بىلەن تۇتىشىدۇ، ھەرقايسىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 400 چاقىرىمچە كېلىدۇ، جەنۇپ تەرىپى توخارستانغا 500 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئورنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې يىللىرى (618—626) ئارىلىقىدا، سۇتروشنا بىلەن كانكىيە بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر: ئېلىمىز ئوغلانلىرى خاقانى چىننىڭ (تاڭ تەيزۇڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئاتىلىشى — ئا) دانىشمەنلىكى ۋە قۇدرىتىنى ئاڭلاپ، خاندانلىققا تەۋە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ» دېگەن.

كېبۇت، كېبۇت دۆلىتى ئىشتىكان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. ئىشتىكان شەھىرى كوشانىيەگە يېقىن (32 كىلومېترلا

كېلىدۇ) بولۇپ، ھەر ئىككىسى سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدا. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىشتىكان شەھىرىدە ئافرىدىنكەنت (ھازىرقى فرىنكەنت) دېگەن بىر بازار بولۇپ، ئۇنى مىلادى VII ئەسىردە سەمەرقەند خانى ئۇلۇغىنىڭ ئىنىسى ئافرىن بىنا قىلدۇرغان. ئىشتىكان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۇيدى شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەردە بىر بۇتخانا بولغان. بۇتخانا ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان سەدىقە قاچىسى بولۇپ، قاچا ئۈستىگە «خەن سۇلالىسى پادىشاھى ھەدىيە قىلغان» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. بۇ، مەزكۇر رايوننىڭ بۇرۇنلا جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋۇدې يىللىرى (618—626) ئارىلىقىدا، كېبۇت ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغا-سالام ئېلىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا كېبۇت، غەربىي كېبۇدنىڭ شەرقى، كانكىيەنىڭ شىمالىدا. ئۇنىڭ خانى كادىجىن شەھىرىدە تۇراتتى.

كېش ھازىرقى شەھرى سەبزنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. ياقۇتنىڭ ئېيتىشىچە، كېش بىر مەزگىل سوغدىيلارنىڭ ئەڭ مۇھىم شەھىرى بولغانىكەن. جۇڭگو مەنبەلىرىدە، ئۇ «سوغدىيانانىڭ كىچىك خانى كېش شەھىرىدە تۇرىدۇ. كېش شەھىرى غەرب تەرەپتە ناخشاب شەھىرىگە 150 چاقىرىم، شىمال تەرەپتە مايمارغ دۆلىتىگە 200 چاقىرىم. جەنۇب تەرەپتە توخارىستانغا 400 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. سۈي سۇلالىسى دايې يىللىرى (605—617) ئارىلىقىدا، ئۇنىڭ دۆلىتى كۈچىيىپ، جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇنىڭ خانى تىجە كېش شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان. 642 - يىلى، كېش دۆلىتىنىڭ خانى شاسىبى تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغات تەقدىم قىلغان. غەربىي تۈرك تاڭ سۇلالىسىگە

قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنىدا كېش ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ خانى جاۋۇپ شىرئاغا ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ناخشاب شەھىرى كىچىك كېش دەپ ئاتالغان،بۇلارنىڭ ھەممىسى كېش دۆلىتىگە قارايتتى. كېش شەھىرىدىن ناخشاب شەھىرىگە ئۈچ كۈندە بارغىلى بولاتتى.

بۇخارا رايونى ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، پايتەختى ئارىيامىتان ( ھازىرقى نامى رامىتان) شەھىرى ئىدى. بۇ رايوندا « 40 چوڭ شەھەر، 1000 دىن ئارتۇق كىچىك قەلئە بار ئىدى». بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ماۋارا ئۇننەھردىكى ئەڭ ئاساسلىق شەھەر ھېسابلىناتتى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتناش يولى بولۇپ، بۇ يول «شاھراي» خان يولى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇخارا ھۆكۈمرانى «بۇخارا خۇدات» دەپ ئاتىلاتتى. ئەرەب مەنبەلىرىدە خاتىرلىنىشچە، VII ئەسىردە بىردۇر ① ئىسىملىك بىر بۇخارا خۇدات ئۆتكەن بولۇپ، بۇخارا قەلئەسىنى شۇ قايتا سالدۇرغان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بىر تۆمۈر مۇشتقا قويدۇرۇپ، تۆمۈر مۇشتنى شەھەر (قەلئە) دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغانىكەن. جۇڭگو مەنبەلىرىدە يېزىلىشىچە، بۇخارادا چاقىرىق بىلەن قوبۇل قىلىنغان باتۇرلاردىن تەركىب تاپقان، «يىگىت» دەپ ئاتىلىدىغان چەۋەندازلار تەبىقىسى بولغان بۇخارادا يەنە بىر قەلئە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى تۈرك ھۆكۈمرانى سۇ باشى تېكىن سالدۇرغانىكەن، بۇ، بۇخارا رايونىنىڭ

① ئۇنىڭ ئىسمى باندۇن، بايدۇن، نايدۇن، بېندۇن دەپمۇ يېزىلغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ تۇنجى يىلى دېيىلىدۇ.

ئىلگىرى تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ۋۇدې يىللىرى بۇخارا دۆلىتى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. جېنگۇن 1 - يىلى، تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغات تەقدىم قىلغان. تاڭ تەيزۇڭ تۇلارنىڭ ئەلچىسىگە: «غەربىي تۈركلەر تەسلىم بولدى، سودا كارۋانلىرى قاتنىسا بولىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر-نىڭ ھەممىسى بەكمۇ خۇشال بولغان. بۇنىڭدىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسى-نىڭ غەربىي تۈركلەرنى جۇڭگوغا بىرلەشتۈرۈشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بۇخارا خانى خولىنگا تاڭ سۇلالىسىگە داڭلىق ئات تەقدىم قىلغان، ئۇ ئۆز جەمەتىنىڭ بۇخارا خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگىنىگە 22 ئەۋلاد بولغانلىقىنى ئېيتقان. ئاشنا قۇلى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئارىيامىتاندا ئەنشى ئايمىقى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ خانى جاۋۇپ شادنى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.

كۇئان (قاراغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كېيىن قالقان ئاتا دەپ ئۆزگەرتىلگەن)، بۇخارانىڭ شەرقىي شىمالىدا، پايتەختى قاراغان شەھىرى. شيەنچىڭ يىللىرى (658 - يىلى) ئۇنىڭ زېمىنىدا مارۇ ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ خانى جاۋۇپ بېشى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

خارەزىم رايونى. ئۇنىڭ پايتەختى كات شەھىرى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى خارەزىم رايونىغا يېتىپ بارمىغان.

لۇڭسۇنىڭ تۇنجى يىلى (661 - يىلى)، ۋاڭ مىڭيۈەن تەسىس قىلغان ئايماق، ناھىيىلەر ئاساسەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار ھەمدە بۇ دەريانىڭ

جەنۇبىدىكى ھازىرقى ئافغانىستان چېگرىسى ئىچىدىكى جايلاردا بولغان. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئۇفېي تۇتۇق مەككىمىسى ① ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ۋاھان رايونىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ ئەسلى ۋاھان دۆلىتى ئىدى. بۇ چوقۇم ئارىئانلار-نىڭ تاغلىق دۆلىتى بولۇشى كېرەك، چۈنكى، يەرلىك خەلقلەر تا ھازىرغىچە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ۋاھان دۆلىتى خانىنىڭ ئىسمى ئىشپارا ئىلتەبىر بولۇپ، ئۇ ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. بۇ جاينىڭ پايتەختى ئىشكاشىم شەھىرى ئىدى. ئۇفېي ئايمىقى تۇتۇق مەككىمىسى قارىمىقىدا ۋاھان ئايمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى پەنج دەرياسىنىڭ يۇقىرى مەنبەسىدە، يەنى ۋاھان دەرياسى ۋادىسىنىڭ سارخاد دېگەن جايغا توغرا كېلەتتى. قەدىمكى زاماندا، بىر سودا يولى بولۇپ، بۇ يول ۋاھان ئارقىلىق، ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا باراتتى. تۆت ھەربىي كەنتتىن توخارىستانغا بارىدىغان يوللارمۇ مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى.

زىبا ئايمىقى تۇتۇق مەككىمىسى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەرۋاز رايونىغا توغرا كېلىدۇ②. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى قۇمىد. بۇ جايدا ئامۇ دەرياسى ۋاخان كارىدورىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا بۇرۇلۇپ، رۇشان ئارقىلىق جارۇقا يەنى دەرۋازنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا

---

① «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئۇفېي ئايمىقى شيەنچىڭ يىللىرى تەسىس قىلىنغان دېيىلگەن.

② چاۋانەس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا: «ھازىرقى قارا تېگىن دېگەن جاي» دەيدۇ (شۇ كىتابنىڭ 255 - بېتىگە قارالسۇن). يۇقىرىدا ياپونىيىلىك تېڭتيەنبىنىڭ ئېيتقىنىسى بويىچە ئېلىندى (سېن جۇڭمىيەننىڭ؛ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە دەلىللەر» نىڭ 151 - بېتىگە قارالسۇن).

باردۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، پتولېمېي تەسۋىرلىگەن قەدىمكى يىپەك يولى قۇمىدتىن ئۆتىدۇ، شۇەنزاڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «拘谜陀» ئەنە شۇ قۇمىد بولسا كېرەك. بۇمۇ ساكلارنىڭ قەدىمكى دۆلىتى بولۇپ①، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. ئۇنىڭ پايتەختى جۇسىپي شەھىرى ئىدى.

سۇمان تۇتۇق مەككىمىسى. ئۇ ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كافىرناغان دەرياسى (ئامۇ دەرياسىنىڭ تارمىقى) دىكى ئويمانلىققا ياكى شۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئەسلى جېسۇ دۆلىتى بولۇپ، پايتەختى سۇمان شەھىرى، يەنى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئېيتىلغان يۇمەن (愉漫) دۆلىتى ئىدى، ئۇ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىچىك دۆلەت ئىدى. سۇمان شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى دۈشەنبە (ئىلگىرىكى ستالىنئاباد) شەھىرىدۇر②. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا، سۇمان تۇتۇق مەككىمىسى ئاستىدا رونا، سۇلى ئىككى ئايماق بار دېيىلگەن، «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا بولسا «ئۇنىڭدا ئۈچ ئايماق تەسىس قىلىنغان» دېيىلگەن.

ياپبان ئايمىقى تۇتۇق مەككىمىسى. ئۇ ئەسلى ساغانىيان دۆلىتى ئىدى. ئەرەب مەنبەلىرىدە ساغانىياننى سۇرخان دەرياسى بويىدىكى جىلغىدۇر، ئۇنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى چاغان خۇدات دەپ ئاتىلاتتى دېيىلگەن. بارتولدنىڭ يازغىنىدىن قارىغاندا، ساغانىياننىڭ پايتەختى تېرمىزغا تۆت كۈنلۈك يول بولۇپ، ھازىرقى دېناۋ (Denau) دۇر. يېقىنقى يىللاردىن

---

② «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 1970 - يىل، لوندون نەشرى، 363 - بەتكە قارالسۇن.

① ئالدىنقى بەتنىڭ ② ئىزاھىدىكى كىتاب، 353 - بەت.

بۇيان، ئىلىم ئەھلىلىرى VI—VII ئەسىرلەردىكى ساغانىيان
دېناۋنىڭ جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى دالۋېر-
جىن تۆپە شەھىرى دەپ قارىماقتا. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئەسىر-
دىكى ساغانىيان قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ سۇرخان دەرياسىغا
قۇيۇلىدىغان يېرىدىكى بىدراچ شەھىرىدە، بۇ شەھەر دېناۋنىڭ
شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئارىلىقى دېناۋغا ئالتە كىلومېتىر
كېلىدۇ. ① سېن جۇڭمىيەننىڭ ئېيتىشىچە، ياپىيان
ئايىمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان
ساغانىيان بىلەن ئەرەب مەنبەلىرىدە ئېيتىلغان ساغانىيان بىر
جاي ئەمەس. چۈنكى «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرى-
سى»دە: «ساغانىيان چاغانىيان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باھلىكا-
دىن چىقىپ ھىمالايا تېغىغا كىرىپ 400 چاقىرىم ماڭغاندىن
كېيىن، بامىيانغا بارىدۇ، شەرق تەرىپى ئوكسۇس دەرياسىغا
تۇتىشىدۇ» ② دېيىلگەن. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى: «ئۇ دۆلەت
بامىياننىڭ شىمالىغا 400 چاقىرىم كېلىدىغان ئوكسۇس
دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى قەدىمكى سىياماكا بەگلىكىنىڭ
يېرى، يەنى ‹سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسى› دىكى داردا
«غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى سىياماكادۇر، ھازىرقى چىترالدۇر.
ئۇ يەر كۇران دەپمۇ ئاتالغان. ئايماقنىڭ ئورنى مۇشۇ
يەردە بولۇشى كېرەك» ③ دەيدۇ. مەن بارتولدنىڭ:
ساغانىيان ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي خەنۇ-
بىي قىسمىدىكى دېناۋ ئەتراپىدا دېگەن پىكرىگە مايىلمەن.

---

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 3 - توم، 558 - بەت.

② سېن جۇڭمىيەن: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە دەلىللەر»، 149 - بەت.

③ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر دەلىللەر»نىڭ تەرجىمە توپلىمى، 7 - بۆلۈم، 66 - بەت.

چۈنكى، «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ساغانىيان توغرىسىدا ئېيتىلغان ئۇ سۆز ئەمەلىيەتكە يېقىن كەلمەيدۇ. ساغانىياندىن چىقىپ، يەنە قانداقچە «باھلىكادىن چىقىپ ھىمالايا تېغىغا كىرگىلى بولىدۇ»؟ ئۇنداق بولغاندا، ساغانىيانىڭ ئورنىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ.

كابول تۇتۇق مەھكىمىسى. ئەسلى خوتىل (Khotl) دەپ ئاتىلىدىغان، ۋاخشۇ دەرياسى بىلەن پەنچ دەرياسى ئارىلىقىدىكى بىر تاغلىق رايون ئىدى. يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ۋاكىسا دەرياسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ ماڭغاندا، تېرمىز ئېلى بار... يەنە شەرق تەرىپىدە تۆت ئەل بار، ۋاخشۇ دەرياسى بار..... شەرق تەرىپى خوتىل بىلەن چېگرىداش، پامىردىكى 18 ئەل بىلەن تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن. خوتىل تەخمىنەن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمال بۆلۈكىدىن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ۋاخشۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارغا توغرا كېلىدۇ. بەدەخشاننىڭ فەيزاباد دېگەن يېرىمۇ خوتىلنىڭ بىر قىسمى ئىدى. خوتىل خانى تۇرۇشلۇق خۇلبۇق تەخمىنەن ھازىرقى قۇليابنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر جايدا بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇچە مەنبەلەردە كابۇل تۇتۇق مەھكىمىسى ۋاقىسا شەھىرىدە، ئۇنىڭ ئاستىدا شىغنان، ۋاھان ئىككى ئايماق بار دېيىلگەن.

خانبالىق (قۇۋادىيان — كاۋادىيانا) ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى قۇۋادىيان دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى كافىرناغان دەرياسى بىلەن ۋاخشۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى شىمالىي كەڭلىك 37°21′ دىن شەرقىي كەڭلىك 68°9′ گىچە بولغان جاي، يەنى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇب بۆلۈكىگە توغرا كېلىدۇ. پايتەختى بىۋش.

قۇم ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى تېرمىد

(تېرمىز) دۆلىتى بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا، سۇرخان دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جايىدا ئىدى، ئۇ يەر ھازىر تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارايدۇ. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇ جاي تېرمىد دەپ يېزىلىپ، «تېرمىد بىر ئېرىقتۇر، ئۇ ھەم دۆلەت نامى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 600 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭ زېمىنى مۇھىم قاتناش يولى ئۈستىدە بولغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۇ ئەڭ مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ پايتەختى تېرمىز شەھىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە سوغدىيانا ئايمىقى بار ئىدى.

توخرى، يەنى توخارىستان تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇنىڭغا قاراشلىق زېمىن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، توخارىستاننىڭ پايتەختى ۋارۋالىز (قۇندۇز) شەھىرى. توخارىستان «كۆكئارتنىڭ غەربى، ئوكسۇس دەرياسى-نىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، قەدىمكى دەۋردە باكترىيە دەپ ئاتىلاتتى. توخارلار ئېفتالىتلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇرىدۇ. 100 مىڭ ئەسكىرى بار، دۆلەت زېمىنى كەڭ، ئايال ئاز، ئەر كۆپ... خانىنىڭ ئۇنۋانى يابغۇ.» ۋۇدې، جىنگيۈەن يىللىرى تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇرغان. مىلادى 650 - يىلى، توخارلار تاڭ سۇلالىسىگە «چوڭ قۇش تەقدىم قىلغان، قۇشنىڭ ئېگىزلى-كى يەتتە گەز كېلىدۇ، قارا رەڭلىك بولۇپ، پۇتى تۆگىنىڭ پۇتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، قانىتى بار، ئەمما پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، كۈنىگە 300 چاقىرىم يول يۈرەلەيدۇ، تۆمۈر يېيەلەيدۇ، ئۇ ئادەتتە تۆگە قۇش دەپ ئاتىلىدۇ.» غەربىي تۈركلەر تىنچ-تىلغاندىن كېيىن، توخارلارنىڭ زېمىنىدا توخرىي تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ خانى ئاشنا تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ كىچىك شەھەرلىرى 25 ئايماق

قىلىپ ئايرىلغان («غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە 24 ئايماققا ئايرىلغان دېيىلگەن)، ئۇلار: باۋابىد ئايمىقى، باكتىرىيە ئايمىقى، خەنلۇ ئايمىقى، كۇرگانىج ئايمىقى، سارى ئايمىقى، ئوكسۇس ئايمىقى، پەنيۈ ئايمىقى، بۇخارا ئايمىقى، ۋاهان ئايمىقى، ئانداراب ئايمىقى، باغلان ئايمىقى، قوش بۇلاق ئايمىقى، (يەنى ئىشكاشىم، باغلاننىڭ شەرقىي شىمالىدا)، قولم ئايمىقى، هايباك ئايمىقى، پۇرۇشاپۇر ئايمىقى، تۇرا ئايمىقى، پارسا (زىباك) ئايمىقى، داراز ئايمىقى، داتەن ئايمىقى، فۇر ئايمىقى، سىنىدۇ ئايمىقى، غەربىي رۇك (بىتىك) ئايمىقى، مىلى ئايمىقى، دىجاك ئايمىقى، بامىيان (بەدەخشان) ئايمىقىدىن ئىبارەت.

داخەن (大汗) تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى ئىفتالىتلار تۇرۇشلۇق ھىرات شەھىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 15 ئايماق بولغان، ئۇلار: كوشانىيە ئايمىقى، ئاۋرىسى ئايمىقى، شىغنان ئايمىقى، لىجۇ ئايمىقى يۈلىك ئايمىقى (愉令州)، ئەنۋۇ ئايمىقى، زىرىك ئايمىقى، قەشقەر ئايمىقى، پارسا (زىباك) ئايمىقى، خوتەن ئايمىقى، ناخشاب ئايمىقى، مىماھا ئايمىقى، پارۋان ئايمىقى، سۇرىستان ئايمىقى، خونا ئايمىقى.

لۇئاۋ ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلىدىكى راغ دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ. چاۋانىپس: «سۇي سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دىكى «乌拉曷» دېگەن ئەل دەل ئەنە شۇ، «ئۇنىڭ پايتەختى ئوكسۇس دەرياسىنىڭ غەربىدە... ئۇنىڭ شىمالىدا 400 چاقىرىم يىراقلىقتا بوخارا دۆلىتى، غەربىي شىمالىدا 200 چاقىرىم يىراقلىقتا مەرۋى دۆلىتى بار» دېيىلگەن دەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزگە ئىشىنىشكە بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا لۇئاۋ ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ شەرقىي جەنۇب بۆلۈكى بىلەن ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاند خۇي

رايونىدا بولغان بولىدۇ.

ھىسار ئايىمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى خوجكان دۆلىتىدە بولۇپ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ھىباغان رايونىغا توغرا كېلىدۇ. ئېمى شەھىرى ھىسارنىڭ پايتەختى. ئىستاھىل خوجكان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئەنبەر شەھىرى دەيدۇ. ھىسار ئايىمىقى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا پېيلى، داكچىن ئىككى ئايماق بولغان.

قۇندۇز ئايىمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى ئالىكان دۆلىتى، يەنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن پېرىسىينىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى تالاقان شەھىرى (قۇندۇزنىڭ شەرقىدىكى تالىكان شەھىرى ئەمەس) دە، ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ، قۇندۇزنىڭ پايتەختى دىبونا شەھىرى ئىدى.

سۇسېنا ئايىمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ كەشمىر دۆلىتىدە قۇرۇلغان، كەشمىر دۆلىتىنىڭ پايتەختى سۇسېنا شەھىرى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابولنىڭ شەرقىدە. بۇ ئەلدە دۆلەت خانىنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسىنىڭ ئىسمى شىن بولۇپ، شۇ چاغدىكى خىشىجىغا قەدەر 12 ئەۋلاد ھۆكۈم سۈرگەن دېگەن رىۋايەت بار. مىلادى 619 - يىلى، كەشمىر دۆلىتى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خانىغا گۆھەر بەلباغ، ئالتۇن قۇلۇپ، خرۇستال قەدەھ، بولى تەقدىم قىلغان. جېنگۇەن يىللىرى يەنە داڭلىق ئات تەقدىم قىلغان، 642 - يىلى، يەنە تىيىن تېرىسىدىن تىكىلگەن ئالاھىدە كۆپە تەقدىم قىلغان. غەربىي تۈركلەر تىنچىتىلغاندىن كېيىن، 658 - يىلى ئۇنىڭ زېمىنىدە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. لۇڭسۇ تۇنجى يىلى (661 - يىلى)، ۋاڭمىڭيۈەن بۇيرۇق بويىچە ئۇ ئەلنىڭ

خاننى سۇسىنا تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلەشكە بارغان، سۇسىنا بۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا ئون ئايماق تەسىس قىلىنغان، ئۇلار: ۋىسالى ئايمىقى، يىنمى (阴米) ئايمىقى، بولور ئايمىقى، لۇڭچى (龙池) ئايمىقى، ئۇلى (乌利) ئايمىقى، قۇملۇق ئايمىقى (漠州)، بالتىستان (چوك بولور) ئايمىقىدىن ئىبارەت.

شېيفېڭ (写凤) تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى بامىيان دۆلىتىدە قۇرۇلغان بولۇپ، كابولنىڭ غەربىي شىمالى، خوجكاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، بامىيان دۆلىتىنىڭ پايتەختى لولەن (罗烂) شەھىرى ئىدى، جېنگۇەن 1 - يىلى (627 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. 658 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى لولەن شەھىرىدە شېيفېڭ تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ خانى فۇ (卜) نى بۇ ئايماقنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ ئۆزىگە تەۋە بەش ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. لولەن شەھىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە تۆت ئايماق بولغان، بۇلار: شېيگۇ (嶰谷) ئايمىقى، لىڭلۇن (泠沦) ئايمىقى، سەمەرقەند ئايمىقى، خاندۇت ئايمىقى.

ئانتيوك تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇ ئەسلى جاگۇدا دۆلىتى، يەنى يۇنان مەنبەلىرىدە ئېيتىلغان ئاراخۇسىيىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئەرەبلەر ئانتيوكنى زابۇلىستان دەپ ئاتىغان، جۇڭگو مەنبەلىرىدە شېيۇ (谢飓) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «شېيۇ توخارىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇ ئەسلى جاگۇتا (诃达罗支) دەپ ئاتىلاتتى. شيەنچىڭ زامانىدا خېدا لوجى دەپ ئاتالدى، ۋۇدىدىن كېيىن، ھازىرقى نامدا ئاتىلىدىغان

بولدى. شەرق تەرىپىدە كەشمىر، شەرقىي شىمال تەرىپىدە بامىيان بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئارىلىقى 400 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە ھىندىستان، غەرب تەرىپىدە پېرسىيە، شىمال تەرىپىدە خوجكان دۆلەتلىرى بار. ئۇنىڭ خانى غەزنى شەھەرىدە تۇرىدۇ... ئۇ ئەلدە تۈركلەر، كەشمىرلىكلەر، توخارلار ئارىلىشىپ ئولتۇرىدۇ.» ئانتيوك تۇتۇق مەھكىمىسى قارىمىقىدا توققۇز ئايماق بولغان، ئۇلار: شىليۇ (细柳) ئايمىقى، يۈچۈەن (虞泉) ئايمىقى، لىچى (犁靳) ئايمىقى، يەنزى (崦嵫) ئايمىقى، جۈچۆ (巨雀) ئايمىقى، يىجۇ (遗州) ئايمىقى، ئابىسكۇن دېڭىزى (西海) ئايمىقى، جېنشى (镇西) ئايمىقىدىن ئىبارەت.

پارس تۇتۇق مەھكىمىسى. زارالڭ شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى يازدا گىرد ئەرەبلەر تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، 651 - يىلى مەرۋىدە كىشىلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خاندانلىق يوقىلىدۇ. يازدا گىردىنىڭ ئوغلى «پىرئوز توخارىستانغا بېرىپ پاناھلىنىدۇ. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز مۇشكۈلاتىنى بايان قىلغاندا، گاۋزۇڭ (تاڭ خاندانلىقى پادىشاھى — ت) ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن ئەسكەر ئەۋەتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەلچىلەرنى قايتۇرىدۇ». 661 - يىلى، ۋاڭ مىڭيۈەن بۇيرۇق بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئايماق — ناھىيە تەسىس قىلىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ بېرىپ، پىرئوزنى پارس تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەيدۇ، تۇتۇق مەھكىمىسى زارالڭ شەھىرىدە تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئىراننىڭ ئۆز زېمىنىنى ئەرەبلەر ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، پىرئوز ئۆزىنىڭ كونا زېمىنىغا قايتىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان پارس تۇتۇق مەھكىمىسى

ئىراننىڭ ئۆزى ئەمەس. زاراڭ شەھىرى دېگىنىمىز، پېرسىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى سىستاننىڭ مەركىزى زارانج① شەھى-رىدۇر. ئىككىنچى يىلى (662 - يىلى) باھاردا، تاڭ سۇلالىسى پىرئۇزنى يەنە پېرسىيە خانى قىلىپ تىكلەيدۇ. بۇ نام جەھەتتىكى خاندىن ئىبارەت، خالاس.

يۇقىرىقىلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئون جەمەت غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، سىردەرياۋادىسىدىكى تاشكەنت ۋە پەرغانە رايونلىرىدا، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدىكى سەمەر-قەند ۋە بۇخارا رايونلىرىدا، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ھازىرقى ئافغانىستاندىن تارتىپ تاكى پېرسىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغىچە بولغان رايونلاردا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرغانلىق ھەققىدىكى ئەھۋال. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونلارنى باشقۇرۇشى شۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، يەرلىك مەمۇ-رىيەتكە ئارىلاشمىغان. لېكىن ھەرقايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمران-لىرى ياكى ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى تاڭ سۇلالىسىگە بويسۇنۇپ ئولپان تۆلىگەن، بەزىلىرى ئوغۇللىرىنى تۇرغاق②

---

① ھىندى يولى: «قەدىمكى جۇڭگو تۇغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 1 - توم، 99 - بەت، ئىمزاھ. بەي شۇيى مۇنداق يازىدۇ: «گاۋزۇڭ زامانىسىدا، تاڭ سۇلالىسى پېرىسسىيىدە پارس تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پېرسىيە خانى پىرئۇزنى تۇتۇقلۇققا تەيىنلىگەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پېرىسسىيە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان.» («يۇيگۇڭ» يېرىم ئايلىق مەجمۇئە، 5 - توم، 11 - سان، 59 - بەتكە قاراڭ). ئەمەلى-يەتتە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئەرەبلەر پېرسىيىنى ھالاك قىلغان. پارس تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىمۇ پېرسىيىدە بولغان ئەمەس.

② بويسۇنغۇچى خانلار ئۆز باللىرىنى تۇتۇق (گۆرۈ) ھېسابىدا ئەۋەتىپ بېرىش — ت.

قىلىپ ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسى غەربىي رايوندىكى ھەرقايسى
ئەللەر ۋە سودىگەرلەر تاپشۇرغان باج - خىراجلار بىلەن
ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي كەنتنىڭ مەمۇرىي خىراجەت ۋە
ھەربىي قوشۇنلارنىڭ مائاشىنى تەمىنلىگەن. خۇددى «يېڭى
تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغاندەك:
«تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋردە، (غەربىي رايوندىكى ئەللەر)
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئولپان تۆلىگەنلىرى يۈزدىن ئاشاتتى،
ئۇلار تۈمەن چاقىرىملىق يوللارنى بېسىپ كېلەتتى، بۇ
ھەقىقەتەن ئۇكاي ئىش ئەمەس! جۇڭگو بولسا ئۇلارغا ئىنئام-
ئەمەل بېرەتتى، ئۇلارنىڭ ئاشلىق يۆتكەش، رابات ئىشلىرى
ئۈچۈن بولىدىغان چىقىملىرىنى شەرقتىكى كۇرىيە (چاۋشيەن)،
جەنۇبتىكى كامبودژا، غەربتىكى پېرسىيە، تىبەت، قىرغىز،
شىمالدىكى تۈركلەر، قىتان، جۇرجاندىن ئىبارەت «سەككىز
قارام ئەل» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا «ئىنتايىن
يىراق ئەل» دەپ ئاتىلىدىغان جايلارغا ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنىڭ
يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ چاچاتتى، كەيىۋەن يىللىرىدا،
غەربىي يۇرتتىكى غوز سودىگەرلىرى تۆلىگەن باج بىلەن
تۆت ھەربىي قورغان تەمىن ئېتىلەتتى، شىمالىي يولدىن
چىقىدىغانلار باجنى بۇگۇرگە تاپشۇراتتى، زېمىن دائىرىسى
كەڭ بولغانلىقتىن، خىراجەت ھەسسىلەپ كۆپ چىقىم قىلىناتتى.
بۇ ئەھۋالنى خانلار ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك.» بۇ خاتىرە
غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى رايونلار ۋە ئۇششاق دۆلەتلەر-
نىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ
قارام ئەل ياكى زېمىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتەيدىغان
مەجبۇرىيىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. ماركس: «پادىشاھلىق
تۈزۈم ناھايىتى زور چىقىم تەلەپ قىلىدۇ»، «دۆلەتنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىپادىسى

باج - سېلىقتىن ئىبارەت①» دېگەنىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇ: «فېئوداللىق دۆلەتتە خان يۇقىرى ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، جايلارغا ھەربىي ئىشلار، ئەدلىيە، خەزىنە، پاراق ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى قويىاتتى②» دېگەن. دېمەك، مەيلى نام جەھەتتە ياكى ئەمەلىيەتتە بولسۇن، مىلادى 658 - يىلدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغانلىقتىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىلگىرىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن تېخىمۇ قويۇقلاشقان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا تەسىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ زور بولغان. ھەتتا تاڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ نەزەرىدە پەقەت تاڭ سۇلالىسىلا بولۇپ، ئۇلار جۇڭگونى تاڭ، ئۆزلىرىنى تاڭ جىيازى (يەنى تابغاچ، تاۋغاچ — ت) 唐家子 دەپ ئاتىغان. تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى «تاۋغاچخان» دەپ ئاتاش بىلەن پەخىرلەنگەن.

① ماركس: «ئەخلاقلاشقان تەنقىد ۋە تەنقىدلەشكەن ئەخلاق»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، 342 - بەت.

① ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 545 - بەت.

# توققۇزىنچى باب

# ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى

## 1 - بۆلۈم مىلاددى VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ پائالىيىتى، ئەرەبلەرنىڭ پېرسىيىنى مۇنقەرز قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلۇش جەريانلىرىنى بايان قىلىپ بولغىنىمىزدىن كېيىن، ئەمدى ئىراننىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئىراندىكى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ئاشنا قۇلىنىڭ ھالاك بولغانلىقى بىلەن ئالاھازەل ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەرەبلەرنىڭ كۈچى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۈنسايىن ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالدى.

ئەرەبلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئىجادچىسى ئۆز پائالىيىتىنى مىلادى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلىغان بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنى ئىجاد قىلغاندا 40 ياشقا كىرگەندى (ئۇ مىلادى 570 - يىلى دۇنياغا كەلگەن). ئۇنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە يۆتكەلگەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ باشلىنىشى — مىلادى 622 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بولدى. تاكى 632 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئۇنىڭ پائالىيىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئۆتمىگەنىدى. ئەرەبلەرنىڭ سىرتقا قاراپ كېڭىيىشى ئۇنىڭ ۋارىسى خەلىپە ئەبۇ بەكرى (632 — 634) دىن كېيىنكى ئىش ئىدى. خەلىپە ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، خالىدنى زور قوشۇن باشلاپ شەرقىي رىم ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇرىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن قاتارلىق رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. خەلىپە ئۆمەر (634 - 644) دەۋرىدە، سۇرىيىنى تولۇق ئىستېلا قىلىش بىلەن ئىراق، مېسوپوتامىيە ۋە مىسىر قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىپ بارىدۇ. ئەرەبلەر يېقىن شەرقنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 640 - يىلى مۇئاۋىيىنى شامنىڭ (پۈتۈن سۇرىيە رايونىنىڭ) باش ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى قەدەمدە ئىستېلا قىلىش نىشانى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان پېرسىيە-ساسانىيلار سۇلالىسى بولىدۇ.

بۇ چاغلاردا پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسى خانى يېزداگىردIII ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پېرسىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئۇزاق مۇددەت جان تىكىپ كۆرەش قىلىدۇ. ھەل قىلغۇچ جەڭ 637 -

ئىراق چېگرىسى ئىچىدىكى قادىسسىيە (قادىسسىيە ئېفرات دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھىللاغا يېقىن)دە يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەرەب قوشۇنىغا سەئىد ئىبنى ئەلى قوماندانلىق قىلغان، پېرسىيە قوشۇنىغا رۇستەم قوماندانلىق قىلغان. جەڭ نەتىجىسىدە پېرسىيە قوشۇنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ رۇستەم قازا تاپىدۇ. پېرسىيە قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ چېچىلىپ كەتكەنلىكتىن، پايتەختكە بارىدىغان يول ئېچىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ساسانىيلارنىڭ پايتەختى تېسفون قولدىن كېتىدۇ. يېزداگىرد شەرققە قاراپ قاچىدۇ.

گەرچە پېرسىيە سەركەردىلىرى قوشۇنلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىران قەلئەلىرى يەنىلا بىر - بىرلەپ قولدىن كېتىدۇ. 641 - يىلى نىھاۋېند (ھازىرقى ھەمەدان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇ يەرگە 68 كىلومېتىر كېلىدىغان جاي) دىكى بىر جەڭدە يېزداگىردنىڭ قول ئاستىدىكى پېرسىيە قوشۇنى تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ، ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بارلىق ئۈمىدىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. يېزداگىرد پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئالدىراپ - تېنەپ ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى مەرۋى شەھىرىگە قېچىپ كېتىدۇ.

مەرۋىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، يېزداگىرد يەنە ئاخىرقى جان تالىشىش كويىدا بولۇپ، قوشنا رايونىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا سوغدىيانادىكى تۈرك سەردارى ئۆزى قوشۇن باشلاپ ياردەم بېرىشكە كېلىدۇ. يېزداگىرد ئۇنى ئەدەب - قائىدە بىلەن كۈتۈۋالمىغانلىقتىن، تۈرك سەردارى نارازى بولۇپ، مەرۋىنىڭ ۋالىسى ماخوي (Mahoi) بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پېرسىيە خانىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنى يوقىتىدۇ. يېزداگىرد يار - يۆلەكسىز يالغۇز قېلىپ، بىر

تۈگمەنگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ كېيىملىرى پۇزۇر، ئۇستىبېشى ئۇنىچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن تولغان بولغاچقا، تۈگمەنچىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك نىيىتى قوزغىلىپ، يېزداگىرد قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى تۈگمەننىڭ كويلىسىغا تاشلاپ ئېقىتىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادى 651 - يىلى كۈزدە يۈز بەرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئەرەبىي ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى خانى مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق هالدا ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ (ئەگەر يېزداگىردنىڭ ئوغلى پىرئۇزنى ھېسابقا ئالمىغاندا). ساسانىيلار سۇلالىسى 427 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ھالاك بولىدۇ).

ئەرەبلەر ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىلەپ ئىراننى ئىشغال قىلىپ، شەرققە خوراساندىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەرەب خەلىپىسى خوراسانغا باش ۋالىي ئەۋەتىدۇ. كېيىن، پېرسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇ رايون ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشتىكى كۆۋرۈك ۋە بازا بولۇپ قالىدۇ.

يېزداگىردنىڭ ئوغلى پىرئۇز دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نامدىكى پېرسىيە خانى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى 661 - يىلى پىرئۇزنى پارس تۇتۇقى قىلىپ تىكلەيدۇ، 662 - يىلى باھاردا، ئۇنى يەنە پېرسىيە خانى قىلىپ تىكلەيدۇ①. بىراق، ئەرەبلەرنىڭ داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىشى نەتىجىسىدە، پىرئۇز زاراڭ شەھىرىدىمۇ ئۇزۇن تۇرالمايدۇ. مىلادى 667 - يىلى، ئەرەب سەركەردىسى ئەل ھەكىم بىن ئەمىر ئەلجەفەرى قوشۇن

---

① «كىتابلار جەۋھىرى»، 964 - جىلد.

باشلاپ شەرققە كېلىپ تۆۋەنكى توخارىستان بىلەن غارجىستان①
نى ئىستېلا قىلدۇ، پىرئۇز ئۇنىڭ دەمبەسىقەدەم قوغلاپ
كېلىشى بىلەن، ناھايىتى تەسلىكتە جۇڭگوغا قېچىپ باردۇ②.
جۇڭگو مەنبەلىردە 674 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا
كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان③. «يېڭى تاڭنامە. پېرسىيە
تەزكىرىسى» دە: «پېرسىيە ئەرەبلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىپ
ئۇنىڭ خانى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ،
خاندانلىقىمىزغا كېلىپ، مۇھاپىزەتچى سانغۇنلۇق مەرتىۋىسىگە
نائىل بولدى» دېيىلگەن. شۇندىن ئېتىبارەن، پىرئۇز جۇڭگونىڭ
پايتەختى چاڭئەندە تۇرۇپ قالغان. تارىخ مەنبەلىردە يەنە
«يىفىڭنىڭ 2 - يىلى (677 - يىلى)، پېرسىيە خانى پىرئۇز
مۇشۇ يەردە (چاڭئەنىنىڭ لىچۈەن كوچىسىدا) پارس ئىبادەتخا-
نىسى قۇرۇشنى ئىلتىجا قىلغان④» لىقى تىلغا ئېلىنغان.
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پىرئۇز شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

پىرئۇزنىڭ نارسىس (؟) ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ،
ئۇمۇ تاڭ خاندانلىقىدا قېپقالغان. بۇ چاغدا (677 - يىلى)،
جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئون جەمەت غەربىي تۈرك قاغانى
ئاشنادۇز ۋە ئۇنىڭ باشقا بىر قوماندانى لى جېغۇ قىبىلەتلەر
بىلەن بىرلىشىپ، ئەنشى بۈيۈك قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە
قاراشلىق رايونلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. تا
سۇلالىسى ئوردىسى مەسلىھەتلىشىپ، قوشۇن چىقىرىپ
يۈرۈشى قىلماقچى بولىدۇ. مەسلىھەت جەريانىدا، مەنسەپ

① غارجىستان ھازىرقى فىرئۇركۈخنىڭ ئورنىغا توغرا كېلە توپلىمى.
مۇرغاب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر تاغلىق رايون. ،لى»: «تاڭ
② كىپ: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى» «تاڭ سۇلالـ
③ «كونا تاڭنامە. گاۋزۇڭ خاتىرىلىرى»، «كونا تاڭنامە» مىرى ئابدىسى»؛
ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەك كىلەر» نىڭ 374 تند: يېڭى تاڭنامە.
② سۇڭ مىنچيۇ: «چاڭئەن تەزكىرىسى»، 10 - جە

پىرقىسىنىڭ ياندىش ئامبىلى پېي شىڭجيەن بۇ مەسىلىنى
ئەسكەر ئەۋەتمەي پەم-پاراسەت بىلەن ھەل قىلىشقا تەكلىپ
بېرىپ: «ھازىر پېرسىيە خانى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى
نارسېس پايتەختىمىزدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇنى خان قىلىپ
تىكلەپ، ئەلچى قوشۇپ ئەۋەتسەك، بىزگە قارشىلىق ئىككى
ئەلدىن ئۆتىدۇ-دە، ئىش ئوڭايلىشىپ، ئەجرە قىلماستىن
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز①» دەيدۇ.
تاڭگاۋزۇڭ ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئەرەب
سىلاۋچىسى قىلىپ، غەربىي يۇرتقا پېرسىيە خانىنى تىكلەشكە
ئەۋەتىدۇ. پېي شىڭجيەن سۇجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ۋاڭفاكېينى
مۇئاۋىن ئەلچى، قوشۇمچە ئەنشى بۈيۈك قورۇقچىبېگى قىلىپ
تەيىنلەشكە تەكلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقىدۇ.
ئۇلار شىجۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن: ھاۋا بەك ئىسسىپ كەت-
تى، يىراققا سەپەر قىلىشقا بولمايدۇ، كۈزدە ھاۋا سالقىنلىغاندىن
كېيىن ئاندىن غەربكە يۈرۈش كېرەك دېگەن سۆزنى تارقىتىدۇ.
ئاشنادۇز پايلاقچى ئارقىلىق بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،
مۇداپىئە قىلماي بەخىرامان تۇرۇۋېرىدۇ. پېي شىڭجيەن ئەنشى
تۆت ھەربىي قورغىنىدىكى ھەرقايسى مىللەت ئاقساقاللىرىنى
چاقىرتىپ كېلىپ ئوۋغا چىقىمىز دېگەن سۆزنى قەستەن تارقىتىدۇ.
ھەرقايسى مىللەت پەرزەنتلىرى (ئەسكەرلىرى) ئوۋغا بىللە
چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پېي شىڭجيەن ئوۋغا
چىقىش نامى بىلەن، ئۆزى يىغقان ھەرقايسى مىللەت ئەسكە-
رىي قىسىملىرىنى رەتكە سېلىپ، ئۇلارنى باشلاپ غەربكە
يۈرۈش قىلىدۇ. ئاشنادۇز تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، بۇلارنىڭ

① كونا-يېڭى «تاڭنامە» دىكى پېي شىڭجيەننىڭ تەرجىمىھالىغا ۋە «جاڭ
يۆ ماقاللىرى توپلىمى. پېي شىڭجيەن ئابىدىسى» گە قارالسۇن.

ئالدىغا چىقىدۇ، ئۇ تىرىك تۇتۇلىدۇ. لى جىڭفۇ ئاشنادۇزنىڭ تىرىك تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ تەسلىم بولىدۇ. پېيشىڭجيەن ئاشنادۇز بىلەن لى جىڭفۇنى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ، پېرسىيە خانى نارسېسنى ئۆز دۆلىتىگە يولغا سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ فاڭيىنى ئەنشىدە قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۇيئاپ شەھىرىنى بىنا قىلىش ھەمدە بۇ شەھەردە تاش ئابىدە ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا تۆھپە خاتىرىسى ئويۇپ قالدۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋاڭ فاڭيى 679 - يىلى سۇيئاپ شەھىرىنى بىنا قىلدۇرۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت تەرىپىگە 12 دەرۋازا ئورناتقان، شەھەر ئەگرى - بۈگرى، يوشۇرۇنۇشقا قولايلىق شەكىلدە سېلىنغان، كوچىلىرى بىر - بىرىگە ئايلانما ھالەتتە تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، شەھەرنىڭ شەكىل - قىياپىتىنى ئاسان-لىقچە بىلگىلى بولمايدۇ. شەھەر 50 كۈندە بىنا قىلىنىپ پۈتكەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بەس - بەس بىلەن كېلىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ قانداق لايىھەلەنگەنلىكىنى بەزى قىلال-مىغان①. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋاڭ فاڭيى بۇ شەھەرنى ئەسلىدىكى سۇيئاپ شەھىرى ئاساسىدا كۆپەيتىپ قۇرغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ شەھەرنى 50 كۈن ئىچىدىلا بىنا قىلىپ بولغان. شۇ چاغدىكى ئەنشى تۆت ھەربىي قورغان (سۇيئاپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىكى ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ ئاشنادۇز بىلەن لى جىڭفۇنى تىرىك تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، بۇ، تۆت ھەربىي

① «يېڭى تاڭنامە. ۋاڭ فاڭيى تەرجىمىھالى»، «جاڭ بايانلىرى توپلىمى. ۋاڭ فاڭيى ئابىدىسى»، «كونا تاڭنامە. ۋاڭ فاڭيى تەرجىمىھالى»؛ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر ئومۇمىي مەلۇمات» 228 - جىلد، جاڭ بايانى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ قەدىمكى شىياجۇ ئايمىقى تۇتۇقى تەيىۋەن ۋاڭ - گۇڭلىرى ئابىدىسى»؛ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» 73 - جىلد؛ يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيىلىك تەزكىرە».

قورغاننىڭ يەنىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردا تۇرپاندىن تېپىلغان كۆپلىگەن يازما ھۆججەتلەر، مەسىلەن، «فەن دېدانىڭ مەنسەپكە تەيىنلىنىش گۇۋاھنامىسى»، «دىياۋلونىڭ 2 - يىلىدىكى روپخەت» قاتارلىقلار يەنە بىر مۇنچە خەنزۇلارنىڭمۇ چاقىرىق بويىچە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

نارسېس ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان بىلەنمۇ ئۇ يەنىلا ئىرانغا قايتىپ بارالمايتتى، ئەلۋەتتە. «يېڭى تاڭنامە. پېرسىيە تەزكىرىسى» دە، ئۇ «توخارىستاندا 20 يىل تۇرۇپ قالغان، ئۇنىڭ قەبىلىسى تارقىلىپ كەتكەن. جىڭلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (707 - يىلى) ئۇ خاندانلىقىمىزغا قايتىپ كېلىپ، سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇنلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئاغرىپ ئۆلگەن، غەربىي قىسىم مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان» دېيىلگەن. دېمەك، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا جۇڭگودا ئۆلگەن.

يۇقىرىقىلار VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئىراننىڭ ئەھۋالى. شۇ مەزگىلدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا قانداق مۇھىم ۋەقەلەر بولغان؟ ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇ چاغدىكى ئەھۋال شەرقىي تۈركنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە بېسىپ كىرىشى ھەمدە تۈبۈت (تىبەت) لەرنىڭ كېڭىيىشكە باشلىشىدىن ئىبارەت بولغان.

شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلتەبىر قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبىلىسى خېتاۋ (ئوردۇس يايلىقى) نىڭ جەنۇبىغا جايلىشىدۇ، ئۇ ئايماق-ناھىيە قىلىپ ئايرىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 50 يىل بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. VII - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ

تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ. 682 - يىلى، ئىلتەبىر قۇۋمىغا مەنسۇپ بولغان قۇتلۇق بىلگە قاغان يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىنىسى بەگچورنى شات، دوسبۇنى يابغۇ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 690 - يىلى قۇتلۇق بىلگە ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەگچورقاغان بولۇپ، ئاستا - ئاستا كۈچىيىشكە باشلايدۇ. «ئۇنىڭ ئەسكىرى سانى ئىلتەبىر ۋاقتىدىكىگە ئاساسەن تەڭ بولۇپ، زېمىنىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ چاقىرىم كېلەتتى، قارام ئەللەرمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى①» . چۇيگۇڭ يىللىرى (685 — 688) دىن كېيىن، بەگچور غەربتىكى ئون ئۇرۇق قەبىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاچۇرۇپ ۋەيران قىلىدۇ، ئۇلار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىدۇ②. چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن كېلىپ چىققان تىبەتلەرمۇ VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ كۈچىيىدۇ، تارىختا ئۇنىڭ ۋەزىرى لۇدۇڭزەن دەپ ئاتالغان، ئۇ «ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇپ، تىبەتلەر ئۇنىڭغا تايىنىپ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان③». لۇڭ- سۇ يىللىرى (661 — 663) دىلا. تۇبۇتلارنىڭ كۈچى غەربىي يۇرتقا يېتىپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە يۈز ئۆرۈگەن جەنۇبىي تۇغلۇقار قەبىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. ئاشنادۇز بىلەن لىجېفۇلار ئىلگىرى تۇبۇتلارغا بېقىنغانىدى. 665 - يىلى، قەشقەردىكى تۇغلۇقارلار يەنە تىبەتلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. 670 - يىلى تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى 18 بېقىندى ئايمىقىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ، يەنە

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە»، 6046 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 204 - جىلد. سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى توپلىمى»، 2 - قىسىم، 1018 - بەت.

③ يېڭى تاڭنامە. تۇبۇتلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە»، 6075 - بەت.

خوتەن ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئەنشىدىكى تۆت ھەربىي قورغاندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدۇ. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، تىبەتلەر غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ ئەنشىگە ھۇجۇم قىلىپ، كۈچىيىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىكى زېمىن «شەرقتە لياڭ، سۇڭ، ماۋ، شى ئايماقلىرىغا تۇتاشقان، جەنۇبتا ئەنەتكەك بىلەن چېگرىلانغان، غەربتە كۇچا. قەشقەر قاتارلىق تۆت ھەربىي كەنتنى ئىشغال قىلغان، شىمالدا تۈركلەرنىڭ چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان، زېمىن دائىرىسى 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئاشقان، ھەرقايسى مىللەتلەردىن كۈچ جەھەتتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغانلىرى يوق ئىدى».

مىلادى 692 - يىلى، غەربىي ئايماق تۇتۇقى تاڭشيۇجىڭ 670 - يىلى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان كۇچا، خوتەن، قەشقەر، سۇيئاپ قاتارلىق تۆت ھەربىي قورغاننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلدۇ. تاڭ سۇلالىسى ۋاڭشياۋجېنى ۋۇۋېي لىنىيىسى بويىچە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، شىجۇ تۇتۇقى تاڭشيۇجىڭ، سول قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن ئاشنا سادىقلار بىلەن بىرلىكتە تىبەتلەرگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. قىش پەسلى 10 - ئايدا، ئۇلار تىبەتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئەنشى تۆت ھەربىي قورغىنىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇ چاغلاردا تىبەتلەرمۇ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتكە قول تىققان بولسا كېرەك. شۇڭا، 696 - يىلى تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى تۆت ھەربىي قورغىنىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنى ئاچىقىپ كېتىشنى، ئۇن غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بۆلۈشۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدۇ. تاڭ سۇلالىسى گوڭيۈەنجېننى

تىبەتلەرگە ئەۋەتتىدۇ. ئوتتۇرا يولغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ ھوقۇق-لۇق ۋەزىرى لۈنچىنلىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. لۈنچىنلىڭ يەنە شۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گويۇەنجېن: «ئون ئۇرۇق غەربىي تۈركلەر توبۇتلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بۇرۇنلا تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان پۇقرالار» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. كېيىن تىبەتلەر غەربىي يۇرتقا يەنە داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ قالىدۇ.

شەرقىي تۈركلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە تىبەتلەرنىڭ تۆت غەربىي قورغان بىلەن ئون ئوق غەربىي تۈركلەرنى تالىشىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھ-كەملىنىشىگە تەسىر يەتكۈزەتتى، تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەھۋال مۇنداق ئىدى: نۇرغۇنلىغان ئۇششاق خانلىقلار ۋە ئۇششاق شەھەر بەگ-لىكلىرى مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشال-مايتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇرۇشقاق چەۋەندازلار تەبىقىسى بولسا پۈتۈنلەي تەشكىلسىز بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزئارا سوقۇشۇپ تېنىم تاپمايتتى. شۇڭا، بۇنداق ئىتتىپاقسىزلىق ھادىسىلىرىمۇ ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇڭا، بارتولد: «ئەرەبلەرنىڭ غەلىبىسى قىسمەن ئېيتقاندا، شۇ يەرلىكلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا قولغا كەلگەن» دەيدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا ئايرىش، يەنى مىلادى VII ئەسىرنىڭ

كېيىنكى يېرىمىدىكى تاجاۋۇزچىلىقنى بىرىنچى باسقۇچ، VIII
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تاجاۋۇزچىلىقنى ئىككىنچى باسقۇچ دەپ
ئايرىش مۇمكىن. ئالدىنقى باسقۇچ بايلىق بۇلاش ۋە ئولجىغا
ئېرىشىشنى ئاساسىي نىشان قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.
ئۇ چاغدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئەرەب جەڭچىلىرىنىڭ
كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا
شۇنداق قىلغان، باشقا رايونلارنى ئىستېلا قىلىشتىمۇ شۇنداق
قىلغان. خۇددى فىلىپ. ك. ھىتتى (philipk · Hitti)
يازغان «ئەرەب تارىخى» دا ئېيتىلغاندەك: «نۇرغۇنلىغان
بەدەۋى قەبىلىلەرنىڭ چۆل - جەزىرىدىكى
ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، شىمالدىكى مۇنبەت جايلارغا بېرىپ
جەڭگە قاتنىشىشى دىنىي قىزغىنلىقتىن ئەمەس، بەلكى
ئىقتىسادىي ئېھتىياجىدىن بولغان... ئۇلارنىڭ تۇرلۇك تاجا-
ۋۇزچىلىققا قاتنىشىشتىكى مەقسىتى مەڭگۈ ئاياغ بېسىپ تۇرى-
دىغان ماكانغا ئىگە بولۇشى ئەمەس، بەلكى ئولجىغا ئېرىشىش
ئىدى» شۇڭا، ئەرەبلەرنىڭ خوراسان رايونىدىكى باش ۋالىيسى
ئەۋەتكەن ھەربىي قوشۇن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوغدىيانا-
رايونىغا بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى بارغاندا، ئۇلار زور مىقداردا
بايلىق بۇلىغاندىن كېيىن، ھەر يىلى خوراسانغا قايتىپ
كېلىپ قىشلىغان، ئۇ يەرلەردە دائىملىق تۇرمىغان. پەقەت
مىلادى VIII ئەسىردىن كېيىن، ئاندىن بۇ رايوننى ئىشغال
قىلغان.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ ئالدىنقى باسقۇچتىكى تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق تارىخىي ماتېرىياللار
ئىنتايىن كەم. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدىكى
ئەرەب ئىستېلاسىنىڭ جەريانلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار
پەقەت يېرىم ھېكايە شەكلىدىلا بۆگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن،

ئۇزاقتىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ داۋاملاشقان بولۇپ، كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان. بىرمۇنچە بايانلارنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولۇشى، يىللارنىڭ توغرا بولماسلىقىدىكى سەۋەپمۇ مانا مۇشۇ يەردە. ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن ۋاقتى توغرىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن مەلۇماتلارمۇ بىردەك ئەمەس.» تۆۋەندە مەن ئەنە شۇ خىلدىكى بەزى رىۋايەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئالدىنقى بابتا توختالغىنىمدەك، ھىجرىيىنىڭ تۇنجى يىلى بۇخارا رايونىنىڭ بىر ھۆكۈمرانى (يەنى بۇخارا خۇدات) نىڭ ئىسمى بىدۇن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىدۇن ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ بىر نەچچە ئايلىقلا بولغان بىر بوۋاق بالىسى قالغان، شۇڭا، ئۇنىڭ ئانىسى (خانىش) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى دەل مۇشۇ ئايال پادىشاھ دەۋرىدە يۈز بەرگەن. ئەرەبلەر خوراسان رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، سوغدىيانانىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بولغان بەلخ شەھىرىنى كونترول قىلىۋالغان ۋە توخارىستاننى ئىستېلا قىلىپ، پېرسىيە خانى پىرئۇزنى جۇڭگوغا قوغلىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىستېلا قىلىشنى ئۇزۇنداپ، دەريانىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغان. بەزىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەل ھەكەم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن تۇنجى ئەرەب سەركەردىسى ① دېيىشىدۇ. بۇ ئادەم 670 - يىلى مەرۋىدە ۋاپات بولغان. كېيىنكى يىلى، رابى ئىبنى زىياد

① ف. ھ. سكرىنى بىلەن ئې. ل. روسس بىرلىكتە يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 39 بەت.

ئەل خەرىتى Rabi ibnZiaedeı Harithi ئۇنىڭ ئورنىغا خوراسانىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇمۇ ئامو دەرياسىدىن ئۆتكەن، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۇزۇن مۇساپىلىك يۈرۈش قىلمىغان. رابى ئۆلگەن (673 – يىل) دىن كېيىن، ئەرەبلەر ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا زور كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان.

مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىنكى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر 644 – يىل 11 – ئاينىڭ 3 – كۈنى بىر خىرىستىئان قۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوسمان خەلىپىلىككە سايلانغان، ئۇ خەلىپىلىكتە 12 – يىل (644 – 656) ئولتۇرغاندىن كېيىن، توپىلاڭچى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ھەم كۈيئوغلى ئەلى خەلىپىلىككە ئولتۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. ئەلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ئائىشە بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى — تەلھە ۋە زۇبەيرىنىڭ قارشىلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. ئەلىنى ھىمايە قىلغۇچىلار «شىئەلەر» دەپ ئاتالغان. كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر شىئە مەزھىپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلار «خاۋارىجلار» دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپ: ئەڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ئۇنىڭ قايسى مىللەت ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىدىن بولۇشىنى سۈرۈشتۈرۈش ھاجەتسىز دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرگەن. ئۇلار ھەتتا ئەلىنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئەلى 658 – يىل 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى نىخاۋىندىدا بولغان بىر قىيتىملىق قانلىق جەڭدە خاۋارىجلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇلارنى تولۇق بېسىقتۇرالمىغان. كېيىن خاۋارىجلار
گۇرۇھىنىڭ بىر ئەزاسى شۇ قېتىمقى جەڭدە تارتقان خورلۇ-
قىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، 661 - يىل 1 - نىڭ 24 - كۈنى
كۇفەدە ئەلىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن. مۇھىم ھوقۇق، ئىگىلەپ
تۇرغان سۈرىيىنىڭ باش ۋالىيسى مۇئاۋىيە ئەلىچىلار (شىئە
مەزھىپى) ئۆز سەردارىدىن ئايرىلىپ قالغان پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ خەلىپىلىك ئورنىنى تارتىۋالغان (660 — 680).
مۇئاۋىيە ئەرەب قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئۈمەييە جەمەتىدىن
بولغاچقا، ئۇ قۇرغان خەلىپە خاندانلىقى ئۇمەييە خاندانلىقى
دەپ ئاتالغان (660 — 749). خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ
خاندانلىق 白衣大食 (ئاق يەكتەكلىك ئەرەبلەر) دەپ
ئاتالغان.

مۇئاۋىيە خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭۈل
بۆلگەن بىرىنچى ئىشى ئەرەبلەرنىڭ شەرقىي ئىران بىلەن
خوراسان رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىن
ئىبارەت بولدى. ئۇ مەرۋى، سىستان قاتارلىق جايلارغا مۇداپىئە
ئىستىھكاملىرىنى قۇردى ۋە ئۇ يەرلەردىن قوشۇن تارتىپ
ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 673 - يىلى
مۇئاۋىيە زىيادنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللانى خوراسانغا ھۆكۈمران-
لىق قىلىشقا تەيىنلىدى. ئۇبەيدۇللا خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن، قوشۇن باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئالدى
بىلەن بۇخارا رايونىنىڭ پەنجىكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.
بۇ، ئاھالىسى زىچ، سودا گۈللەنگەن، ئامۇ دەرياسىدىن
ئۆتىدىغان سودا يولىنى كونترول قىلغان شەھەر بولۇپ،
بۇخارا رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى.
ئۇبەيدۇللا بىر قىش كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، رامىتان
بىلەن پەنجىكەنتنى قولغا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئولجا ۋە

4000 دىن ئارتۇق ئەسىرگە ئېگە بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا بۇخارانىڭ ئايال شاھى ئالاقزادە بولۇپ سەمەرقەندكە قېچىپ كېتىدۇ. تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئايال شاھ شۇ قەدەر ھولۇققانكى، قېچىش ۋاقتىدا ھەتتا بىر پاي ئۆتۈكىنى تاشلاپ كەتكەن، بۇ ئۆتۈكنىڭ قىممىتى 20 مىڭ دەرھەم، يەنى 4166 فوندستېرلىڭغا يارايدىكەن. ئاخىرىدا پادىشاھ ئەرەبلەر بىلەن سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئۇبەيدۇللا بىلەن سۈلھ شەرتنامىسى تۈزۈپ، ھەر يىلى ئەرەبلەرگە بىر مىليون دەرھەم ئولپان تۆلەشكە ماقۇل بولىدۇ. ئۇبەيدۇللا ئۇرغۇنلىغان ئولجا - غەنىيمەت، ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىق، قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك، سايمان - جابدۇقلارنى ئېلىپ مەرۋىگە قايتىدۇ. قايتىش يولىدا، ئەرەبلەر يەنە زور كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا يول بويلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىمۇ كېسىپ تاشلايدۇ. ئۇبەيدۇللا ئىراققا قايتىپ كەلگەندە، خەلىپە مۇئاۋىيە ئۇنى بەسرەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ خوراساندىكى ۋەزىپىسىنى ئوسماننىڭ ئوغلى سەئىدنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ.

بۇخارا خانىشى (ئايال شاھ) ئۆز خىيالىدا، ئەرەبلەر بىلەن سۈلھ شەرتنامىسى تۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن خالىي بولىمىزغۇ، دەپ ئويلىغان. لېكىن ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي ئۇنداق بولماي چىقىدۇ. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خوراسان بانى ۋالىيسى سەئىد ئىلگىرىكى باش ۋالىي تۈزگەن سۈلھ شەرتنامىسىگە قوشۇلماي، بۇخارانى پۈتۈنلەي ئىستېلا قىلىشقا قەتئىي نىيەت باغلايدۇ. ئۇ مىلادى 676 - يىلى زور قوشۇن باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن

ئۆتۈپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇخارا ئايال شاھى ئۇبەيدۇللا بىلەن بولغان كۆرەشتە دۆلەت خەزىنىسىنى سەرىپ قىلىپ تۈگىتىپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ۋە ھەربىي قوشۇن ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سەئىدكە تاقابىل تۇرۇشقا ماجالى يەتمەي، ئاخىر ئەرەبلەرگە تەسلىم بولىدۇ. ئەرەبلەر ئۇنىڭغا (تۇرغاق) لىقتا ئادەم ئەۋەتىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. ئۇ بۇخارا ئاقسۆڭەكلىرىدىن 18 كىشىنى تاللاپ سەئىدكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سەئىد بۇ بارىمتاي- لارنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپ شەرققە بۇرۇلۇپ سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ يەردە تۈرك تارخانىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، 30 مىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە ئېلىپ، نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بولۇپ، غەلىبە بىلەن قايتىدۇ.

سەئىد خوراسانغا قايتىش يولىدا بۇخارادىن ئۆتكەندە بۇخارانىڭ ئايال شاھى ھېلىقى 18 بارىمتاينى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن سەئىد ئۇنىڭ سادىقىتىگە ئانچە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەرەبلەر يۈرۈش قىلىپ كېتىۋاتقاندا، بۇخارا تەرەپ يەنە ئاشۇ تەلەپنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويىدۇ، سەئىد يەنىلا: مەرۋىگە بارغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەرۋىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنىلا قويۇپ بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئارقىغا سۆرەپ، ئۇلارنى مەدىنىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بۇ بۇخارا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يانلىرىدىكى قوراللىرى، قىممەتلىك نەرسە - كېرەكلىرى، گۆھەر - مەرۋايىتلىرى، كىيىم - كېچەك- لىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەرەبلەر بۇلاپ ئېلىۋالىدۇ ۋە ئىسلام قانۇنى بويىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇل قىلىۋالىدۇ. بۇ ئاقسۆڭەكلەر

ئۆلۈشكە رازىمىزكى، بۇنداق خورلۇق بىلەن قۇل بولۇشقا رازى ئەمەسمىز دەپ، ھەممىسى بىرلىكتە سەئىدنىڭ ئىچكى ھۇجرىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادى 680 - يىلى (ھىجرىيە 61 - يىلى) يۈز بەرگەن. ئۇ چاغدىكى خەلىپە يېزىد I (680—683) ئىدى.

سەئىد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزىد I سەلم ئىبنى زىيادنى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. سەئىد ئىلگىرى ئېغىر ھالدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، بۇخارالىقلارنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى سوغدىيانا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ھېچقايسى ئەرەبلەرگە ئىشەنمەي، ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرىدۇ. سەلم ئۆز قول ئاستىدىكى سەركەردە (سانغۇن) مۇخەللەب بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى بېسىقتۇرۇشقا بارىدۇ. 684 - يىلى، ئۇلار مەرۋىنى بازا قىلىپ، 6000 كىشىلىك ئەرەب قوشۇنىنى باشلاپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇخارا ئايال شاھى قورقۇنچ ئىچىدە سوغدىيانادىكى تۈرك تارخانىدىن ياردەم سورايدۇ ھەمدە ئەگەر ئۇ ياردەم بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تارخان 120 مىڭ تۈرك ئەسكىرىنى باشلاپ ياردەمگە كېلىدۇ ھەمدە مۇخەللەب باشچىلىقىدىكى ئەرەب ئاۋانگارت رازۋېتكا قىسمىنى تارمار قىلىدۇ. لېكىن تۈركلەر ئەرەبلەرنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. بۇخارا ئايال شاھى ئەرەبلەرگە تەسلىم بولۇپ سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. سەلم نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشىپ قايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر بىر ئەرەب جەڭچىسى ھەتتا ئون مىڭ دەرھەمدەك پۇلغا ئېرىشكەن.

ئەرەب خەلىپىسى مۇئاۋىيە ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى

خەلىپىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى يەزىد I نىڭ خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا ئەلىنىڭ ھىمايىچىلىرى، بولغان شىئەلەر ئۇلغىيىپ مۇئاۋىيە ئۆلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆمەييە خاندانلىقىنى ئاغدۇرماقچى ۋە ئۆزلىرى خەلىپە تىكلىمەكچى بولغاندا، يەزىد تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار يەزىدنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» نى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئېغىر ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي گۇرۇھ ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا ئېغىر كەسكىنلەشتى. يەزىد I 683 - يىلى ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان مۇئاۋىيە II بىر نەچچە ئايلا خەلىپە بولۇپ تەختتىن چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. ئىككى گۇرۇھ ئورۇن تالىشىپ، بىر گۇرۇھ مەرۋان I باشچىلىقىدا، دەمەشقنى پايتەخت قىلغان. يەنە بىر گۇرۇھ ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير باشچىلىقىدا، مەككە بىلەن مەدىنىنى ئىگىلىگەن ھەمدە يەمەن، مىسىر قاتارلىق جايلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. شۇ چاغدىكى خوراسان ھاكىمى ئابدۇللا ئىبنى كازىممۇ ئۇنىڭ ۋەكىلى ئىدى. مەرۋان I (684—685) ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇل مەلىك خەلىپىلىككە ئولتۇردى (685—705). ئۇ شەرقىي رىم بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز رەقىبىنى بېسىقتۇرۇپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

ئابدۇل مەلىك خوراساندىكى زۇبەير گۇرۇھىنىڭ

كۆچى ھېسابلانغان ئابدۇللا ئىبنى كازىم ① نى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىسى بۇ كەيرنى سېتىۋېلىپ ھەم قۇترىتىپ، ئۇنى كازىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ. لېكىن ئۇ بۇكەيرگىمۇ ئىشەنمەي، مىلادى 696 - يىلى يەنە ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى خالىدنى ئەۋەتىپ بۇكەيرنىڭ ئورنىغا قويىدۇ.

بۇ چاغدا ئەرەب سەركەردىسى مۇخەللەب كېش (ھازىرقى شەھرىسەبىز) گە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ 700 - يىلى ئۆزىنىڭ ئوغلى ھەبىبنى زور قوشۇن باشلاپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. مۇخەللەب 701 - يىلى ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى يېزىد ۋارىسلىق قىلىپ مەرۋىگە ھۆكۈمران بولىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن، يېزىد ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى ھەججاج تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلانغاچقا، خوراساندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى مۇفەددەر باش ۋالىيلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ باش ۋالىي بولۇپ تۇرغان قىسقىغىنا توققۇز ئاي ئىچىدە، خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىپ، زور كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزىدۇ.

مىلادى 705 - يىلى، خەلىپە ئابدۇئەلمەلىك ئۆلىدۇ، خەلىپە ئورنىدا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ھەججاج قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەل بەھلىنى خوراساننىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەپ، مۇفەددەرنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا سوغدىيانىنى ھەقىقىي تۈردە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى

---

① بۇ ئادەم ئەرەبلەرنىڭ قەيس قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇ خوراساندا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغاندا، ئۆز نامىدىن پۇل چىقارغان، ھەتتا ئالتۇن پۇل (تىللا) چىقارغان، ئابۇد ئەل مەلىكنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان. شۇڭا، خەلىپە 692 يىلى بۇكەيرگە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى». 1 توم، 242 - بەت).

ئىشغال قىلغان ئەنە شۇ قۇتەيبە ئىدى. ئىسلام دىنىنى ماۋارا ئۇننەھر رايونىغا تارقاتقان كىشىمۇ ئەنە شۇ قۇتەيبە ئىدى.

## 2 – بۆلۈم قۇتەيبەنىڭ ئىستىلاسى

ئەرەبلەر سوغدىياناغا تاجاۋۇز قىلىپ بۇلاڭ – تالاڭ قىلىۋاتقان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر كۈچى تېخى خېلىلا زور بولۇپ، بەزى رايونلار تېخى يەنىلا تۈركلەرنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. لېكىن غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدىمۇ ھەمىشە ماجىرا يۈز بېرىپ تۇراتتى. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئون ئوقۇق غەربىي تۈركلەرنىڭ بىرى بولغان تۈركەشلەر كۈچىيىپ باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادى 699 – يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئىلگىرىكى بالقاش (濛池) تۇتۇقى ئاشنا بوكۈنىڭ ئوغلى خۇسراۋنى غەربىي تۈركلەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەتتا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكىمۇ بارالمىغان. تۈركەشلەرنىڭ سەردارى ئۇجىل ئەسلى خۇسراۋنىڭ قول ئاستىدىكى باغا تارخان ئىدى. خۇسراۋ بەكزالىم بولغاچقا، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر ئۇجىلنى ھىمايە قىلدى. ئۇجىل چۇ دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسى قەبىلە ۋە ھەرقايسى جايلاردا 20 تۇتۇق تەسىس قىلدى، ھەربىر تۇتۇقنىڭ قول ئاستىدا 7000 ئەسكەر بار ئىدى. كېيىن، ئۇجىل چۇ دەرياسىدىكى سۇيئابنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى چوڭ قارارگاھ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالمالىقنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى، ئىلىنى ئۆزىنىڭ كىچىك قارارگاھى قىلىپ، غەربىي يۇرتتا بىرمەزگىل دەۋر سۈردى. 706 – يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئۇجىلغا «پەزىلەت-

لىك خان» دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ. شۇ يىلى ئۇجىل ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ئۇنىڭ ئوغلى ۋېنلۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى ساغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەنە شۇ ساغا دەۋرىدە، ئەرەبلەرنىڭ خوراساندىكى باش ۋالىيسى قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايو- نىنىڭ چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلى- نىپلا قالماي، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى ماجىراسىدىنمۇ پايدى- لىنىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەرەب سەركەردىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ئەرەب ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئابۇدئەل مەلىك ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەل ۋالىد I خەلىپە بولىدۇ (705 — 714). ئۇ تەختكە چىققان يىلى قۇتەيبە مەرۋىگە كېلىپ خوراساننىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، خەلىپە بىلەن ھەججاج ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەرۋىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق كىشى- لەرنى جىھاد (غازات) جېڭىگە قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلىپ ئەسكەر توپلايدۇ، تەمىنات تەييارلايدۇ، ئاندىن تۆۋەنكى توخا- رىستانغا بېرىپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

قۇتەيبە مەرۋى (ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مارۇ شەھىرى) دىن چىقىپ، ئالدى بىلەن بەلخ (ھازىرقى ئافغانىس- تاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مازار شەرىف) بىلەن مېرۋىلۇد (يەنى بالا مۇرغاب) ئوتتۇرىسىدىكى تالىكان (تالاقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ت) شەھىرىگە بارىدۇ. بەلختىكى «دېھقان» (پو- مېشچىك — ت) ۋە ئاقسۆڭەكلەر قۇتەيبەنىڭ زوراۋانلىقىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئەرەبلەرگە يول باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ساغانىيان دۆلىتى

(تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياپپان تۇتۇق مەھكىمىسى) گە ئېلىپبارىدۇ. شۇ چاغلاردا، ساغانىيان خانى شۇمان (يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۇلدۇل تۇتۇق مەھكىمىسى) ۋە ئاخرۇن① ھۆكۈمرانلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بولغاچقا، ئۇ، ئەرەبلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ ئىككى كىچىك دۆلەتكە تاقابىل تۇرۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا، قۇتەيبە ئامۇ دەرياسىدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ تۇرۇشىغا، ساغانىيان خانى ئۆز پايتەختىنىڭ شەھەر دەرۋازى-سىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئېلىپ بېرىپ، قۇتەيبەنى پايتەخت — تېرمىدكە تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كىردى. قۇتەيبە ئۇنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دەرھاللا شۇمان بىلەن ئاخرۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. ئەرەبلەر ھېچقانچە نەپ ئالالماي مەرۋىگە قايتىپ كېلىدۇ. قۇتەيبەنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشى ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاچقا، ھەججاج ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. باشقا مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، شۇ قېتىمدا ئەرەبلەر يەنە بەدغىس② نىڭ تارخانى نىزاك بىلەن سۈلھ شەرتنامىسى تۈزگەن.

ئىككىنچى يىلى (706 - يىلى)، قۇتەيبە قوشۇن باشلاپ مەرۋىدىن چىقىپ، ماۋارا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇيۈرۈشتە مېرۋىلىرۇد ۋە ئامۇل ئارقىلىق، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ توپتوغرا بايكەند شەھىرىگە بېسىپ كىرىدۇ. ئەرەب يازغۇچىسى تەبەرىنىڭ

---

① شۇمان بىلەن ئاخرۇن ھەر ئىككىسى سۇرخان جىلغىسى بىلەن كافىرناغان جىلغىسى ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىكتە. ئاخرۇن شۇماننىڭ غەربىدە. ئەرەب يازغۇچىسى بارازۇلى ۋە قۇتەيبەتىنىڭ يېزىشىچە، قۇتەيبە يۈرۈش قىلغاندا، (VIII ئەسىرنىڭ باشلىرى) بۇ ئىككى رايون بىرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ. كېيىن ساغانيانغا قوشۇلغان بولسا كېرەك («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 125 - بەت).

① بەرغىس — ھېراتنىڭ شىمالىدىكى تۈركمەنىستان بىلەن چېگرىداش رايون، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى قىرغىزىستان.

ئېيتىشىچە، بايكەند يىراق - يېقىن جايلارغا داڭقى چىقارغان «سودىگەرلەر شەھىرى» بولۇپ، بۇخاراغا تەۋە ئىدى. بۇشەھەر قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئامۇ دەرياسىغا ئەڭ يېقىن ئىدى. بۇ يەردىكى سودىگەرلەر جۇڭگو بىلەن بولغان يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، غايەت زور بايلىق توپلىغان. بۇ شەھەر ھەمىشە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش نىشانىسى بولۇپ قالغانلىقتىن، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئاكوپلىرى ياسالغان. بايكەند خەلقى قۇتەيبەنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال قوراللىنىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلانغان ھەمدە قوشنا رايونلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم سورىغان. سوغدىيانانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايكەندنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق ئادەملەر ئەۋەتىلگەن. شۇڭا، قۇتەيبەنىڭ قوشۇنى زەرەفشان دەرياسى رايونىغا يېتىپ كىرىش بىلەنلا سوغدى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۆشمۇ تۆشتىن قورشىۋېلىنىپ، ئىككى ئايغا قەدەر قورشاۋ ئىچىدە قالغان. ئەرەب قوشۇنى ھەتتا بىر ئادىمىنىمۇ قورشاۋدىن چىقىرىپ ھەججاجغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا قادىر بولالمىغان. شۇ چاغدا، قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئۆزى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىدىغان ئادەملىرىمۇ بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە تانىدار ئىسىملىك بىر پارس بولۇپ، ئۇ دۈشمەننىڭ پۇلىغا سېتىلىپ خائىنلىق قىلغان. بىر كۈنى ئۇ قۇتەيبە بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، بۇ ئەرەب سەركەردىسىنى ئۆز قوشۇنىنى ئاچىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان. قۇتەيبە شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، جەسىتىنى سازايى قىلغان. ئەرەبلەر بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن. ئەتىسى ھەربىر ئەسكەر تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگۈچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، سوغدى قوشۇننى چېكىن-

دۇرگەن. ئەرەب قوشۇنى ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، تەگىدىن تولىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان، ئاندىن ئۇلارنى توپتوغرا بايكەند شەھىرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، شەھەرنى قورشىۋالغان. نەرشەدنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەھەرگە 50 كۈن ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىغان. ئەرەبلەر ناھايىتى زور چىقىم تارتقان. ئاخىرى، ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈم ئادىمى قەلئەنىڭ يېنىدىكى سېپىل ئاستىدىن لەخمە كولاپ، ئۇنى سېپىل ئىچىدىكى ئاتخانىغا تۇتاشتۇرۇپ، لەخمە ئارقىلىق سېپىل ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. قۇتەيبە ئۆز ئەسكەرلىرىگە: قايسى جەڭچى ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىپ كىرسە زور ئىنئام بېرىلىدۇ دەپ رىغبەتلەندۈرگەنلىكتىن. ئەرەب ئەس- كەرلىرى بەس - بەس بىلەن ئاتلىنىپ، سوغدىلارنىڭ ئىستىھ- كاملىرىنى تارتىۋالغان. بايكەند خەلقى سۇلھ تەلەپ قىلىپ كەچۈرۈم سورىغان. قۇتەيبە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئورۇنباسار سەركەردە ۋاركا ئىبنى نەسىر ئەل بەھىلىنى ئاز بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كەتكەن. لېكىن قۇتەيبە بەش ئۆتەڭ يول ماڭمايلا، بايكەند شەھىرىدە ئەرەبلەرگە قارشى خەلق قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، ۋاركا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالغان ئاز بىر قىسىم ئەرەب قوشۇنى تامامەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ۋەقەگە ۋاركانىڭ زالىملىق قىلغان- لىقى ۋە بىر باي سودىگەرنىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋ- ۋالغانلىقى ئۈچۈن خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقى سەۋەب بولغان. قۇتەيبە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال قايتىپ كېلىپ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرغان.

ئەرەبلەرنىڭ بايكەندكە قىلغان بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى بىر ئاي داۋاملاشقان. ئۇلار يەنىلا سېپىل ئاستىدىن يوشۇرۇن لەخمە كولاپ، ئىچىگە لىق ئوتۇن تىقىپ، ئوت قويغان. سېپىل ئۆرۈ-

لۇپ 40 كىشىنى بىسىپ ئۆلتۈرگەن. سىپىل ئۆرۈلگەندىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنى شەھەرگە كىرگەن. بايكەند خەلقى يەنە سۈلھ تەلەپ قىلىپ ئەپۇ سورىغان، لېكىن قۇتەيبە قارشىلىق كۆر- سەتكەنلەرنى قىلىچە رەھىم قىلماستىن ئۆلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان كىشى بىر يەكچەشمە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى پۇل تۆلەپ سېتىۋې- لىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان ①. خوتۇن - قىزلار ۋە كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى قۇلغا ئايلاندۇرۇلغان. ئەرەبلەرنىڭ بۇ قېتىم بۇلىۋالغان بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولغان. نارشا- خىنىڭ ئېيتىشىچە، بايكەند شەھىرىدە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كۈمۈشتىن ياسالغان بىر بۇت بار ئىكەن، ئېغىرلىقى 4000 دەرھەم كېلىدىكەن. بىر بۇتنىڭ كۆزى ئىككى دانە مەرۋايىتتىن ياسالغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى كەپتەر تۇخۇمىدەك كېلىدىكەن. قۇتەيبە بۇ گۆھەرلەرنى ھەج- جاجغا تەقدىم قىلغان، ھەججاج بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە ماختىغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان ئېسىل ھەربىي قوراللارنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۇنى ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بەرگەن.

بايكەند شەھىرى مۇھاسىرىدە تۇرغان ۋە قولدىن كەتكەن چاغلاردا، بۇ شەھەرنىڭ كۆپ قىسىم سودىگەرلىرى جۇڭگوغا ۋە باشقا جايلارغا سودىگەرچىلىك قىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن پۇل تۆلەپ ئەرەبلەرنىڭ

① ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەم بىر دىنىي رەھبەر بولمىسا كېرەك. ئۇ ئەرەبلەرگە ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن، بىر مىليون دەرھەم تۆلەپ ئۆز ھاياتىنى سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغان. ئەرەبلەر ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدىغان دۈشمىنى دەپ قاراپ ئۆلتۈرۋەتكەن («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 239 - بەت).

قولىدىن خوتۇن ـ بالىلىرىنى قايتۇرىۋالغان. ئۆز شەھىرىنىمۇ تېزلىكتە قايتىدىن قۇرۇپ، ئۇنىڭ سودا شەھىرى سۈپىتىدىكى ئاۋات قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بايكەند خەلقى ئەرەب-لەرگە ھەر يىلى ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، ئەرەب-لەرنىڭ تىنچلىققا ۋەكىللىك قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە بۇنى كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزگەن. قۇتەيبە بايكەندنى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، مەرۋىگە قايتىپ بېرىپ قىشلىغان.

مىلادى 707 ـ يىلى، قۇتەيبە قوشۇن باشلاپ ماۋارا-ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغان. رامىتا ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولغان. لېكىن سوغدىيانانىڭ باشقا جايلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن خەلقلىرى بايكەندكە ئوخشاش، ئەرەبلەرنىڭ ئوت قويۇپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىنى خالىمىغانلىقتىن، ھەممىسى بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ بىرلەشمىگە سوغدىلاردىن تارخان مالىك، ھونۇك خۇرات، ۋاردان خۇدات، قۇرماگەننۇن (ئېيتىش-لارغا قارىغاندا، بۇ ئادەم جۇڭگو خانىنىڭ جىيەنى ئىكەن) ۋە پەرغانە خانى قاتناشقان. ئۇلار 40 مىڭچە لەشكەر توپلاپ، تاران ۋە قۇنبۇن بىلەن رامىتان ئارىلىقىدىكى بىر جايدا ئەرەبلەرنى قورشىۋالغان. قۇتەيبە سوغدى قوشۇنلىرى بىلەن ئىستىھكام ئۇرۇشى قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇرۇشنى ئارقىغا سۈرەپ، سوغدىلارنى چارچاتقاندىن كېيىن، تېز سۈرئەت بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، تۆمۈر قوۋۇقتىن ئۆتۈپ، تېرمىد ئارقىلىق، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قايتىپ كەتكەن. ئۇ قايتىش يولىدا ھەج-جاجىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ خەتتە قۇتەيبەگە ئۆز يولىدىن بۇرۇلۇپ بۇخارادىكى ۋاردان خۇداتقا قايتىدىن ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن قۇتەيبە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ناخشاب، كېش، سەمەرقەند ئارقىلىق، بۇخاراغا يېقىن

جايغا بېرىپ بارگاھ قۇرغان. بۇخارا قوشۇنى بىلەن كۆپ قېتىم ئېلىشىپ، ئەرەب قوشۇنى ئاخىر غەلىبە قىلغان. لېكىن بۇخارانى ئىشغال قىلالمىغان. قۇتەيبە مەرۋىگە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ھەججاجغا مەلۇم قىلغان. ھەججاج قۇتەيبەنىڭ بۇخارانى ئىستېلا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشى توغرىسىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «كېشىنى ئېسىقتۇرۇپ، ناخشابنى ۋەيران قىلىپ، ۋاردانىنى قوغلاپ چىقىرىسەن!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

مىلادى 708 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قۇتەيبە يۇقىرىقى بۇيرۇق بويىچە بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ۋاردان خۇدات بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال سوغدى خانىدىن ياردەم سورايدۇ. لېكىن ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكەرلەر يېتىپ كەلگۈچە، ئەرەبلەر بۇخارانى قورشىۋالىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇزاققىچە تىركىشىدۇ، تىركىشىش داۋامىدا ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆتۈشمۇ بولىدۇ، ئۆلتۈرۈشمۇ بولىدۇ، لېكىن ئەرەبلەر بۇ قەدىمىي شەھەرنى ئالالمايدۇ. ئاخىرىدا، ئەرەبلەرنىڭ تەمىن قەبىلىسىنىڭ سەردارى ۋاقى پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تۈرك قوشۇنىنى چېكىندۈرىدۇ. بۇخارا ئەتراپىدىكى رايونلار بۇ ئەھۋالدىن چۈچۈيدۇ. سوغدىلاردىن تارخان مالىك قورققىنىدىن ئەرەبلەر بىلەن سۇلھ قىلىپ، شەرتنامە تۈزۈشنى ۋە ئەل بولۇپ ئولپان تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ھېسابىغا قۇتەيبە سەمەرقەندنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىققا ماقۇل بولۇپ، قوشۇننى باشلاپ مەرۋىگە قايتىدۇ. بۇ، قۇتەيبەنىڭ بۇخاراغا تۆتىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى ئىدى. قۇتەيبە چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سوغدىلار تارخان مالىكنىڭ قىلمىشىغا نارازى بولۇپ، ئۇنى ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلغانى سوغدى خانى قىلىپ تىكلەيدۇ. ئۇلغا تەختتىكى مەز-

گىلدە (710 — 737)، ئەرەبلەر بىلەن ئۇزلۇكسىز كۈرەش قىلدۇ. ئۇلغا كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئەرەب خەلىپىسىگە بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىگە جۈڭگو قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنى مۇراجىئەت قىلدۇ ①.

بۇ قېتىم ئەرەبلەرنىڭ سۇلھ شەرتنامىسى تۈزۈپ، سەمەرقەندنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماسلىققا ماقۇل بولۇشىدىكى سەۋەب — ئۇنىڭ ئارقا سېپى مۇستەھكەم بولمىغانلىقىدا ئىدى. ئۇ چاغدا شۇمان ۋە توخارىستان قاتارلىق جايلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قۇتەيبە ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۇ جايلارغا دەرھال بېرىپ بېسىقتۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ ئىككىنچى قەدەمدە سەمەرقەندنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىنىش ئىدى.

توخارىستاندىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى بەدغىس دېگەن جايدىكى تارخان نىزاك ئىدى. ئۇمۇ توخارىستان خانىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، ئەرەبلەرگە ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىزچىل تۈردە قۇتەيبەگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئۇ، تۈركلەرنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ھېچ ئەمەلگە ئاشمىدى، ئۇ ئەرەبلەر كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا، نىزاك قۇتەيبەدىن خوراسانغا بېرىپ كېلىشنى ئىلتىجا قىلىپ رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، خوراسانغا

① غاپوروۋ: «تاجىكلار تارىخى» 1955 - يىل رۇسچە نەشرى، 150 - بەت.

قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە بەلخ، مېرۋىلۇد، تالىكان، فاراب، خوجكان قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەرەب ئىشغالىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ، بۇ قوزغىلاڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللاشقا ئېرىشىدۇ. قۇتەيبە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندا، قىش پەسلى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ قىشلىماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئابدۇلرەخماننى 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن بەلخكە ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەپ، نىزاكنىڭ شەرقتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تاپشۇردى. ئۇ ئۆزى قىش ئۆتۈپ باھار كەلگەندە، ئاندىن قوشۇن باشلاپ بېرىپ، نىزاكنى بېسىقتۇرماقچى بولىدۇ.

مىلادى 710 - يىلى باش باھاردا، قۇتەيبە ھەرقايسى جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى يىغىپ، ئالىكانغا يۈرۈش قىلىدۇ. بىرىنچى جەڭدە مېرۋىلۇدقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. مېرۋىلۇدنىڭ سەردارى قېچىپ كېتىدۇ. تالىكاندا تۈرك قوشۇنى تارمار قىلىنىدۇ. فاراب بىلەن خوجكان تەسلىم بولىدۇ، قۇتەيبە بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۇ جايلارنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بەلخكە يۈرۈش قىلىدۇ، بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، خۇرمۇ جىلغىسىغا كىرىدۇ (بۇ جىلغا بەلخكە ئىككى كۈنلۈك يول) ①.

---

① بارتولد مۇنداق دەپ يازغان: «خۇرمۇ جىلغىسى خۇرمۇ دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بولۇپ، بۇ دەريانىڭ ئېقىپ چىقىدىغان جىراسىغا يېقىن جايدا. بۇ جاي سودا ۋە ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن بەك مۇھىم. ھازىر بۇ يەر تاشقورغان دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندۇقۇش تېغىغا بارىدىغان ئەڭ ئاۋات يول ھامان مۇشۇ خۇرمۇ جىلغىسىدىن ئۆتىدۇ. خۇرمۇغا ئىككى كۈنلۈك يىراق يەردە سىمىنجان دېگەن بازار بار، بۇ بازار ھازىرقى ھايباك بولۇشى مۇمكىن. جىلغا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ناھايىتى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ھازىر يەنە ئەتراپتىكى رايونلارنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان بىر ئىستىھكام بار. سىمىنجاندىن چىقىپ ئىككى كۈن يول يۈرگەندە باغلانغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. باغلان دەرياسىنىڭ قۇندۇز دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يېرىگە يىراق ئەمەس. شۇڭا، بۇ ئارىلىقتىكى يول خۇرمۇ دەرياسى بىلەن قۇندۇز دەرياسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.» («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 1 - توم، 117-بەت).

بۇ چاغدا، نىزاك باغلانغا چېكىنىپ بېرىپ، ئۇ يەردە بارگاھ قۇرغان، يەنە بىر قىسىم قوشۇنىنى جىلغىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈشى ناھايىتى قىيىن ئىدى، سىمىنجاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا بىر مەخپىي يولنى ئەرەبلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇتەيبە جىلغىدىن ئۆتۈپ، تۈركلەرنى تارمار قىلىپ باغلانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، نىزاك قۇتەيبەنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كېرز دېگەن يەرگە چېكىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۈزلۈق شارائىتى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىر تەرىپىدىنلا ھۇجۇم قىلغىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلىق يۈرۈپ يېقىنلىشىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇتەيبە بۇ يەرنى ئىككى ئاي قورشاپمۇ ئىشغال قىلالمايدۇ، ئۇ يەنە ئارقا سەپتىن يىراق بولغان بۇ جايدا ئۇزاق تۇرۇۋەرگەندە، ئوزۇق-تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قېلىپ، تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ. قول ئاستىدىكى مۇشاۋىر سۇلايماننى نىزاكنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. نىزاك قۇتەيبەنىڭ كەڭچىلىك قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىش شەرتى ئاستىدا، تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، سۇلايمان بىلەن بىللە قۇتەيبەنىڭ بارگاھىغا كېلىدۇ. قۇتەيبە ئۇنى قاماپ قويۇپ، ھەججاجدىن يوليورۇق سورايدۇ، ھەججاج ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، قۇتەيبە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، نىزاكنى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن 700 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

قۇتەيبە قايتىش سەپىرىدە، نىزاك تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان توخارىستان خانىنى قاماقتىن ئازاد قىلىدۇ ۋە خوجكان خانىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ، خوجكان خانىنى قۇتەيبەنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆز جەمەتىدىن بىرمۇنچە كىشىنى ئەرەب قوشۇنىغا بارىمتاي قىلىپ تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەرۋىگە بىللە بارىدۇ. قۇتەيبە

مەرۋىدە خوجىكان خانى بىلەن سۇلھ شەرتنامىسى تۈزۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال خوجىكان خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ - دە، ئۇلار قۇتەيبەنىڭ خوجىكاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ھەببىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قۇتەيبە ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، خوجىكانلىق بارىمتايلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇ يىلى، قۇتەيبە يەنە شۇمان، كېش، ناخشابلارنى ئىستېلا قىلىدۇ.

قۇتەيبە يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سەمەرقەندنى ئىستېلا قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئۇ يەنە خارەزىمگە بېسىپ كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا خارەزىم خانى چىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ھۆرزاد مازدا گۇرۇھىدىكى خەلقنىڭ خانغا قارشى كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، چىغان خاننىڭ نۇرغۇن ھوقۇقىنى ۋە نۇرغۇن زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، چىغان ھاكىمىيىتىگە ئېغىر تەھدىت سالغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، چىغان قۇتەيبەگە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھۆرزادنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ، بۇنىڭ شەرتى — ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەرەبلەرگە ئولپان تۆلەش بولىدۇ. قۇتەيبە خارەزىمنى كونترول قىلىش ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش پىلانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، چىغاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ 711 - يىلى قوشۇن باشلاپ ئۈشتۈمتۇتلا خازاراسپ شەھىرى (بۇ — خارەزىمنىڭ ئۈچ ئاساسىي شەھىرىدىن بىرى) گە بېسىپ كىرىپ، ھۆرزادنى تىرىك تۇتۇپ چىغانغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. چىغان قۇتۇيبەگە زور ئىنئام تەقدىم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىنلا قۇتەيبەنىڭ

گامجىردخاننى بېسقتۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ئېلتىجا قىلىدۇ. قۇتەيبە بۇ ۋەزىپىنى ئابدۇلرەخمانغا تاپشۇرىدۇ. ئابدۇلرەخمان ئۇ يەرنى ئىستىلا قىلىپ، ئۇنىڭ خاننى ئۆلتۈرۈپ، 4000 ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، مەرۋىگە ئاپىرىپ قۇل قىلىدۇ.

كېيىن، قۇتەيبە سەمەرقەندنى ئىستىلا قىلىش ئىشىنى باشلايدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلغا ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئەرەبلەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋەھشىيانە تاجاۋۇزىنى كۆرگەچكە، قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشكە بەل باغلايدۇ. قۇتەيبە قوشۇنى قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن بولغان جەڭدە ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بۇخارا ئىنقلار بىلەن خارەزىملىكلەر ئەرەبلەرگە ياردەملىشىپ جەڭ قىلىدۇ، اتقانلىقتىن، قۇتەيبە قوشۇنى سەمەرقەندكە قەتئىي قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. سوغدىلار تاشكەنت خانى بىلەن پەرغانە قاغانىنىڭ ياردەم بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇلار 2000 ئەسكەرنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ، بىراق بۇ قوشۇن ئەرەبلەرنىڭ پىستۇرمىسىغا ئۇچراپ، چېچىلىپ كېتىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، سەمەرقەندلىكلەر سۈلھ تەلەپ قىلىدۇ. قۇتەيبە ئۇلارنىڭ زور مىقداردا ئولپان تۆلەش شەرتى ئاستىدا چېكىنىشكە ماقۇل بولىدۇ، بىراق شەھەرگە كىرىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئەرەبلەر سەمەرقەند شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە مەسجىت سالدۇرۇپ، شەھەردىكى بۇتخانىلارنى كۆيدۈرۈپ، يەرلىك خەلقنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلدۇرۇپ، ئاندىن مەرۋىگە قايتىپ كېتىدۇ.

مىلادى 712 - يىلىنىڭ بېشىدا، قۇتەيبە زور قوشۇننى باشلاپ مەرۋىدىن چىقىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سىر دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، تاشكەنت، خوجەند، كاسان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىستىلا قىلىدۇ. قۇتەيبە مەرۋىگە قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن، جايلاردىكى ئاھالە ئەرەبلەرگە قارشى قوزغىلىدۇ، ئۇلار شەرقىي تۈركتىن ياردەم سورايدۇ. شەرقىي تۈرك خاقانى بەگچور ئۆزىنىڭ جىيەنى كۆلتېكىننى قوشۇن باشلاپ ئالتە ئۇرۇق جاۋۇپلار ۋە سوغدىلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ①. بارتولد: بۇ ۋەقە 712 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن دەپ يازىدۇ. نەتىجىدە، پەقەت سەمەرقەندلا ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ قالىدۇ②.

ئەرەب تارىخچىسى تەبەرى ئۆزىنىڭ «تارىخى تەبەرىي» دېگەن ئەسىرىدە، قۇتەيبە 714 - يىلى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش قىلىشىنى ئورۇنداپ، قەشقەرگە يېتىپ بارغان دەپ يازغان. ئەۋۋالدىن قارىغاندا، بۇ بىر توترۇقسىز گەپ. ئىنگلىز ئالىمى گىب مەخسۇس ماقالە يېزىپ، بۇ سۆزگە رەددىيە بەرگەن. بارتولد يازغان «موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» دېگەن كىتابىتىمۇ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس③ دېيىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئۇ پاكىتنى رەت قىلىدىغان ئاساسلار تېخىمۇ كۆپ. پەقەت ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دېگەن كىتابىدىلا بۇ ئويدۇرما پاكىت قوللىنىلىپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، خاتا نەرسە خاتا بويىچە تارقىلىپ كەتكەن، بۇ پەقەت قاملاشمىغان ئىش. شۇڭا، مەن بۇ يەردە پەقەت بىر ئىزاھ بېرىپلا، ئۇنى بىر تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە بايان قىلمايمەن.

مىلادى 713 - يىلى، قۇتەيبەنىڭ شەپقەتچىسى ۋە

---

① تورك يېزىقىدىكى «كولتېكىن ئابىدىسى»، چاۋانىس: «تورك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 265 - بەت.

② «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 1 - توم، 245 - بەت.

③ «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 244 - بەت، 1- ئىزاھات.

يۆلەنچۈكى ھەججاج ئۆلدۈ. ئىككىنچى يىلى، خەلىپە ۋالىد مۇ ئۆلدۈ.
ۋالىدنىڭ ئىنىسى سۇلايمان خەلىپىلىككە ئولتۇردۇ. بۇ، قۇتەيـ
بە ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، ھەججاج ئىلگىرىـ
كى خەلىپىنىڭ ئۆز ئورنىنى سۇلايمانغا ئەمەس، بەلكى ئۆز
ئوغلىغا بېرىشىنى قوللىغان. شۇڭا، سۇلايمان ناھايىتى غەزەپلىـ
نىپ، خەلىپىلىك ئورنىغا چىقىش بىلەنلا دەرھال ھەججاجنىڭ
شېرىكلىرىنى سۈرۈشتۈرگىلى تۇردۇ، بۇ ئىشقا قۇتەيبەمۇ چېتىشـ
لىق بولۇپ چىقىدۇ. قۇتەيبە سۇلايماننىڭ خەلىپىلىك تەختكە
چىققانلىقىنى پەرغانىدىكى ۋاقتىدا ئاڭلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسـ
تىقبالىدىن خەۋپسىرەپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ
خەلىپىدىن يۈز ئۆرۈپ مۇستەقىل بولۇش نىيىتىنى بىلدۈرگەن،
لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم ئاۋاز قوشمىغان. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە،
ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىـ
كىلەر باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ۋەقە ھىجرىيىـ
نىڭ زۇلھەججە ئېيىدا (مىلادى 714 - يىلى) يۈز بەرگەن. ئۇ
ئۆلگەندە 47 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى ئەنجاندا بولۇپ،
«ئىمام شەيخ قۇتەيبە قەبرىسى» دەپ ئاتالغان.
قۇتەيبە ئەرەب ئىستېلاسى تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس
بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىسلام دىنىنى پائال تارقاتقۇچى مۇسۇلـ
مان ئىدى. ئۇ ئىستېلا قىلغان رايونلاردا، يەرلىك خەلقنى
ئىسلام دىنىغا مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلدۇرۇپ، ئەسلىدىكى زورو
ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ياكى بۇددا دىنىدىن ۋاز كەچـ
تۈرگەن. شۇ جايلاردىكى ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىلىرىنى
چېقىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەسچىت سالدۇرغان. ئەرەب
ئىستېلاچىلىرىنىڭ قانۇنى بويىچە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇـ
چىلاردىن جان بېجى ئېلىنمىغان. بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمۇ ئاساسەن جان بېـ

چىندىن قۇتۇلۇپ ئەرەبلەر بىلەن تەڭ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى. قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە جۈمە كۈنى مەسجىتكە بېرىپ جۈمە نامىزى ئۆتكەنلەرگە ئىككى دەرھەم ئىنئام بېرىشنى بەلگىلىگەن. گېرمانىيىلىك فون. لىكوك بىر قەبرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن بۇددىستلارنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈلگەن ئىكەن. بۇ ئەھۋال قۇتەيبەنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرىنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ھەتتا ئەرەب ئەسكەرلىرىنى پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە ياتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا راستىن ئېتىقاد قىلىپ ناماز ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقى ئۈستىدە نازارەت قىلدۇرغان. ئەرەبلەرنىڭ بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا سالدۇرغان مەسچىتلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. بەزى مەسچىتلەرنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور، كارامەت كۆركەم بولۇپ، مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئاسارئەتىقە بولۇپ قالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىستېلا قىلىنىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەرەبلەر بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن. قۇتەيبە بۇخارانى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، يەنە بۇ شەھەر ئاھالىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرىنى ئەرەبلەرگە بوشىتىپ بەرگۈزگەن. بارتولد مۇنداق يازىدۇ: «قۇتەيبە بۇخارا، سەمەرقەند ۋە باشقا جايلاردا مەسچىت سالدۇرغان ۋە بۇخارا ئاھالىسىنى مەجبۇرلاپ ئىچكى شەھەر (شەھرىستان)دىكى ئۆيلەرنىڭ يېرىمىنى ئەرەبلەرگە بوشىتىپ بەرگۈزگەن (تۇج خوراساندا باش ۋالىي بولۇپ تۇرغاندا مەرۋىدىمۇ شۇنداق قىلغان). بىر ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، سەمەرقەند خەلقى مەجبۇرىي ھالدا ئۆز شەھىرىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىققان، شۇ چاغدا بۇ شەھەرنى

ئەرەبلەر ئىشغال قىلغان①». بۇخارادا، سىرتتىن كەلگەن بەزى باي سودىگەرلەر شەھەرىستاندىكى ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا ئەرەبلەرگە بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزلىرى باشقا بىر جايىدا 700 قورۇق ياساپ ئولتۇرغان②. ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ئەرەبلەر شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك ئاياللارغا ئۆيلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمدى ساپ ئەرەب ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈۋرۈكى بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىمۇ ئاكتىپ ئىدى. ئۇلار قۇتەيبەنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى دىن ئۈچۈن قۇربان بولغان شەھىد دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ فەرغانىدىكى قەبرىسىمۇ تاۋاپ قىلىدىغان مازارغا ئايلانغان.

قۇتەيبەنىڭ ئىستىلا قىلغان دائىرىسى ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىمال تەرەپتە بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغا كىرمىگەن، شەرق تەرەپتە پامىردىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ بارالمىغان. تاشكەنت، پەرغانە، بۇخارا، سەمەرقەند ھەمدە ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلارمۇ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەن بەرمىگەن. ئۇلار جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىشقا ئادەتلەنگەن، جۇڭگوغا تارتۇق يوللاپ، سودا قىلىپ تۇرغان، ھەتتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىزچىل تۈردە مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن. ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشقان ھامان ئۇلار ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىدىن مەدەت تىلىگەن.

---

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 243 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 159 - بەت.

## 3 - بۆلۈم ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

قۇتەيبەنىڭ ئۆلۈشى نېمىدىن دېرەك بېرەتتى؟ گىب مۇنداق دېگەن: «قۇتەيبەنىڭ ئۆلۈشى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 25 يىللىق ئىستېلاسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دالالەت بېرىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىش دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنىمۇ كۆرسەتتى». كېيىن، «بىرەر داھىي ياكى تەشكىلاتمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى 20 يىللىق تارىخ ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ نەقەدەر بوشلۇقى ۋە تۇراقسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ①». ئۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگودىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. مىلادى 712 - يىلى، تاڭ شۇەنزاڭ تەختكە ئولتۇردى، ئۇمۇ تاڭ سۇلالىسىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان خانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىپ، ئىگىلىك خېلى گۈللىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە تۈركلەرمۇ بويسۇندۇرۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى نوپۇزى قايتىدىن تىكلەندى. مەشھۇر ئەدىب دۇفۇ «كەييۈەن دەۋرى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولدى» دەپ توغرا ئېيتقان. شەرق بىلەن غەربتىكى بۇ ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى گۈللىنىش، بىرى زەئىپلىشىشتەك پايدىلىق شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يېرىم ئەسىر-

① گىب «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى» 54- بەت.

گىچە ئەرەبلەرگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش ئېلىپ باردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۇلارنى قوللىغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ، مىلادى 708 - يىلدىن كېيىن، غەربىي تۈرك سەردارى ساغا شەرقىي تۈرك سەردارى بەگچورنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ①، كېيىن بەگچور تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ساغا قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى چەبىشچور سۇلۇ قەبىلىسىنىڭ قالدۇق ئادەملىرىنى يىغىپ، ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلەيدۇ. غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۆزىنى ساغا قەبىلىسى دەپ ھېسابلىغۇچىلار «سېرىق ئۇرۇق» دەپ، سۇلۇ قەبىلىسىدىن بولغانلار «قارا ئۇرۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. سېرىق ئۇرۇق بىلەن قارا ئۇرۇق بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىدۇ. 716 - يىلى، بەگچور توققۇز بائىرقۇ قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سۇلۇ باشچىلىقىدىكى غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى غەربىي يۇرتتا دەۋر سۈرىدۇ. خەنزۇچە مەكتۇپلەردە، سۇلۇ بىرقەدەر ياخشى قەبىلە سەردارى دەپ قارىلىپ، ئۇ «قول ئاستىدىكىلەرگە غەمخورلۇق قىلاتتى»، «ئادەملەرنى باشقۇرۇشقا ماھىر، تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل ئىدى، ھەر بىر جەڭدە قولغا كەلتۈرگەن غەنىيمەتلەرنى قول ئاستىدىكىلەرگە بېرەتتى، شۇڭا، قەبىلىلەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈچ چىقىراتتى»، «ئۇنىڭ قول ئاستىدا 200 مىڭ ئادىمى بولۇپ، غەربىي يۇرتتا دەۋر سۈرگەن» دەپ تەرىپلەنگەن. 717 - يىلى، سۇلۇ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بارغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى تۈركەش تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەن، يەنە ۋاڭ خۇيسېنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا «ئىتائەتمەن بەگ»، جىنفاڭ ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغ باسقاق بېگى دېگەن ئۇنۋانلارنى تەقدىم قىلغان ھەمدە ئاشنا خۇەيداۋنىڭ قىزىنى يارغۇل مەلىكىسى دېگەن مەرتىۋە بىلەن ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. بارتولد سۇلۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە

توختالغاندا مۇنداق دەپ يازغان: ئەرەبلەر سوغدىيانانى مۇسۇلـ
مانلار قوماندانلىـقىدىكى گۈلـزار دەپ قارىغان، تۈركلەرمۇ بۇ
جاينى ئىشغال قىلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك دەپ
ھېسابلىـغان. شۇڭا، سۇلۇ تەختـتىكى چاغـدا، ئوتتۇرا ئاسىيا
«دېھقانلىرى» (پومېشچىكلار) نىڭ ئەرەبلەرگە قارشى ئىسيانلىـ
رىنى ئىزچىل تۈردە قولـلاپ، ئەرەبلەرنـى شۇ قەدەر ئېغىر زىـ
يانغا ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبلەر ئۇنىڭغا «ئەبۇ مۇزاھىن»
(«ئۈسكەك»، يەنى پىل ياكى كالا) دەپ لەقەم قويغان①.
بۇ چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىـياسـىي كۈرەشكە ئارىـ
لاشقان يەنە بىر كۈچ ـــ تۈبۈتلار ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىـ
نىمىزدەك، تۈبۈتلار يەنىلا تۆت ھەربىي كەنت ۋە ئون ئۇرۇق تۈركلەر-
نى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا ئىدى. تۈبۈتلار سىر دەرياسىدا ئەرەبلەر
گە ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بەرگەن، ئەرەبلەرمۇ تۈبۈتلارغا يار-
دەم بەرگەن، تۈبۈتلار بىلەن ئەرەبلەر بىرلىكتە ئالىيودانى پەرغانە
خانى قىلىپ تىكلەپ، قوشۇن تارتىپ ئۇ دۆلەتـكە ھۇجۇم قىلـ
غان، تاڭ سۇلالىـسى ئەسـكـەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا ياردەم بېرىپ،
ئەرەب قوشۇنىنى ۋە ئۇلارنىڭ قورچىقى ئالىيودانى مەغلۇپ قىلـ
غان. بۇمۇ قۇتەيبە ئۆلـگەنـدىن كېيىن ئەرەبلەرنـىـڭ كۈچى
ئاجىزلىشىپ، خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پايـدىلىق بولغانـ
لىقىنى كۆرسىتىدۇ②.

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 246 - بەت.
② بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىدىن قارىغاندا («ئەلنى ئىدارە
قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈزۈندىلەر» دە. بۇ ۋەقە كەييۈەننىڭ 3 - يىلى
بولغان دەپ خاتىرىلەنگەن)، بۇ دەل قۇتەيبەنىڭ پەرغانىـدە ئۆلگەن ۋاقـ
تىـغا توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ قىلغىنى قۇتەيبە-
نىڭ قالدۇق قىسىملىرى بولۇشى مۇمكىن. بەي شۇينىڭ ئېيتىشىچە: «بۇ تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن تۇنجى قېتىم قوراللىق ئۇچرىشىشى بولسا كېرەك.
بۇ قېتىمدا ئەرەبلەر مەغلۇپ بولغان». («يۈيگۇڭ»، يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى،
5 - توپلام، 11 - سان، 70 - بەت).

قۇتەيبە ئۆلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەرەبلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە يوقىتىش كويىدا بولدى. بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: قۇتەيبەدىن كېيىنكى ئەمەلدار ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئەرەبلەر سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆلكىلەرنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان. روشەنكى، بۇ يەرلەردىكى ئەرەبلەر قوغلاپ چىقىرىلغان ياكى يوقىتىلغان، ئۇ يەرلەرنى پەرغانە خانى ئىشغال قىلغان①. باشقا جايلارمۇ ئەرەبلەرنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئاساسەن تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەردىن ياردەم سورىغان. شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يوللىغانلار: سوغدىيانا خانى ئۇلغا (719 - يىلى)، شەرقىي بۇخارا خانى دۇسابۇت، تاشكەنت خانى ئىناي تۇرۇن قۇل (721- يىلى)، توخارىستان يابغۇسى جىھانىنا، كۇمىد خانى نارويان قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سوغدىيانا خانى ئۇلغا ئۆز مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەن: «35 يىلدىن بۇيان، ئەرەب قاراقچىلىرى بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ كەلدۇق... يېقىنقى ئالتە يىلدىن بۇيان، ئەرەب قوماندانى ئەمىر قۇتەيبە نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى، بىز قاراقچىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدۇق. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىنمۇ كۆپ چىقىم بولدى، ئەرەبلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بەك كۆپ بولغاچقا، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا كۈچىمىز ئاجىز كېلىپ قالدى... ھىممەت - شاپائەت بىلدۈرۈپ خەنزۇ ئەسكەرلىرىدىن قانچە بولسىمۇ ئەۋەتىپ بىزنى بۇ مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمىز». شەرقىي بۇخارا كۇئات خانى رۇسابۇت ئۆز مەكتۇپىدا: «تۈركەشلەرگە بىزنى

قۇتۇلدۇرۇش تۇغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلسە. پېقىرمۇ ئۆز دۆلىتىمىنىڭ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەرەبلەرنى يوقاتساق» دېگەن. توخارىستان يابغۇسى جىھاننا ئۆز مەكتۇپىدا ئەرەبلەرنىڭ ئۇلارغا قىلغان زۇلمىنى بايان قىلىپ مۇڭداق دېگەن: «بۈگۈنكى كۈندە ئەرەبلەر بىزگە ئېغىر باج قويۇپ، قاتتىق ئازاب سالماقتا. تەڭرى خاقان بىزنى قۇتقۇزمىسا، بىز ھاياتىمىزدىن ئايرىلىمىز، زېمىنىمىز ۋەيران بولىدۇ. تەڭرى خاقانىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ساقلاشمۇ قىيىن بولىدۇ. يەنە تەڭرى خاقانىنىڭ تۈركەش قاغانىغا: غەرب تەرەپنىڭ ئىشىنى سىزگە تاپشۇردۇم، دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئەرەبلەرنى يوقىتىڭ، دەپ بۇيرۇق بېرىشلىرىڭىزنى ئىلتىجا قىلىمەن①.» شۇ چاغدا غەربىي تۈركلەر ئىچىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قەبىلە تۈركەشلەر بولۇپ، ئۇنىڭ سەردارى سۇلۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەنگەن. تۈركەشلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىشى ئۇنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن باشقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچىمۇ ئىش قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئۆزى خەنزۇ ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەن ئەمەس②.

---

① «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر ھۆججەتلەر»، 999 - جىلد.

② بەي شۇيىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قانچە ئەل «مەكتۇپ يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارغا جاۋاب بەرمىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بولمىغاچقا، قارام ئەللەرنى قوغدىيالمىغان» دەيدۇ («يۈيگۇڭ» يېرىم ئايلىق ژۇرنال، 5 - توپلام، 11 - سان، 66 - 67 - بەتلەر). ئەمما توخارىستان يابغۇسىنىڭ مەكتۇبىدا بايان قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىغان ئەمەس، بەلكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ياردەم بېرىشىنى تاپشۇرغان.

قۇتەيبە ئۆلۈپ توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خەلىپە ئۆزىنىڭ ئورنىغا يېزىد ئىبنى مۇخەللابنى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. يېڭى بولغان بۇ باش ۋالىي ئاساسەن ئەرەب تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مىلادى 717 - يىلى، خەلىپە سۇلايمان ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆمەر II (717 — 720) تەختكە چىقىدۇ. يېزىد ئىبنى مۇخەللاب قولغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاراھى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۆمەر بىر قەدەر يۇمشاقراق سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇ تەدبىرنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى يېزىد زالىملىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن. ئەمما جاراھى ئۆمەرنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىش قىلماي، ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن كىرگەن كىشىلەردىن جان بېجى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلققە ئېغىر زۇلۇم سالغان. ئۆمەر ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېزىد II (720 — 724) خەلىپىلىككە ئولتۇرىدۇ. يېزىد ئىبنى مۇخەللاب پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپ، ئەسكەر توپلاپ يېڭى خەلىپىگە قارشى چىقىدۇ، 720 - يىلى ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى مەسلەمە تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلىدۇ. شۇ يىلى مەسلەمە سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. خوراساننىڭ باش ۋالىيلىرى ناھايىتى كۆپ يەڭگۈشلەنگەنلىكتىن، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مال - مۈلۈك توپلاپ باي بولۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئۆتەش مەزگىلى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنى ئىمكان قەدەر تالان - تاراج قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا غەزەپ - نەپرىتى كۈنسايىن ئۆرلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بۇ مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ۋە تۈركلەرنىڭ قوللىشىدىن

پايدىلىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇششاق دۆلەتلەر تاڭ سۇلالىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتۇپ يوللاپ ياردەم سورىغاندىن باشقا، تاڭ سۇلالىسىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە سوۋغات ـ تارتۇق يوللاپ تۇرغان. تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، يىلمۇ يىل سوۋغات ـ تارتۇق يوللاپ تۇرغان ئەللەر — 718 - يىلى: مايمارغ، سوغدىيانا؛ 719 - يىلى: كۈمىد، كەشمىر، شەرقىي بۇخارا، توخارىستان، سوغدىيانا، كاپىسا؛ 720 - يىلى: ۋاھان، ئۇ دىيانا، كەشمىر، بالتىستان (بولور)، ئاراخوسىيا ① لاردۇر. ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ ئاخىرى 20 - يىللاردا سوغدىيانادا پارتلىغانىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى تۈركلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدا تۈرك قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماۋارا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلغان قوماندان كۈرسۇل ئىكەن، يەنە بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈرگەن② دېگەن گەپمۇ بار. خەنزۇچە مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۈرسۇل دېگەن بۇ ئادەم باغاتارخان بولۇشى كېرەك. 720 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، ئۇ بىر قوشۇننى باشلاپ سوغدىلار بىلەن بىرلىكتە ئەرەبلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە سەمەرقەندكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. يەرلىك كىچىك خانلارنىڭ كۆپچىلىكى تۈركلەرنى قوللىغان. سەئىد تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، سەمەرقەند شەھىرىگە سولىنىپ قالغان. 721 - يىلى، خەلىپە سەئىدنىڭ ئورنىغا ھەللاجنى ئەۋەتكەن. ھەللاج

① «كىتابلار جەۋھىرى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».
② «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 250 - بەت.

ئىسيان كۆتۈرگەن سوغدىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن. لېكىن سوغدىلار ئەرەبلەرنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئىتائەت قىلىپ تەن بېرىشنى خالىمىغان. بۇ چاغدا بىرمۇنچە ئاقسۆڭەك ۋە سودىگەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىش قارارىغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 400 نەپەر سودىگەر بولۇپ، ئۇلار جۇڭگودا تىجارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا نۇرغۇن مال ۋە پۇل بولغاچقا، ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ بوش قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە سەمەرقەندتىن پەرغانىگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە سىرتقا كۆچكەن ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. سوغدى خانى ئۇلارغا بۇ كۆچۈش ھەرىكىتىنى قانچە توسۇپ باقسىمۇ، ئۇلارنى توسۇپ قالالمىغان. پەرغانىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەر توپى پەرغانە خانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، بىر قىسىم ئادەملەر خوجەندكە كەتكەن، يەنە بىر قىسمى ئەمەلىيەتتە پەرغانىگە كىرىپ بولغان. پەرغانە خانى كۆرۈنۈشتە بۇ كۆچمەنلەرگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن مەخپىي ھالدا ئەرەبلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان. ھەللاج بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال يېتىپ كەلگەن. خوجەندنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانىمۇ ئۇلارغا ساتقىنلىق قىلىپ، ئەرەبلەرگە خوجەندكە كىرىش يولىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق كۆچمەنلەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان. سوغدىلار ئامالسىزلىقتىن تەسلىم بولۇپ، كۆتۈلمىگەن دەرىجىدىكى تۆۋەن شەرت بويىچە ئەرەبلەر بىلەن سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ھەللاج ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سودىگەرلەرنى

ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئايرىپ ئىككى جايغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئاندىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 3000 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنمىش. يەنە بىر رىۋايەتتە 7000 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنمىش. سودىگەرلەرنى ئېلىپ قالغان، بۇنىڭدىن مەقسەت — ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىش ئىدى. بۇ ۋەقە 722 - يىلى يازدا يۈز بەرگەن. شۇ قېتىمقى قانلىق باستۇرۇش ئارقىلىق، ئەرەبلەر سوغدىيانانى قايتا ئىشغال قىلىۋالغان. ئۇلار كەڭ - كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزگەن. جان بېجى ئېلىشقا ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن، ھەر بىر دېھقان (ھازىرقى مەنىدىكى ئەمگەكچى دېھقان — ت) نىڭ بويىنىغا تامغا باسقان. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

تەبەرىنىڭ «سالنامە» سىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ھەللاج قوشۇن باشلاپ، بۇخارا ۋە سەمەرقەند ئارقىلىق پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، پەرغانە خانىنى قورشىۋالغان، مەزكۇر خان 100 مىڭ دەرھەم پۇل ۋە نۇرغۇن قۇل بېرىپ سۈلھى تۈزگەن. ئەتىسى كېچىدە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەرەبلەر شېردىن ئۇيقۇغا كەتكەندە پەرغانە خانى ئون مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ ئەرەبلەرگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئەرەبنى ئۆلتۈرگەن. ئەرەبلەرنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ياردەمگە كېلىپ، پەرغانە ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، خاننى ۋە ئۇنىڭ 2000 ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن.

مىلادى 722 - يىلى قىشتا، مۇسلىم ئىبنى سەئىد ئەل كىلابى ھەللاجنىڭ ئورنىغا ۋالىي بولۇپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 723 - يىلى ئۇ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تۈركلەر تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلۈپ، پۈتۈنلەي

دېگۈدەك ھالاك قىلىنغان. بۇ قېتىم يەرلىك خەلقلەر تۈركەشلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئىككىنچى يىلى (724 - يىلى)، ھىشام يېزىد II نىڭ ئورنىغا خەلىپىلىككە ئولتۇردى (724 — 743). ئەرەبلەر يەنە پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا مۇسلىم قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇلار سىر دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەرغانىنىڭ پايتەختىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىپ، باغ - ۋارانلارنى قاتتىق ۋەيران قىلىدۇ. لېكىن تۈركەشلەرنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال چېكىنىدۇ. تۈركەش ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. ئەرەبلەر چېكىنىش داۋامىدا، يول بويى زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئېغىر يۈك - تاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، يەڭگىل بولۇپ چېكىنىدۇ. سىر دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئۆتەر يولى تاشكەنت ۋە پەرغانە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىدۇ. تۈركەش ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشىلىپ ئاچ قالغان ئەرەب قوشۇنى ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يول تالىشىپ قېچىشىدۇ. ئارقا قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان قوماندان جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ھايات قالغان قالدۇق ئەسكەر - سەركەردىلەر ئاخىر خوجەندكە يېتىپ بېرىپ، ئاندىن سەمەرقەندكە چېكىنىپ كېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىم تۈركەش قوشۇنىغا سۇلۇنىڭ بىر ئوغلى قوماندانلىق قىلغانىكەن.

ئەنگلىيىلىك ئالىم گىب ئەرەبلەرنى شۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىگە مۇنداق باھا بەرگەن: «بۇ قېتىمقى تالاپەت ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاچىلىق تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ بىر ۋەقە بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەرەبلەرنىڭ 15 يىل داۋامىدا ماۋارا ئۇننەھرگە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تاجاۋۇزى

ئىدى، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ۋەقە ئەرەبلەرنىڭ ھەيۋىسىنى قاتتىق سۇندۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ رولى تەتۈرىسىچە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ مۇداپىئەدە تۇرغۇچى تەرەپ ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى بارلىق رايونلاردىن تەدرىجىي قوغلاپ چىقىرىلدى»①. ئەرەبلەرنىڭ كۈچ تەسىرى بىراقلا قوغلاپ چىقىرىلغىنى يوق، ئەلۋەتتە.

ئەرەبلەر سىرتقا قارىتا ئىستېلاچىلىق قىلىش ۋە بېقىندا ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، ھامان باشقىدىن مۇخلىسلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىدا مۇنداق بىر ئىشەنچ بولغان ئىدىكى، ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچ مەنبەسى دەپ ھېسابلاپ، بويسۇندۇرۇلغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىلا ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقمايدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن جان بېجى ئېلىنمايدۇ ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ دەپ جاكارلاپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ھەدەپ جەلپ قىلغان، نۇرغۇن كىشىلەر باجدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرخىل يولىنى تېپىش ئۈچۈنلا بۇ دىنغا كىرگەن. مەسىلەن، خەلىپە ھىشام 727 - يىلى خوراسانغا باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئاشراس ئىبنى ئابدۇللا (727 — 729) ئۆز خىزمىتىگە بېرىش بىلەنلا مۇشۇ سىياسەتنى قوللانغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىرىستىئان، يەھۇدىي، زوروئاستېر دىنى ئېتىقادچىلىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى نەپەردىن

① گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى»، 66 - بەت.

ئارقاتقۇچى (بىرى ئەرەب، بىرى پارس) نى سەمەرقەنت ۋە باشقا جايلارغا ئەۋەتىپ، يۇقىرىقى سىياسەتنى تەشۋىق قىلدۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. لېكىن بۇ سىياسەتنىڭ ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى ۋە يەرلىك ھاكىملار ئۈچۈن پايدىسىز تەرىپىمۇ بولغان، چۈنكى باجدىن كەچۈرۈم قىلىنغانلار بارغانسىرى كۆپەيگەچكە، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمى كۈنسايىن ئازىيىپ كەتكەن. شۇ چاغدىكى سۇغدى خانى ئۇلغا باش ۋالىي ئاشراسقا خەت يېزىپ، بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن دۆلەت ئالىدىغان باج يوق بولۇپ قالدى دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەن. ئاشراس ئۇلغىنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشىنىپ، سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ: يېڭىدىن دىنغا كىرگۈچىلەر سۈننەت (خەتنە) قىلىپ، ئىسلام قائىدىلىرىنى ئورۇنداپ، قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى يادلىيالىسىلا، ئاندىن جان بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دېگەن بەلگىلىمىنى چىقارغان. ئەتىگەندىكى بۇيرۇقنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۆزگەرتىشتەك بۇنداق بىقارارلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تەبىئىي ئىدى، شۇڭا، ئاخىر ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بارتولد: ئاشراس — پۈتكۈل ماۋارائۇننەھردە ئەرەبلەرگە قارشى ھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان① دەيدۇ.

ئاشراسنىڭ يېڭىباشتىن باج ئېلىشنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرغۇچى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە «دېھقانلار» بۇخارادىن ئاشراسنىڭ قېشىغا بىر قىسىم ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ: «يەرلىك خەلق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم مەسچىتلەرنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن ‹ھەممەيلەن ئەرەب بولدۇق›، ئەمدى يەنە نېمىشقا بىزدىن جان بېجى ئالىدۇ؟» دېگەن مەسىلىنى

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 248 - بەت.

ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن ئاشراس ئۇلارغا: «ئىلگىرى باج تۆلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن باج ئېلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاشراس ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارى بىر قاتار قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بارلىق سوغدىلار (جۈملىدىن ئەمگەكچى دېھقانلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە «دېھقانلار») دىن باج ئالغان. بۇيرۇق بويىچە ۋەزىپە بېجىرگۈچى باجگىرلار يەرلىك ئاھالىلەرگە ھەر خىل دەھشەتلىك ۋاسىتىلەرنى قوللانغانلىقتىن، ئومۇمىي قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قوزغىلاڭغا سوغدى دېھقانلىرى ۋە «دېھقانلار» قاتنىشىپلا قالماي، ئاشراسنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا قوشۇلمايدىغان دىن تەرغىباتچىلىرى، مەسىلەن، يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ھېلىقى ئىككى نەپەر دىن تارقاتقۇچىمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقان.

سوغدى قوزغىلاڭچىلىرى يەنىلا تۈركلەردىن ياردەم سورىغان. ئۇزاق ئۆتمەي تۈركەش قاغانى سۇلۇ قوشۇن باشلاپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئەرەبلەرنى قوغلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ھەتتا بۇخارانىمۇ ھۇجۇم بىلەن ئالغان. پەقەت سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئىككى كىچىك بازا — كامارجا بىلەن دابۇسىيالا ئەرەبلەرنىڭ قولىدا قالغان①. ئۇلارنىڭ سەمەرقەندنى ساقلاپ قالالىشى

① گېرمانىيە يازغۇچىسى ۋېلخاۋسېن (WellhauSen): كامارجا دېگەن جاي بايكەندنىڭ يېقىن ئەتراپىدا دەيدۇ. گىب ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىپ: ئۇ يەر سەمەرقەندنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك يىراق جايدا دەيدۇ («ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى»، 71-بەتكە قارالسۇن). بارتولدنىڭ «موڭغۇللار ئىستېلاسى مەزگىلىدىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرى ۋە «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا بۇ جاي تىلغا ئېلىنـمىغان. دابۇسىيا دېگەن بۇ جاي كوشانىيان (كاتتا قورغان) دىن تەخمىنەن 75 چاقىرىم يىراقلىقتا.

سوغدى خانى ئۇلىغانىڭ قوللىشىدىن بولغان.

ئەرەب قوشۇنلىرى بۇ چاغدا ئامۇلغا توپلانغان، سوغدى ۋە تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن، بىر نەچچە ئايغىچە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتەلمىگەن. قاتان ئىبنى قۇتايبە باشچىلىق قىلدىكى بىر كىچىك ئەرەب قوشۇنى تۈرك قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال دەريادىن ئۆتۈپ جايلىشىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان. تۈركلەر ھەتتا خوراسانغا ھۇجۇم قىلىپ بارغان. تاكى 729 - يىلغا بارغاندا ئاشىراس ئاندىن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ قاتان بىلەن ئۇچرىشىپ، پەنجىكەنتكە يۈرۈش قىلغان. تۈركلەر يىل بويى سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەرەب قوشۇنىغا مۈشكۈلچىلىك تۇغدۇرغان بولسىمۇ، اېكىن ئەرەب قوشۇنى قاتتىق جەڭ قىلىپ، تۈرك قوشۇنىنى چېكىندۈرگەن. ئاشىراس داۋاملىق بۇخاراغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، بۇ شەھەرنى قايتا ئىشغال قىلغان. تۈركەش قاغانى سۇلۇ سەمەرقەند تەرەپكە قاراپ چېكىنگەن. كامارجاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئالالمىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۈركەش قاغانى بىلەن بىللە يۈرۈش قىلغانلار ئىچىدە پېرسىيە خانى يېزداگىردنىڭ نەۋرىسى، يەنى پىرئۇزنىڭ ئوغلى خۇسراۋمۇ بار ئىكەن. گىب مۇنداق دېگەن: «ساسان خانجەمەتى جۇڭگودا پاناھلىنىپ تۇرغاندا، خۇسراۋنىڭ ئۇ قوشۇنغا قوشۇلۇشى قوزغىلاڭچىلارنىڭ جۇڭگونىڭمۇ رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك①» . كېيىن، تۈركەش قوشۇنى تاشكەنت بىلەن پەرغانىگە چېكىنىپ كەتكەن.

قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان، ھەتتا خارەزىمدىمۇ ئاشكارا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن، بىراق

① گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى»، 71 - بەت.

يەرلىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن، ئېھتىمال ئاشراس قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئاشراس شۇ يىلى بۇخاراغا يېقىن پەنجىكەنتتە قىشلىغان.

730 – يىلى. خەلىپە ھشام ئاشراسنىڭ ئورنىغا جۇنەيد ئىبنى ئابدۇرەھمان ئەل مۇررىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئادەم ئىلگىرى سىندتا ۋەزىپە ئۆتەپ، ئاچكۆزلۈك ۋە زالىملىقتا داڭق چىقارغان. شۇ يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا قوزغىلاڭچىلىرى ئاشراسقا يېڭى ھۇجۇم قوزغىغان. ۋىلخاۋسېننىڭ ئېيتىشىچە، ئاشراس ئەمەلىيەتتە قورشاۋ ئىچىدە قالغان. جۇنەيد قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە كېتىۋاتقاندا، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاشراس ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بايكەندتىن بىر ئاتلىق ئەترەت ئەۋەتكەن، بۇ ئەترەت يول ئۈستىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاندىن يېتىپ بارالىغان. ئەمما ئۇلار پەنجىكەنتكە قايتىپ كېلىش ۋاقتىدا، يېرىم يولدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ قىلىشقان. جۇنەيد قاتارلىقلار بۇخاراغا يېتىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تۈركەش قاغانى قوشۇنىنى باشلاپ چېكىنگەن، ئەرەبلەر ئۇلارنى سەمەرقەندكىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇيەردىكى قوشۇننى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئاندىن تىرمىد ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن. جۇنەيد تىرمىدتا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ساغانىيان خانى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ توخارىستان بىلەن خوتلىنى يېڭىباشتىن ئىستېلا قىلىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن مەرۋگە قايتىپ كېلىدۇ. 731- يىلى، ئەرەبلەر قارشىلىق كۆرسەتكەن توخارىستانغا ھۇجۇم قىلىدۇ، لېكىن تۈركەش قوشۇنى سوغدىياناغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، توختاپ قالىدۇ.

731- يىلى باھاردا، تۈركەش قاغانى بىلەن سوغدلار قوشۇن توپلاپ سەمەرقەندنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، سوغدى خانى

ئۇلغا ئۇلارنى ئاشكارا قوللايدۇ. سەمەرقەندنىڭ ئەرەب ھۆكۈمدارى سەۋرەجەددىي ئەلچى ئەۋەتىپ جۇنەيدتىن ياردەم سورايدۇ. جۇنەيد دەرھال ئادەم سانى ئازراق بىر قوشۇننى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ كېچىقا بېرىپ، ئۇ يەردە بەزى يەرلىك قوراللىق قوشۇن توپلاپ، سەمەرقەندنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزماقچى بولىدۇ. يول بويىدىكى قوزغىلاڭچىلاردىن داجىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، جۇنەيد شاۋدار تېغى ئارقىلىق ئاسان يول بىلەن مېڭىشنى قارار قىلىدۇ، بىراق سەمەرقەندكە ئاتمىش چاقىرىمچە كېلىدىغان بىر تاغ ئېغىزىغا بارغاندا، تۈركەش قاغاننىڭ قورشاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ، ئەرەب قوشۇنى ئاكوپ كولاپ مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. جۇنەيد سەۋرىگە دەريادىن ئۆتۈپ ئۆزىگە قوشۇلۇش ۋە بىر قىسىم ئاساسىي كۈچنى قالدۇرۇپ سەمەرقەندنى قوغداشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. سەۋرىمۇ تاغ ئارىسىدىكى يېقىن يول بىلەن مېڭىپ، جۇنەيد بار يەرگە 12 چاقىرىمچە قالغاندا، تۈرك قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. تۈركلەر ئوتلاقتا ئوت يېقىپ، سەۋرىنىڭ ئادەم ۋە ئاتلىرىنى سۇدىن ئايرىپ تاشلايدۇ. ئوتنىڭ تەپتى ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن، ئەرەب ئەسكەرلىرى چىداشلىق بېرەلمەي، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن جان جەھلى بىلەن ئۆزىنى ئۇرىدۇ، نۇرغۇنى كۆيۈپ ئۆلىدۇ، سەۋرىمۇ جېنىدىن جۇدا بولىدۇ، قالغانلىرىمۇ تۈركلەر تەرىپىدىن قوغلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، 12 مىڭ ئادەمدىن پەقەت 1000 ئادەملا قالىدۇ. سەۋرىنىڭ قوشۇنى شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقاندا، جۇنەيدمۇ ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، تاغ ئىچىدىكى قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ سەمەرقەندكە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئەسكەر ۋە ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلىپە ھىشامغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى مەلۇم

قىلىدۇ. خەلىپە دەرھال 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ۋە نۇرغۇن قورال - ياراق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى بەسىرە ۋە كۇفەدىن خوراسانغا ئەۋەتىدۇ ھەمدە جۇنەيدكە ئەسكەر ئېلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئەرەب ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. جۇنەيد ئەسكەرلەرنىڭ ماتاشىنى ئۈستۈرۈشنى بەلگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، كارمىنىيا ئەتراپىدىكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئازراق غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئىككىنچى كۈنى، تۈركەش قاغانى بۇخارا بوستانلىقىنىڭ چېتىدىكى تاۋاۋىس ئەتراپىدا جۇنەيدنىڭ ھىمايىچى قىسمىغا زەربە بەرمەكچى بولغاندا، جۇنەيد بۇنى ئالدىن بىلىپ قالغانلىقتىن، تۈركەشلەرنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرىدۇ. بۇ چاغ قىش پەسلى 11 - ئاي بولۇپ، تۈركەشلەر چېكىنگەندىن كېيىن، ئەرەبلەر بۇخاراغا كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىسمىلىرىمۇ قىشلايدىغان جايلىرىغا ئورۇنلىشىدۇ. جۇنەيدمۇ شۇنىڭدىن كېيىن بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى ساقلاپ قېلىش بىلەن قانائەتلىنىپ، ئۆز خىزمەت مۇددىتىنىڭ قالغان ۋاقتىدا ئىككىنچىلەپ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ زېمىن ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشى ئېلىپ بارمايدۇ. خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك، ئۇ «زور قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق ئۆز قوشۇنىنى ساقلاپ قالالىغان ۋە تۈركلەرنى چېكىندۈرگەن». لېكىن تۈركلەر يەنىلا ماۋارائۇننەھر رايونىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئەرەبلەر پەقەت بۇخارا بىلەن سەمەرقەندتىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنىلا ئىگىلىگەن، خالاس. جەنۇب تەرەپتە ئەرەبلەرنىڭ كۈچ تەسىرى بەلخ بىلەن ساغانىيانىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن.

جۇڭگونىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، 1733 - يىلى ئەرەب ئەلچىسى مۇسلىم ئارخان قاتارلىقلار

تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ①. بۇلارنى جۈنەيد ئەۋەتكەن بولۇشى كېرەك. شۇ يىلى خوراساندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن، بۇ ئاچارچىلىق مول ئاشلىق چىقىدىغان مەرۋىگە كېڭەيگەن. جۈنەيد باشقا جايلاردىن كۆپلەپ ئاشلىق كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ يەنە قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئەتراپتىكى رايونلاردىن غەللە - پاراق ئالغان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاچارچىلىق كۇپپارلارنىڭ زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىنى كونترول قىلىۋالغانلىقىدىن كېلىپ چىققانمىش، چۈنكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەرۋە يەنە شۇ جايلاردىنمۇ ئاشلىق كىرگۈزۈپ تۇرغان.

جۈنەيد 734 - يىلى 2 - ئايدا ئۆلگەن، خەلىپە ئاسىم ئىبنى ئابدۇللا ئەل ھىلالىنى يېڭى باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن (734 — 735). بۇ چاغ ئۈمەييە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بولۇپ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى چىرىكلىشىپ زاۋالغا يۈزلەنگەن ۋە بوھران ئىچىدە قالغان. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەر- نىڭ نارازىلىق ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ كونتروللۇقى بىرقەدەر پۇختا بولغان خوراسان ۋە تۆۋەنكى توخارىستان قاتارلىق رايونلار- دىكى ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىق ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپى ھەرىكىتىنى شۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆمەر Ⅱ ۋاقتىدىلا خوراسان رايونىدا شىئە مەزھە- پىنىڭ پائالىيىتى بارلىققا كەلگەن. 30 - يىللاردىن بۇيان،

---

① «كىتابلار جەۋھىرى»، 971 - جىلد.

تۈركلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولغانلىق-
تىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زور قىسمى يەنىلا غەيرىي دىندىكىلەر-
نىڭ قولىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوراساندا ئاچارچىلىقنىڭ
يۈز بېرىشى، ھەر قېتىمقى باش ۋالىيلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ
نەپسانىيەتچىلىك ۋە زالىملىقى، تۆۋەن قاتلامدىكى ئەرەب
خەلقىنىڭ ھەر جەھەتتىن نارازىلىقىنى قوزغىغان ۋە ئىنقىلاب
ئامىللىرىنى ئاشۇرغان. شۇڭا، 734 - يىلى، ئەل خارىس
ئىبنى سۇرايج ئىسىملىك بىر ئەرەب سەركەردىسى بۇ ئومۇم-
يۈزلۈك نارازىلىق كەيپىياتقا ماسلىشىپ، ئۆمەييە خاندانلىقى
(ئاق پەرچىملىك ئەرەبلەر) گە قارشى قارا بايراق كۆتۈرۈپ
چىققان.

ئەبۇ سەئىد ئابدۇلھەي ئىبنى دۇھان گەردىزىنىڭ ئېيتىشىچە،
خارىسنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى: «قوغدىلىدىغان دىنغا
ئېتىقاد قىلغۇچىلار (ئەل ئەھد - دىھما) ① بىلەن پۈتۈشكەن
كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش، مۇسۇلمانلاردىن باج - خىراج
ئالماسلىق، ھېچكىمگىمۇ زۇلۇم قىلماسلىق» تىن ئىبارەت
بولغان. بۇ شوئارنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، خوراسان رايونىدىكى
ئاساسىي ئاما ۋە نۇرغۇن ئەرەبلەر خارىسنىڭ خاندانلىققا
قارشى ھەرىكىتىگە قاتناشقان. خوجكان، فاراب، تالىكان
قاتارلىق جايلار (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ
شىمالىي قىسمىدا) نىڭ يەرلىك ھاكىملىرى ۋە خەلقلىرىمۇ
خارىسنى قوللىغان. ئۆمەييە خاندانلىقىنىڭ بىر سەركەردىسى
بولۇش سۈپىتى بىلەن، خارىس دەسلەپتە بۇ خاندانلىقنى
ئاغدۇرۇش ئويىدا بولغان ئەمەس، ئۇ، خوراسان باش ۋالىيسى

① دىھمان دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى كىتاب (ahlal - kitab)
بولۇپ، خىرىستىيان دىنى ياكى يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە زورو
ئاستېر مۇرىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇددىستلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالمايدۇ.

ئاسىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خەلىپە ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەلىپە ھىشامنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ھىشام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، ئاسىمنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاساد ئىبنى ئابدۇللانى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن (735 — 738). نەتىجىدە ئاسىم خارىس بىلەن بىرلىشىپ ئاسادقا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئاساد مەرۋىگە ئۆز خىزمىتىنى ئۆتەشكە كەلگەندە، خوراساننىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ھەممىسى ئىسيانچىلارنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى مەرۋى شەرق تەرەپتىن تەھدىتكە ئۇچراپلا قالماي، يەنە جەنۇب تەرەپنىڭ تەھدىتىگىمۇ ئۇچراۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ ئابدۇراھمان ئىبنى نۇئايىمنى قوشۇن باشلاپ مېرۋىلۇدقا بېرىپ، خارىسنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ، ئۆزى ئامۇل ۋە زام (zamm) دىكى ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش، ئاندىن بەلخكە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭىدۇ. خارىس بولسا ئابدۇراھمان يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال بەلخكە چېكىنىپ بېرىپ، يەنە بەلختىن چىقىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تىرمىدقا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاساد تۆۋەنكى توخارىستاننى كونترول قىلىدۇ. 736 - يىلى، ئاساد خوراساننىڭ مەركىزىنى مەرۋىدىن بەلخكە يۆتكەيدۇ. گىبنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئۇنىڭ بۇ تەدبىرنى قوللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب — شۇنداق قىلغاندا توخارىستاننىڭ ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى

رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشقا ئوڭاي بولاتتى. توخارىستان شۇ چاغدىكى مۇھىم جەڭ مەيدانى، شۇڭداقلا بارلىق پاراكەندىچىلىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ. توخارىستاننىڭ مەركىزى بەلخنى بىۋاستە ئىگىلىگەندە، شۇ يەردىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئاسان بولاتتى.

ئاسادنىڭ خارىسقا قارشى جېڭى دىسلەپتە ئاساسەن تېرمىد ئەتراپىدا ۋە خوتل چېگرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان. خارىس تەرىپىدە تۇرغۇچىلار خوتل خانى، ناخشاب خانى، توخار يابغۇسى، سوغدى خانى ئۇلغا ھەمدە تاشكەنت ۋە تۈرك قوشۇنلىرى بولۇپ، پەقەت ساغانىيان خانىلا ئەرەبلەرنى قوللىغان. تۈركەش قاغانى سۇلۇ باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقچى قوشۇنلارنىڭ مۇداپىئە قىلىپ توسۇشى نەتىجىسىدە، ئەرەبلەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتەلمىگەن. تۈركلەر ھەتتا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغىچە يېتىپ بارغانلىقتىن، ئاساد بەلخكە چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن، ئەرەبلەر ئىنتايىن مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ، تۈرك بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى سوترىشناغا چېكىندۈرگەن. خارىس خوتل خانى بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكتىن، بەدەخشانغا چېكىنىپ كەتكەن.

737 - يىلى، ئاساد ماۋارا ئۇننەھردىكى سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلغان، لېكىن، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلالمىغان. سوغدى خانى ئۇلغا تۈركلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نىزادىن پايدىلىنىپ، ئەرەبلەرنى قوغلاپ چىقارغان. ئىلگىرى قوتەيبە ئامۇ دەرياسىنىڭ

شىمالىدا ئىستېلا قىلغان بارلىق جايلاردىن ھازىر پەقەت بۇخارالا قالغان. ساغانىيان يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ماۋارا ئۇننەھردىكى جايلار مۇستەقىللىككە ئېرىشىپ، ئەرەبلەرنىڭ تەھدىتى ئازايغانلىقتىن، كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەر تاڭ سۇلالىسىدىن قايتا ياردەم سورىمىغان.

شۇ يىلى، ئاسادخوتلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ خانىنىڭ خارىسنى قولىغا ئالغانلىقىدىن ئۈچ ئېلىش ئۇچۇن ئۇنى جازالىماقچى بولغان. خوتل تۈركەشلەردىن ياردەم سورىغان. سۇلۇقاغان ئاتلىق قوشۇن باشلاپ سۈيئاپتىن يولغا چىقىپ، يەتتە كۈندە خوتلغا يېتىپ كەلگەن. ئاساد بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چېكىنگەن. سۇلۇ توخارىستانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خارىس كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلغان ھەمدە قىش پەسلىدە ئەرەب قوشۇنى چېكىنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، توخارىستانغا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. سۇلۇقاغان ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ خوجكانغا يۈرۈش قىلغان. ئاساد 4000 ئەسكەر بىلەن كېلىپ جەڭ قىلغان، ئۇ خوجكان خانىنىڭ قولىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار سىدرا ۋە قارىستان ئارقىلىق، شابۇرقان، يەنى ئۇشبۇرقان (ئەنبەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا) غا يۈرۈش قىلغان. قارىستانغا يېقىن جايدا سۇلۇنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. قاغان بىلەن خارىس قېچىپ قۇتۇلۇپ تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى جەڭ غەربىي تۈرك بىلەن ئەرەبلەرنىڭ كۈچ جەھەتتىن ئاجىزلىشىش ياكى ئېشىشىغا ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. سۇلۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، 738 - يىلى باغاتارخان بىلەن تومۇز

ئەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ① شۇ يىلى، سوغدى خانى ئۆلغامۇ ئۆلگەن، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئوغلى دوخانى خان قىلىپ تەيىنلىگەن ②. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەت خۇددى گىب ئېيتقاندەك: «قارىستاندىكى جەڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سوغدىيانادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى... جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيىسى ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىدىكى بۇ تاشقى توسالغۇنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى ئەرەبلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» ③. مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىدىغان چوڭ كۈچلەردىن بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەردىن باشقا، يەنە تىبەتلەرنىمۇ تىلغا

① بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قاغان تۈركەش خانى كۇرسۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. نەتىجىدە غەربىي تۈرك ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەن.» («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 250 - بەت.) سۇلۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا، خەنزۇلىن مۇنداق دەيدۇ: «سۇلۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا. كونا - يېڭى «تاڭنامە». تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە «باغاتارخان ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، كېچىسى ھۇجۇم قىلىپ سۇلۇنى ئۆلتۈرگەن» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە» دە، بۇ ۋەقە كەييۈەننىڭ 26 - يىلى يازدا يۈز بەرگەن دەپ يېزىلغان. لېكىن شۇ كىتابنىڭ 9 - جىلدى «شۈەنزۇڭنىڭ ئەسلى خاتىرىسى» دە، بۇ ۋەقە كەييۈەننىڭ 27 - يىلى يازدا يۈز بەرگەن دېيىلگەن، ھەتتا «بېشبالىق تۇتۇقى گەي جيايۈن ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، سۇيئاپ (توقماق) شەھىرىدە سۇلۇنى ئۆلتۈرگەن» دەپ يېزىلغان. سى ماگۇاڭ ئەمەلىيەتتە «ئەسلى خاتىرە» نى ئاساس قىلىپ، «تۈركلەر تەزكىرىسى» نى يازغان. لېكىن بېرلىندىكى مىللەتلەر مۇزېيىدا ساقلانغان قوچۇ ئابىدىلىرى پارچىلىرىدىكى دەلىللەردىن قارىغاندا، سۇلۇغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە جۇڭگولۇقلارمۇ قاتناشقان.» («يېڭى تۈرك» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى 6 - توپلام 6 - ساندا ئېلان قىلىنغان «بىلگە قاغان ئابىدىسى» نىڭ تەرجىمە شەرھىسىگە قاراڭ.)

② «كىتابلار جەۋھىرى»، 964 - جىلد.

③ گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى»، 85 - بەت.

ئېلىشقا ئېگىشىلىك. بۇ چاغدا تىبەتلەرنىڭ غەربكە كېڭىيىشىدىكى گەۋدىلىك بولغان بىر ۋەقە — ئۇنىڭ كىچىك بولورنى يۇتۇۋالغانلىقى ئىدى. كىچىك بولور ھازىرقى گىلگىت رايونىغا توغرا كېلىدۇ. كەيۋەننىڭ ئۈنجى يىلى (مىلادى 713 - يىلى) ئۇنىڭ خانى موجىنماڭ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەن، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ زېمىنىدا يىراقنى تىنچلاندۇرۇش قوشۇنى تەسىس قىلغان. كىچىك بولور ھەمىشە تىبەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان. تىبەتلەر: «بىز سىلەرنى ئۆزىمىزگە قوشۇۋالماقچى ئەمەسمىز، پەقەت دۆلىتىڭلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ، ئەنشى تۆت ھەربىي قورغىنىغا ھۇجۇم قىلماقچى» دېگەن. مىلادى 722 - يىلى، تىبەتلەر كىچىك بولورغا يەنە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ توققۇز شەھىرىنى تارتىۋالغان. موجىنماڭ بەشبالىقتىن ياردەم سورىغان. ئۇ شۇ چاغدىكى بەشبالىق ساتراپى جاڭ شياۋسۇڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «بولور دۆلىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى قولدىن بېرىپ قويسا، غەربتىكى دۆلەتلەر تىبەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، قوروقچىبەگ بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىدىلا؟» دېگەن. جاڭ شياۋسۇڭ ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئارقىدىنلا قەشقەردە تۇرۇشلۇق يانداش ساتراپ جاڭ سىلىنى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 4000 نەپەر پىيادە ھەم ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باش قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتكەن، ئۇلار كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ، موجىنماڭ باشچىلىقىدىكى كىچىك بولور ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە تىبەتلەرگە ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن قورال - ياراق، قوي، ئات قاتارلىق نەرسىلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، توققۇز

شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان. كېيىن تىبەتلەر نەچچە يىلغىچە ئۇ يەرگە كېلىپ پاراكەندە قىلىشقا پېتىنالمىغان. ئۇ چاغدا كىچىك بولور پۈتۈنلەي تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان. «خۇي چاۋنىڭ ھىندىستاندىكى بەش دۆلەتكە قىلغان سەپىرى» دېگەن كىتابتا: «كىچىك بولور خەنزۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تەۋە» دېيىلگەن. 736 - يىلى، تىبەتلەر بولورغا يەنە ھۇجۇم قىلغان. بولور تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. تاڭ شۈەنزاڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، تىبەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن. تىبەتلەر بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، بولورغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. مو جىنماڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى نەننى كىچىك بولورنىڭ خانى بولغان. تىبەت مەنبەلىرىدە يېزىلىشىچە، تىبەتلەر ئەجدىھا يىلى (گېڭ چېن 704 - يىلى) يازدا، خىرى مالود مەلىكىنى كىچىك بولورخانىغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. نەننى 741 - يىلى ئۆلگەن، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئاكىسى ما لەيشىنى خانلىققا تەيىنلىگەن. پەقەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزى ئاجىزلاشقان مەزگىللەردىلا تىبەتلەر ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈچ تەسىرىنى غەربكە كېڭەيتىشكە كىرىشكەن.

## 4 - بۆلۈم. ئۇمەييە خاندانلىقى (ئاق يەكتەكلىك ئەرەبلەر) نىڭ سەكرات ئالدىدىكى بىردەملىك ئوڭشىلىشى

ئەرەبلەرنىڭ خوراساندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى ئاساد مىلادى 738 - يىلنىڭ بېشىدا ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ناسىر ئىبنى سەييار باش ۋالىي بولىدۇ (738 — 748). بۇ ئادەمنى

ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوللىغۇچىسى دەپ ئېتىشقا بولىدۇ. ئۇ باش ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوراسان ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى رايونلاردا بىر خىل نىسپىي تىنچلىق ۋە گۈللىنىش ئەسلىگە كېلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئۇمەييە خاندانلىقىمۇ تۈگەيدۇ. شۇڭا، مەن ناسىر باش ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئون يىلنى ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ سەكرات ئالدىدىكى بىردەملىك ئوڭشىلىشى دەپ ئاتىدىم. بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈپ ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئەرەبلەرگە تەھدىت سالغۇدەك مادارى قالمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

غەربىي تۈركلەرنىڭ تۈركەش قاغانى سۇلۇ 738 - يىلى باغا تارخان ۋە تومۇز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تومۇز باغا تارخاندىن يوشۇرۇن ھالدا سۇلۇنىڭ ئوغلى توقسەن كۈلچورنى قاغان قىلىپ تىكلەپ، سۈياپ شەھىرىدە تۇرغۇزىدۇ. ھەمدە قارا ئۇرۇق قاغانى ئەرۋى تېگىننى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭغا تالاس شەھىرىنى ساقلاشقا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باغا تارخانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. باغا تارخان بەش بالىق ھېراۋۇلى گەي جيايۈنگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. تاڭ شۈەنزاڭ گەي جيايۈنگە تۈركەش ۋە پەرغانىنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنى تىنچىتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. تومۇز ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى توقسەن ھەمدە ئەرۋى تېگىنلەر بىرلىشىپ تاڭ قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

گەي جيايۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن توقسەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇ چاغدا بۇ

جەڭگە باغا تارخان، تاشكەنت خانى باغا تۇتۇن ۋە كېش خانى ئىسكىنتلەرمۇ قاتناشقان. 739 - يىلى، ئۇلار گەي جيايۇننىڭ قوماندانلىقىدا سۈيئاپ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى خورولىن دېگەن يەردە تۇقسەن قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. تۇقسەن ئۇرۇش تۇغىنى تاشلاپ قاچىدۇ، تاڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى يابغۇ تۇڭئاب قاتارلىقلارنى تىرىك تۇتىدۇ ھەمدە نەچچە مىڭ تۆگە، ئات، كالا، قويلارنى غەنىيمەت ئالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، گەي جيايۇن قەشقەر باسقىقى فۇمېڭلىڭچانى خىل ئەسكەرلەرگە باشچى قىلىپ پەرغانەخانى ئارسلان تارخان بىلەن بىرلىكتە، تالاس شەھىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان قارا ئۇرۇق قاغان ئەرۋى تېكىنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، بۇلار ئەرۋى تېكىن قوشۇنىنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تالاس شەھىرىگە كىرىپ ئەرۋى تېكىن بىلەن ئىنىسى باسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ شېرىكلىرى قېچىپ كېتىدۇ. تاڭ قوشۇنى چېچىلىپ كەتكەن نەچچە تۈمەن پۇقرانى يىغىپ، ئۇلارنى پەرغانە خانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولىدۇ ①. ئارسلان تارخان تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، تۇقسەنىنى بېسىقتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ھىدايەتلىك خان دېگەن ئۇنۋاننى ئىنئام قىلغان ②. ئىسكىنتكە تېكىنلىك ئۇنۋانىنى بەرگەن. باغاتۇتۇننى تاشكەنت خانى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە تېكىن ئۇنۋانىنى قوشۇپ بەرگەن ③.

① يۇقىرىقىلار «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 358 - جىلدى، «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ 214 - جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىلدى.

② «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى يىراقنى تىنچلاندۇرۇش»، «يېڭى تاڭنامە»، 6250 - بەتكە قارالسۇن.

③ «كىتابلار جەۋھىرى»، 964 - جىلد.

ئۇقسەن ئىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئاشنا خۇەيداۋنىڭ ئوغلى ئاشنا شىننى ئون ئۇرۇق قاغانلىقىغا تەيىنلەپ، تۈركەش قەبىلىلىرىگە باشلىق قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭغا باغاتارخان نارازى بولۇپ: «سۇلۇنى بېسىقتۇرۇشتا مەن تۆھپە كۆرسەتسەم، ئەمدى نېمىشقا ئاشناشىن قاغان بولىدىكەن؟» دەپ، قەبىلىسىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى گەي جىيايۈننى ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ، باغاتارخان تەسلىم بولىدۇ. لېكىن بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى يەنە ئاشنا شىننى غەربىي تۈرك قاغانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 742 - يىلى، ئاشنا شىن قاغانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، سۇيئاپنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قۇران دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، باغاتارخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ ①. باغاتارخان ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلەيدۇ. 744 - يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى ھېراۋۇلى فۇمېڭلىڭچا باغاتارخانغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا ئۇرۇقتىن بولغان ئىلتەمىش قۇتلۇق بىلگەنى ئون ئۇرۇق قاغانى قىلىپ تىكلەشكە تەكلىپ بېرىدۇ. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «كۇرسۇل (يەنى باغا

---

① «يەنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىكى ئوخشىماسلىقلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش» نىڭ 13 - جىلدىدا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايان» دىن ئېلىنغان نەقىل بولۇپ، ھازىرقى «مۇھىم بايان» دا بۇ سۆزلەر يوق. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈرك تەزكىرىسى» دە «باغادۇر ئۆلتۈرگەن» دېيىلگەن. («باغا دۇر» باتۇر دېگەن سۆز بولۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە «莫贺咄» دەپ يېزىلمىغان بولغاچقا، كۆپىنچە 咄 ھەربىي قىسقارتىلىپ «莫贺» يەنى «باغا» دەپلا يېزىلىدۇ. بۇ يەردىكى باغادور باغاتارخان بولۇشى كېرەك. تارخان دېگەن سۆز ئەمەل نامى.) جاۋاننىس خەنزۇچە «俱兰» نى ئەرەبچە «كۇلان» دېگەن جاي ئىسمى دەيدۇ. بارتولدنىڭ «قۇران»، ھازىرقى ئەۋلىيائاتا رايونىدىكى تارتى (Tarti) دېگەن جاي دەيدۇ. «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، I توم، 260 - بەتكە قاراڭ.

ئارخان) ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەرەبلەرگە چارۋىچىلار تەرىپىدىن كېلىدىغان بارلىق خەۋپ تۈگەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئەمەلدارلىرىنى تاشكەنت ۋە پەرغانىگە ئەۋەتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدۇ①» .

غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئىلگىرى ئەرەبلەرگە تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىچىك ئەللەرنىمۇ ئېزەتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بېشىدىكى بىر تاغ ئېلىپ تاشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى ئەرەبلەر ئىدى. شۇڭا، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا، كەييۈەن 29 - يىلى (741 - يىلى)، تاشكەنت خانى «ئىناي تۇتۇن قول يۇقىرىغا: «ھازىر تۈركلەر تەڭرى خاقانغا قارايدىغان بولدى، پەقەت ئەرەبلەرلا ھەرقايسى ئەلگە بالايىئاپەت بولماقتا، ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىنسا، دەپ ئىلتىماس قىلغان. تەڭرىقۇت رۇخسەت قىلمىغان①» لىقى تىلغا ئېلىنغان. 745 - يىلى كېبۇت خانى قارلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يوللىغان②. تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى خالىمىغاچقا، ئەرەبلەرنىڭ قايتىدىن بېسىپ كىرىشىگە ئاسانلىق تۇغۇلغان.

مىلادى 738 - يىلى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ناسىر ئىلگىرى قۇتەيبەنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلەتتى ۋە يەرلىك

---

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 250 - بەت. ئەرەب رىۋايەتلىرىدە، كۇرسۇلنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلتۈرگەن كىشى ناسىر دېيىلىدۇ.

② «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە»، 6246 - بەت.

③ «كىتابلار جەۋھىرى»، 977 - جىلد.

«دېھقانلار» بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتىمۇ بار ئىدى. ناسىر باش ۋالىيلىققا ئولتۇرغاندا ياشىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلگەن ئىشى ئەرەبلەرنىڭ سىر دەريا ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىدىن پايدىلاندى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن تۇنجى يىلى قاتان ئىبنى قۇتەيبەنى ماۋارا ئۇننەھرگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۆزىمۇ شۇماندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ. 739 - يىلى، ماۋارا ئۇننەھردىكى «دېھقانلار» قارشىلىق كۆرسەتمەيلا ناسىرغا تەسلىم بولىدۇ. ناسىر قوشۇنىنى باشلاپ سەمەرقەندنى قايتىدىن ئىشغال قىلىدۇ. 740 - يىلى ياكى 741 - يىلى، ئۇ يەنە ئەرەب قوشۇنلىرىنى ۋە ماۋارا ئۇننەھردە توپلىغان بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىدۇ ①. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە، سۇترۇشنادىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ خانى ئەرەبلەرگە تەسلىم بولىدۇ. لېكىن ناسىرنىڭ قوشۇنى سىر دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا، تاشكەنت قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ چاغدا خارىس بىلەن بەزى تۈرك قوشۇنلىرىمۇ تاشكەنت لاگىرىدا ئىدى. ناسىر تاشكەنتنىڭ ئاساسلىق كۈچى بىلەن ئېلىشماي، ئۇنىڭ خانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ شەرتنامە تۈزۈشىدۇ، تاشكەنت خانى خا-

---

① بارتولدنىڭ ئېيتىشىچە، ناسىر 739 - يىلى سۇترۇشنا خانى، تاشكەنت خانى ۋە پەرغانە خانى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكەن («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، I توم، 250 - بەت). لېكىن، گىببنىڭ ئېيتىشىچە، 739 - يىلى تاشكەنت ۋە پەرغانە قوشۇنلىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ توقسەن قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقان بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىشى 740 - يىلدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەيدۇ («ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى»، 90 - بەتكە قاراڭ). مېنىڭچە، گىببنىڭ ئېيتقىنى توغرا.

رىسىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ۋە بىر ئەرەب ئەمەلدارىنىڭ تاشكەنتتە
كە كېلىپ تۇرۇشىغا ماقۇل بولىدۇ. خارىس فارابقا كېتىدۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنى پەرغانىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ
خانىنى قۇبا (كېيىنكى قوۋا) غىچە قوغلاپ بارىدۇ، ئاندىن
سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ سۈلھ قىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ناسىر
پەرغانىگە يەنە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن.
لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنىڭدىن باشقا ھەربىي ھەرىكەت
بولغان ئەمەس.

خوراسان بىلەن ماۋارا ئۇننەھرنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە،
ناسىر ئاقسۆڭەكلەر بىلەن «دىھقانلار» غا تايىنىش ۋە ئۇلار بى-
لەن بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللانغان. ئۇ ئۆزى بۇخاراخۇدات-
نىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇ «دىھقانلار»، پومېشچىك ئاقسۆڭەك-
لەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. جان بېجى مەسىلىسىدە، تە-
بەرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى 30 مىڭ مۇسۇلماندىن قانۇنسىز
باج ئېلىنىپ، 80 مىڭ غەيرىي مۇسۇلماننىڭ بېجى كەچۈرۈم
قىلىنغانىكەن. ناسىر كېلىپ، باجنى مۇسۇلمانلاردىن غەيرىي
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىگەن. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكتىن،
ناسىرنىڭ بۇ تەدبىرىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلغان.

ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان سوغدىلار ئەرەبلەردىن قېچىپ تۈرك-
لەرگە بېرىپ پاناھ ئىزدىگەن. تۈرك قاغانى ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، بۇ ئادەملەر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان.
741 - يىلى، ئۇلار ناسىر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، ناسىر
ئۇلارنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدى-
كى ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى دىنىغا قايتقانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك-

كە ماقۇل بولغان. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىلگىرىكى شەخسىي قەرزلىرىنى كەچۈرۈم قىلغاندىن باشقا، يەنە دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج قەرزىنىمۇ كەچۈرۈم قىلغان. قارىغاندا، بۇ تەدبىرلەرمۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان.

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەرەبلەر بېسىپ كىرگەندىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان نەچچە ئون يىللىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ، شۇ جايلارنىڭ ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا نىسبەتەن بىر خىل كۈلپەت ئىدى. خەلق ئۇرۇشتىن بىزار بولۇپ، تىنچلىققا تەشنا ئىدى. ناسىرنىڭ سىياسىتى خەلقنىڭ بۇ ئارزۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇردى. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىگىلىك ئىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەنىدى. تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، گويا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە گۈللەنگەن. بىراق، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ يىلتىزى يەنىلا ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ھۆكۈمرانلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئەمگەكچى دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە باشقا زىددىيەتلەر ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە ئىدى. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ پارتلىشى ئاخىرى بېرىپ ۋولقان تېغى پارتلىغاندەك، ئۇمەييە خاندانلىقىنى گۇمران قىلىپ تاشلىدى. ناسىر دەۋرىدىكى نىسپىي گۈللىنىش بۇ — خاندانلىقنىڭ سەكرات ئالدىدىكى بىردەملىك ئويغىنىشىدىنلا ئىبارەت بولدى. خالاس.

# ئونىنچى باب
# ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئۆز خاندانلىقلىرىنى قۇرۇشى

## 1 - بۆلۈم مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى، ئەبۇ مۇسلىم ۋە ئاببا سىيلار (قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر) خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

VII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيىتى ئەرەبلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ كەلدى. 60 نەچچە يىل داۋامىدا، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۈزلۈكسىز بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، باج - خىراج تۆلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى نامدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. يەرلىك خەلقلەر ئەرەبلەرگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، ئەرەب

تاجاۋۇزچىلىرىنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرالمىغان بولسىمۇ، لې-
كىن ئاخىر ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىنى يىمىرىلىشكە ئېلىپ باردى.
ئىران تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاببا سىيلار
(قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر) خاندانلىقىدىكى تەسىرى بارغانچە
زورىيىپ، IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە،
يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن
مۇستەقىل بولغان خاندانلىقلار بارلىققا كەلدى. ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئارا بىر
قاتار جېدەل - ماجىرا، گۈللىنىش - خارابلىشىش ۋە ئالمىشىش-
لارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىران تىلىدىكى
ھەرقايسى مىللەت ئاھالىلىرىنى ئاساس قىلغان ماۋارائۇننەھر-
نىڭ سىياسىي ۋەقەلىرىگە بارغانسېرى ئارىلىشىپ، ئاخىر
ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاندان-
لىقىنى قۇردى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلار بىردىنلا مەيدانغا كەلگەن
بولماستىن، بەلكى يېرىم ئەسىر، ھەتتا 100 يىللىق جەرياندا
مەيدانغا كەلدى. بۇ بابتا ئەنە شۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك
جەريانىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي ئەھۋالى بايان
قىلىنىدۇ. كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەرنى
يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئالدى
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا يا-
شىغۇچى تۈركىي مىللەتلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى
ئىزھار قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىمىز. مىلادى
VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، شەرقىي تۈركلەر ئۆز سەردارى بەگ-
چورقاغان دەۋرىدە، ھەربىي جەھەتتىن كۈچىيىپ كېتىدۇ.
موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار (ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى

ئاستىغا ئالدۇ. ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، غۇن قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈپ كېلىدۇ①. VIII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى، شەرقىي تۈركلەر ئاجىزلىشىپ، ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىللار تەرىپىدىن يىمىرىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى كۆلبىلگە بىلەن قارلۇقلارنىڭ سەردارى ئۆزلىرىنى سول ۋە ئوڭ يابغۇ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆل بىلگە ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان دەپ جاكارلايدۇ، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئادالەتپەرۋەر خان دەپ ئۇنۋان بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار ئاستا - ئاستا جەنۇبقا يۆتكىلىپ، ئەسلىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى قارابالغاسۇننى پايتەخت قىلىدۇ. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە، ئۇلار «جەنۇبتىكى تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىنى ئىگىلەپ، ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلىقىدا بارگاھ (ئوردا) قۇرغان.» كېيىن ئۇنىڭ «زېمىنى بارغانسېرى كېڭىيىپ، شەرقتە شىرۋىلارغا، غەربتە ئالتاي تېغىغا يېتىپ بارغان، جەنۇبتا موڭغۇل قۇملۇقىنى تىزگىنلەپ، قەدىمكى ھونلارنىڭ زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن» دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقا بىر قەبىلىسى — قارلۇقلار بار ئىدى. قارلۇقلار تۈركەشلەرنى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربىي رايوندا دەۋر سۈرگەن. تۈركەشلەرنىڭ سەردارى باغاتارخان 738 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوۋمى پارچىلىنىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن. بۇ

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ۋە سېن جۇڭمىيەننىڭ «تۈرك تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1 - قىسىم، 330 - بەتكە قاراڭ. سېن جۇڭمىيەن: «كۆچكەنلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت بىر قىسمى» دەيدۇ.

چاغدا، قارلۇقلار بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئالتاي تېغى ۋە
ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ۋادىلاردىن ئاستا ـ
ئاستا غەربكە كۆچكەن. جىدې يىللىرى (756 ــ 757) دىن
كېيىن، تۈركەشلەرنىڭ سېرىق، قارا ئىككى قوۋمى ئۆزئالدىغا
قاغان تىكلەپ، بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ تۈرگانلىقتىن،
شەرق تەرىپىدىكى قارلۇقلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغان بولۇپ
قالغان. قارلۇقلارنىڭ شەرق تەرىپىدە كۈچلۈك قوشنا ــ ئۇيـ
غۇرلار بولغانلىقتىن، ئۇلار غەرب تەرەپتىكى چۇ دەرياسى،
تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ئون ئوق غەربىي تۈرك قاغانـ
نىڭ بۇرۇنقى زېمىنىغا كۆچۈپ بارغان. «يېڭى تاڭنامە. قار-
لۇقلار ھەققىدە قىسسە» دە: «جىدې يىللىرىدىن كېيىن،
قارلۇقلار ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇستۇنلۇك
تالىشىپ، ئون ئوق قاغانىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىغا كۆچۈپ
بېرىپ، سۇياپ ۋە تالاس شەھەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان. نەتىـ
جىدە ئۇيغۇرلار چەكلىمىگە ئۇچراپ، خاندانلىقتا كەلمەكچى
بولسىمۇ، ئۆزلىرى كېلەلمەس بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. قار-
لۇقلارنىڭ غەربىي يۇرتقا جايلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا،
خەنزۇچە مەنبەلەردە تومتاقلا «ئون ئوق قاغانىنىڭ بۇرۇنقى
زېمىنىغا كۆچۈپ بارغان» دېيىلگەن. لېكىن X ئەسىردە
خوبكان دېگەن جايدا ئۆتكەن نامسىز بىر يازغۇچىنىڭ پارسچە
يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن جۇغراپىيە ئەسىرىدىن بىز
بىرقەدەر كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ ئەسەردە مۇنـ
داق دەپ بايان قىلىنغان: «ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە تىبەتلەر-
نىڭ بەزى رايونلىرى بىلەن ياغمىلارنىڭ چېگرىسى ۋە توق-
قۇزغۇزلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى ــ ئاپتور) بار؛ جەنۇبىدا ياغـ
مىلارنىڭ بەزى رايونلىرى بىلەن ماۋارا ئۇننەھر (ترانسئوكـ
سىيانا) ئۆلكىسى بار؛ غەربىدە غۇزلارنىڭ چېگرىسى بار؛

شىمالىدا تۈركەشلەر، چىگىللار ۋە توققۇز ئوغۇزلار بار①. ئۇنىڭ زېمىنى ئاۋات بولۇپ، تۈركلەر رايونى ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە تۈركەشلەپ ئاقىدىغان دەريالار بار، ھاۋاسى ئادەمگە بەك ياقىدۇ، ئۇ يەردىن تۇرلۇك تېرە - يۇڭلار ئېكسپورت قىلىنىدۇ. قارلۇقلار (مەدەنىيەتلىك) مىللەتلەرگە يېقىنراق بولۇپ، مىجەز خاراكتېرى يېقىملىق، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئامراق. ئۆتمۈشتە قارلۇقلارنىڭ خانى يابغۇ دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ زېمىنىدا شەھەر - بازار ۋە يېزا - كەنتلەر بار. قارلۇقلارنىڭ بەزىلىرى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بەزىلىرى دېھقانچىلىق قىلىدۇ، بەزىلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى قوي، ئات ۋە تۇرلۇك تېرە - يۇڭدىن ئىبارەت. ئادەملىرى ئۇرۇش خۇمار كېلىدۇ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن②». بۇ كىتابتا يەنە قارلۇقلار چېگرىسى ئىچىدىكى بەزى كونكرېت جايلار تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن مەزكۇر قەبىلىنىڭ جايلاشقان يەرلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ، مەسىلەن، «كۇلان (يۇقىرىدا بۇ جاينىڭ ھازىرقى ئەۋلىيا ئاتا رايونىدىكى تارتى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ ئۆتكەنىدۇق) بىر كىچىك جاي بولۇپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن قوشنا ئىدى (بۇنىڭدىن قارلۇقلارنىڭ ئۇ چاغلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ). بۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلىنىدۇ. مىركى (ھازىرمۇ مىركى دەپ

---

① ئىلاۋە: بۇ يەردە ئېيتىلغان تۆت تەرەپتىكى قوشنىلىرىنىڭ ئورنى ئانچە توغرا ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى — يازغۇچى ئۇ جايلارغا ئۆزى بارغان بولماستىن، پەقەت ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپلا يازغان.

② «ھۇدۇدۇلئالەم»، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 97 - بەت.

ئاتىلىدۇ، مىركى بىلەن كۇلان ھازىر ئىككى پويىز ئىستانسىسى) بىر كىچىك كەنت بولۇپ، ئۇ يەردە قارلۇقلار بار ئىدى، بۇ يەرگە سودىگەرلەرمۇ كېلىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى كەنت (كۇلان بىلەن مىركى) ئارىلىقىدا قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسى بولۇپ، بۇلار بىستان، قايىم، بىرىش دەپ ئاتىلاتتى①». يۇقىرىقى ئىككى جاي تالاس دەرياسى ۋادىسىدا جايلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە: «TĀLKH - ZA بىلەن Tŭn.L» دىن ئىبارەت ئىككى كەنت تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ كەنتلەر چىگىللار بىلەن قارلۇقلارنىڭ چېگرا رايونىدىكى تاغ ئارىسىدا بولۇپ، ئىسسىق كۆلگە يېقىن، ئاھالىلىرى باتۇر ۋە ئۇرۇشخۇمار كېلىدۇ. بارسخان (BARSKHĀN)② كۆل بويىدىكى بىر شەھەر. ئۇنىڭ خانى («دېھقان») قارلۇق قەبىلىسىدىن، لېكىن ئۇنىڭ (ئاھالىسى) توققۇزئوغۇزلارغا ئىتائەت قىلىدۇ. JAMGH.R — قارلۇق چېگرىسى ئىچىدىكى بىر كىچىك رايون بولۇپ، قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئىلگىرى قارلۇقلارغا قارايتتى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ھاكىمىيتى توققۇز ئوغۇزخانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ③» ۋەھاكازا. بۇ، پارسچە يېزىلغان خاتىرىلەر بىلەن خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى زاماندا قارلۇقلار ئاساسەن چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب تەرىپى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىغىچە يېتىپ بارغان. يەنە بىر قىسىم قارلۇقلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇقىرى توخارىستان رايونىغا جايلاشقان④.

① «ھۇدۇدۇلئالەم»، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 97 - بەت.

② شۈي سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئېقىن - دەريالار خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان بارخۇن دېگەن جاي بولۇشى كېرەك.

③ «ھۇدۇدۇلئالەم»، 98 - بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 288 - بەت.

باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ئىككىنچى تومدا بايان قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە، ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئەرەبلەرنىڭ ئۇمەييە خاندانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئىشغال قىلغان زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، دائىرىسى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگىچە يېتىپ بارغان. شۇڭا، سىكېس «پېرسىيە تارىخى» دا، ئۇمەييە خاندانلىقى دېگەن نام بىلەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى دېگەن نامنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قوللانسا بولۇۋېرىدۇ، ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش دەيدۇ. لېكىن ئەرەبلەرنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ ھەرقايسى مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن، نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ يۈز بەرگەن. مەسىلەن، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسى بولغان ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالساق، بۇ يەردىكى ئاھالە ئاساسەن ئىران ۋە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بولۇپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئەرەبلەر قانداقلا بولمىسۇن ئاز سانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پېرسىيە، ئامۇ دەرياسى ئويمانلىقىدا ۋە ماۋارائۇننەھردە قەدىمىي مەدەنىيەت بار ئىدى. پارسلارنىڭ نەزىرىدە، ئەرەبلەر گويا بەدىۋىيلەر ئىدى. ئۇلار مەيلى جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، سەنئەت جەھەتلەردە بولسۇن، پارسلاردىن كۆپ ئارقىدا ئىدى. ئۇلار مائارىپقا سەل قارايتتى. خۇددى سىكېس «پېرسىيە تارىخى» دا مىسال قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر كىشى بىر ئەرەبنىڭ گرامماتىكا ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «توۋبى! مۇئەللىمنىڭ كارامىتى ئەنە شۇنچىلىك، قەلەندەرمۇ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ» دېگەن. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، پارسلار ئەرەبلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى. بىراق،

سىياسىي جەھەتتە ئەرەبلەر ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، ئۇلاردا بۇ جەھەتتە بىر خىل ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بار ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. پارسلار ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىدى، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىنماي، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا چەتكە قېقىلدى. شۇڭا، پارسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى، ھۆكۈمەت ئىچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئورنىنى تەلەپ قىلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئەرەبلەر ئىسلام دىنى مۇرتلىرىغا ھەرجەھەتتىن ئېتىبار بەردى، مەسىلەن، جان بېجى ئالماسلىق ۋە باشقىلار. غەيرىي ئىسلام دىنىدىكىلەرگە بولسا باشقىچە مۇئامىلە قىلدى، ئۇلاردىن جان بېجى ئېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ھەمىشە ئۇلارنى قۇل قىلىپ ساتتى، ھەرجەھەتتىن خارلىدى. كېيىنكى چاغلاردا، ھەتتا ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەنلەرگىمۇ باراۋەرمۇئامىلە قىلمىدى. شۇڭا، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خوراساندا، توخارستانۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، خەلقنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان نارازىلىقى ۋە غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇلارغا قارىتا قارشىلىق ۋە قوزغىلاڭ يىلمۇ يىل ئۈزۈلمىدى.

ئەرەبلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ، خەلق ئاممىسى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر، ھۆكۈمرانلار ۋە ھەربىي سەركەردىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن جان بېجى ئېلىنمايدىغان بولسىمۇ، ئەمما يەر بېجى ئېلىناتتى. ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى ئۇزۇن يىلغىچە ئەرەب قەبىلە ئەزالىرىنى تۈگىمەس ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى ئۇرۇش قۇربانى قىلسىمۇ، ئەمما قولغا كەلتۈرگەن ئولجا - غەنىيمەت ۋە مال - بايلىقنى ئاز سانلىق يۇقىرى

دەرىجىلىك سەركەردىلەر ۋە خەلىپە بولۇشۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاددىي پۇقرالار يەنىلا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم ئاستىدا تۇراتتى. شۇڭا، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شىئە مەزھىپىنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇ ھەرىكەت دەسلەپتە پەيغەمبەرنىڭ قانۇن - نىزامى نامىدا ئەلى جەمەتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان. شىئەلەر: ئەلى بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى، شۇڭا، ئۇنى ۋارىسلىققا سايلاش كېرەك دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن، كېيىن بۇ مەزھەپ ئىچىدىن خاۋارىجلار (بۇنىڭ مەنىسى «چېكىنىپ چىققۇچىلار» دېگەن بولىدۇ) بۆلۈنۈپ چىققان. خاۋارىجلار ئەڭ تەقۋادار ئادەملا خەلىپە بولالايدۇ، ئۇنىڭ مىللىي تەركىبى ۋە ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشىنى سۈرۈشتۈرۈش ھاجەتسىز دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەزھەپ ماھىيەتتە ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتۇرىسىغا قارشى مەزھەپ بولغاچقا، كېيىنكى چاغلاردا، بولۇپمۇ مالىمانچىلىق مەزگىللىرىدە، بۇ مەزھەپنى ھىمايە قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولغان. يەنە بىرى — ئابباسىيلار. ئاببىاس — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى 718 - يىلدىن باشلاپ ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى ھەرىكەت ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلىپىلىك تەختىنى تارتىۋالماقچى بولغانىدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەلچىلەر (شىئە مەزھىپى) نى ئۆزى تەرەپكە تارتىشقا تىرىشقان، بولۇپمۇ بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنى، ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى تۇرغۇچى بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى پېرسىيە، خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنتايىن كۆپ ئەگەشكۈچىلەرگە ئېرىشكەن. بۇ ھال بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، بۇ رايونلارنىڭ

ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە ئېنىزدىلگۈچى ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

ئاببىاس گۇرۇھى مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنى مەھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئاببىاسنىڭ چەۋرىسى قۇرغان. ئۇلارنىڭ كۇفە (ھازىرقى ئىراق دائىرىسىدە، ئېفرات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ناجاف دېگەن جايغا يېقىن) دە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى قىيىن بولغانلىقتىن، ئەرەبلەر ئازراق بولغان خوراسانغا بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار بۇ يەردە پارسلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ۋە شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىمۇ ئۆز تەرىپىگە تارتقان. ئاببىاس گۇرۇھىنىڭ ئاتاغلىق مۇرتى ئەبۇمۇسلىم① نىڭ ئۆزى خوراسانلىق ئىدى.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇراخمان ئىبنى مۇسلىم بولۇپ، ھەقىقىي پارس (ئىرانلىق) ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىگە ھەج قىلىشقا بېرىپ، ئۇ يەردە ئاببىاس گۇرۇھىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئاببىاس بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كېيىن ئۇ بىر باي ئەرەبنىڭ ئۆيىگە ياللىنىپ، ئېگەر - جابدۇق ياسايدۇ. مۇھەممەد ئاببىاس 20 ياشلىق بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۆز گۇرۇھىغا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ ئاببىاس گۇرۇھىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خوراسانغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ 747 - يىلى خوراسانغا كېلىدۇ. يەرلىك خەلقنىڭ كۆپچىلىكى «روھ قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنەتتى، ئەبۇ مۇسلىم ئىسلام دىنى بىلەن بۇ خىل ئېتىقادنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، «دېھقانلار»

① «كونا - يېڭى تاگنامە. ئەرەبلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئىبنى بوسلىن دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

بىلەن يېزا ئاھالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بارتولد نەقىل ئالغان ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، «بىر كۈن ئىچىدىلا ئاتمىش كەنتنىڭ ئاھالىسى ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغان①» ئۇ يەنە ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى پارلىق كىشىلەرنى (جۈملىدىن خاۋارىجلارنىمۇ) مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىگە تارتالىغان.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ھەرىكىتى شۇ چاغدىكى خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ناسىرنى ئەندىشىگە سالغان. ناسىر كىشىلەرگە ئەبۇمۇسلىملارنىڭ مەقسىتى — ئەرەبلەرنى قىرىپ تاشلاش، دەپ تەشۋىق تارقىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئەرەبلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئابباس گۇرۇھىغا قارشى قوزغىماقچى بولغان. لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل قىلالماي، ھەربىي قوشۇن نەۋەتىپ ئۇلارنى باستۇرغان. ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ بايرىقى ئاق، شىئە مەزھىپىنىڭ بايرىقى قارا بولۇپ، ئەبۇمۇسلىمۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قارا بايراق كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇمەييە خاندانلىقىغا نارازى بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قارا بايراق ئاستىغا ئۇيۇشىدۇ. ئۇمەييە خاندانلىقى خوراساندا كىشىلەر نەزەرىدىن چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ناسىرنىڭ قوشۇنى قوزغىلاڭچىلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم خوراساننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ھىراتنى ئارتىۋالىدۇ ۋە سوغدىياناغا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ، جايلاردىكى مۇسۇلمانلارغا «قۇتبە» نى ئابباسنىڭ نامىغا ئوقۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ (ئۇنىڭ مەقسىتى — ئابباسنى خەلىپە ۋە دىنىي داھىي دەپ ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىدى). ناسىر ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، خەلىپىنىڭ ياردەم بېرىشىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇ، خوراسان قولدىن كەتسە ئۇمەييە خاندانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن خەلىپىدىن جاۋاب ئالالمايدۇ.

---

① «بارتولد ماقالىلىرى». 1 - توم، 252 - بەت.

ناسىر ئىلاجىسىز قېلىپ، 748 - يىلنىڭ بېشىدا خوراساندىن چېكىنىپ چىقىپ، ساراخس (ھازىرقى تۈركمەنىستان بىلەن ئىران چېگرىسىدىكى ھەل دەرياسى بويىدا) ئارقىلىق نىشاپۇر (ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھەدكە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جاي) غا قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ يەردە ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ سەركەردە كاھتاب ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى تارمار قىلىدۇ. 748 - يىلى كۈزدە، ناسىر مەغلۇپ بولۇپ ھەمەدانغا قېچىپ بارغاندا، قېرىپ ھالسىزلىنىپ، 85 يېشىدا ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇمەييە خاندانلىقىمۇ گۇمران بولىدۇ. مىلادى 749 - يىل ئاخىرىدا، ئابباسىيلار خاندانلىقى ئىلگىرىكى خەلىپە ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئەبۇل ئابباس خەلىپىلىككە ئولتۇرىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم خوراساننىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىككى چوڭ سەركەردە ۋە تايانچ بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئەبۇ داۋۇدخالىد ئىبنى ئىبراھىم، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى زىياد ئىبنى سالىھ ئەل خۇزائى ئىدى. بۇ ئىككىسى، ئەبۇ مۇسلىمغا ياردەملىشىپ ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە تۈرلۈك قارشى گۇرۇھلارنى باستۇرغان.

ئەبۇ مۇسلىمنى ئابباسىيلار خاندانلىقىنى قۇرۇشتىكى ئۇلۇغ تۆھپىكار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىرانلىقلارنىڭ غەلىبىسىدىن ۋە پېرسىيە تەسىرىنىڭ بۇ يېڭى خاندانلىقتا تەدرىجىي كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ ھالاكىتى ئىسلامىيەت بىرلىكىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىنىڭمۇ سىگنالى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ يۈز

بىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇمەييە خاندانلىقى جايلارنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىرىنى زادىلا ئىتتىراپ قىلمىغانىدى. خاندانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئەرەب ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىشكە يۈزلەندى. شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە، يېقىن شەرق بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش بىلەنلا قالماي، خوراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ ئۆز زېمىنىدىمۇ، يەرلىك مىللىي كۈچلەرنىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا، جايلاردا ئاخىر مۇستەقىل ئىسلام خاندانلىقلىرى بارلىققا كەلدى.

مىلادى VII ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەرەب خاندانلىقىنىڭ ئالمىشىشىدەك بۇنداق زور ۋەقە يۈز بەرگەندىن باشقا، تىبەتلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىمۇ تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن يەنىلا بىر زور تەھدىت بولۇپ قالغانىدى. تىبەتلەر تۆت ھەربىي قورغاننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كىچىك بولور دۆلىتىنى داۋاملىق ئىگىلەش كويىدا بولدى. مىلادى 722 - يىلى تىبەتلەرنىڭ كىچىك بولورغا قىلغان قورشاۋ ھۇجۇمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەشبالىق ھىراۋۇلى جاڭ شياۋسۇڭ تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، 20 يىلغىچە بۇ رايون تىنىچ ئۆتكەنىدى. ئەمما كىچىك بولور خانى مالەيشى ۋاپات بولۇپ، سۇشىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، تىبەتلەر ئۇنى ئاستىرتتىن ئۆزىگە تارتىپ، قىزىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىپ، كىچىك بولورغا ئۆز تەسىرىنى كىرگۈزىدۇ. نەتىجىدە غەربىي يۇرتتىكى 20 نەچچە دۆلەت تىبەتلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ توسالغۇ بولۇشى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقانچە ئەللەر تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغا - سالام يوللىيالمايدۇ. 742 - يىلدىن 746 - يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، تاڭ سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھىراۋۇل تيەن

رىۋەن، گەي جىايۈن، فۇمېڭلىڭچالارنى تىبەتلەرگە قارشى ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، غەلىبە قىلالمايدۇ. 747 - يىلى، تاڭ شۈەنزۇڭ ئەنشىنىڭ مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى گاۋشيەنجىنى بىر تۈمەن پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەر (پىيادە لەشكەرمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېتىنى مىنگەن) گە باشچى قىلىپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ماڭدۇردى. تاڭ قوشۇنلىرى ئەنشىدىن چىقىپ، بارچۇق (مارالبېشى)، قەشقەر، پامىر قاتارلىق جايلار ئارقىلىق، 100 نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، تېلمان يەنى شىغنان دۆلىتى (پەنج دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستان چېگرىسى تۇتىشىدىغان خېروگ دېگەن جاينىڭ شىمالىغا يېقىن) گە يېتىپ باردى. گاۋشيەنجى ئۆز قوشۇنىنى ئۈچ يولغا بۆلدى: بىرىنچى يول قوشۇنىدا 3000 ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، بۇ قوشۇنغا قەشقەر بوقالى جاۋچۇڭبى باشچىلىق قىلىپ، شىمالىي جىلغىدىن كىرىپ، توپتوغرا تىبەتلەر ئىگىلەپ تۇرغان لىيەنيۈنباۋ (连云堡 سار خادقا يېقىن جاي) غا يۈرۈش قىلدى؛ ئىككىنچى يولدىكى قوشۇنغا پەرغانە بوقالى جيا چۇڭخۇەن باشچىلىق قىلىپ، قىزىل بۇت (赤佛堂)① تىن كىردى؛ گاۋشيەنجىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرانچى بوقال بىيەن لىڭچېڭ بىلەن ۋاخاندىن كىردى. ئۇلار 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە لىيەنيۈنباۋدا قوشۇلۇشنى كېلىشتى. ئۇ چاغدا لىيەنيۈنباۋنى 1000 ئەسكەر ساقلاپ ياتقان. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا 15 چاقىرىم جايدىكى تاغدا بىر

① ستېيىن «سېرىندىيە» دېگەن كىتابىدا، قىزىل بۇتنى لەڭگەردىن بوزاي گۇمبەزگە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر تاش ئۆي، دەپ تەھقىقلەشتۈرگەن. بۇ بىر كىچىك ئىبادەتخانا (vihara ۋىھارا) بولۇپ، يېقىنقى زاماندا يەرلىك ئادەملەر ئۇنى كارۋان بالىسى (karwan - balasi) دەپ ئاتىغان.

قەلئە بولۇپ، ئۇنى 8000 — 9000 ئەسكەر ساقلايتتى. شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولور دەرياسى (ۋاھان دەرياسى) بولۇپ، ئۇ چاغ تاشقىن ۋاقتى بولغاچقا، جاڭ شەنجى قوشۇنىغا ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلىتىپ، دەريادىن ئۆتۈپ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، تاغقا چىقىپ قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. تىبەتلەر تاڭ قوشۇنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولغاچقا، قاتتىق چۆچۈپ، تاغدىن چۈشۈپ جەڭ قىلماي، تاغدىن زەمبىرەك ئوقى ۋە تاشلارنى يامغۇردەك ياغدۇرىدۇ.

ئۇ چاغدا، گاۋشيەنجى گاۋلىن، لى سىيېلەرنى ئوڭ - سول تەرەپ قىلىچۋازلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارغا چۈشتىن بۇرۇن قەلئەنى ئېلىشىڭلار شەرت دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لى سىيې پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۇزۇن قىلىچ بىلەن قوراللىنىپ، تاغنىڭ خەتەرلىك چوققىسىغا يان تەرەپتىن يامىشىپ چىقىدۇ، قالغان سانغۇنلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاغقا يامىشىپ چىقىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، چۈشكە قالمايلا تىبەتلەرنى بىتچىت قىلىپ، قەلئەنى ئىشغال قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ 5000 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 1000 ئادىمىنى تىرىك تۇتىدۇ. قالغان دۈشمەنلەر پىتىراپ قېچىپ، كۆپچىلىكى دەريادا غەرق بولىدۇ. بىيەن لىڭچېڭ ئۆزىنىڭ دۈشمەن دائىرىسىگە بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. گاۋشيەنجى ئۇنىڭغا 3000 ئەسكەر بېرىپ، ئۇنى قەلئەنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ داركوت دېگەن جايغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇ يەر بەك تىك تۆپىلىك بولۇپ، 40 چاقىرىم يەر-

گىچە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ①. ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇپىس شەھىرى بار ئىدى. گاۋشيەنجى ئۆز قوشۇنىنىڭ يەر شارائىتىنىڭ خەتەرلىكىدىن قورقۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئالدى بىلەن 20 نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنى گۇپىس شەھىرىدىن تاڭ قوشۇنلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن خۇ (غۇز) لارچە ياساندۇرۇپ ماڭدۇرىدۇ. دەرۋەقە، گاۋشيەنجى قوشۇنى ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، تاغنىڭ بۇنداق خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى: «سەركەردە، سىز بىزنى نەگە باشلاپ بارماقچى؟» دېيىشىدۇ. دەل بۇ چاغدا، ھېلىقى غۇزلار قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان ئاتلىق ئەسكەرلەر كېلىپ، ئۇلارنى قارشى ئالغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوشۇن تاغدىن چۈشۈشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەتىسى گۇپىس شەھىرىگە كىرىدۇ. شۇ كۈنى گاۋشيەنجى سەرگەردە شى يۈەنچىڭ، خېلو تۈرۈنلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۆۋرۈكنى رېمونت قىلدۇرىدۇ. گاۋشيەنجى ئەتىسى يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ يەنە شى يۈەنچىڭگە 1000 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كىچىك بولور خانىغا بېرىپ: «بىز سىزنىڭ

---

①داركوت — ھىندۇقۇش تېغىدىكى بىر ئېغىز، كەشمىرنىڭ گىلگىت دېگەن يېرىدىن پاكىستاننىڭ چىتلار دېگەن يېرىگە بارىدىغان يول. ئۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 15 مىڭ ئېگىز بولۇپ، تۆۋىنى ياپيېن جىلغىسىغا تۇتاش. ستېيىن «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» دە: مەن تاغ ئېغىزىنىڭ چوققىسىدا پارقىراپ نۇر چاقناپ تۇرغان قارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاللەمنىڭ كەز تۆۋەندىكى ياسىن جىلغىسىنىڭ ئاخىرقى بېشىدىكى داۋانغا نەزەر سالغىنىمدا، دەسلەپتە ئىلگىرى سىلجىشنى رەت قىلىپ، كېيىن تىرىشىپ - ئىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن گاۋشيەنجى قوشۇنىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئاندىن ئېنىق بىلدىم» دېگەن (شياڭ دا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى، 31 - بەت).

شەھىرىڭىزنى ئىگىلىۋالمايمىز، كۆۋرۈكنىمۇ بۇزمايمىز، پەقەت يولىڭىزدىن پايدىلىنىپ چوڭ بولورغا ئۆتۈۋالساقلا بولىدۇ» دەپ ئېيتىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ شەھەردە بەش ـ ئالتە ئاقساقال بولۇپ، ئۇلار تىبەتلەرگە بەكمۇ ساداقەتمەن ئىكەن. شۇڭا گاۋشيەنجى شى يۈەنچىڭگە: «قوشۇنىمىز يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن پۇقرالىرى چوقۇم قېچىپ تاغ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. سىز ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسى ئىلتىپات قىلغان يىپەك مال ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىڭلار دەپ چاقىرتىڭ، ئۇنىڭ باشلىقلىرى يېتىپ كەلگەندە دەرھال قولغا ئېلىپ، مېنىڭ كېلىپ بىر تەرەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېگەن. شى يۈەنچىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ، پۈتۈنلەي گاۋشيەنجىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بىرقانچە ئاقساقالنى قولغا ئالىدۇ. كىچىك بولور خانى بىلەن تىبەت مەلىكىسى تاغ ئىچىگە قېچىپ بېرىپ، تاش ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقتىن، ئۇلارنى تۇتالمايدۇ. گاۋشيەنجى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تىبەتلەرگە ئەل بولغان بەش ـ ئالتە ئاقساقالنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن شى يۈەنچىڭگە بۇيرۇق بېرىپ، شەھەردىن 60 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىۋىق كۆۋرۈكنى بۇزدۇرىدۇ، كۆۋرۈكنى ئەمدىلا بۇزۇپ بولۇشىغا، تىبەتلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەن، لېكىن دەريادىن ئۆتەلمىگەن.

شۇنىڭ بىلەن، گاۋشيەنجى كىچىك بولۇر خانى بىلەن مەلىكىنى ئۆڭكۈردىن چىقىپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. 747 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، قىزىل بۇت ئارقىلىق يۈرۈپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ قايتىدۇ. 9 ـ ئايدا ليەنيۈنباۋغا يېتىپ بېرىپ، بيەن لىڭچېڭ بىلەن قوشۇلۇپ،

شۇ ئاينىڭ ئاخىرى مۇرغاب دەرياسىغا قايتىپ كەلگەن.

كىچىك بولور تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇ يەردە 3000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئۇ يەرنى ساقلايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن توسالغۇسىز باردى - كەلدى قىلالايدىغان بولىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىچىك بولورنى تىنچىتىشقا قەتئىي بەل باغلىشى، دەرۋەقە، تىبەتلەرنىڭ كېڭەيمىچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ئۆز قولىدا ئىگىلەپ، ئەنشى تۆت ھەربىي قورغىنىنىڭ قاتناش يولى ۋە مۇھىم سودا يولىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇششاق ئەللەرگە بولغان خوجىلىق ھوقۇقى ۋە تەسىرىنى ساقلاپ قېلىش، شۇ ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توسۇشنىمۇ كۆزدە تۇتقان. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى كىچىك بولورغىلا ئەمەس، يەنە يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئىپادىسى كۆرۈلگەن قارام ئەللەرگىمۇ داۋاملىق ھەرىكەت قوللانغان. مەسىلەن:

مىلادى 748 - يىلى، بەشبالىق ھىراۋۇلى ۋاڭ جېڭجيەن ئەنشى — سۇيئابقا يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى گۇمران قىلغان ①.

① «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «تيەنباۋ 7 - يىلى، بەشبالىق ھىراۋۇلى ۋاڭ جېڭجيەن ئەنشىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنى گۇمران قىلغان» دېيىلگەن («يېڭى تاڭنامە»، 6246 - بەت). بۇ يەردە ئېيتىلغان ئەنشى — كۇچا ئەمەس. سۇيئاب. «دۇخۇەننىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە: «تيەنباۋ 7 - يىلى، بەشبالىق ھىراۋۇلى ۋاڭ جېڭجيەن جازا يۈرۈشى قىلىپ، شەھەر سېپىلىنى ۋەيران قىلغان، شەھەر چۆلدەرەپ كەتكەن» دېيىلگەن.

749 - يىلى، توخار يابغۇسى سىرخىنىگارو تاڭ سۇلالى-
سىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللاپ، تىبەتلەرگە بېقىنىپ،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىچىك بولوردا تۇرۇشلۇق قوشۇنىغا تەمىنات
يەتكۈزۈلىدىغان يولنى توسۇۋالغان قاسا دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى
قىلىشنى تەلەپ قىلغان. 750 - يىلى، گاۋشيەنجى قاسا
(Khasa) دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ خانى بوتشاتىنى
ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىنىسى سۇكانى خانلىققا تىكلىگەن.

يەنە 750 - يىلى، پەرغانىدىكى ئىخشىد تاڭ قوشۇنى-
دىن ئۆز رەقىبى — تاشكەنت خانىغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم
بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇ چاغدا فۇمېڭلىڭچانىڭ ئورنىغا
ئەنشى تۆت ھەربىي قورغان ھېراۋۇلى بولۇپ تۇرغان گاۋشيەنجى
پەرغانىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تاشكەنت بىلەن يالغاندىن
سۈلھ تۈزۈپ، ئەمەلىيەتتە قوشۇن تارتىپ بېرىپ ھۇجۇم
قىلغان، ئۇنىڭ خانى چابىشنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى
ئەسىر ئېلىپ قايتقان ①. خەنزۇچە مەنبەلەردە، بۇ ۋەقەنىڭ
كېلىپ چىقىشىغا «تاشكەنت خانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك
سوۋغىتى يوللىمىغانلىقى» سەۋەب بولغان دېيىلىدۇ. بىراق، بۇ
ھەرىكەتلەر ئەسلى جۇڭگوغا مايىل بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ نارازىلىقىنى
قوزغاپ قويغان. تاشكەنت خانىنىڭ ئوغلى جايلارغا بېرىپ
داد - شىكايەت ئېيتىپ، ئەرەبلەردىن ياردەم تىلىگەن. ئەرەب-
لەرنىڭ ئابباسىيلار خاندانلىقى (قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر)
نىڭ خوراساندا تۇرۇشلۇق ۋالىيسى ئەبۇ مۇسلىم ئۆز قول
ئاستىدىكى چوڭ سەركەردە زىيادنى قوشۇن باشلاپ ياردەم

① ئەرەب مەنبەلىرىدە شۇنداق دېيىلگەن. «بارتولد ماقالىلىرى
توپلىمى»، 1 - توم، 254 — بەتكە قارالسۇن.

بىردىشكە ئەۋەتكەن. «كونا تاڭنامە. دۇەنشىۋشىنىڭ تەرجىمىھالى» دا، گاۋشيەنجى «قوشۇن باشلاپ تالاس شەھىرىنى قورشىغاندا، قارا پەرىجىلىكلەر قۇتقۇزغىلى كەلدى» دېيىلگەن. بۇ ۋەقە ئەنە شۇ ئەرەب قوشۇنىنىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بولغان توقۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

تالاستا بولغان جەڭ مىلادى 751 - يىلى يۈز بەرگەن. بۇ قېتىمقى جەڭ توغرىسىدا خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆپرەك خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئەرەب مەنبەلىرىدە، مەيلى تەبەرىنىڭ ئەسىرىدە بولسۇن ياكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردە بولسۇن، بۇ ۋەقە زادىلا تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت ئىبنى ئەل ھاشىرلا بۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن①. ئۇنىڭدىكى بايان بىلەن خەنزۇچە مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرنى ئۆزئارا دەلىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: گاۋشيەنجى تاشكەنت خانىنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يوشۇرۇنچە ئەرەبلەرنى باشلاپ كېلىپ تۆت ھەربىي كەنتكە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان، گاۋشيەنجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال قارام ئەل ۋە خەنزۇ ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئاتلىنىدۇ. تاڭ قوشۇنلىرى 700 چاقىرىمچە ئىچكىرىلەپ، تالاس شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، ئەرەب قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جەڭ قىلىشىدۇ، جەڭ بەش كۈن داۋاملىشىدۇ. جەڭ داۋامىدا، قارلۇق قوشۇنى يۈز ئۆرۈپ، ئەرەبلەر بىلەن

---

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 1 توم، 47 - بەت.

بىرلىشىپ تاڭ قوشۇنىغا ئىككى تەرەپلەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. گاۋشيەنجى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئەسكەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەڭدە ئۆلىدۇ، ئاخىرىدا بىرنەچچە مىڭلا ئادىمى قالىدۇ①. گاۋشيەنجى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن لى سىسيې، دۇەن شيۇشىلار قاتتىق جەڭلەر ئارقىلىق ئەنشىگە

① بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان تاڭ قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ھەققىدە، خەنزۇچە مەنبەلەردە 30 مىڭ كىشى دېيىلگەن. ئەرەب تارىخچىسى تاڭ قوشۇنىدىن ئۆلگەن ئادەم 50 مىڭغا، ئەسىرگە چۈشكىنى 20 مىڭغا يېتىدۇ دەيدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئومۇمىي سان 70 مىڭ كىشى بولىدۇ. بارتولد: بۇ سان بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەن دەيدۇ. بەي شۇيى «تالاس جېڭىدىن ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە خاتىرىلەرگىچە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ: «شۇ چاغدىكى جەڭگە ئەمەلىي قاتناشقان قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 20 مىڭدىن ئاشمايدۇ.» لېكىن تاڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە جەڭگە قاتناشقان قارام ئەل قوشۇنلىرىمۇ بار، «قارام ئەل قوشۇنلىرى كۆپلەپ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن.» («يوگۇڭ» يېرىم ئايلىق ژورنىلى، 5 - توپلام، 11 - سان). «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 185 - جىلدى، چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئومۇمىي كىرىش سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «گاۋشيەنجى تاشكەنت دۆلىتىگە تالاس دەرياسىدا ھۇجۇم قىلغاندا 70 مىڭ ئادىمى بىلەن ھالاك بولغان» دېيىلگەن. بۇ سان ئەرەب مەنبەلىرىدىكى سان بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدا ئاپتور دۇيۇي ئۆزىنىڭ ئورۇق جەمەتى دۇخۇەننىڭ بايانىنى ئاساس قىلغان بولسا كېرەك. دۇخۇەن شۇ قېتىمقى جەڭگە بىۋاسىتە قاتناشقان، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىمۇ بارغان، شۇڭا ئۇنىڭ بايانىنى بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىبنى ئەل ھاشىرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بەي شۇيىنىڭ تەھلىلى بويىچە بولغاندا، تاڭ قوشۇنى 20 مىڭ كىشى بولۇپ، قالغان 40 — 50 مىڭ ئەسكەر غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى قارام ئەللەرنىڭ ئەسكەرلىرى بولغان بولىدۇ. قارام ئەل ئەسكەرلىرىنىڭ بۇنداق كۆپ بولۇشى شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنىلا نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ھەرقايسى ئەللەرگە ھۆكۈم سۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قېيتىپ كېلىدۇ①.

تالاس جېڭىدىكى مەغلۇبىيەت توغرىسىدا، ئەرەب مەنبەلىرىدە ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇقلار 20 مىڭ كىشى دېيىلگەن، گەرچە بۇ سان چوقۇم شۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئادەم سانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ جۇڭگولۇقلار ئىچىدە، بىر مۇنچە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر، ھەتتا زىيالىيلارمۇ بولغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىئون ۋە تارىخچى دۇيۇينىڭ ئۇرۇق جەمەتىدىن بولغان دۇخۇەن شۇ قېتىمقى جەڭگە قاتنىشىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. بۇ ئەسىرلەرنى ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى قۇل ئورنىدا ئىشلەتكەن، بەزىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جاي-

① جەڭنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، باشقا مىللەت (غۇز) ئەسكەرلىرىدىن جەڭگە قاتناشقانلارنىڭ خېلى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 216 - جىلدىدا: «گاۋشيەنجى قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ... ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن لى سىيې گاۋشيەنجىنى كېچىدە قېچىپ كېتىشكە دالالەت قىلىدۇ. يول تارلىق قىلىپ توسۇلۇپ قالىدۇ. پەرغانە قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار يولغا تىقىلىپ قالغان؛ (خۇنىڭ ئىزاھى: پەرغانە شۇ چاغدا گاۋشيەنجىگە ئىتائەت قىلىپ ئەرەبلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقانىدى.) لى سىيې ئالغا ئاتلىنىپ قەيسەرلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئادەملىرى جەڭدە ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. گاۋشيەنجى ئۆتۈۋالىدۇ. سەركەردىلەر بىلەن لەشكەرلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، يەنە بىر سەركەردە دۇەن شيۇشى لى سىيېنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: ‹دۈشمەن ئالدىغا زورمۇزور ئېتىلىپ بېرىش قەھرىمانلىق جۈملىسىگە كىرمەيدۇ؛ قول ئاستىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ كېتىش رەھىمسىزلىك بولىدۇ. بەختكە يارىشا سالامەت قالساق، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلىش كېرەك!› دەيدۇ. لى سىيې ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى توسۇپ جەڭ قىلىدۇ. چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە «كونا تاڭنامە»دىكى لى سىيې ۋە دۇەن شيۇشىلارنىڭ تەرجىمىھالىغا قارالسۇن.

لىرىدا ئۇلار ئۇچۇن ھۈنەر - كەسىپ ئىشلىرىنى ئىشلەپ بەرگەن. بۇلار جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى غەربكە تارقاتقان. كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا بەكمۇ سازاۋەر بولغىنى — قەغەز ياساشنىڭ غەربكە تارالغانلىقى. ئەسىرگىچە چۈشكەن جۇڭگولۇقلار سەمەرقەندتە ئاھالىسىگە لاتا پۈرۈچلىرىدىن قەغەز ياساشنى ئۆگىتىپ قويغان. بۇنداق قەغەز ياساش ئۇسۇلى سەمەرقەندتىن تېزلا غەربكە تارىلىپ، پىرگامېنت ۋە مىسىرنىڭ پاپىرۇس قەغىزىنى بازاردىن سىقىپ چىقارغان. X ئەسىرگە كەلگەندە، سەمەرقەندنىڭ قەغەزچىلىك سانائىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن، «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا: «سەمەرقەند قەغەز ئىشلەپچىقىرىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئېكسپورت قىلىدۇ①» دېيىلگەن. XII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن ئەرەب يازغۇچىسى مارۋازى (تەخمىنەن 1120 - يىلى ۋاپات بولغان) مۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند ئەتراپلىرى ئەسلى جۇڭگوغا تەۋە ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتكەن. پەقەت ئىسىل قەغەز ياساش تېخنىكىسىلا سەمەرقەندتە قالغان②» دېگەن. كات تېخىمۇ كونكرېت بايان قىلغان، ئۇ «سەپەر ۋە خانلىق» دېگەن ئەرەبچە جۇغراپىيىۋى ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ بىزگە مۇنۇ مەلۇماتنى بېرىدۇ: «قەغەزنى ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇقلار سەمەرقەندكە ئېلىپ كىرگەن. بۇ ئەسىرلەر زىياد (ئىلا ۋە: گاۋشيەنجىنى مەغلۇپ قىلغان ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ سانغۇن) نىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ

① «ھۇدۇدۇلئالەم»، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 113 - بەت.

② مىنورىسكى تۈزگەن: «مارۋازى: جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان توغرىسىدا»، 18 - پاراگراف.

بەزىلىرى قەغەز ياساش ئۇستىلىرى ئىدى. قەغەزچىلىك سانائىتى راۋاجلانغاندىن كېيىن، مەھسۇلاتى ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش بىلەنلا قالماي، يەنە سەمەرقەند خەلقىنىڭ بىر خىل مۇھىم سودا بۇيۇمى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغان①». قەغەزنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى — مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ھەم ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. شۇڭا، جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش ئۇسۇلىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان غايەت زور تۆھپە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تالاس جېڭىنىڭ نەتىجىسىگە بولغان باھا جەھەتتە، ئىلىم ئەھلىلىرى ئىچىدە ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. چاۋاننېس: «تالاس دەرياسىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تەسىر كۈچى غەربتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن» دەيدۇ. بەيشۇيى مۇنداق دەپ قارايدۇ: «تالاستا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تەسىر كۈچى غەربتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئەمەس.» مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسىدىن داۋاملىق ياردەم سوراپ، تاڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق تارتۇق يوللاپ تۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆتكۈلۈك — سۈيگىن توپىلىكى بولغان چاغدىمۇ ئېسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشىغا ياردەملەشكەن. يەنە بىرخىل پىكىر مەدەنىيەت جەھەتكە قارىتا ئېيتىلغان. مەسىلەن، بارتولدنىڭ قارىشىچە:

① كات: «جۇڭگودا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، 113 - بەت. چاۋاننېسنىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 274 - بېتىگە قارالسۇن.

«جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ زادى قايسىسى ماۋارائۇننەھردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردۇ؟ دېگەن مەسىلە ئەنە شۇ قېتىملىق جەڭدە ھەل قىلىنغان». بۇنى پەقەت مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن دېيىشكە بولمايدۇ. دەرۋەقە، شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ كەڭ تارالدى ۋە چوڭقۇرلاشتى، ھەتتا ئاستا - ئاستا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۈركلەرگىمۇ تارقىلىپ كىردى. لېكىن، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا ناھايىتى زور ئىدى. تاكى X ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى تۈركلەر يەنىلا ئۆزلىرىنى تاڭ جىيازى (唐家子 يەنى تاڭ خاندانلىقىنىڭ پۇقرالىرى) دەپ ئاتاشقان.

تالاس جېڭىنىڭ كېيىنكى يىلى (752 - يىلى) سۇترۇشنا خانى شات ئاخۇ بىلەن بۇخارا خانى تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، ئەرەبلەرگە زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلغان①. شۇ يىلى، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدىكى يەنە بىر چوڭ سانغۇن — بەلخ شەھىرىنىڭ باشلىقى ئەبۇ داۋۇد قوشۇن ئەۋەتىپ خوتلغا ھۇجۇم قىلغان، ئۇنىڭ خانى لوچۇەنجى تۈركلەرگە ئۆتۈپ كەتكەن، كېيىن تۈركلەردىن يەنە قېچىپ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن②. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا يابغۇلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن③. بۇ پاكىتلار 751 - يىلدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

① «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».
② گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى»، 82-، 95- بەتلەر.
③ «كىتابلار جەۋھىرى»، 965 - جىلد؛ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكىگە ئوخشاش، «يېڭى تاڭنامە» 6257 - بەت.

تەسىر كۆچى غەربتىن تېخى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمدى سودا ۋە ئوردىغا سوۋغات - تارتۇق تەقدىم قىلىش ئىشلىرىغا كەلسەك، بۇ تېخىمۇ كۆپ بولغان.

گەرچە پاكىت شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر نەچچە چوڭ سىياسىي كۈچلەر — تاڭ سۇلالىسى، تىبەتلەر، ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئەرەبلەرنىڭ كۈچى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئەبۇ مۇسلىم ۋە ئۇنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قۇرۇلغان ئابباسىيلار خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغان. خەلقنىڭ بۇ خىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرغانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى بىر مەزگىللىك تارىخىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2 - بۆلۈم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئابباسىيلار خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى

ئابباسىيلار خاندانلىقى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇمەييە خاندانلىقىغا نارازى بولۇپ تۇرغان خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، جەڭ ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ، ئاندىن خەلىپىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن ئابباسىيلار خاندانلىقى ئۇمەييە خاندانلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدى ۋە ھەل قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك: «بۇ خاندانلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ئۇمەييە خاندانلىقىغا ئوخشاشلا ئەنئەنىۋى

هۆكۈمرانلار ئىدى». «ئۇلار ئۇمەييە خاندانلىقىدىن ئاساسەن سىياسىي مۇددىئانىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن پەرقلىنەتتى. ئۇمەييە خاندانلىقى ئالدى بىلەن ئەرەب مىللىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى؛ ئاببasiيلار خاندانلىقى پارسلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەر بىلەن ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەر تەڭ هوقۇققا ئىگە بولىدىغان بىر دۆلەت قۇرماقچىدى». مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاببasiيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى پارسلار بىلەن ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە غەلىبە قىلىشى ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام خاندانلىقىنى قۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت هازىرلاشقا ئۆتكەنلىكى ئىدى. مەسىلەن، ئاببasiيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرلىرى خەلىپە مەنسۇر (754 — 775 - يىلى) دىن باشلاپلا پارس ئاقسۆڭەكلىرىدىن بارماقىلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن①. شۇنىڭ بىلەن پارسلارنىڭ ئاببasiيلار خاندانلىقىدىكى تەسىر كۈچى بارا - بارا زورايغان. بۇ خاندانلىق شۇنى چۈشىنەتتىكى، «دۆلەتنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇش هەمدە تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتە تولۇق ئەمىنلىك ئورنىتىش ئۈچۈن، يەرلىك ۋالىيلارنى هەمىشە يەڭگۈشلەپ تۇرماستىن، بەلكى شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدىن چىققان ئاقسۆڭەكلەرنى، يەرلىك ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان هۆكۈمرانلارنى شۇ جايلارنىڭ ئۆزىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەش

① بارماقى — شۇ جەمەتنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى. ئۇ بەلخكە يېقىن بىر جايدىكى بۇتخانىنىڭ ئاتا مىراس ئالىي راھىبى ئىدى. بۇ جەمەتتىكى خالىد ئىبنى بارماق (بۇ ئادەم 781 - يىلى، تەخمىنەن 75 يېشىدا ۋاپات بولغان) تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان بولغاچقا، ئاببasiيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ خەلىپە دەۋرىدە يۇقىرى ۋەزىپىگە قويۇلغان.

گېرەك. دەرۋەقە، بۇ ھۆكۈمرانلار ئىش يۈزىدە كۆپىرەك ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، خەلىپە مەنپەئەتىنى ئازراق كۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خەلىپىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى تېزلا نوقۇل نام جەھەتتىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ①».

ئاببasiylar خاندانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، شەرقىي قىسمىدىكى خوراسان ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىدا سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت يەنىلا ناھايىتى كەسكىن ئىدى. ئۇ يەرلەردە ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىكى ئاقسۆڭەك - پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار، قول ھۆنەرۋەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شۇنىڭدەك ئەرەبلەرنىڭمۇ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ئاخىر زور كۆلەملىك قوزغىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ بەزىلىرى شىئەمەزھىپى ھەرىكىتىگە تايىنىش يولى بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «نۇرغۇن قېتىملىق بۇ سىنىپىي كۈرەشلەر ئەينى زاماندا دىنىي بەلگە ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان، ئەگەر ھەرقايسى سىنىپنىڭ مەنپەئەتى دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولسا ۋە شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلسا، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئىشنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ①». مەسىلەن، ئاببasiylar خاندانلىقى تىكلىنىش بىلەنلا، بۇخارادا شارىكنىڭ شىئەبايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن.

---

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 257 - بەت.

② ئېنگېلس: «گېرمانىيىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 400 - بەت

ئىراندا، كۈچلۈك مىللىي ھېسسىياتقا ئىگە پارسلارمۇ شىئەمەز-
ھىپى تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سىيا-
سىي كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ شى-
ئە مەزھىپىدىن ئاببا سىيلار خاندانلىقىغا قارشى قورال سۈپىتىدە
پايدىلانغان.

شارىق ئىبنى شەيخ ئۆزى ئەرەب بولۇپ، بۇخارادا تۇ-
رۇشلۇق ساقلاۋچى قوشۇن سەركەردىسى ئىدى. ئۇنىڭ قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب — ئۇ، خەلىپىلىك ئورنىنى
ئاببا سىيلار خاندانلىقىنىڭ تارتىۋالغانلىقىغا نارازى ئىدى. لې-
كىن ئۇنىڭغا كەڭ ئاممىا ئەگەشكەن. ئومۇمەن ئېيتىلغاندا، بۇ-
قېتىمقى قوزغىلاڭ مىلادى 751 - يىلى يۈز بەرگەن دەپ قا-
رالماقتا. بارتولد ئۇنى تالاس جېڭىدىن ئىلگىرى يۈزبەرگەن
دەيدۇ. ھىندىستان يازغۇچىسى س. راخۇلا ئۆزى يازغان «ئوت-
تۇرا ئاسىيا تارىخى» دا، 755 - يىلى يۈز بەرگەن دەيدۇ.
نارشاخىنىڭ ئېيتىشىچە، شارىق شىئەمەزھىپىدىن بولۇپ، ئۇمەي-
يە خاندانلىقىغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن
ئاببا س جەمەتىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا قوشۇلمىغان. شۇڭا ئۇ:
«بىزنىڭ ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، قان
تۆكۈپ قۇربان بېرىشىمىز ئاببا سىيلار خاندانلىقىغا ئەل بولۇش
ئۈچۈن ئەمەس!» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاببا سىي-
لار خاندانلىقى، بولۇپمۇ بۇ خاندانلىقنىڭ ۋەكىلى ئەبۇ مۇس-
لىم مۇستەبىتلىك قىلىپ، ئىلگىرىكى مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپ-
يى زۇلۇم سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، شارىقنىڭ شوئا-
رىغا كەڭ ئاممىا ئاۋاز قوشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ
قوشۇنىغا 30 مىڭ كىشى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى بۇخارالىق ئەمگەكچى خەلق، جۈملىدىن شەھەر
ئاھالىسى بىلەن دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىكەن. ئۇنىڭ-

ﺩﯨﻦ ﺑﺎﺷﻘﺎ، ﺑﯘﺧﺎﺭﺍ ﺋﻪﻣﯩﺮﻯ ﺋﺎﺑﺪﯗﻝ ﺟﺎﭘﭙﺎﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺧﺎﺭﻩﺯﯨﻢ ﺋﻪﻣـ
ﺭﻯ ﺋﺎﺑﺪﯗﻟﻠﻪﻟﻪﺭﻣﯘ ﺑﯘ ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﻐﺎ ﺋﺎۋﺍﺯ ﻗﻮﺷﻘﺎﻥ ۋﻩ ﻗﺎﺗﻨﺎﺷـ
ﻗﺎﻥ. ﻳﻪﻧﻪ ﺑﯩﺮ ﺗﻪﺭﻩﭘﺘﯩﻦ، ﺑﯘﺧﺎﺭﺍﺩﯨﻜﻰ ﺋﺎﻗﺴﯚڭﻪﻛﻠﻪﺭ، ﭘﻮﻣﯧﺸـ
ﭼﯩﻜﻼﺭ، ﺳﻮﺩﯨﮕﻪﺭﻟﻪﺭ ﺑﯘﺧﺎﺭﺍ ﺧﯘﺩﺍﺗﯩﻨﯩﯔ ﺑﺎﺷﭽﯩﻠﯩﻘﯩﺪﺍ ﺑﯘ ﻗﻮﺯﻏـ
ﻻڭﻐﺎ ﻗﺎﺭﺷﻰ ﺗﯘﺭﻏﺎﻥ. ﺑﻮﻟﯘﭘﻤﯘ ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﺋﯩﭽﯩﺪﯨﻜﻰ ﺳﻮﺩﯨﮕﻪﺭﻟﻪﺭـ
ﻧﻰ ﺋﯩﻠﮕﯩﺮﻯ ﺋﻪﺭﻩﺑﻠﻪﺭ ﺑﯘﺧﺎﺭﺍ ﺷﻪﮬﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﻗﻮﻏﻼﭖ ﭼﯩﻘﯩﺮﯨﭗ،
ﺷﻪﮬﻪﺭﻧﯩﯔ ﻏﻪﺭﺑﯩﻲ ﺷﯩﻤﺎﻟﯩﺪﯨﻜﻰ ﻗﻮﺭﻏﺎﻥ ﺋﯩﭽﯩﮕﻪ ﻛﯚﭼﯜﺭﯛۋﻩﺗﻜﻪـ
ﻧﯩﺪﻯ. ﺋﯘﻻﺭ ﺋﻪﺳﻠﯩﺪﻩ ﺋﻪﺭﻩﺑﻠﻪﺭﮔﻪ ﺩﯛﺷﻤﻪﻧﻠﯩﻚ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻗﺎﺭﺍﻳﺘﺘﻰ،
ﺋﻪﻣﻤﺎ ﺑﯘ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﺋﯘﻻﺭ ﺋﻪﺭﻩﺑﻠﻪﺭ ﺗﻪﺭﻩﭘﺪﺍﺭﻯ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﻨﻰ
ﺑﺎﺳﺘﯘﺭﯗﺷﻘﺎ ﻗﺎﺗﻨﺎﺷﻘﺎﻥ. ﺑﯘ ﭘﺎﻛﯩﺘﻼﺭ ﺷﯘ ﻗﯧﺘﯩﻤﻘﻰ ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﻨﯩﯔ
ﺳﯩﻨﯩﭙﯩﻲ ﺧﺎﺭﺍﻛﺘﯧﺮﯨﻨﻰ ﺗﻮﻟﯘﻕ ﻛﯚﺭﺳﯩﺘﯩﭗ ﺑﻪﺭﮔﻪﻥ. ﺋﻮﺧﺸﺎﺵ
ﺑﻮﻟﻤﯩﻐﺎﻥ ﮬﻪﺭﻗﺎﻳﺴﻰ ﺳﯩﻨﯩﭗ ﺋﯚﺯﯨﻨﯩﯔ ﻗﺎﺭﯨﺘﺎ ﺭﻭﺷﻪﻥ ﮬﺎﻟﺪﺍ ﺑﯩﺮـ
ﺑﯩﺮﯨﮕﻪ ﻗﺎﺭﯨﻤﯘ ﻗﺎﺭﺷﻰ ﭘﻮﺯﯨﺘﺴﯩﻴﻪ ﺗﯘﺗﻘﺎﻥ.

ﺋﻪﺑﯘ ﻣﯘﺳﻠﯩﻢ ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭ ﮬﻪﻗﻘﯩﺪﯨﻜﻰ ﺧﻪۋﻩﺭﻧﻰ ﺋﺎڭﻼﺵ ﺑﯩـ
ﻟﻪﻧﻼ، ﺩﻩﺭﮬﺎﻝ ﺯﯨﻴﺎﺩﻧﻰ ﺋﻮﻥ ﻣﯩڭ ﻛﯩﺸﯩﻠﯩﻚ ﻗﻮﺷﯘﻥ ﺑﺎﺷﻼﭖ
ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﻨﻰ ﺑﺎﺳﺘﯘﺭﯗﺷﻘﺎ ﺋﻪۋﻩﺗﻜﻪﻥ. ﺯﯨﻴﺎﺩ ﺋﺎﻣﯘ ﺩﻩﺭﻳﺎﺳﯩﺪﯨﻦ ﺋﯚـ
ﺗﯜﭖ ﺑﯘﺧﺎﺭﺍ ﺷﻪﮬﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﺗﯚۋﯨﮕﻪ ﻛﻪﻟﮕﻪﻥ. ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﭽﯩﻼﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ
ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ﺟﻪڭﺪﻩ، ﺋﻪﺭﻩﺑﻠﻪﺭ ﻛﯚﭖ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﻳﯧڭﯩﻠﮕﻪﻥ. ﻛﯧﻴﯩﻦ ﺑﯘﺧﺎﺭﺍ
ﺧﯘﺩﺍﺕ ﻗﯘﺗﻪﻳﺒﻪ ﺋﻮﻥ ﻣﯩڭ ﻛﯩﺸﯩﻠﯩﻚ ﻗﻮﺷﯘﻧﻨﻰ ﺑﺎﺷﻼﭖ ﺯﯨﻴﺎﺩـ
ﻗﺎ ﻳﺎﺭﺩﻩﻡ ﺑﯧﺮﯨﺸﻜﻪ ﻛﻪﻟﮕﻪﻥ، ﺷﯘﻧﯩﯔ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﻪﺭﻩﺑﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ۋﻩﺯـ
ﻳﯩﺘﻰ ﻣﻪﻏﻠﯘﺑﯩﻴﻪﺗﺘﯩﻦ ﻏﻪﻟﯩﺒﻪ ﻗﯩﻠﯩﺸﻘﺎ ﺋﯚﺯﮔﻪﺭﮔﻪﻥ. ﻗﯘﺗﻪﻳﺒﻪﻧﯩﯔ
ﻗﻮﻝ ﺋﺎﺳﺘﯩﺪﯨﻜﻰ ﭘﻮﻣﯧﺸﭽﯩﻚ، «ﺩﯨﮫﻘﺎﻧﻼﺭ» ﺋﻪﺗﺮﺍﭘﺘﯩﻜﻰ ﻳﯧﺰﺍ - ﻗﻮـ
ﺭﯗﻗﻼﺭﻏﺎ ﺑﯧﺮﯨﭗ ﮬﻪﺭﯨﻜﻪﺕ ﻗﯩﻠﯩﭗ، ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﭽﯩﻼﺭﻧﻰ ﺋﺎﺷﻠﯩﻘﺘﯩﻦ
ﺋﯜﺯﯛﭖ ﻗﻮﻳﻐﺎﻥ. ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﭽﯩﻼﺭ ﺋﺎﭼﺎﺭﭼﯩﻼﯨﻖ ﺗﯚﭘﻪﻳﻠﯩﺪﯨﻦ، ﺗﺎﻳﺎﻧﭻ
ﻧﯘﻗﺘﯩﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺗﺎﺷﻼﭖ، ﻧﯘﻛﻪﻧﺪﻛﻪ ﻳﯚﺗﻜﯩﻠﯩﺸﻜﻪ ﻣﻪﺟﺒﯘﺭ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ.
ﺑﯘ ﺟﺎﻱ ﻣﯧۋﻩ - ﭼﯧۋﻩ ﻣﺎﻛﺎﻧﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﻗﻮﺯﻏﯩﻼڭﭽﯩﻼﺭ ﻣﯧۋﻩ ﺑﯩـ
ﻟﻪﻥ ﺟﺎﻥ ﺳﺎﻗﻠﯩﻐﺎﻥ. ﻛﯧﻴﯩﻦ ﺋﻪﺭﻩﺑﻠﻪﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ﺟﻪڭﻠﻪﺭﺩﻩ،

قوزغىلاڭچىلار ئاستا - ئاستا ھالسىزلىنىپ، كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتكەن، شەرىقنىڭ ئۆزىمۇ جەڭدە ئۆلگەن. سەردارنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پارچىلىنىپ كەتكەن. زىياد بۇخاراغا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەن. ئوت يالقۇنى ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلۈپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۆچمىگەن. بۇخارا خەلقى قاتتىق غەزەپلىنىپ، قەتئىي تەسلىم بولمىغان. ئەرەبلەر زور قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلغان. ئەرەبلەر قىلىچ ئاستىدا ئۆلمەي قالغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ شەھەر دەۋازىسىغا ئاسقان. بۇخارادا كۆتۈرۈلگەن بۇ داغدۇغىلىق قوزغىلاڭ مۇشۇنداق دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇۋېتىلگەن.

بۇخارادىكى قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، زىياد دەرھال خارەزمگە بېرىپ، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاببا سىيلار خاندانلىقىغا ۋە ئەبۇ مۇسلىمغا قارشى ھەرىكەتنىمۇ بېسىقتۇرغان.

بۇخارا خۇدات قۇتەيبە گەرچە ئەبۇ مۇسلىم ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، ئۆز خەلقىنى بېسىقتۇرۇش ئىشىغا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىسلامىيەتتىن چەتلىگەن دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئاببا سىيلار خاندانلىقىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن كۈچ چىقىرىپ، خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرغان خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى ئەبۇ مۇسلىممۇ بۇنداق تەقدىردىن خالىي بولالمىغان. چۈنكى، خەلىپە ئەبۇ مۇسلىمنىڭ شەرقتىكى ئۆلكىلەردە ناھايىتى زور كۈچ ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇپ، گويا بىر مۇستەقىل خانلىققا ئوخشاپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇنداق بىر خەتەرلىك ئادەمنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلىپە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىدىن ھەزەر ئەيلىگەن، ئاببا سىيلار خاندانلىقى گەرچە

ئەنە شۇ ئەبۇ مۇسلىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۈمەييە خاندانلىقىنى يەڭگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەرگە ئالمىغان.

مىلادى 752 - يىلى، خەلىپە ئەبۇل ئابباس (750—753) سەمەرقەند هاكىمى زىيادنى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئەبۇ مۇسلىمغا هۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، لېكىن زىياد مەغلۇپ بولىدۇ. نەتىجىدە زىيادنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ. خەلىپىنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. 753 - يىلى ئەبۇ مۇسلىم ئەبۇجەپپار بىلەن مەككىگە بېرىپ هەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، خەلىپە ۋاپات بولىدۇ. ئەبۇجەپپار ئۆلگەن خەلىپىنىڭ ئاكىسى بولغانلىقتىن، ئۇ خەلىپىلىككە كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تاغىسى ئابدۇللا خەلىپىلىكنى تالىشىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم ئەبۇجەپپارنى قوللايدۇ. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى پارس قوشۇنى ئابدۇللانىڭ سۈرىيىلىك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقتىن، ئابدۇللا خەلىپىلىكنى تالىشىش تەلىپىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇجەپپار خەلىپىلىك تەختىگە چىقىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى ئىككىنچى ئابباسىيلار خەلىپىسى، ئۇ يەنە مەنسۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ (754 — 775).

خەلىپە مەنسۇر ئەبۇ مۇسلىمدىن يەنىلا مىننەتدار بولماي، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن داۋاملىق چارە ئىزدەيدۇ. ئەبۇ مۇسلىم بۇنى سېزىۋېلىپ، دەرھال ئۆز ئۆۋىسى — خوراسانغا قايتىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا مەنسۇر ئۇنى دەرھال سۈرىيە ۋە مىسىرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنى مەيدانغا① كېلىشكە چاقىرتىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىماي، يەنىلا خوراسانغا قايتىپ كەتمەكچى

① مەيدان — هازىرقى ئىراقنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دىيارا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ئىران بىلەن تۇتىشىدىغان جايدا.

بولىدۇ. بىراق، مەنسۇر ئەبۇداۋۇدنى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ بولغان ھەمدە خوراسانغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەبۇمۇسلىم ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىپ بولغانىدى. خوراساندىكى ھەربىي ۋە خەلقلەر بۇ يارلىقنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەبۇداۋۇدنىڭ باش ۋالىيلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە ئەبۇمۇسلىم ئۈچۈن بارىدىغان ماكان بولمىغاچقا، خەلىپىنىڭ تەيىنلىگەن خىزمىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەيدانغا بېرىشقا ماقۇل بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خەلىپە ئورۇنلاشتۇرغان ئادەملەر تەرىپىدىن يوشۇرۇن قەتل قىلىنىدۇ (754 - يىلى)، ئۇ شۇچاغدا تېخى 45 ياشتا ئىدى.

ئەبۇمۇسلىمنىڭ يوقىتىلىشى ئابباسىيلار خاندانلىقىغا قارشى ھەر خىل كۈچلەرنىڭ يوقىتىلغانلىقى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ شېرىكلىرى تەبىئىي يوسۇندا ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغانىدى. ئۆلگەندىن كېيىن، خوراساندا دەرھال پارسلار قوزغىلىڭى يۈز بەردى①». بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ باشچىسى سىنباد دېگەن كىشى ئىدى. تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى نىشاپۇرغا يېقىن ئاخان كەنتىدىن بولۇپ، زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇ ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ھىمايىتىغا ئېرىشكەن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇنىڭدىن بەك مىننەتدار ئىكەن. ئۇنىڭ ئابباسىيلار خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى دەل ئەبۇ مۇسلىم ئۆلتۈرۈلگەن يىلى يۈز بەرگەن، ئۇنىڭ شوئارى مەزكۇر باش ۋالىي ئۈچۈن قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 255 - بەت.

بولغان. بۇ قوزغىلاڭغا دەسلەپ ئەگەشكۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تېزلا ھەيۋەتلىك زور قوشۇن بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلار نىشاپۇر، كۇمىس①، رايى② لارنى ئىشغال قىلىپ، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ رايىدا قالدۇرغان بايلىق خەزىنىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. خەلىپە مەنسۇر قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، جەھۋار ئىبنى مەررارئەل ئىجلىنى 10 مىڭ لەشكەر بىلەن ئەۋەتكەن. ئىككى تەرەپ ھەمەدان بىلەن تېھران ئارىلىقىدىكى رايوندا ئۇرۇشقان، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولغان. سىنباد قاچقان، ئارقىسىدىن ئەرەب قوشۇنى قوغلىغان. قوغلاش جەريانىدا سىنبات ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ جەڭدە قوزغىلاڭچىلاردىن ئۆلگەنلەر 6000 غا يېتىدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ يەتتە كۈن داۋام قىلىپ، ئۇچۇقتۇرۇۋېتىلىدۇ.

سىنباد قوزغىلىڭى گەرچە ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەبۇمۇسلىمنىڭ شېرىكلىرى ئاببasسىيلار خاندانلىقىغا قارشى ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىئەمەزھىپى ئەبۇ مۇسلىمنى شەھىد ئورنىدا ھېسابلاپ چوقۇنىدۇ، شىئەمەزھىپى ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ نامى بىلەن باغلايدۇ. ئۇلار ئاق يەكتەك كىيىپ، ئاق بايراق كۆتۈرۈپ، ئاببasسىيلار خاندانلىقىنىڭ قارا بايرىقىغا قارىمۇ قارشى قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى كېيىنكى چاغلاردىمۇ توختىماي، تاكى XII ئەسىرگىچە داۋاملىشىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئەبۇمۇسلىمنىڭ مۇردىتى ئىسھاق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئىلگىرى بۇ ئادەم ئەبۇ

---

① ھازىرقى ئىراقنىڭ دامغان دېگەن يېرىگە يېقىن بىر جاي.
② ھازىرقى ئىراقنىڭ تېھران شەھىرىگە يېقىن جاي. قەدىمكى خارابە ئىزى تېھراننىڭ جەنۇبىغا يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا.

مۇسلىم تەرىپىدىن تۈركلەرگە ئەۋەتىلگەن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى تۈرك دەپمۇ ئاتاشقان. ئۇنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېرىكلىرى 757 - يىلى خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ئەبۇ داۋۇدنى ئۆلتۈرگەن 759 - يىلى، يەنە بازار ئىسىملىك بىرى ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇنىڭ قوزغىلىڭى ھەتتا ئەبۇداۋۇدتىن كېيىن خوراسانغا باش ۋالىي بولغان ئابدۇلجەببارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ باش ۋالىي ئاباسىيلار خاندانلىقىدىن نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇ بارازنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، بۇخارادىكى ئەرەب ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەمما كېيىن ئۇ ئەرەب قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، مېرۋدىلۇدتا ئۆز قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بارتولدنىڭ ئېيتىشىچە، بۇخارا رايونىدا 777 - يىلى يەنە خاۋارىجلار يۈسۈپنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مېرۋدىلۇد، تالىكان، خۇجكان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. ھەربىي ھەرىكەت ئاساسەن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان①.

كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر ۋە تەسىرى بىرقەدەر زوربولغىنى — مۇقەننا قوزغىلىڭى. مۇقەننانىڭ ئەسلى ئىسمى ھاشىم ئىبنى ھەكىم، مەرۋىنگ يېقىن قەيزا كەنتىدىن. نەرشاخىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دا، «ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بوياقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىلىپ، تۈرلۈك بىلىمگە ئېرىشكەن» دېيىلگەن. بەزىلەر ئۇنى ئىلگىرى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان ھەمدە ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى ھەرىكەتكىمۇ قاتناشقان،

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 257 - بەت.

كېيىن يەنە ئابدۇلجەپپارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن دېيىشىدۇ. ئېھتىمال ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلماي، مازدا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسا كېرەك. ئۇ مۇشۇ قەدىمىي دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، مەۋجۇت ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنى قولغا ئېلىپ، مەرۋدىن باغدادقا ئەۋەتىپ قاماپ قويغان. ئەمما بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ قېچىپ مەرۋىگە كېۋالغان.

مۇقەننا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئاكتىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، تەخمىنەن مىلادى 776 - يىلىنىڭ بېشىدىن ئىلگىرىرەك، يەنى خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ھۇۋەيدا ئىبنى كەھتەبە دەۋرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە، مەن ئىلگىرى ئۆتكەن ئادەم، نوھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەد ۋە ئەبۇ مۇسلىمغا ئوخشاش، ئاللانىڭ ۋەكىلىمەن دەپ جاكارلىغان. ئۇ ھەردائىم ئۆزىنىڭ يۈزىنى بىر پارچە يېشىل لاتا بىلەن پەردىلەپ، بەندىلەر مېنىڭ يۈزۈمدىن چاقناپ چىققان نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېگەن. شۇڭا ئەرەبلەر ئۇنى ئەل مۇقەننا» («يۈزىنى پەردىلىگۈچى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. نارشاخى بولسا ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى «ئۇ تۇغۇلما تازھەم يەك چەشمە بولغانلىقتىن»، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە پەيغەمبەرنىڭ بەتبەشرە ئوبرازىنى كۆرسەتمەسلىك ئىدى دەيدۇ.

مۇقەننا مەرۋدىن ئۆز مۇرتلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا، بولۇپمۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەشۋىق - تەرغىپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ يەرلەردە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، كېش (شەھرى سەبىز) دىكى سۇباخ كەنتى ھەممىدىن

بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ مۇقەننانى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، ئۇلار ئۆز باشچىسى ئۆمەر سۇباخنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئەرەب ھاكىمىنى ئۆلتۈرگەن. بۇخارادىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۇخارا خۇدات بۇنىئاتنىڭ ئۆزىمۇ ئۆمەر سۇباخنى قوللىغان. بۇخارا رايونىدىكى نەرشەھ كەنتى يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭ لاگىرى بولۇپ قالغان①. بۇنىڭدىن باشقا، سوغدىيانىنىڭ بىرمۇنچە يېزىلىرىمۇ مۇقەننانىڭ تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كۈرەش قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزغىلاڭ كەيپىياتى ئەۋج ئالغان ئەھۋال ئاستىدا، خوراساننىڭ باش ۋالىيسى مۇقەننانى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مۇقەننا قېچىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كېشكە بارغان. چۈنكى ئۇ يەردە كىشىلەر ئۇنى ئەڭ بۇرۇن ھىمايە قىلغان، ھىمايە قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ بولغان. شۇڭا ئۇ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ تايانچ پونكىتى قىلىشنى بەلگىلەپ، سىيىم تېغىدا بىر مۇستەھكەم قورغان ياساپ، ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلگەن.

مۇقەننا قوزغىلىڭى ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭنىڭ داۋامى ئىدى، شۇڭا ئۇلارمۇ ئاق بايراق كۆتۈرۈپ، ئاق پەرىچە كىيىپ، سابىد جاماغان («ئاق يەكتەك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەبچە «ئەل مۇبەييىدە») دەپ ئاتالغان. بۇ چاغدا مۇقەنناغا بەيئەت قىلغان ئاق پەرىجىلىكلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئوتتۇرا

---

① نارشاخى — مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى نارشاخىنىڭ تۇغۇلغان يېرى.

ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ئۇلار نۇرغۇن ئەرەبلەرنى قوغلىۋەتكەن، ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى خوراسانغا، بەزىلىرى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى باغدادقا قېچىپ كەتكەن. مۇقەننا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ھەيۋىسى كۈندىن - كۈنگە زورايغان.

خەلىپە مەھدى (775—785) مۇقەننا قوزغىلىڭىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنلىكتىن، ئۆزى بىۋاستە ئاتلىنىپ باستۇرۇش قارارىغا كەلگەن. ئۇ، خىل قورال بىلەن قوراللانغان بۇ زور قوشۇننى توپلاپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ماۋارائۇننەھرگە ئەۋەتكەن، بىر قىسمىنى ئۆزى باشلاپ نىشاپورغا يۈرۈش قىلغان.

كۈرەش بۇخارادا ئەڭ كەسكىن بولغان. قوزغىلاڭچىلار 776 - يىلى بۇخارانىڭ يېنىدىكى نۇمچىكت كەنتىنى ئىشغال قىلغان. چۈنكى بۇ كەنتتە ئەرەبلەر ئەڭ كۆپ جايلاشقان بولۇپ، ئەرەب ئەمەس ئاھالىلەرمۇ ئابباسىيلار خاندانلىقىغا مايىل ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ كەنتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەرەبنى ئۆلتۈرگەن. بۇخارادا بولسا، بەزى يەرلىك سوغدى ئاقساقاللىرى قوزغىلاڭچىلارنى قوللىغان. لېكىن مۇقەننا بۇخارا شەھىرىنىڭ ئۆزىنى ئىشغال قىلالماي، نارشاخى كەنتىنىلا ئىشغال قىلغان. شۇ يىلى 4 - ئاي ئىچىدە، ئەرەب قوشۇنى نارشاخىغا يۈرۈش قىلىپ. قورغان تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان. قوزغىلاڭچىلار ئۇنى قەتئىي رەت قىلغانلىقتىن، ئەرەب قوشۇنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر قوزغىلاڭچىلار يېڭىلگەن، قوزغىلاڭچىلاردىن 700 كىشى ئۆلۈپ، قالغانلىرى پىتىراپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار ئەرەبلەر بىلەن سۈلھىنامە تۈزۈپ، ئەرەبلەرگە قايتا ھۇجۇم قىلماسلىققا

ماقۇل بولغان. بىراق، ئەرەب قوشۇنى ئەمدىلا قايتىپ تېخى بۇخاراغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، قوزغىلاڭچىلار يەنە قوزغىلىپ جەڭگە ئاتلانغان، شۇنىڭ بىلەن بۇخارا ئەتراپىدىكى رايونلار يەنە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

خەلىپەمدى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، سەمەرقەند ھاكىمى جەبرائىلنى قوشۇن باشلاپ مۇقەننا بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئادەم سەمەرقەندتىن چىقىپ، بۇخاراغا شىمال تەرەپتىن يېتىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنىڭ سەمەرقەند دەرۋازىسى تۈۋىدە بارگاھ قۇرغان. قارىغاندا، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەركىزىي ماكانى — مۇقەننا تۇرۇۋاتقان كېش شەھىرىگە كىرمەكچى بولسا كېرەك. كېيىن بۇخارا ئەمىرىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، كېشكە بارمىغان.

جەبرائىل بۇخارادا تۆت ئاي جەڭ قىلىپ، ھەر كۈنى مەغلۇپ بولۇۋېرىپ، ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئەڭ ئاخىرى ھىيلە ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ شەھەرنى ئالالىغان. شۇ قېتىمقى شەھەرنىڭ ئېلىنىش ئەھۋالىنى نارشاخى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «(ئۇ) بارگاھتىن قورغان ئىچىگە كىرىدىغان خەندەك كولاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇننى كىرگۈزىدۇ ھەمدە كولاپ بولۇنغان خەندەكنى ئوتۇن. قۇمۇش ۋە سېغىز توپا بىلەن چىگداپ، ئۈستىنى يېپىشقا بۇيرۇيدۇ. 50 غېرىچ (تەخمىنەن 18—22 ئىنگلىز چىسى) ھەجىمدىكى يەرنى كولاپ ئېچىپ، ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن تىرەكەپ قويۇشقا [بۇيرۇق قىلىدۇ]. 50 غېرىچ يەرنى كولاپ ئېچىپ بولغاندا، ئۇلار ئۇ يەرگە ئوتۇن تىقىپ تولدۇرۇپ، ئۈستىدىن ياغ قۇيىدۇ. ئاندىن ئوت يېقىپ تۈۋرۈكنى كۆيدۈرمەكچى ۋە شۇ ئارقىلىق قورغاننىڭ تېمىنى ئۆرۈمەكچى بولىدۇ. بىراق ئوت تۇتاشمايدۇ، چۈنكى ئوتنى تۇتاشتۇرغىدەك ھاۋا (شامال) يېتىشمەيدۇ ۋە ئوتنى

قورغان ئىچىگە ھەيدەيدىغان شامالمۇ يوق بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار تۆۋەن تەرەپتىكى قېزىلغان [خەندەك] نىڭ ئۇدۇلىدىكى پوتەيگە پالاخمان بىلەن تاش ئېتىپ، قورغان تېمىدىن تۆشۈك ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شامال ئۆتىدىغان ئېغىز ئېچىلىدۇ ـ دە، ئوت تۇتىشىدۇ. تۈۋرۈك كۆيىدۇ، 50 غېرىچ ھەجىمىدىكى [تام] يىقىلىدۇ.» ئەرەبلەر شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ، كوچا جېڭى قىلىشىدۇ. بۇ قېتىم ئاق يەكتەكلىكلەر قورالى خىل ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇلھ قىلىشىدۇ. سۇلھ شەرتنامىسىگە بىنائەن، ئاق يەكتەكلىكلەر قوراللىرىنى تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق قىلسىمۇ، بەزىلىرى قوراللىرىنى يوشۇرۇپ قويىدۇ ـ دە، كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئەرەبلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. «جەبرائىل ئۆز قوشۇنلىرىغا دەرھال جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. كۆرەش ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلار (قوزغىلاڭچىلار) باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلىدۇ، قالغانلىرى قېچىپ كېتىدۇ».

ئەرەبلەر نارشاخى كەنتىنى قوغداش جېڭىدە قوزغىلاڭچىلارغا قوماندانلىق قىلغان ھاكىم ئىبنى ئەھمەدنى تۇتۇۋالىدۇ. جەبرائىل ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابباسقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى خۇپىيانە ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بۇ ئەھۋال قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ، ئۇلار يەنە قوراللىنىپ ئەرەبلەرگە قارشى جەڭ قىلىدۇ. لېكىن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ پەرق بولغانلىقتىن، يەنە مەغلۇپ بولىدۇ.

نارشاخى كەنتى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ نىشانىسى مۇقەننانىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. كېش دېگەن

جايدا مۇقەننانىڭ تەسىر كۆچى بەك چوڭ بولغاچقا، جەبرائىل ئاۋۋال سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ «[ئۆلتۈرۈلگەن «ئاق يەكتەكلىكلەر» نىڭ] كاللىسىنى كېسىپ، سوغدىياناغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئاق يەكتەكلىكلەر»نى قورقۇتماقچى بولىدۇ. سوغدىلارنىڭ ھاكىمى سوغدىيان ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ئۇ مۇقەننا ئەۋەتكەن بىر باشلىق ئىدى. سوغدىلار ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان بولغاچقا، جەبرائىل سوغدى ئاھالىسى بىلەن ئۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاخىردا بىر بۇخارالىق سوغدىيانىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، سوغدى ئاھالىلىرى تارمار بولغان».

«جەبرائىل بۇ يەردىن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردە تۈركلەر ۋە «ئاق يەكتەكلىكلەر» بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلىدۇ، بۇ جەڭ تاكى مۇئاز ئىبنى مۇسلىم خۇراسانغا باش ۋالىي بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ». مۇئازمەرۋىدە مۇقەنناغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. «ئۇ قورال ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ... قىلىچ، گۈرجەك، چېلەك (توڭ) ۋە پالتا بىلەن قوراللانغان 3000 نەپەر ئىشچى ھەمدە ھەربىي قوشۇنغا كېرەكلىك بولغان تۈرلۈك ئۈستىلارنى ھازىرلاپ، تاش سالغا ۋە سالغا زەمبىرەك ياسىتىپ، سوغدىيياناغا قارىتا قىلىنىدىغان يۈرۈشنى ئەڭ ياخشى تەشكىللەيدۇ. سوغدىياناغىمۇ ئۇرغۇن «ئاق يەكتەكلىكلەر» تۈركلەر كېلىپ يىغىلىدۇ.»

«مۇئاز ئىبنى مۇسلىم سوغدىيانا بىلەن سەمەرقەندكە بېرىپ تۈركلەر ۋە «ئاق يەكتەكلىكلەر» بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلىدۇ. ئىككى يىل ئىچىدە، ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش ۋە يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ».

خەلىپەمەدى ئۇرۇشنىڭ بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ نارازى بولۇپ، قوماندانىنى ئالماشتۇرۇش قارارىغا

كېلىدۇ. نەتىجىدە مۇئاز خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مىلادى 780 - يىلى، مۇسەييىب خوراساننىڭ باش ۋالىيسى بولىدۇ، ئۇ شۇ يىلى رەجەپ ئېيى (3 -، 4 - ئاي) دا بۇخاراغا كېلىدۇ. بۇخارادا مۇقەننانىڭ بىر ھەربىي سەركەردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قۇرال تېكىن ئىدى. ئۇنىڭ ناھايىتى ئوبدان قورال-لانغان بىر ئاتلىق قوشۇنى بولۇپ، مۇسەييىب ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

خەلىپە مەدى مۇقەننا بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەن قوماندانىنىڭ ئىسمى سەئىد ئەل ھاراش بولۇپ، قارىغاندا، ئۇ مۇسەييىبنىڭ قوماندانلىقىدا بولسا كېرەك. مۇقەننا بىلەن بولغان جەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر باسقۇچىنى، يەنى سانا تېغىدىكى قەلئەگە قىلىنغان ھۇجۇمنى ئەنە شۇ سەئىد ئورۇندىغان.

مۇقەننا تۇرغان قەلئە ئىچكى - تاشقى ئىككى قەۋەت بولۇپ، تاشقى قەۋىتىدە خىل ئەسكەر ۋە ياراملىق سەركەردىلەر تۇراتتى، ئېلىش تەس ئىدى، شۇڭا ئۇ قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىش ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان. جەڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئېنىق مەلۇم ئەمەس. پەقەت «سەئىدنىڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ [مۇقەننا قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بارگاھ قۇرغان] لىقى، مۇقەننا قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئەھۋال خەۋپلىك بولۇپ قالغاندا، «قەلئە ئىچىدىن بىر سەركەردە قەلئە دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىقىپ تەسلىم بولغان»-لىقى، ئەرەبلەرنىڭ بۆسۈپ كىرگەنلىكىلا مەلۇم. تەبەرىنىڭ ئېيتىشىچە، مۇقەننا ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەس-لىكىنى بىلىپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. ئەمما نارشاخىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دا، «مۇقەننا ئۆزىنىڭ قەلئە ئىچىدە بەر-داشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ... ئوچاقنىڭ يېنىغا كېلىپ،

كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۇچاقتا سەكرىگەن، ئۇچاقتىن ئىس چىقىپ كەتكەن①» دېيىلگەن. يەنە بەزىلەر ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەيدۇ. مۇقەننانىڭ ئۆلگەن يىلى توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ ئوخشاش ئەمەس. نارشاخىنىڭ ئۆزى ئىككى خىل گەپ قىلىدۇ: بىرى، 782 - يىل، بىرى 783 - يىل؛ بىرىنى بولسا 785 - يىلى ئۆلگەن دەيدۇ. قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق قىلغان ۋە ئۇنى قوللىغان بۇخارا خۇدات بۇنىئات ئەرەب جەۋەندازلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مۇقەننا قوزغىلىڭى گەرچە باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاببا سىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مىللىي گۈللىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى غەلىبە قىلغان. مۇقەننانىڭ قوزغىلىڭى ئەنە شۇ بىر قاتار كۈرەشلەرنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولۇپ، ئۇ تارىختا مەلۇم رول ئوينىغان.

## 3 - بۆلۈم ئاببا سىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى

مۇقەننا قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇئازى خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، باغدادقا قايتىپ كېتىدۇ.

① نارشاخىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دىن كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى نەقىل «دۇنيا ئومۇمىي تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» نىڭ ئوتتۇرا قەدىم زامان قىسمىدىن ئېلىندى، گوشۇتيەن تەرجىمىسى.

شۇڭا مىدى 785 - يىلى ئۆزى قوشۇن باشلاپ خوراسانغا يۈرۈش قىلدى، لېكىن يول ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەل هادى خەلىپە بولدى. بۇ ئادەم تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەلچىلەر مەدىنىدە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. لېكىن باستۇرۇۋېتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى ئىراننىڭ دايلام دېگەن يېرىگە قېچىپ كېتىدۇ، يەنە بىرى ماراكەشكە قېچىپ كېتىدۇ. هادىنىڭ ئىنىسى هارۇن رەشىد پارس خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بولغاچقا، هادى ئۇنى خەلىپە ۋارىسى قىلىشنى زادى خالىمايتتى. لېكىن ئۇ تېخى بۇ ھەقتە بىرەر تەدبىر قوللىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا 786 - يىلى ۋاپات بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن هارۇن رەشىد ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرىدۇ (786—809 - يىل).

هارۇن رەشىد 787 - يىلى جەفەر ئەل ئەشئەسنى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەردىن يەنە ئۇنىڭ ئوغلى ئەل ئاببباس ئەل ئەشئەس، ئۇنىڭ ئاغىسى ئەل گىتىرىف ئىبنى ئاتالار بار. ئۇلاردىن كېيىن ھەمزە ئەل خۇزائى (792 - يىلى)، ئەل فازىل ئىبنى يەھيا (794 - يىلى)لا باش ۋالىي بولغان. خەلىپە هارۇن رەشىد خوراساندا مەسجىتلەرنى سالدۇرۇپ، پوچتا بېكەتلىرى تەسىس قىلغان. ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئاتالمىش «غازات» ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانلىقتىن، سۇتىرۇشنا خانى قاراقالانىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ①.

كېيىنكى چاغلاردا خوراسانغا باش ۋالىي بولغانلاردىن

① سىكران بىلەن روس بىرلىكتە يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 95 - بەت.

يەنە مەنسۇر ئەل ھىمايرى (795 - يىلى)، جەبەر ئىبنى يەھيا (796 - يىلى) لار بار. يۇقىرىقى ئادەملەر، مەسىلەن، فازىل، جەفەر ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى يەھيا قاتارلىقلار پېرسىيىدىكى ئاتاقلىق بارماقلار جەمەتىدىن بولۇپ، شۇ چاغلاردا بۇ جەمەت خەلىپىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالغان. 803 - يىلى جەفەر قولغا ئېلىنىپ بېشى كېسىلگەن، يەھيا بىلەن فازىل قاماققا ئېلىنىپ، مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان. خوراساندا ئىزچىل تۇردە مۇھىم ھوقۇق تۇتۇپ كەلگەن مەشھۇر بارماقلار جەمەتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قالغان. ھارۇن رەشىد بارماقلار جەمەتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئەلى ئىبنى ئېيسانى خوراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ ئادەم بەك زالىم بولۇپ، خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغانلىقتىن، ماۋارا ئۇننەھردە 806 - يىلى رافى ئىبنى رايىس باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن.

رافى يۇقىرى قاتلامدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى ئۇمەييە خاندانلىقى دەۋرىدە خوراساننىڭ باش ۋالىيسى بولغان ناسىر دېگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى رايىس مۇقەننا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئۆزى ئاببااسىيلار خاندانلىقىدا ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئاببااسىيلار خاندانلىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى تۈگەپ، بوۋىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدىن قايتقان بولسا كېرەك. شۇڭا، تەبەرى ئۇنى شەخسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاببااسىيلار خاندانلىقىغا قارشى تۇرغان دەيدۇ (چۈنكى ئۇ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە تەرىپىدىن قاتتىق جازالانغان). لېكىن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئىنتايىن كۆپ بولغان، بۇنداق بولۇشى شۇ جايدىكى ئەرەب ھاكىمىنىڭ زالىملىقى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رافى خەلقىنىڭ ئەرەب ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۈركلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، ئامىغا باشچىلىق قىلىپ، سەمەرقەندنىڭ ئەرەب ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ رايوننى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان. ناخشاب ئاھالىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرىشىگە رافىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، رافى تاشكەنت ھۆكۈمرانىنى تۈركلەرنى باشلاپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، پەرغانە، خوجەند، سۇترىشنا، ساغانىيان، بۇخارا، خارەزىم ۋە خوتل قاتارلىق جايلارنىڭ ئاھالىلىرىمۇ رافىنى قوللىغان، ھەتتا توققۇز ئوغۇزلار، قارلۇقلار ۋە تىبەتلەرمۇ رافىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەن. شۇڭا، رافى گەرچە ھۆكۈمران سىنىپتىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى مۇددىئاسى نا ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوزغىغان ھەرىكەت كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ھامان بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ چاغدىكى خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ئەلى ئىبنى ئېيسا خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كېلىپ، رافى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. خەلىپە يەنە ئۆزىنىڭ يېقىنى چوڭ سەركەردە ھار سامانى رافىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ داۋاملىق ئۇلغىيىشىنى توسۇۋالالمىغان. رافى بۇخارانى ئىشغال قىلغان، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ماۋارا ئۈننەھر رايونىنى كونترول قىلغان.

ھارۇن رەشىد ئەھۋالنىڭ بارغانچە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلغان. ئۇ پايتەخت باغدادنى ئۆز ئوغلى ئەمىننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ،

ئۆزى زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ خوراسانغا يۈرۈش قىلغان. لېكىن ئۇ يۈرۈش ئۈستىدە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئۇس دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۆلگەن (ئۆلگەن ۋاقتى 809 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى).

هارۇن رەشىد ئۆلۈشتىن ئىلگىرى مەدىنىگە بارغاندا، ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرى ئەمىن بىلەن مەئمۇنگە بۆلۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئوغلى 786 - ۋە 787 - يىل تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمىن ئاب- باسىيلار ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان، مەئمۇن بولسا پارىس قۇل (دېدەك) دىن تۇغۇلغان بولغاچقا، نام جەھەتتە خەلىپىلىك- كە ئەمىن ۋارىسلىق قىلىپ، خوجىلىق ئورنىدا تۇرغان، مەئمۇن بولسا شەرقىي خوراساندىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مەئمۇن خوراساندا كەڭ كۆلەمدە قوللاشقا ئېرىشىپ، ئۆز ئالدى- غا قوشۇن تەشكىللىگەن، بۇ قوشۇنغا مەشھۇر ئىران سەركەر- دىسى تاھىر قوماندانلىق قىلغان. مەئمۇننىڭ ئەمەلىي كۈچى- نىڭ ئېشىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئەمىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ، ئاخىر 811 - يىلى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ئەمىن قايتا - قايتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۇنىڭ پايتەختى باغدادمۇ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان. ئاخىرىدا، خەلىپە قوشۇنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، ئەمىن ئەسىرگە چۈشكەن، ئۇ قاچماقچى بولغاندا ئۆلتۈرۈلگەن. مەئمۇن ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغان (813 — 833).

ماۋارا ئۇننەھردىكى رافى قوزغىلىڭى خەلىپە ئەمىن دەۋرى- دىلا باستۇرۇلغانىدى؛ تۈركلەرمۇ 809 - يىلى ئۇ يەردىن كەت- كەن، ھار ساما سەمەرقەندنى ھۇجۇم بىلەن ئالغانىدى. مەئمۇن تەختكە چىققاندىن كېيىن، رافى ئۇنىڭغا سېتىلىپ تەسلىم بولۇپ، كەڭچىلىككە ئېرىشكەن، لېكىن مەئمۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان

مەزگىللەردە جايلاردىكى قوزغىلاڭ يەنىلا ئۈزۈلمەي داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان خاۋارىجلار گۇرۇھىدىكى يۈسۈپنىڭ نەۋرىسى مەنسۇر ئىبنى ئابدۇللا قوزغىلىڭى، سىستان ۋە بەدغىس قاتارلىق جايلاردىكى بىر قاتار خارۋارىجلار ھەرىكىتى قاتارلىقلار تاكى مەئمۇن ئۆلگەنگە قەدەر تىنچىمىغان. شەرقىي ئۆلكىلەرنىڭ قوزغىلىڭى مەئمۇننى تازا ئاۋارىچىلىقتا قويغانلىقتىن، ئۇ 821 - يىلى خوراساننى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تاھىرغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

مىلادى 822 - يىلى، تاھىر ھەرقايسى مەسچىتلەردە مەئمۇننىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇشنى چەكلەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن، دېمەك، ئۇ مەئمۇننى ئەمدى ئۆزىنىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلمىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تاھىر ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي ئۆلكىلەر ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسىگە نىسبەتەن مۇستەقىل بولغان. مانا بۇ بىز دېمەكچى بولغان پارسلارنىڭ ئۆزى قۇرغان مۇستەقىل ئىسلام خاندانلىقى — تاھىر خاندانلىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ تاھىر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. تاھىر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگىچە بولغان بۇ ۋاقىت ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىش دەۋرى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭمۇ زاۋالغا يۈزلىنىش دەۋرى ئىدى. مىلادى 751 - يىلى، گاۋشيەنجى تالاس جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي 755 - يىلى ئۆكلۈك - سۆيگىن توپىلىڭى يۈز بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى

ھۆكۈمرانلىرىنى سارىسىمىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تاڭ شۈئەنزۇڭ پايتەختنى سىچۇەنگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، شىياۋزۇڭ لىڭۋۇدا تەختكە چىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسى توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئەنشى قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنلارنى ئىچكىرىگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئەس-كەرلىرىنى، پەرغانە ئەسكەرلىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چەۋەندازلار قوشۇنىنى ھەممە ئەرەب ئەسكەرلىرى-نىمۇ يۆتكەپ ئاپىرىدۇ. ① بۇنداق ئەھۋالدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى مۇداپىئە كۈچى بىر مەزگىل ئاجىزلىشىپ قالغان. شۇڭا، تىبەتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ زېمى-

---

① «كونا تاڭنامە. دۇەن شيۇشى تەرجىمىھالى» دا: «شىيازۇڭ لىڭۋۇدا تەختكە چىقىپ، ئەنشىدىكى ھەربىي قوشۇنلارنىڭ ھىراۋۇلى لياڭ زەيىنى يۆتكەپ ئاپىرىدۇ... ئۇ يەردىن پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ بەش مىڭ ئەسكەر كېلىدۇ، (شياۋ) سىپىڭگە سۇفاڭ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، (دۇەن) شۇشىڭگە ياردەم بېرىشنى بۇيرۇيدۇ» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «قەدىمكى بىنجوخانى نەنچىڭسەيىنى... ئۇيغۇرلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئەسكەر يۆتكەش توغرۇلۇق كېلىشىم قىلىندى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» نىڭ 218 جىلدىدا: «يەنە پەر-غانىدىن ئەسكەر ماڭغۇزۇلدى ھەممە ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەنشىدىن ئىچكىرىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بەرگۈچىلەرگە زور ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭ. ئەرەبلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىككى شەھەر قايتۇرۇۋېلىندى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدى-لىق ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» نىڭ 219 جىلدىدا: «مەلۇم بولۇشىچە، ئەنشى بەشبالىق، پەرغانە ۋە ئەرەب قوشۇنلىرى لياڭجۇ ۋە پىشامىشانغا يېتىپ كەلگەن» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. فېڭ چاڭچىڭ تەرجىمىھالى» دا: «چاڭچىڭ ئاتلىق قوشۇن ۋە چەۋەندازلارغا قوماندانلىق قىلىپ جەڭ قىلىپ، يۈز مىڭلىغان قاراقچىلارنى قىرىپ تاشلىدى» دېيىلگەن. ئىلاۋە: چەۋەندازلار قوشۇنى — شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بار چەۋەن-دازلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت. بۇ يۇقىرىدا ئۇچرايدۇ.

ىنغا ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىۋالغان، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا
پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ مۇئەللىپى شۇ
چاغدىكى ئەھۋالنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: «تاڭ سۇلالىسى
ۋۇدى پادىشاھتىن بۇيان، چېگرا زېمىننى ئېچىپ، تېررىتورىـ
يىسىنى غەربىي يۇرت بىلەن تۇتاشتۇردى، ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىـ
سىدە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى، (ئايماق)،
ناھىيە تەسىس قىلدى. كەييۈەننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇفاڭ، لۇڭـ
يۇ، خېشى، ئەنشى، بېشبالىقتا ھىراۋۇل قويۇپ، ئۇ يەرلەرنى
بىرلىككە كەلتۈردى. ھەر يىلى شەندۇڭدىن ياش يىگىتلەرنى
ئۇ يەرلەرگە مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى، ھەربىي خىراـ
جەت ئۈچۈن شايى ـ كىمخابلارنى ئەۋەتتى، ئۇلار بوزيەرـ
ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى،
چارۋا ئىشلىرى نازارەتچىسى تەسىس قىلىپ، ئات ـ كالا بېـ
قىشنى يولغا قويدى، ھەربىي قورغانلارنى تەسىس قىلىپ، چارلاش
ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، نەچچە تۈمەن چاقىرىملىق زېمىننى
ئىدارە قىلىپ تۇرغانىدى. ئۆگلۈك (ئەنلۇشەن) توپىلىڭى تۇپەيـ
لىدىن، چېگرادىكى قىسىملاردىن سەرخىللىرى ئىچكىرىگە ياردەم
بېرىشكە يۆتكەپ كېتىلدى، قالغان قوشۇنلار ئاجىز بولغاچقا،
غۇزلار بىلەن تىبەتلەر ئۇ يەرلەرنى پارچە ـ پارچىدىن يۇتۇـ
ۋېلىشتى. بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا غەربىي شىمالدىكى نەچچە
ئون ئايماق ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن كەتتى، فېڭشياڭنىڭ
غەربىي، فېڭجۇنىڭ شىمالىي پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ بولدى». دېمەك،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
ئۈزۈپ تاشلاندى. بۇ مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن كۆپـ
رەك بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلغانلار تىبەتلەر بىلەن غەربىي
رايوندىكى تۈركىي مىللەتلەردۇر.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتنى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنـ

گەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىگە
سوۋغات تەقدىم قىلىش ئەھۋالىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ. 751 -
يىلدىن كېيىن سوۋغات تەقدىم قىلىش ئىشلىرى ئاساسەن 759 -
يىلدىن ئىلگىرى كۆپرەك بولغان، 60 - يىللاردىن كېيىن
سوۋغات تەقدىم قىلىش ئىشلىرى كەمرەك تىلغا ئېلىنغان ①. جۇڭ-
گو بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش
ئىشلىرى بولسا تاشقى موڭغۇلدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنى ئارقىلىق
بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى كۈچىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىن چېكىنىپ چىقىشىدىكى سەۋەب پەقەت تالاس جېڭى-
دىكى مەغلۇبىيەتلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ئېيتىلغان بىر قاتار
سەۋەبلەرمۇ بار.

ئەرەبلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار شۇ
چاغلاردا ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى بېسىق-
تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. ئۇلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن بولغان
كۈرىشىمۇ تىبەتلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان بېسىمىنى يەڭ-
گىللەتكەن. مەسىلەن، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»
دە: (ئەرەبلەر) «جېنيۈەننىڭ - يىلى (786 - يىلى) تىبەت-

① بەي شويى تالاس جېڭىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەرەبلەردىن جۇڭ-
گوغا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ قېتىم سانىنى ھېسابلاپ چىققان («يۈيگۇڭ» يېرىم
ئايلىق ژۇرنىلى، 5 - توپلام، 11 - سان، 73 — 74 - بەتلەرگە قاراڭ)،
بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە» ۋە «كىتابلار جەۋھىرى» دىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن سوۋغات ئىشلىرىغا ئائىت خاتىرىلەرگە
ئاساسەن تۈزىتىپ ھېسابلاپ چىققان. 752 - يىلى: قارلۇق، پەرغانە دۆلىتى، كانگىيە؛
73 - يىلى: كەشمىر جاگۇدا، قارلۇق خارەزىم، پەرغانە دۆلىتى. بۇخارا،
تۇخارىستان. ۋاھان؛ 754 - يىلى: كانگىيە، خارەزىم، كېبون، پەرغانە
دۆلىتى. مايمارغ. تورگەش، تۇخارىستان، ساغانىيان، سىياماكا (خۇۋار)، سوت-
رىشنە. بۇخارا؛ 755 - يىلى: تەبەرىستان كانگىيە. تاشكەنت (چاش)، 758-
يىلى: ۋاھان. كەشمىر، قەندىھار، توخارىستان. كانگىيە؛ 759 - يىلى: پەرغانە
بوخارالاردىن ئىبارەت.

لەرنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ، تىبەتلەر قوشۇنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى غەربتىكى ئەرەبلەردىن مۇداپىئەلەنمەكتە ئىدى، شۇڭا، چېگرادىكى خەۋپ روشەن ئازايدى» دېيىلگەن (100 - جىلد). تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى لى مى ھەتتا ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ تىبەتلەرنى تىزگىنلەش توغرىسىدىمۇ تەكلىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئەپلىشەمەك. جەنۇبتا يۈننەن بىلەن ئالاقە ئورناتساق، غەربتە ئەرەبلەر بىلەن ۋە ھىندىستان بىلەن ئىتتىپاق بولساق، ئۇ ھالدا تىبەتلەر مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا يۈرۈش قىلىشمۇ ئاسان بولىدۇ... غەرب تەرەپتە ئەرەبلەر ئەڭ كۈچلۈك، پامىردىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان يېرىم دۇنيانى ئىگىلىگەن، ئۇ ھىندىستان بىلەن جۇڭگوغا زوقمەنلىك بىلەن، تىبەتلەرگە بولسا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ، شۇڭا پېقىر ئۇلارنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايمەن». بىراق، لى مى 789 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. كېيىن (90 - يىللاردا)، تىبەتلەر بەشبالىقنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. كۈنسايىن ئاجىزلىشىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېخىمۇ ماجالى يەتمەيدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىدۇ.

تىبەتلەر ئەرەبلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە توقۇنۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب مەنبەلىرىدە تۈبۈتلەرنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى كەم تىلغا ئېلىنغان. بۇمۇ بىزنىڭ شۇ چاغدىكى غەربىي يۇرتقا دائىر بىلىمىمىزنىڭ كەم بولۇشىدىكى بىر سەۋەبدۇر.

# 4 - بۆلۈم ئەرەبلەر هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى

كېيىنكى چاغلاردا «تۈركىستان» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى IX ئەسىردىن ئىلگىرى يەنىلا شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئارىيانلارنى ئاساس قىلاتتى. بۇ رايون 200 نەچچە يىل ئىلگىرىلا تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەر بۇ يەردە تېخى زور تۈركۈملەپ ئولتۇراقلاشقان ئەمەس. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى تۈرك قەبىلىلىرى ئاساسەن سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ياي‌لاقلاردا ياشايتتى. شەرق تەرەپتىكى پەرغانە رايونىنىڭ ئوش ۋە ئۆزكەنتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەهىرى تۈركلەرنىڭ چېگرىسىدىكى ئىككى مۇهىم شەهەر هېسابلىناتتى، ئۆزكەنت بولسا تۈركلەر بىلەن سودا قىلىدىغان مەركەز بولۇپ، بۇ يەردىن ئاتبېشى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سۇيئاپ شەهىرىگە بارغىلى بولاتتى. ئامۇ دەرياسى ۋادىسى ئەڭ دەسلەپتە قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ماكانى ئىدى، بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخ ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى بۇ دەريانىڭ قەدىمكى ئارىيانچە نامى — ۋاخشۇ دەرياسى دېگەن ناممۇ ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ تۈركلىشىشمۇ كېيىنكى ئىش. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان رايونلار ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تېررىتورىيىسى كەڭ، ئىرقى مۇرەككەپ، مىللەتلىرى كۆپ، شۇڭلاشقا ئىقتىسادىي جەهەتتىمۇ خىلمۇ خىلدۇر. بۇ رايونلار ئىچىدە بوستانلىقتىكى

ئېگىنزارلىقلارمۇ بار، يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىمۇ
بار؛ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە قول سانائىتىمۇ بار، تەرەققىي
تاپقان سودا ۋە شەھەر ئىگىلىكىمۇ بار؛ تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقداش-
لىق قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغان پاترىئارخال فېئوداللىق
تۈزۈممۇ بار، ئارىئانلارنىڭ «دېھقانلار» نى ئۆز ئالاھىدىلىكى
قىلغان فېئوداللىق يەر ئاقسۆڭەكلىرى تۈزۈمىمۇ بار. تارىخىي
ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، ھازىر بۇ ئەھۋاللارنى
تولۇق ئىزاھلاپ كېتىشىمىز تېخى قىيىن.
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى ئاساسەن بوس-
تانلىقلاردا بولۇپ، ئۇ بوستانلىقلار يەنە كۆپ ھاللاردا ئۇرغۇن
شەھەر - بازارلارنى مەركەز قىلغان. يەرلىك ھاكىملار، ئاق-
سۆڭەكلەر، «دېھقانلار»، پومېشچىكلار، سودىگەرلەر شەھەر - با-
زارلاردا تۇراتتى. ئۇلار زور كۆلەمدىكى يەرلەرنى ئىگىلىۋال-
غان، سۇنى مونوپول قىلىۋالغان، سودا ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا
ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەمگەكچى دېھقان-
لارنى ئىشلىتەتتى، ئۇ شەھەر - بازارلار گويا يۇنان-
نىڭ شەھەر. دۆلىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى.
ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرى بىر - بىرى
بىلەن دۈشمەنلىشىپ تىنىماي ئۇرۇشاتتى. بەزى شەھەر - با-
زارلار ناھايىتى قەدىمىي ئىدى. مەسىلەن، سەمەرقەندنى كى-
شىلەر ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنلا 2000 يىل-
دىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىدى دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ (بۇ
بىر مۇبالىغە، ئەلۋەتتە). رىۋايەتتىكى ئافراسىياپ قەدىمىي
شەھىرى مانا مۇشۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدە ئىدى. ئەرەبلەر
ئىستېلاسى مەزگىلىدە بۇخارادىكى فاراخشاھ كەنتىدە، بۇخارا
خۇداتنىڭ كونا ئوردىسى بولغان، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ
بىنا قىلىنغىنىغا 1000 يىلدىن ئاشقانىمىش، بۇخاراخۇدات بۇ-

نىئات ئۇنى قايتا ياساتقانىكەن. خارەزىمنىڭ ئۇزۇن تارىخ-
قا ئىگە ئىكەنلىكى ئارخېئولوگىيىدە ئىسپاتلاندى، بۇنى ئېيتىپ
ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز. بەلخ شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ
باكترىيىنىڭ قەدىمىي شەھىرىنى مۇسۇلمان ئاپتورلار «شەھەر-
لەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.

شەھەر - بازارلارنىڭ چوڭ پومېشچىك، چوڭ ئاقسۆڭەك-
لەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىكەنلىكىنى بەلخ شەھىرىنىڭ
ئەھۋالىدىن بىلگىلى بولىدۇ. مەزكۇر شەھەرنىڭ يېقىن ئەترا-
پىدا نەۋباھار دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇتخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا
بارماقىلار جەمەتى ئىگىدارچىلىق قىلغان. بۇ جەمەتنىڭ ئىگە-
لىگەن يېرى ئۇزۇنلۇقى سەككىز پەرسەھ، كەڭلىكى تۆت پەر-
سەھ كېلىدىكەن①. بۇخارادا بۇخاراخۇدات زور كۆلەمدىكى
يەرنى ئىگىلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى قىلىۋالغان.
بۇخارا دائىرىسىدىكى ۋاردان كەنتىنىڭ ھۆكۈمرانى ۋاردان
خۇداتمۇ چوڭ زېمىندار بولۇپ، ئۇ ھەتتا بۇخاراخۇدات بى-
لەن رىقابەتلەشكەن.

سەمەرقەندتىكى سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى
ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىلا ناھايىتى تەرەق-
قىي قىلغانىدى، ئۇزۇنىسى ۋە توغرىسىغا كېسىشكەن ئېرىق-
ئۆستەڭلەر بىلەن ئېتىزلار سۇغىرىلاتتى. ئەرەب ئىستېلاچىلىرى
ئۆستەڭ سۇلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، خەلقتىن سۇ بېجى ئالغان.
ئۆستەڭ ياقىسىدىكى يەرلەرنىڭ كىرىمىنى ئۆستەڭ رېمونتى
ئۈچۈن سەرپ قىلغان. بۇ يەرلەردىكى ئاتەشپەرەسلەر بىلەن
باشقا دىنىي ئېتىقادچىلىرى جان بېجى ھېسابىغا ئۆستەڭنى رېمونت
قىلىش ئەمگىكىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇخارادىمۇ نۇرغۇن سۇ-

①پەرساھ — پارسچە مۇساپە ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر پەرساھ تەخمىنەن 15 چاقىرىم كېلىدۇ.

غىرىش ئۆستەڭلىرى ياسالغان بولۇپ، بەزى يېزا - رايونلار
ئۆستەڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئەرەبلەرنىڭ خوراساندىكى
باش ۋالىيسى ئاساد سەمەرقەندنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ
تاشلاش ئۈچۈن، 736 - يىلى ۋاراغسارغا بىر توسما سېلىپ،
سۇ ئېقىنىنى توسىغان. شۇ چاغلاردا، ئەرەبلەر ۋە يەرلىك
فېئودال ھۆكۈمرانلار سۇ ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىش ئۈچۈن،
ئاخمېنىدلار خاندانلىقى دەۋرىدىن تارتىپلا قوللىنىپ كېلىۋاتقان
بۇ تەدبىرنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان. سۇ ئىشلىرى پومېشچىك-
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چاڭگىلىدا بولغاچقا، ئەمگەكچى دېھقانلار
فېئودال پومېشچىكلارغا بېقىنىشقا ۋە شۇ ۋەجىدىن يەرگە باغ-
لىنىپ فېئوداللارغا ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىچكى
قەۋىتىدە، يەنى مەركىزىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان. ھەربىر
شەھەر - بازارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمى
ئەڭ بۇرۇن بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇنى «مەدىنە»
دەپ ئاتىغان، پارسلار «شەھرىستان»، يەنى ئىچكى شەھەرياكى
شەھەرنىڭ ئەسلى دەپ ئاتىغان. كۆپلىگەن شەھەر -
بازارلارنىڭ ئىچكى شەھىرى ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن
ئىلگىرىلا بار ئىدى. ئىچكى شەھەرنى فېئوداللىق قورۇق دەپ
ئاتاشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدا فېئوداللار ئولتۇراقلاشقان قورغان بو-
لۇپلا قالماي، يەنە كەڭ - كۆلەمدىكى تېرىلغۇ يەرلەرمۇ بولغان.
بۇخاراخۇدات تۇرىدىغان قورغان ئىچىدە يەنە دۆلەت خەزىنى-
سى، ئاشلىق ئامبىرى، ئىسكىلات، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكان-
لىرىمۇ بولغان. قورغان ئىچىدە خۇداتتىن باشقا يەنە ئوردا
خادىملىرى، ئەمەلدارلار، مۇھاپىزەتچىلەر، خىزمەتكارلارمۇ
ئولتۇراقلاشقان. خۇدات ئۇ يەردە تۇرۇپ ھۆكۈم سۈرەتتى، ھەر-
كۈنى قورغاندىن چىقىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بېجىرەتتى.

سەمەرقەندنىڭ ئىچكى شەھىرىنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت دەرۋازا بولۇپ، شەرقىي دەرۋازا «جۇڭگو دەرۋازىسى»، غەربىي دەرۋازا «نەۋباھار دەرۋازىسى» ياكى تۆمۈر قوۋۇق، شىمالىي دەرۋازا «بۇخارا دەرۋازىسى» ياكى ئۇسرۇشنا دەرۋازىسى، جەنۇبىي دەرۋازا «قەشقەر دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى. قەشقەر دەرۋازىسى بازار بولىدىغان رىستە، شۇنداقلا ئاھالە مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. بەلخ ۋە سەمەرقەندنىڭ ئىچكى شەھەرلىرىدە چوڭ مەسچىتلەر سېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەلخنىڭ ئىچكى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ جامە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىنا قىلىنغانمىش، ئۇنىڭ ئەتراپى بازار بولۇپ، ئاۋات ۋە باياشاتچىلىق بولغاچقا، مەسچىتنىڭ كىرىمى ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇخارانىڭ ئىچكى شەھىرىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئىچكى شەھەر بىلەن قورغان ئايرىلىقىدىمۇ مەسچىت بولغان. ئەرەبلەر ئىچكى شەھەرنىڭ قورغىنىنى «قاراۋۇل» دەپ، تاشقى شەھەرنى «رابات» دەپ ئاتىغان.

سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تاشقى شەھەر تەدرىجىي بىنا قىلىنغان. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە سودا كارۋانلىرى چۈشىدىغان سارايلاردىن ئىبارەت بولغان، كۆچمەن چارۋىچىلار ياكى ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شەھەر ئەتراپىغا قورۇق تام سېلىنغان. مەسىلەن، سەمەرقەندنىڭ بازارلىرى كۆپىنچە رابات ئىچىدە بولغان، كېيىنكىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇشىنىڭ راباتلىرى تاغ چوققىسىغا سېلىنغان بولۇپ، كۆزەتچى ۋە قاراۋۇل قويۇلغان. جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئىسسىنجاب شەھىرى سودىگەرلەر توپلىشىدىغان جاي بولۇپ، بۇ يەردە سېلىنغان رابات (كارۋان سارىيى) 1700 گە يەتكەن، ئۇنىڭ بەزىلىرى يۇرتداشلار سارىيى، مەسىلەن،

سەمەرقەندلىكلەر سارىيى، بۇخارالىقلار سارىيى، نەخشەبلىكلار سارىيى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەرلىك ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆز يۇتداشلىرى ئۇچۇن سېلىنغان ياكى سودىگەرلەر تەرىپىدىن پۇل يىغىش قىلىپ سېلىنغان. بەزىلىرى چوڭ ئەمەلدارلار ۋە دۆلەتمەن كىشىلەر تەرىپىدىن پۇل ئىئانە قىلىپ سېلىنغان. رابات ۋە سارايلار يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، تەدرىجىي ئاۋاتلىشىپ تولۇقلانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولى بولغانلىقتىن، سودىگەرلەر شەھەر ـ بازارلاردا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. بۇخارانىڭ يېنىدىكى پەرغانە شەھىرى كاتتا سودا مەركىزى بولۇپ، «سودىگەرلەر شەھىرى» دەپ ئاتالغان. نار شاھىنىڭ ئېيتىشىچە، پەرغانە شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى تامامەن سودىگەر بولۇپ، جۇڭگو بىلەن بولغان يىپەك سودىسىنى، ھەتتا دېڭىز ياقىلىرىدىكى شەھەرلەر بىلەن بولىدىغان سۇ يولى سودىسىنمۇ شۇلار قىلغانىكەن. «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا پەرغانە شەھىرىدىكى راباتنىڭ 1000 غا يەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇخارادا بىرمۇنچە چەت جايىدىن كەلگەن باي سودىگەرلەر بولۇپ، بۇلار كېش ـ كۇشانلار دەپ ئاتالغان (بەزىلەر ئۇلارنى كۇشانلار ياكى ئېفتالىتلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىشىدۇ). قۇتەيبە بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلىرىنى ئەرەبلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزلىرى شەھەر ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ، گۇمبەز شەكىلدىكى 700 قورۇ سېلىپ ئولتۇرغان. سەمەرقەندنىڭ ئورنى جۇڭگو، ھىندىستان، پېرسىيە، تۈرك تەرەپلەردىن كېلىدىغان سودا يولىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا بولغاچقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان سودىگەرلەرمۇ شۇ يەردە توپلىشاتتى. تېرمىد بولسا خوتل بىلەن ساغانىيانىنىڭ سودا مەركىزى ئىدى. بۇخارا-

نىڭ تاۋاۋىز رايونىمۇ سودا ئىشلىرى گۈللەنگەن جاي ئىدى. يەر-
لىك خەلقلەر دېھقانچىلىق بىلەن ناھايىتى كەم شۇغۇللىناتتى،
تىجارەت كىرىمى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىدى.
ھەر يىلى بۇ يەردە ئون كۈن يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەرخىل تا-
ۋارلار ئالدى - ساتتى قىلىناتتى. ماۋارائۇننەھر رايونىنىڭ سودى-
گەرلىرى، ھەتتا پەرغانە ۋە تاشكەنتنىڭ سودىگەرلىرىمۇ بۇ يەرگە
سودا - سېتىق ئۈچۈن كېلەتتى. بۇخارالىق ھەسەن دېگەن بىر سودى-
گەرنىڭ سالدۇرغان قورغىنى خانىنىڭ ئوردىسىدىنمۇ كاتتا بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يېرىدىن ھەر ئايدا 12 مىڭ دىنار كىرىم
قىلىناتتى. بۇ ھال سودىگەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ نەقەدەر
چوڭلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادى 751 - يىلى تالاس جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن
ئەسىرگە چۈشۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن
دۇخۇەن ئۆزى كېزىپ ئۆتكەن جايلار توغرىسىدا خاتىرە قالدۇر-
غان. مەسىلەن، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرى توغرى-
سىدا ئۇ مۇنۇلارنى يازغان: ئۇ يەرلەردىكى «شەھەرلەرنىڭ قور-
غانلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر كۈنى جەڭگى - جېدەل بولۇپ تۇ-
رىدىكەن. دېھقانلار ساۋۇت كىيىپ، قوراللىق يۈرۈپ، كىشىلەرنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قولغا چۈشۈرگەنلەرنى قۇل - دېدەك قىلىۋالىدى-
كەن.» ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تالاستىن تارتىپ تاكى غەربىي
دېڭىز (كاسپىي دېڭىز)① غىچە بولغان كەڭ رايونلىرىدا «3 - ئاي-
دىن 9 - ئايغىچە ئاسماندا بۇلۇت ۋە يامغۇر بولمايدىكەن، ھەممە
كىشى قار سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ يەرلەردە
ئارپا، بۇغداي، شال، ماش، پۇرچاق تېرىلىدىكەن.» تاشكەنت
رايونىنىڭ«يەرلىرى تۈزلەڭ، مېۋىلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇيەردىن

① دۇخۇەن ئىرانغا بارغان، ئۇ دېگەن غەربىي دېڭىز ئارال
دېڭىز بولماستىن، بەلكى كاسپىي دېڭىزدۇر.

ياراملىق ئىت، ئېسىل ئات چىقىدىگەن.» پەرغانە رايونىنىڭ «يېرى مۇنبەت بولۇپ، ئۈزۈم، ئەنجۈر، چىلان، ياڭاق، نەشپۈت ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق ئىكەن.» ئۇلار «ھەممىسى كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن، قوي تېرىسىدىن جۇۋا تىكىپ ئۈستىنى رەخت بىلەن قاپلاپ كىيىدىكەن، ئەر – ئايال- لارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈك كىيىدىكەن، ئاياللىرى ئۇپا – ئەڭلىك بىلەن پەرداز قىلماي، كىرپىكىگە سۈرمەل تارتىدىكەن»، دېمەك ئاياللارنىڭ ئادىتى ھازىرقىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ يەنە مەرۋە توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەرنىڭ شەرقىي يول سەتراپى (خوراساننىڭ باش ۋالىيسى) مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن.» مەرۋە دېگىنىمىز «كەنتلەر بىر – بىرىگە تۇتاش، دەرەخزارلىق، تۈت ئەتراپى قۇملۇق ئىكەن. جەنۇب تەرىپىدە بىر چوڭ ئېقىن (مۇرغاب دەرياسىنى دېمەكچى) بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىگە ئېقىپ كىرىپ، نەچچە يۈز ئۆستەڭگە بۆلۈنۈپ، بىر ئايماقنى سۇغىرىدىكەن. ئۇنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ئادەملىرى پاكىز ئىكەن.» ئۇنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، «تاملىرى ئېگىز، ھەم قېلىن، شەھەر كوچىلىرى تۈز، ئىمارەت- لىرىنىڭ ئىشىك – دېرىزە ۋە تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن، تاملىرىغا رەسىم سىزىلغان.» ئۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى «سېپتە توقۇلغان ماتا – چەكمەن، كۆرپە جۇۋا بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىكلىرىنىڭ قىممىتى نەچچە يۈز كۈمۈش پۇلغا يارىسا كېرەك.» ئۇ يەردىن «توغاچ، ئاق ئۈرۈك، ئالۇچا» قاتارلىق مېۋە چىقىدىكەن. يەنە كۆكتاتلاردىن «چامغۇر، تۇرۇپ، سۇڭپىياز، باش پىياز، قىچا، چىڭسەي، تەرخەمەك، كۈدە، بەدىيان، يۇمغاقسۈت، كاۋا بولۇپ، ئۈزۈم كۆپ چىقىدىكەن». ئۇ يەردە يەنە «سېرىق كالا، قۇلان، ئۆردەك، قىرغاۋۇل» بار ئىكەن. مەرۋە رايونىنىڭ ئاھالىسى «پارىس، ئەرەبلەرنىڭ

ئاربلاشمىسى» ئىكەن. ئۇ چاغدا ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ دىنىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدىغان
ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئاساسەن، بۇ جايلارنىڭ قول - سانائەت
ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىلىۋالغىلى
بولىدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن بايانلارغا ئاساسەن، ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قول سانائەت ئىشلەپچىقى-
رىشنى مۇنداق بىرنەچچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: توقۇمىچىلىق
جەھەتتە، پاختا رەخت ئىشلەپ چىقىرىدىغان جايلار — خوراسان،
نىشاپۇر، ھېرات، مەرۋە، خارەزىم؛ يىپەك توقۇلما ئىشلەپ چى-
قىرىدىغان جايلار — نىشاپۇر، مەرۋە؛ يۇڭ توقۇلما ئىشلەپ-
چىقىرىدىغان جايلار — بۇخارا (ئېسىل پالاس چىقىدۇ)، ساغانىيان؛
كىگىز ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلار — خارەزىم، ئىسفىجاپ، تالىكان،
خوجكان. كۆن ئىشلەپ چىقىرىدىغان جاي — ئەنبەر (ئۇ يەردە
ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان خوجكان كۆنى چەت جايلارغا چىقىرى-
لىدۇ). قەغەز ئاساسەن سەمەرقەندتە ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.
شاراب ئىشلەپ چىقىرىدىغان جايلار — سىمىنجان، تالىكان،
خوجكان. سىركە (ئاچچىقسۇ) ئىشلەپ چىقىرىدىغان جاي —
مەرۋە. كىشمىش ۋە ئۈزۈم شىرنىسى ئىشلەپ چىقىرىدىغان
جاي — ھېرات. ئېگەر - جابدۇق ئىشلەپ چىقىرىدىغان
جاي — خوجكان (ئېگەر، قوشقۇن، بەلباغ ئىشلەپ چىقىرىدۇ).
ئوقيا ئىشلەپ چىقىرىدىغان جاي — تاشكەنت. كان ئېچىش
مېتال تاۋلاش جەھەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدا ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، قوغۇشۇن، بېرىل، مىس، سۈرمە،
سېلىترا، تۇز قاتارلىق كانلار بار، بۇ چاغلاردا بۇ يەرنىڭ
ئادەملىرى كان ئېچىشنى بىلىپلا قالماي، مېتال تاۋلاشنىمۇ

بىلگەن. مەسىلەن، سۇترىشىنادىن تۆمۈر، كېشتىن تۇز، بۇخا-رادىن سىپلترا، بەدەخشاندىن ئالتۇن - كۈمۈش، تۇستىن بېرىل، مىس، قوغۇشۇن، سۈرمە قاتارلىق نەرسىلەر چىقاتتى. باشقا قول - سانائەتلىرىدىن يەنە دورىگەرلىك (مەسىلەن، خوراساندا) بار ئىدى. كېشتىن ماتا چىقاتتى. شۇمان ۋە ساغانىياندىن بوياق ماتېرىياللىرى (رەڭ) چىقاتتى. تېرمىدتا سوپۇن، بورا، يەلپۈگۈچ ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. خارەزىمدە تەگلىك (كۆرپە - پاياندار)، كىيىم ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. تۇستا پايپاق، ئىشتانباغ ئىشلەپ چىقىرىلاتتى ۋە باشقىلار. ئەلۋەتتە، ئۇ كىتابتا ئاتاپ ئۆتۈلگەن بۇ جايلار بىرقەدەر مەشھۇر جايلاردىنلا ئىبارەت، بەزى مەھسۇلاتلار ۋە قول سانائىتى يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان جايلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، مەسىلەن، شاراب ئىشلەپ-چىقىرىش، كىگىزچىلىك، كۆنچىلىك، توقۇمىچىلىق قاتارلىق قول سانائىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇم-يۈزلۈك راۋاجلانغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان جايلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. لېكىن يۇقىرىقى ئەھۋالدىن ئەينى زاماندىكى قول سانائەت تۈرلىرىنى ئاساسەن بىلگىلى بولىدۇ. يەرلىك خەلقلەر ئىشلەپچىقارغان بۇ مەھسۇلاتلار بىلەن شۇ جايلارنىڭ ئېھتىياجى قامدىلىپلا قالماي، يەنە بۇ مەھسۇلاتلار چەت جايلارغىمۇ چىقىرىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر بىلەن «دېھقان» يەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئۇلار بىر - بىرىگە تايانغان، سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىشتىكى ئاساسىي ئوبيېكتى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ - تۇشۇپ ساتىدىغان مېلى ئاساسەن يىپەك بۇيۇملار ئىدى. ئىلگىرى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى (جۇڭگو دەرۋازىسى»

دەپ ئاتالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنىمۇ بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەبەرىي بىر تارىخىي پاكىت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: ھىجرىيىنىڭ 103 - يىلى (721 — 722)، 400 نەپەر سوغد سودىگىرى جۇڭگودىن نۇرغۇن مال ئېلىپ قايتقان چاغدا، دەل ئەرەبلەرنىڭ باش ۋالىيسى سەئىد سەمەرقەندكە بېسىپ كىرگەن. ئۇلار بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، شۇ شەھەردىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرگە پەرغانىگە كۆچۈپ كەتكەن (بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى). ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ سەركەردە ئەبۇ داۋۇد 752 - يىلى كېش شەھىرى (شەھرى سەبىز) نى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندا قولغا كەلتۈرگەن ئولجىلار ئىچىدە جۇڭگودا ئىشلەنگەن نۇرغۇن قاچا - قۇچىلارنىڭ ۋە ئېگەر - جابدۇقلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەنلىكىنى، يەنە ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان خىلمۇخىل يىپەك بۇيۇملارنىڭ رەڭگارەڭ تۈرلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. مانا بۇنىڭدىن، ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى جۇڭگو بىلەن سودا قىلىپلا قالماي، يەنە تۈركلەر، تۈبۈتلەر، ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەنمۇ سودا قىلىشاتتى. ئۇلار ئاشلىق، پاختا قاتارلىق نەرسىلەرنى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاپىرىپ، چارۋا، يۇڭ - تېرىگە تېگىشىپ ئەكېلەتتى. بولۇپمۇ تۈركلەردىن ئادەم سېتىۋېلىپ كېلىپ قۇل قىلىپ، ئىران، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتاتتى. تۈركلەر بىلەن چېگرىداش بولغان

پەرغانىنىڭ ئوش قاتارلىق جايلىرى قول سودىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. سودىگەرلەر توپلىشىدىغان بەدەخشاندا يىپەك سودىسىنى بولغاندىن باشقا، ئۇ يەرگە تىبەت ئىشەكلىرىمۇ ئېلىپ كېلىنەتتى. ئىسلام قانۇنىغا ئاساسەن، كۇپپارلارنى ئەكېلىپ قۇل قىلىپ سېتىش قانۇنلۇق ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ تۈرك قۇللارنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئوردا خىزمىتىدە بولۇپ، خەلىپىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ھەتتا يۇقىرى ئورۇنغا چىقىپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەھەرلەر ئەھۋالىدىن بىز يەنە مەھەللىۋى بازار سودىسىنىڭمۇ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شەھەر - بازارلاردىكى سودا بولىدىغان جايلار «بازار» دەپ ئاتىلىپ، دېھقانلار، قول - ھۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشاتتى. نەرشەھىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇخارادا مەخسۇس بازار دەرۋازىسى، رەستە بولۇپ، ئىچكى شەھەرنىڭ سېپىلى تۈۋىدە «ئاشپۇزۇللار ۋە چەرچىن مال دۇكانلىرى»، «يىپەك مال ۋە كىيىم - كېچەك دۇكانلىرى» قاتارلىقلار بولغان. ئىستەخرى: بازار قەدىمكى چاغدا ئىچكى شەھەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسى يېنىدا ئىدى دەيدۇ. بارتولد: بازار دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئىچكى شەھەرنىڭ سېپىلى يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ چاغلاردا شەھەر بىلەن يېزىنىڭ بۆلۈنۈشى تېخى روشەن ئەمەس ئىدى. بۇ، دەسلەپكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

رايونلارنىڭ سودا ۋە باج ئىشلىرى ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى پۇلمۇ چە-

قارغان. مەسىلەن، بۇخارا خۇداتى قەدىنا ساپ كۈمۈشتىن دەرھەم (پۇل) قۇيدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇخارا خۇداتىنىڭ تاج كىيگەن باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ كۈمۈش پۇل خەلىپە ئەبۇ بەكرى (632 — 634) ۋاقتىدا تارقىتىلغان، III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى خارەزىم پۇلى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئەتكەس قىلىنغان. بۇ خىل كۈمۈش پۇلدىن ئىلگىرى، V — VI ئەسىرلەردە ساسانىيلارنىڭ كۈمۈش پۇلىغا تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان سوغد پۇلى بولغان. بۇخارا خۇدات پۇلى ئەنە شۇ خىل سوغد پۇلىغا تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان. خارەزىم پۇلىنىڭ ئالدى يۈزىگە خاننىڭ سۈرىتى (ساقالسىز)، ئارقا يۈزىگە مەشئەل يېقىلغان مۇنبەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆگدىن سولغا قارىتىپ بىر تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئالدى يۈزىگە خەت چېكىلگەن، يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل تىپتىكى يەرلىك پۇلدىن باشقا، يەنە ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى قۇيدۇرغان مىتال پۇلمۇ بولۇپ، بۇ پۇل باج تۆلەشتە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاساسەن ئۈچ خىل بولۇپ، بىرى مۇھەممەد پۇلى، تارىخ مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان خوراساننىڭ باش ۋالىيلىرى ئىچىدە بۇنداق ئىسىم ئۇچرىمايدۇ، ئۇ خوراساننىڭ باش ۋالىيسىنىڭ ماۋارا ئۇننەھرگە ئەۋەتكەن يەرلىك ئەمەلدارىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل مىتال پۇل ئاساسەن سوترىشنا، پەرغانە، كېش، ناخشاب قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلگەن. يەنە بىرى، مۇسەيىب پۇلى، بۇ پۇل مۇسەيىب ئىبنى زوھر باش ۋالىي بولۇپ تۇرغاندا (780 — 783) قۇيدۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن تاشكەنت، خوجەند ۋە تۈرك شەھەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن. يەنە بىرى، گىترىف پۇلى، گىترىف ئىبنى ئاتا (792 — 793) خەلىپە ھارۇن رەشىد دەۋرىدە خوراساندا باش ۋالىي بولۇپ تۇرغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇخارالىقلارنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ

خىل پۇلنى قۇيىدۇرغان. شۇ چاغلاردا بۇخارالىقلار بۇخارا
خۇدات پۇلىنىڭ خارەزىم پۇلى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىل-
غانلىقىغا نارازى بولغانىكەن. شۇڭا گىتىرىف ئالتۇن، كۈمۈش،
قوغۇشۇن، قەلەي، تۆمۈر، مىس ئالتە خىل مېتاللىڭ بىرىك-
مىسىدىن پۇل قۇيىدۇرغان، ئۇنىڭ شەكلى بۇخارا خۇدات پۇلى
بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا گىتىرىفنىڭ ئىسمى
چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل مېتال پۇل ئاساسەن بۇخارادا ئىشلى-
تىلگەن. بۇ ئۈچ خىل پۇلغا ھەم سۈرەت، ھەم يېزىق چۈشۈ-
رۈلگەن. گىتىرىف پۇلىنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن،
بۇخارالىقلار ئۇنى قوبۇل قىلمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ بۇخارا
خۇدات پۇلى بىلەن بولغان قىممەت سېلىشتۇرمىسى 1:6
بولغان. ئەينى چاغدا بۇخارا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ
ئەرەب دائىرىلىرىگە تۆلەشكە تېگىشلىك بېجى ئاز كەم 200
مىڭ دەرھەم بولغاچقا، 1 مىليون 168 مىڭ 567 گىترىف
دەرھىمى تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي
گىتىرىف دەرھىمىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، كۈمۈش پۇل قىممىتى
بىلەن تەڭلىشىپ قالغان، ئەمما تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك گىترىف
دەرھىمىنىڭ سانى ئۆزگەرتىلمىگەن. شۇڭا بۇخارالىقلارنىڭ
ئەمەلىي تاپشۇرغان باج سوممىسى ئىلگىرىكىنىڭ ئالتە ھەس-
سىسىگە توغرا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن گىتىرىف پۇلىنىڭ
قىممىتى داۋاملىق ئېشىپ، بۇخارالىقلار ئەرەبلەرنىڭ بارغانسېرى
ئېغىر زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان. بۇ پاكىتتىن
ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە خەلقنىڭ قارشىلىق كۈرىشىنىڭ
ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى ۋە
سەۋەبىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، مەدەنىيەت ھامان
دىن بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ يەردە ئالدى
بىلەن ئەرەب ئىستېلاسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ
مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش
زۆرۈر. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىلگىرى ساسانىيلار خاندان-
لىقى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن، شۇڭا پېرسىيىنىڭ
زەردەشت (زورو ئاستېر) دىنى، مانى دىنى ۋە پېرسىيىدىن
شەرققە تارالغان نېستورىيان دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز
ئېتىقادچىلىرىنى تاپقان. بولۇپمۇ زەردەشت دىنى ئەڭ
ئومۇملاشقان. ھىندىستاندىن تارقىلىپ كىرگەن بۇددا
دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاجلانغان. يېقىنقى زامان
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن تېپىلغان سوغد
يېزىقىدا يېزىلغان مۇشۇ بىر نەچچە خىل دىنغا دائىر پۈتۈكلەر
بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. «دۇخۇەنىنىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە،
كانكىيىدە زەردەشت ئىبادەتخانىسىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.
خۇي چاۋنىڭ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە قىلىنغان سەپەرنامە»
سىدە، بۇخارا، كېبۇت، كېش، شىراز، مايمارغ، كانكىيىدىن ئى-
بارەت «بۇ ئالتە ئەلدە زەردەشت دىنى ئومۇملاشقان بولۇپ،
بۇددا تەلىمىنى بىلمەيدۇ» غانلىقى ئېيتىلغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنىدىكى ۋاھان، شىغنان قاتارلىق جايلار ھەتتا X
ئەسىردىمۇ تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن. باكترىيىنىڭ قەدىم-
كى پايتەختى بەلختە بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان. ئىسلام يازغۇ-
چىسى ئىبنى ئەل فاتىخ مۇنداق دەپ يازغان: ئۇ يەردىكى نەۋ
باھار ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبلىرى جۇڭگو پادىشاھى ۋە كابۇل
شاھى بىلەن ئوخشاش بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، جايلار-
دىن بۇ ئىبادەتخانىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان تاۋابچىلار
چوڭ بۇتقا باش ئۇرۇپ چوقۇناتتى. بۇ ئىبادەتخانا كېيىنكى

چاغدا ئەرەبلەر تەرىپىدىن گۇمران قىلىۋېتىلگەن. بۇخارادىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاۋاۋىس كەنتىدە، ئىلگىرى بۇتخانىمۇ بولغان، زەردەشت ئىبادەتخانىسىمۇ بولغان. بۇخارادا سىياۋۇش دېگەن بىر قەبرىگاھ بولۇپ، بۇ، زەردەشت مۇرىتلىرى چوقۇنىدىغان قەدىمىي يادىكارلىق ئىكەن. ھەر يىلى نورۇز بايرىمىدا زەردەشت مۇرىتلىرى كۈنچىقىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ، بىر خورازنى قۇربانلىق قىلار ئىكەن. بۇ يەرنىڭ بازىرىدا بۇددا ھەيكىلى سېتىلىدىكەن، ھەيكەلنىڭ سودا سوممىسى قىممىتى نەچچە ئونمىڭ دەرھەمگە يېتىدىكەن. بۇددىغا تىلاۋەت قىلىش ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغانىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بۇخارا سودىگەرلىرى — كېش - كۈشانلارنىڭ كۆپچىلىكى زەردەشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇلار تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ھەممىسىدە زەردەشت ئىبادەتخانىلىرى بولغانىكەن. مەشھۇر رامىتان (ئارىيامىتان دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ت) شەھىرىدىمۇ زەردەشت ئىبادەتخانىسى بىلەن بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان. بۇ، ئاساسەن ئەرەبلەر بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە پېرسىيە ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى، ئالدى بىلەن ئىراندىكى زەردەشت دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېغىر زەربە بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا زەردەشت دىنىنىڭ گۈللەنگەن ماكانى بولغاچقا، پېرسىيەدىكى زەردەشت دىنى، مانى ئېتىقادچىلىرى ھەدەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەلگەن. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، باج كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە بايلىق بۇلاش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئانچە بەك دەۋەت قىلىپ كەتمىگەن. پەقەت قۇتەيبە دەۋرىدىن كېيىنلا ئاندىن زورلۇق كۈچ ۋاستىسى بىلەن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا

كىرىشكە مەجبۇرلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئەرەبلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە جان بېجى ئېلىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىنىغا كۆپلەپ كىرگەن. ئەمما
يەنە بەزى ئېتىقادى مۇستەھكەم زەردەشت، مانى ياكى بۇددا،
نېستورىيان مۇرىتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراشنى خا-
لىماي، شەرققە قېچىپ كەلگەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ بىر نەچچە
خىل دىن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تار-
قالغان. كەيىۋەن 7 - يىلى (719 - يىلى)، توخارىستاننىڭ
پادىشاھى جاھانىيان تاڭ سۇلالىسىگە ئىلمىي نۇجۇمنى بىلىدى-
غان راھىب باش مۇجاك (يەنى مانى) ئەۋەتكەن. كېيىن، باۋ-
يىڭ، گۇاڭدې يىللىرى (762 — 763) مانى دىنى
ئۇيغۇرلارغا بىۋاسىتە تارقالغان. مەسىلەن، تاشقى
موڭغۇلدىكى قارا بالغاسۇندىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر ئاي
تەڭرىدىن قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس
قەلەم ۋە ئەلەم جاسارىتى ئابىدىسى» دە مانى راھىبىنىڭ شۇ
چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك-سۆيگىن توپىلىڭىنى بېسىقتۇ-
رۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن بارغان ئۇيغۇر قاغانى بىلەن بىللە
ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ دىن تارقاتقان تارىخى پاكىت خاتىرى-
لەنگەن. بۇ دەل VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان ئىش. بۇ
چاغدا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا زورلۇق بىلەن ئىسلام دىنىنى
تارقىتىۋاتاتتى.

ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى
ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن بېرىلگەن بىر
زەربە ئىكەنلىكى ئېنىق. XI ئەسىردە ئۆتكەن يازغۇچى بىرۇنى
ئەرەب ئىستىلاچىلىرى، بولۇپمۇ قۇتەيبە پېرسىيە، سوغدىيانا،
خارەزىم قاتارلىق جايلاردا زىيالىيلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى
تامامەن يوقاتقان دەيدۇ. بارتولد بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى ئان-

چە مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئەرەبلەرنىڭ غەيرىي دىنلار مەدەنىيىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىلگىرى چوقۇم سوغدى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر بولغان ۋە چوقۇم ئەرەبلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەرەبلەر مەسچىت سېلىشتا ھامان ئەسلىدىكى زەردەشت دىنى ياكى بۇددا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ سېلىشقا ئادەتلەنگەن، بۇتلارنى، تام رەسىملىرىنى بۇزغان، بۇددا نوملىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ھامان كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. شۇڭا بۇ خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىدا كۆپرەك تېپىلىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب يېزىقىمۇ تارقالغان. بۇ خىل تىل-يېزىقنىڭ ئومۇملىششىنىمۇ ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشىدىن IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام خاندانلىقىنى قۇرۇشىغىچە بولغان 200 يىل ئىچىدە، ئەرەب تىلى ئىزچىل تۈردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل، شۇنداقلا بارلىق نەسرىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدىغان تىل بولۇپ كەلگەن. مۇشۇنداق تەسىر تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىپ كەلگەن ھەر قايسى جايلارنىڭ يېزىقلىرى تەدرىجىي ھالدا سىقىپ چىقىرىلغان. مەيلى پارس يېزىقى ياكى تۈركىي يېزىق بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان. كېيىن، پېرسىينىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىمۇ، پارسچە يېزىقنى ئەردب ھەرپى بىلەن

يېزىش ئەمەلدىن قالدۇرالمىغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇمەييە خاندانلىقى بىلەن ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمىغان. ئالدىنقىسى ئەرەب مىللىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، قەدىمىي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە پارس مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلمىغان. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ زور تەرەققىياتى ئەمەلىيەتتە ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، ئابباسىيلار خاندانلىقى پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان، شۇنىڭدەك يۇنان، رىم ۋە ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئەرەب تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقىغا يۈز يىل بولغان بولۇپ، پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زىيالىيلىرى ئەرەب تىلى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى تولۇق ئىگىلەپ بولغان. خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدىن باشلاپلا يۇناننىڭ پەلسەپە، قانۇنشۇناسلىق، تىببىي ئىلىم، فىزىكا، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەسەرلىرى ھەمدە سانسكرىتچە ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم)، تىببىي ئىلىم جەھەتتىكى ئەسەرلەر ئەرەبچىگە كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تەرجىمە ئىشلىرىغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى پارسلار، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە ھىندىستانلىقلار ئىدى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرمۇ قاتناشقان. بۇ ئىلغار مەدەنىيەت كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى كېيىنكى ئەرەب ئىلىم - پېنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى زور رول

ئوينىغان. يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بىر خىل يېڭى ئىسلام مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ چىققان. لېكىن بۇ خىل يېڭى مەدەنىيەت تەركىبىدە، ئەرەبلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەمەس.

يەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، جۇغراپىيىگە دائىر ئەرەبچە ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشى بارلىق ساھەلەر دائىر ئەسەرلەرنىڭ زور كۆلەمدە بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەتتا بىبلىئوگرافىيە ئەسىرى Fihisfal_،Ulum («پەنلەر مۇندەرىجىسى») بارلىققا كەلدى. بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئەل مەدەنى (830 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىبنى ئىسھاق (767 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەبۇ ئۇبەيدا (822 - يىلى ۋاپات بولغان)، خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ئەلى ئىبنى ئېيسا (796 — 807) نىڭ كاتىپى قەۋس ئىبنى مەنسۇر ماۋازى قاتارلىق كىشىلەر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بىر قەدەر مۇھىم ئەرەب ئەدىبلىرى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى پەقەت كېيىنكى ئەدىبلەرنىڭ كەلتۈرگەن نەقىللىرىدىلا ئۇچرايدۇ. تەبەرى قاتارلىق مەشھۇر تارىخچىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشمۇ تەبىئىي ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ ئەھۋال، ئالدى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلگىرى جۇڭگوغا تەۋە ئىكەنلىكىدىن

بولغان، بۇ تارىخىي پاكىت ئىسلام ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب يازغۇچىسى ئىستەخرى «ماۋارا ئۇننەھر» (ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى رايونلار ①) جۇڭگولۇقلارغا تەۋە ئىدى دەپ قارىغان. بارتولد سوغدلارنىڭ غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگولۇقلار بىلەن يېقىنلىشىش، شەكسىزكى، بۇ جايلارنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن②».

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن قەغەز ياساش ئۇسۇلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرىشى — جۇڭگو مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ يەنە بىر مىسالى. شىياڭدا ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كىشىلەرنىڭ چاڭئەنگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دىن، مەدەنىيەت، سەنئەتلىرىنى خەنزۇلار رايونىغا ئېلىپ بارغانلىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ دەلىللىگەن. بۇ پاكىتلاردىن بىز شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مەدەنىيىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ بىلەلەيمىز. ئۇلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى ئەھۋاللىرى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇزىكا جەھەتتە، كاڭ كۇنلۇن، ساۋباۋ، ساۋشەنسەي، ساۋگاڭلار داڭلىق بەرباپچىلار بولۇپ، شۇ زاماندا دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. ئۇسسۇل

---

① ئەرەبلەر ئىران تەرەپنىڭ نۇقتىسىدىن قاراپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى «ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتى» دەپ ئاتىغان.

② «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 3 توم، 107 - بەت.

جەھەتتە گانگىيە (سەمەرقەند) نىڭ پىرقىراش ئۇسسۇلى، تاشكەنتنىڭ چاچ ئۇسسۇلى، ئۈركەش ئۇسسۇلى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پېرسىيىنىڭ پىروچ ئويۇنى، كانكىيىدىن كەلگەن باغچىخان ئويۇنى ھەمدە سۇمۇچ مۇقامى ئۆز زاماندا بىر مەھەل ئەۋج ئالغانىدى. شۇ زاماندىكى نان، پۇلىمۇ ھازىرقى زامان نان پۇلىۇ بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ سەنئەتلەر توغرىسىدا جۇڭگونىڭ قەدىم زامان شېئىرلىرىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇپ باقساقلا، ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، زوق - ھەۋىسى جانلىق تۈردە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەتلىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. ئىسلام دىنى مۇزىكا، ئۇسسۇلنى ئانچە تەشەببۇس قىلمايدۇ. «دۇخۇەننىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە، ئەرەبلەر توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلار «ھاراق ئىچىشنى ھارام دەپ بىلىدۇ، مۇزىكىنى مەنئى قىلىدۇ» دېيىلگەن. بىراق، تۈركىي مىللەتلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا، خەلقنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشتەك بۇ خۇسۇسىيىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش سەۋەبىدىن يوقالغىنى يوق. ئۇلار بۇ خۇسۇسىيىتىنى ھازىرغا قەدەر شۇ پېتى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ يەنە شۇنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىر دىن، بىر خىل ئىدىيە، نەزەرىيە بىر مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى شەرت. بولمىسا ئۇ يىلتىز تارتالمايدۇ ۋە ئۆسەلمەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مەدەنىيىتى ئەزەلدىنلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئۆزىگە تېگىش-

لىك ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مەيلى سىياسىي جەھەتتىن ۋە ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، جۇڭگو بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش قەدىمدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن. بۇنداق ئالماشتۇرۇش بىر - بىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى ئوبدان رول ئوينىغان.

بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1980 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. نەشر قىلىش ۋاقتىدا، ئاپتورنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن ئوچېركىلار» دېگەن كىتابىغا ئاساسەن، ئايرىم جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

本书根据中国社会科学出版社1980年4月第1版1980年4月第 1 次印刷版本翻译出版。出版时，经作者本人同意，根据湖南教育出版社1986年出版的该作者的《中亚史纲》一书，对个别地方作了一些修改。

责任编辑：牙合甫阿吉·买买提
封面设计：加拉里丁
责任校对：吾买尔江

中 亚 史 （维吾尔文）
王治来 著
阿不来提·努尔顿，艾孜子·玉素甫 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 18.625 印张 2插页
1993年4月第1版 1993年4月第1次印刷
印数：1——2,200

ISBN7—228—02263—7/K·215 定价：6.80元